چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

فرىدرىخ نىچشې [ گېرمانىيە ]



# زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقادىر جالالىددىن

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

查拉斯图特如是说：维吾尔文／（德)尼采（Nietzsche, F.)著；阿不都卡德尔·加拉里丁译．— 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2013.7
（外国名家名著丛书）
ISBN 978－7－5466－1966－8

Ⅰ.①查… Ⅱ.①尼… ②阿… Ⅲ.①超人哲学 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.① B516.47

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 163426 号

پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: باھارگۈل تۇداخۇن
گۆھەر ئوبۇل
مەسئۇل كوررېكتورى: رۇقىيە شېرىپ
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
بەت ياسىغۇچى: ئايىنسا ئوبۇل

چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

**زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ**

ئاپتورى: فرېدرىخ نىچشې
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقادىر جالالىددىن

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 255 № پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 13.125
2013 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
2013 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1966 - 8
باھاسى: 46.00 يۈەن

# ئاپتور ھەققىدە

فرېدرىخ نىچشې گېرمانىيەلىك كىلاسسىك شائىر ۋە ئىدېئالىستىك پەيلاسوپ. 1844 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ساكسونىيەدە تۇغۇلۇپ، 1900 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋېيماردا ۋاپات بولغان. ئۇ 1858 ـ يىلىدىن 1864 ـ يىلغىچە شۇلپفورد ئىجتىمائىي پەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1864 ـ يىلى بونن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، كىلاسسىك تىل ـ ئەدەبىياتنى ئوقۇغان. 1865 ـ يىلى يەنە كېيپزىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. نىتجىسى ئالاھىدە بولغاچقا 24 يېشىدىلا پاسىېل ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن كىلاسسىك ئەدەبىيات پىروفېسسورلۇقىغا تەكلىپ قىلىنغان. 1876 ـ يىلى سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئوقۇتقۇچىلىقتىن چېكىنىپ، شىۋېيتسارىيە ۋە ئىتالىيەلەردە داۋالانغان ھەمدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى كېسەل تۈپەيلىدىن ئىجادىيەتتىن قالغان.

ئۇنىڭ «تىراگېدىيەنىڭ كېلىپ چىقىشى» (1872 ـ يىلى)، «نامۇۋاپىق كۆزقاراش» (1873 ـــ 1876 ـ يىللىرى)، «ئادىمىيلىك ـــ زىيادە ئادىمىيلىك. ئەركىن پىكىر قىلغۇچى ئۈچۈن يېزىلغان كىتاب» (1878 ـ يىلى)، «مالىماتاڭ پىكىر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر» ھەمدە «سەيياھ ۋە ئۇنىڭ سايىسى» (1879 ـ يىلى)، «ئىشرەت ئىلمى» (1882 ـ يىلى)، «زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ» (1883 ـــ 1885 ـ يىللىرى)، «ياخشىلىق ۋە رەزىللىكتىن ھالقىش» (1886 ـ يىلى)، «ئەخلاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەسەبنامىسى» (1887 ـ يىلى)، «قاراڭلار، بۇ ئادەمگە» (1888 ـ يىلى)، «ھوقۇق ئىرادىسى» (1901 ـ يىلى سىڭلىسى رەتلىگەن) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

نىچشې دۇنيا مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرىنى مۆلچەرلەش قىيىن بولغان پەيلاسوپ. ئۇ 20 ـ ئەسىر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە، جۇملىدىن جۇڭگو «4 ـ ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. مۇشۇ ئەسىردە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەنگلىيە يازغۇچىسى بېرنارد شاۋ، گېرمانىيە يازغۇچىسى سارترېلارنىڭ ئەسەرلىرىدە نىچشې ئىدىيەسى بار. لۇشۈن، ماۋدۇن قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئۆگەنگەن.

كۆچلۈكلۈك بىلەن ئاجىزلىقنىڭ مەنىسى نېمە؟... كىتابخانلار نىچشېنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر، ئۆتكۈر تىل، ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن يازغان مەزكۇر ئەسىرىدىن ئاشۇ قاتاردىكى مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى تاپىدۇ.

# زوروئاستىر قانداق مەيدانغا كەلگەن

ــ نىچشىنىڭ سىڭلىسىنىڭ كىرىش سۆزى

«زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ» ناملىق بۇ كىتاب ئاكامنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، بۇ ئەسەر ئۇنىڭ هايات ھەققىدىكى خاس تۇيغۇ ـ تەجرىبىلىرىنىڭ مەنىۋى تارىخىدۇر. ئەسەر ئۇنىڭ دوستلۇق، غايە، غەزەپ ـ نەپرەت، ئازاب ـ ئوقۇبەت، ئۆمىدسىزلىك ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەردە بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى كۆزلىگەن يۇكسەك نىشانى ۋە مۇددىئاسى ئاجايىپ ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن. زوروئاستىرنىڭ ئوبرازى ئاكامنىڭ قەلبىدە بالىلىق دەۋرىدىلا يىلتىز تارتقان. بىر قېتىم ئۇ ماڭا زوروئاستىر ھەققىدىكى چۈشىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ ئۆز هاياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا بۇ چۈشىنى ئوخشاشمىغان ناملار بىلەن ئاتىدى. «لېكىن، ــ دەپ يازىدۇ ئۇ خاتىرىسىگە، ــ چۈشلىرىمگە ئاخىر بىر فارسە① سالاھىيىتى بىلەن قاتنىششىمغا توغرا كەلدى. فارسەلەر تارىختا نىسبەتەن ھەممىدىن بۇرۇن ئەتراپلىق، چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلغان مىللەت. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىياتى مۇئەييەن بىر پەيغەمبەرنىڭ تۈرتكىسىدىن ئايرىلالمايدۇ، ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ مۇقەددەس بىر ئەسىرى (ئۆزىگە مەنسۇپ مىڭ يىللىق سۇلالىسى) بولىدۇ.»

زوروئاستىر ئىپادىلىگەن پىكىرلەر دەل ئاكامنىڭ دەسلەپكى

---

① فارسە ــ يەھۇدىيلاردىكى بىر خىل دىنىي مەزھەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەزگىللەردىكى مۇپەسسەل ئىدىيەلىرىدىن ئىبارەت. بىراۋ ئۇنىڭ 1869 ــ 1882 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى ئەسەرلىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ چىقسا، زوروئاستېرنىڭ ئىدىيەسى ۋە تەلىماتىنىڭ تومۇرىنى تاپالايدۇ. مىسالەن، ئەۋلىيا ئۇقۇمى روشەنكى، ئۇنىڭ 1873 ـ، 1875 ـ يىللاردىكى ئەسەرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇ «بىز تىلشۇناسلار» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق ئالاھىدە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان:

«بىز مىللەتنى قانداق قىلغاندا بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ھۆرمەتلىيەلەيمىز؟ بۇ ھەتتا گىرېكلاردىمۇ نوقۇل شەخسكە مەنسۇپ ئۇقۇم دەپ قارىلىدۇ... گىرېكلارنىڭ شۇقەدەر سۆيۈملۈك ۋە يۈكسەك دىققەتكە سازاۋەر بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئەنە شۇنداق نۇرغۇن ئۇلۇغۋار شەخسىيەت ئۇقۇملىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلار قانداق قىلىپ بۇنىڭغا قادىر بولالىغان؟ مېنىڭچە، بۇ مەسىلە كۆپچىلىكنىڭ بىردەك تەتقىق قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

مەن پەقەت بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ھەربىر ئادەمنى قانداق قىلىپ مۇستەقىل ۋە ئالاھىدە قىلىپ تەربىيەلىگەنلىكىگە قىزىقىمەن. گىرېكلار بۇ جەھەتتىكى تەرەققىياتقا ھەقىقەتەن تىرىشقان. ئۇلار بۇنى بىر مىللەتنىڭ خاراكتېرىدىكى ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتىدىن كەلگەن دەپ قارىماستىن، بەلكى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يامانلىقنىڭ ماھىيىتىگە قارشى كۈرەشتىن كەلگەن، دەپ قارىغان.

ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نوقۇل ھالدا تاسادىپىيلىق دەپ قارىمىغان ئادەم ئۆز ـ ئۆزىنى ئۇلۇغ شەخس قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن يېتەرلىك پۇرسەتكە ئىگە. بىز مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكنى يېتىلدۈرگەن ئادەمگە چەكسىز ئۈمىد باغلىساق بولىدۇ.»

ئەۋلىيا ئۇقۇمى نىچشېنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى ئىدىيەسىنىڭ يىغىنچە ئىپادىسى، يەنى «ئىنسانىيەت ئۆزىنى چېكىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك.» لېكىن، ئۇ ئۆزى ئەڭ كۆپ تەكىتلىگەن بۇ

غايىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەڭ ئالىي تىپى دەپ قارىمىغان. بىراق، بۇ شائىر كەلگۈسى ئادەم — ئەۋلىيالىق غايىسىگە پەۋقۇلئاددە يامانلىق ئۇرۇقىنى چاچقان. ئىنسانىيەتنىڭ ئالىلىقانداق بىر پەللىگە يېتەلىشىنى كىممۇ بىلەلىسۇن؟ مانا بۇ شائىر بىزدىكى ئەڭ ئالىي ئۇقۇم («قۇتقۇزغۇچى» تەڭرى) نىڭ قىممىتىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، «زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ» ناملىق ئەسىرىدە قىلغان تۆۋەندىكى خىتابىنىڭ سەۋەبى:

«مەن ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ئەرزىمەس كىشىلەر ئارىسىدا بىرمۇ ئەۋلىيانى بايقىمىدىم...

ئۇلار بىر ـ بىرىگە زىيادە ئوخشىشىپ قالغان. راست، ئەڭ ئۇلۇغ ئادەممۇ زىيادە ئادىمىيلىشىپ كەتكەن دەپ ئويلايمەن.»

«ئەۋلىيا يېتىلدۈرۈش» دېگەن بۇ سۆزنى خەقلەر خاتا چۈشىنىپ كەلدى. بۇ يەردىكى «يېتىلدۈرۈش»نىڭ مەنىسى ئىنسانىي ئىرادىنى ئىسكەنجىگە ئالغان كۆز ئالدىمىزدىكى ھەر خىل قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن، ھەممىنى يېڭى ھەم تېخىمۇ يۈكسەك قىممەت بىلەن تۈزىتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئادەم تەلىماتىنى ئىچكى باشقا ئۇقۇملار (مىسالەن، «تەبىقىلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپى»، «ھوقۇق ئىرادىسى» قاتارلىقلار)نى مۇھاكىمە قىلغاندىلا، كىشىلەر ئاندىن چۈشىنەلەيدۇ. ئۇنىڭچە، خىرىستىيان دىنى نادانلار ۋە ئاجىزلارنىڭ نالە ـ زارىدىن پەيدا بولغان بىر خىل مەھسۇلات، بۇنداق مەھسۇلات گۈزەل، قەيسەر، مەغرۇر ۋە كۈچلۈك نەرسىلەرنى قاتتىق چەكلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلارنىڭ بارلىق مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئۆزلىرىنىڭ كۈچى پەيدا قىلغان، شۇڭا ھاياتنى يۈكسەلدۈرىدىغان ھەرقانداق كۈچ ئىنتايىن ئېغىر زەربىگە دۇچ كەلگەن. ئەمما، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ھازىر ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېڭى بىر قىممەت قانۇنىنى، يەنى قاۋۇل ھەم كۈچلۈك، ھاياتنى چېكىگە يەتكۈزەلەيدىغان ئىنسان — ئەۋلىيانى تەكىتلىشىمىز كېرەك. ئۇ ھازىر

كۆز ئالدىمىزدا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئىلگىرىلەش روھى بىلەن تولغان، ئۇ گويا پۈتكۈل ھاياتىمىز، ئىرادىمىز ۋە ئۈمىدىمىزنىڭ نىشانى. ئەكسىچە، بۇرۇنقى كونا سىستېمىلارنىڭ قولىدىن پەقەتلا بىر قىسىم ئاجىزلارنىڭ خاراكتېرىگە تەھسىن ئوقۇشلا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە ئۇ زەئىپ «ھازىرقى زامان» كىشىلىرىنىلا يېتىلدۈرىدۇ. شۇڭا، يېڭى قىممەت سىستېمىسى قەيسەر، باتۇر، ھاياتىي كۈچكە تولغان تىپنى يېتىلدۈرۈپ، ھاياتنىڭ يۈكسەكلىكى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلىشى كېرەك. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يېڭى قىممەت سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى «ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى كۈچلۈكلەردۇر، يامانلىقنىڭ مەنبەسى ئاجىزلاردۇر» دېگەندىن ئىبارەت.

بۇ تىپ بىر خىل خىيالىي سىيماۇ، ئېرىشكىلى بولمايدىغان غۇۋا ئۈمىدمۇ ئەمەس، بىز مەڭگۈ بىلىپ بولالمايدىغان يېڭىچە نەسىلمۇ ئەمەس. پەقەت كىشىلەر يېڭى قىممەت سىستېمىسىنى قوبۇل قىلىشنى خالىسىلا، ئۇنى ھازىرقى دەۋرنىڭ ئەقلى بىلەن چۈشىنىش مۇمكىن.

«زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ» دېگەن بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى خىرىستىيان دىنىنىڭ بارلىق قىممەتنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىدەك بۇ ئەمەلىيەتنى، گىرېكلار ئىلاھىي تەرزدە ھۆرمەتلىگەن ھاياتلىقنى، ئىدىيە شەكلىنى، قۇدرەتلىك رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ نېمە ئۈچۈن قىسقىغىنا ۋاقىتتا ئاغدۇرۇلغانلىقىنى ۋە ھالاك بولغانلىقىدەك تەقدىرنى زادىلا ئۇنتۇمايدۇ. ئەجەبا، كونىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان گىرېك، رىم قىممەت سىستېمىلىرى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسقىغىنا ۋاقىتتا يەنە بىر خىل ئۆزگىرىشتىن ساقلىنالمىغان يەردە، زوروئاستېر پائال يارىتىشىمىزغا مۇراجىئەت قىلغان ئاشۇ ئالىي ئىنسان تىپى يېڭى ئۈمىدىمىز ۋە ئېتىقادىمىز سۈپىتىدە مەيدانغا كېلەلەمتى؟

نىچشې ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي خاتىرىلىرىدە، ھەمىشە «ئەۋلىيا»نى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئاددىي ئادەم»گە قارشى قويىدۇ ھەمدە ئۇنى «ئەڭ مۇكەممەل تىپ» دەپ قارايدۇ، ھەتتا زوروئاستېرنىڭ ئۆزىنىمۇ تىپىك بىر ئەۋلىيا دەپ قارايدۇ. ئۇ «قاراڭلار! بۇ ئادەمگە» دېگەن ئەسىرىدە ئاشۇ ئەڭ ئالىي تىپ بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق ئىشلىرىنى تىرىشىپ ئىشلىشىمىزگە ئېرىنمەي ئۈندىگەن. «شادلىق ئىلمى» دېگەن ئەسىرىدە، بۇ تىپنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاساسلانغان فىزىيولوگىيەلىك ھالەت، يەنى مۇئەللىپ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ئىنتايىن ساغلام ھالەتنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مەزكۇر كىتابنىڭ تۆۋەندىكى بۆلىكىگە قاراپ باقايلى:

«بىز يېڭىچە، نامسىز، ئىنتايىن چۈشىنىكسىز ھەم تەجرىبە قىلىنىپ باقمىغان دەسلەپكى مەھسۇلاتمىز. ئومۇمەن، بىز يېڭى بىر نىشان ۋە ۋاسىتىگە، يەنى تېخىمۇ قەيسەر، تېخىمۇ سەزگۈر، تېخىمۇ مەزمۇت، تېخىمۇ شاد، تېخىمۇ دادىل بولغان ساغلاملىققا موھتاجمىز.»

بۇنداق ئادەم مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن تۈرلۈك قىممەت ۋە ئىستەكلەرنى تەجرىبە قىلىشقا تەقەززا بولىدۇ ھەمدە غايىنىڭ «ئوتتۇرا دېڭىز»نى كېزىپ چىقىشنى ئويلايدۇ. مۇشۇنداق شەخسنى تەۋەككۈلچىلىك تەجرىبىسى ئارقىلىق غايە ئىستېلاچىسى بولغاندا، كونا شەكىل، كونا ئادەتلەرگە قارشى كىشىلەر ھېس قىلغانغا ئوخشاش، ئۇ كۆڭلىدە قانداق تۇيغۇلارنىڭ يۈز بېرىشىنى بىلمەكچى بولىدۇ. غايىگە ئىنتىلىشىمىزدىكى مەقسەت «ئۇلۇغ ساغلاملىق»قا يېتىش، ئۇنى توختىماي ئىزدەشتىن ئىبارەت. چۈنكى، بىز ئۇنى توختىماي سەرپ قىلىمىز ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك.

ھازىر بىز غايە تەۋەككۈلچىلىرىنىڭ باتۇرلۇقى ئېھتىياتچانلىقىمىزدىن ئۈستۈن، كېمىنىڭ غۇلاپ كېتىشىدىن قىلچە ئەنسىرىمەيمىز، شۇڭا بىز باشقىلاردىن ساغلام. بىز تېخى زاھىر بولمىغان بىر مەنزىلگە ئېقىپ باردۇق. ئۇنىڭ چېكىنى ھېچكىم

بىلمەيدۇ. بىز گۈزەللىك، غەلىتىلىك، شۈبھە، غارايىپلىق ۋە پاكلىق بىلەن تولغان ئۇ يەرلەردىكى مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئەس ـ ھوشىمىزنى يوقاتتۇق. ئاھ خۇدا، ئەمدى بىزنىڭ چەكسىز ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزنى قاندۇرالىغۇدەك ھېچقانداق نەرسە قالمىدى. مۇشۇنداق تەجرىبە ۋە ئاڭ ھەققىدىكى ئىزدىنىشتىن، ھازىرقى زامان ئادىمى بولغىنىمىزدىن قانداق قانائەت ھاسىل قىلالايمىز؟ بىز ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئەڭ پەخىرلىنىدىغان غايە ۋە ئۈمىدلەرگە مەنسىتمەسلىك نەزىرىمىز بىلەن قارايمىز. ئۇنىڭدىن ھەم ئەپسۇسلىنىمىز، ھەم ئامالسىزلىق ھېس قىلىمىز، ئەمدى بىز ئۇلارغا نەزەر سالماسمىز، بەلكىم...

ئالدىمىزدا تېخىمۇ غەلىتە، تېخىمۇ جەلپكار ھەم خەتەرلىك غايە بار، بۇنداق غايىگە كىشىلەرنى خالىغانچە ئۈندىيەلمەيمىز. چۈنكى، بىز بۇ غايىگە ھەممىلا ئادەمنىڭ ئىگە بولۇش سالاھىيىتى ۋە غەيرىتى بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيمىز، ئەمما بۇ ساپ بىر ئادەم بارلىق سەلتەنەتلىك، گۈزەل، مۇقەددەس ۋە دەخلى ـ تەرۇزسىز ھەرقانداق نەرسىنى ئالىقىنىدا ئوينىتالايدىغان غايە. بەزىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ خىل تويۇنغان ئۇقۇم نۇرغۇن خەۋپ ـ خەتەر، بەرباتلىق، چاكىنىلىق، ھەتتا بوشاڭلىق، قارىغۇ ۋە ئۇنتۇغاقلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ خىل كەمتەرانە ئەۋلىيالىق تەلىپى ۋە غايىسى ئىنسانىيلىق ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. ئالايلۇق، ئۇنى ئۆتمۈشتىكى كەسكىن نەرسىلەرنىڭ يېنىغا قويۇپ، ئۇنىڭ مەنبەسى، سۆزى، تەلەپپۇزى، ھالىتى، ئەخلاقى ۋە خىزمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، گويا ئۇلار شۇ دەۋرنىڭ سەمىمىي قوشاقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بىراق، ھەقىقىي سەلتەنەتلىك نەرسىلەرنىڭ پەردىسى ئەمدىلا ئېچىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. سوئاللار ئاللىبۇرۇن تاشلىنىپ، ئىنسان تەقدىرى ئۆزگەرمەكتە، سائەت ئىستىرېلكىسى ئايلانماقتا، تىراگېدىيە تۇغۇلماقتا...»

گەرچە زوروئاستېرنىڭ ئوبرازى ۋە ئاساسلىق ئىدىيەۋى

قۇرۇلمىسى ياش نىچشېنىڭ چۈشىدە ۋە دەسلەپكى ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن «زورۇئاستېر شۇنداق دەيدۇ» دېگەن ئەسەرنىڭ ئۆزى 1881 - يىلى ئاۋغۇستتا شىۋېيتسارىيەنىڭ سىلس مارىيە بازىرىدا دۇنياغا كەلدى. چۈنكى، شەيئىلەرنىڭ «مەڭگۈلۈك نۆۋەتلىشىشى» دېگەن ئۇقۇم ئاكامنىڭ ئۆزىنىڭ يېڭى قاراشلىرىنى شېئىرىي ئۇسلۇب بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشىغا تۈرتكە بولغانىدى. بۇ ھەقتە ئۇ ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالى «قاراڭلار! بۇ ئادەمگە»دە شۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

«ئەسىرىمدىكى ئاساسلىق ئۇقۇم — شەيئىلەرنىڭ ‹مەڭگۈلۈك قايتىشى› — پەلسەپە يېتەلەيدىغان ئەڭ يۇكسەك بۇ تىپ يەنىلا 1881 - يىلى ئاۋغۇستتا تۇنجى قېتىم شەكىللەنگەنىدى. مەن ئۇنى بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىپ قويدۇم ھەم مۇنداق بىر كەلىمە سۆزنى قوشۇپ قويغانىدىم: ئىنسان ۋە زاماندىن ئالتە مىڭ گەز يۇكسەك (مەڭگۈلۈك قايتىشنى دېمەكچى — ت)! شۇ كۈنى مەن دەل سىلۋاپورانا كۆلىنىڭ بويىدا سەيلە قىلىۋاتاتتىم، كۆلدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر قورام تاشنىڭ يېنىدا ئۇزاق تۇردۇم، دەل شۇ يەردە بۇ ئۇقۇمنى ئاڭقىردىم. ئەمدى ئويلىسام، ئىككى ئاي بۇرۇن بىر بېشارەت ئايان بولغانىدى. ئۇ بولسىمۇ قىزىقىشىمدىكى زور بۇرۇلۇشتىن ئىبارەت، بولۇپمۇ مۇزىكا جەھەتتىكى بۇرۇلۇشتۇر. بەلكىم، پۈتكۈل ‹زورۇئاستېر›نىڭ ئۆزىلا مۇزىكا خاراكتېرلىك ئىجادىيەتتۇر. مېنىڭ ‹زورۇئاستېر›نى ئىجاد قىلىشقا بولغان ئىشەنچىم ئاڭلاش سەنئىتى جەھەتتە يېڭى ھاياتقا ئىگە بولغىنىمدىن كېلىپ چىققان. 1881 - يىلى باھاردا، ۋىسېنزا يېنىدىكى رېكارو دېگەن كىچىك شەھەردە دەم ئالدىم. ئاتاقلىق مۇزىكانت دوستۇم پېتېر گاست ئىككىمىز بايقىدۇقكى، مۇزىكا ئەنقاسى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان گۈزەل، جۇلالىق قاناتلىرى بىلەن باش ئۈستىمىزدە جەۋلان قىلماقتا ئىدى.»

1881 - يىلى ئاۋغۇست ئارىلىقىدا، ئاكام شەيئىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«مەڭگۈلۈك قايتىشى» تەلىماتىنى روياپقا چىقىرىش قارارىغا كېلىپ، ئۇنى زوروئاستېرنىڭ قەسىدىلىرى شەكلىدە ئىپادىلىمەكچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى خاتىرىلىرىدىن «زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ»نىڭ دەسلەپكى ئارگىنال تېزىسىدىن بىر بەتنى ئۇچراتتۇق. سەرلەۋھىسى مۇنداق ئىدى:

«چىڭقىچۇش ۋە مەڭگۈلۈك»
«يېڭى بىر هايات شەكلىنىڭ كۆرسەتكۈچىسى»

لېكىن، سەرلەۋھىنىڭ ئاستىغا مۇنداق يېزىلغانىدى:

«زوروئاستېر ئۇرمى كۆلىنىڭ بويىدا تۇغۇلغان. ئوتتۇز يېشىدا ئۆيىدىن ئايرىلىپ، ئارىيە دىيارىغا بارغان، تاغدا ئون يىل تەركىدۇنيا بولۇپ ياشىغان، ‹ئاۋېستا›[1] دېگەن نومنى يېزىپ چىققان.» «بىلىمنىڭ قۇياشى چىڭقىچۇشتە قايتىدىن نامايان بولدى، مەڭگۈلۈك يىلىنى قۇياش نۇرى ئاستىدا تۇگۇلۇۋالغانىدى. مانا بۇ ساڭا خاس دەقىقە يېتىپ كەلدى. مانا سېنىڭ چىڭقىچۇش پەيتىڭ.»

1881 ـ يىلى يازدا، ئۇزۇن يىللىق دەم ئېلىشتىن كېيىن، ئاكام پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن «زوروئاستېر»نىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. ئەمما، ئۇنىڭ سالامەتلىكى كۇنسېرى ئەسلىگە كېلىۋاتقان بۇ مەزگىلدە يەنە بىر زەربىگە ئۇچرىدى، ئۇنىڭ دىلكەش دوستى ئۇنى ئۈمىدسىز هالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانىدى. چۈنكى، ئۇ دوستلۇقنى مۇقەددەس بىلگەچكە، ئۆمرىدە هەرقانداق ئۇلۇغ نەرسىنىڭ تەنهالىق قىسمىتىگە قەدەم قويىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم تونۇپ يەتتى. لېكىن، دۇنيانى ئۇنتۇش بىلەن تەنهالىقنى تاللاشقا مەجبۇر بولۇش بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك دوستقا ئىنتايىن تەشنا ئىدى، يەنە كېلىپ بۇ دوست

[1] ئاۋېستا ــ پارسىيلارنىڭ ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى.

بۇرۇندىنلا ئۇنىڭ بارلىق قەلب دۇنياسىنى ئاڭلاشقا تەييار سىرداش ئىدى. لېكىن، ئۇ ئەگرى ـ توقاي، خەتەرلىك يوللارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىگە ئەگىشىدىغان بىرمۇ ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىگە بىر ئالىيجاناب پەيلاسوپ سىياقىدىكى تاكامۇل سىرداشنى ياراتتى ھەمدە بۇ دوستىنى ئۆزىنىڭ خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتتى.

ئاكامىنىڭ ئېيتىشىچە، «زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ»نىڭ بىرىنچى قىسمى مۇنداق شەكىللەنگەن: «1882 ـ، 1883 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى قىش كۈنلىرى، مەن كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان راپاللو قولتۇقىدا تۇراتتىم، ئۇ يەر گېنوئاغا ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. سالامەتلىكىم دىگەندەك ياخشى ئەمەس، ھاۋامۇ سوغۇق ۋە نەم ئىدى. مەن تۇرغان مېھمانخانا دېڭىزغا بەك يېقىن بولغاچقا، ئاخشاملىرى شاۋقۇن ئاۋازىدىن ئۇخلىيالمايتتىم. مۇھىت ماڭا زىيانلىق بولسىمۇ، يەنىلا ئىرادەمدىن قايتماي، مۇشەققەتتىن قورقماي «زوروئاستېر»نى ياراتتىم. ئەتىگەنلىرى زوئاگلىغا ماڭىدىغان يولدا ئالدىرماي ماڭاتتىم، چۈشتىن كېيىنلىرى، سالامەتلىكىم يار بەرسىلا پۈتكۈل قولتۇقنى بىر ئايلىنىپ چىقاتتىم، مەن بۇ يەرنى بەك ياقتۇرۇپ قالدىم، بۇ يەر پادىشاھ فرېدېرىك III نىمۇ ئىنتايىن جەلپ قىلغانىدى. 1883 ـ يىلى كۈزدە، ئۇ بۇ دۇنيادىكى بۇ گۈزەل جەننەتكە كەلگەندە، مەنمۇ شۇ يەردە ئىدىم. دەل مۇشۇ ئىككى يولدا «زوروئاستېر»نى ياراتتىم. ئەمەلىيەتتە، مۇنداق دېسەك تېخىمۇ مۇۋاپىق: بۇ پىكىرلەر مەن سەيلە قىلىۋاتقاندا كاللامدا شەكىللەنگەن.»

««زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ»نىڭ بىرىنچى قىسمى ئالاھازەل ئون كۈندە، يەنى 1883 ـ يىلى فېۋرالنىڭ بېشىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئون كۈندە پۈتتى، ئاخىرقى بىر قۇرى تاماملانغاندا، ۋاگنېرمۇ ۋېنېتسىيەدە ئالەمدىن ئۆتتى... ئىككىنچى قىسمى بولسا 26 ـ ئىيۇندىن 6 ـ ئىيۇلغىچە بولغان ئون كۈن ئىچىدە پۈتتى. بۇ يازدا مەن تۇنجى قېتىم «زوروئاستېر» دېگەن ئۇقۇمغا ئېرىشكەن مۇقەددەس جايدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېڭىباشتىن ئۆزۈمنى ئىزدىدىم. نەتىجىدە، ئىككىنچى قىسمىنىڭ قورۇلمىسىغا ئېرىشىپ، ئون كۈن ئىچىدە بىر تەرەپ قىلدىم. ئەمەلىيەتتە، مەن ئۈنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق كۈنلەرنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئەمما، بۇ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قىسىملىرىنى يېزىش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى.»

ئۇ ئۆزىنىڭ «زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ» دېگەن ئەسىرىنى يازغان ۋاقىتتىكى ئۆزىنى ئۇنتۇغان روھىي ھالىتى ئۇستىدە سۆز ئېچىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ھەر قېتىم سەيلە قىلغاندا ياكى تاغقا چىققاندا، ئوي ـ پىكىرلىرى بىراقلا ئۇرغۇپ، خىيالىغا كەلگەنلەرنى دەرھال خاتىرىلىۋالاتتى ـ دە، قايتىپ بارغاندىن كېيىن رەتلەيتتى، بەزىدە يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيتتى. ئۇ ماڭا يازغان بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «سەن بۇنداق ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنىڭ قانچىلىك جۇشقۇن بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن!» ئۇ «قاراڭلار! بۇ ئادەمگە» دېگەن ئەسىرىدىمۇ شۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاشۇ جەڭگىۋار شائىرلار نامايىش قىلغان ئىلھامنى كىممۇ ئېنىق چۈشەنسۇن، ئەگەر بىر ئادەمدە ئاز ـ تولا خۇراپىيلىق بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر كۈچنىڭ ۋارىيانتى ئىكەنلىكى، ۋەكىلى ۋە ۋاستىسى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئويلىرىنى ئىنكار قىلالمايدۇ... بىز ئاڭلىدۇق، ئەمما مەنبەسىنى ئىزدىمىدۇق؛ ئېرىشتۇق، ئەمما كىمدىن ئېرىشكەنلىكىمىزنى سۈرۈشتۈرمىدۇق. مەلۇم بىر ئىدىيە چاقماقتەك تېز ئايان بولدى، ئەمما ئۇنى بىز تاللاپ يورمىدۇق. بىز خۇشاللىقتىن كۆز يېشى قىلدۇق...»

1883 ـ يىلى ئاكام ئېنگادىندىن گېرمانىيەگە قايتىپ كېلىپ، بىرقانچە ھەپتە تۇردى. ئىككىنچى يىلى قىشتا فىرانسىيەنىڭ نىس دېگەن يېرىگە باردۇق. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ بۇ يەردە «زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ»نىڭ ئۈچىنچى قىسمىنى تۈگەتتى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «‹زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ›نىڭ ئۈچىنچى قىسمىنى

تۇگەتتىم. كىتابنى دەل مۇشۇ نۇقتىدا تاماملاندى دېيىشكە بولاتتى. يېزىشقا كەتكەن ۋاقىت بىر يىلغا بارمىدى. نېس ئەتراپىدىكى يېزىلاردا خىلۋەت جاي ۋە تاغلار كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى ئۆمرۈم بويى ئۇنتۇيالمايمەن... ئىجادىي كۈچۈم تىنىماي ئۇرغۇپ تۇرغاندا، مۇسكۇللىرىمنىڭ ھەرىكىتىمۇ چېكىگە يەتتى. تەن پۈتۈنلەي ھاياجاندا، روھنى ئويلاش ھاجەتسىز ئىدى. كىشىلەر مېنىڭ سەكرەشلىرىمنىلا كۆرەتتى، تاغ ئارىسىدا يەتتە ـ سەككىز سائەت مېڭىپمۇ چارچاش ھېس قىلمايتتىم، مەن ناھايىتى ياخشى ئۇخلايتتىم، كەيپىم چاغ ئىدى، ناھايىتى كۈچلۈك ھەم تېتىك ئىدىم.»

«زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ»نىڭ ئۈچىنچى قىسمىنىڭ ئوخشاشلا ئون كۈن ئىچىدە يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق، پەقەت ئەسەرنىڭ تۆتىنچى قىسمىلا ئاستا ـ ئاستا يېزىلىپ پۈتتى، ئۇنىڭ دەسلەپكى خاتىرىلىرىنىڭ بىر يېرىدە بۇ قىسىم ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز 1884 ـ يىلى 9 ـ سېنتەبىردە سىيۇرىختا بىللە تۇرغىنىمىزدا يېزىلغان، دەپ تىلغا ئالغان. ئىككىنچى يىلى 9 ـ سېنتەبىردە ئۇ مېنتوندا پۈتۈن خاتىرىسىنى رەتلەپ، ئاخىر 1885 ـ يىلى پۈتكۈل ئارگىناللىرىنى بېكىتكەن. ئاكام بۇ قىسىمنى، ئاخىرقى قىسىم دەپ ئاتىدى ھەم ئۆز ئالدىغا نەشر قىلدۇرغانىدى. ئۇ ماڭا خەت يېزىپ، بەشىنچى، ئالتىنچى قىسىملىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ يازىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئەسەرنىڭ تۆتىنچى قىسمى ئۇنىڭ ئۆز ئازابلىرىنىڭ ئىزھارى ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ قىسىمنى بىرقانچە نۇسخىلا باستۇرۇپ، مەزمۇنىنى ئاشكارىلىماسلىقنى قەسەم قىلغان بەزى كىشىلەرگىلا تارقاتقانىدى. ئۇ ئاشكارىلاشنىمۇ ئويلىغان، ئەمما بۇ جەھەتتە باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرتىپ باستۇرۇش كېرەكمىكىن دەپمۇ ئىككىلەنگەن، ئاخىر ئۇ كىتابنى قىرىق نۇسخا باستۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىدىكى ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان كىشىلەرگە بەرگەن، ئەمەلىيەتتە پەقەت يەتتە نۇسخىسىنىلا تارقاتقان.

مەن كىرىش سۆزنىڭ بېشىدىلا ئاكامنىڭ بىر فارسەنى ئۆز

قەلبىدىكى غايىۋى پەيلاسوپنىڭ ئوبرازى قىلىپ تاللىۋېلىشىدىكى سەۋەبنى كۆرسەتكەنىدىم. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە بولغاندا: «مەن تىلغا ئالغان زوروئاستېرنىڭ كىملىكىنى ھېچكىم سوراپ باقمىدى. چۈنكى، بۇرۇنقى پەيلاسوپلارغا ئوخشاشمايدىغان يېرى ئۇنىڭ دەل بىر يېڭى ئەخلاقشۇناس ئىكەنلىكىدە. زوروئاستېر شەيئىلەردىكى ياخشى - يامانلىقنىڭ تىنماي كۈرەش قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن تۇنجى ئادەم، ئەخلاقنى كۈچكە ۋە ئۆزىدىكى سەۋەب - نەتىجە قاتارلىق تاشقى نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. ئەمما، بۇ مەسىلىنىڭ ئۆزىلا ئۆز - ئۆزىگە جاۋاب ئىدى. زوروئاستېر زور بىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن، ئۇ بولسىمۇ ئەخلاق يارىتىش. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇ خاتالىقنى ئالدى بىلەن تونۇشى كېرەك. بۇ ئۇنىڭ باشقا مۇتەپەككۇرلارغا قارىغاندا بۇ جەھەتتە مول تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىنلا بولماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ سەممىيلىكىدە ئىدى. بىز پەقەت ئۇنىڭ تەلىماتىدىنلا ھەقىقىي ئىلھامغا ئىگە بولىمىز. زوروئاستېر باشقا ھەرقانداق مۇتەپەككۇرلاردىنمۇ ئارتۇق شىجائەت بىلەن ئۆزىگە يۈزلەنگەن. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، مانا بۇ ئەڭ مۇھىم پارس ئەخلاقى. ئۆزۈممۇ ھەقىقىي چۈشەندىممۇ - يوق؟... ئەخلاقنىڭ ئۆزى ئارقىلىق، ھەقىقەت ئارقىلىق ئەخلاقنى يېڭىش ۋە ئۆزۈم ئارقىلىق ئەخلاقشۇناسنى يېڭىش — مانا بۇ مەن دېگەن زوروئاستېرنىڭ مەنىسى!»



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# مۇندەرىجە

زوروئاستېرنىڭ ئېپتىداسى ........................ 1

**بىرىنچى قىسىم** ........................ 22
1. ئۈچ خىل ئۆزگىرىش ........................ 23
2. ئەخلاق ھەققىدە پاراڭ ........................ 26
3. زاھىت ........................ 29
4. تەن مەنىستىمىگۈچىلىرى ........................ 34
5. خۇشاللىق ۋە قىزغىنلىق ........................ 36
6. تاتىراڭغۇ گۇناھكار ........................ 39
7. ئوقۇش ۋە يېزىش ........................ 42
8. تاغدىكى دەرەخ ........................ 45
9. ئۆلۈم تەرغىباتچىلىرى ........................ 48
10. ئۇرۇش ۋە ئەسكەر ........................ 51
11. يېڭى مەبۇد ........................ 54
12. بازار چىۋىنى ........................ 58
13. پەرھىز ........................ 62
14. دوست ........................ 64
15. مىڭبىر مەقسەت ........................ 66
16. ئىناق قوشنىدارچىلىق ........................ 70
17. يارىتىش يولى ........................ 72

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

18. موماي ۋە چوكان .................................. 76
19. يىلاننىڭ چىقىشى .................................. 79
20. پەرزەنت ۋە نىكاھ .................................. 81
21. ئىختىيارىي ئۆلۈم .................................. 84
22. شاپائەت ئەخلاقى .................................. 88

ئىككىنچى قىسىم .................................. 95
23. ئەينەك كۆتۈرۈۋالغان بالا .................................. 96
24. شادلىق ئارىلىدا .................................. 99
25. ھېسداشلىق قىلغۇچى .................................. 103
26. مىسسىيونېر .................................. 106
27. ئەخلاقلىق كىشى .................................. 110
28. تەرتىپسىز ئاۋام .................................. 115
29. زەھەرلىك ئۆمۈچۈك .................................. 118
30. داڭدار دانىشمەن .................................. 122
31. تون ناخشىسى .................................. 126
32. ئۇسسۇل كويى .................................. 128
33. قەبرە قەسىدىسى .................................. 132
34. ئۆزلۈكتىن ھالقىش .................................. 136
35. ئالىيجاناب ئادەم .................................. 140
36. مەدەنىيلەشكەن زېمىن .................................. 143
37. پاك ئۇقۇم .................................. 147
38. ئەللامە .................................. 151
39. شائىر .................................. 153
40. كاتتا ئىشلار .................................. 157
41. بېشارەتچى .................................. 162
42. قۇتقۇزۇش .................................. 167

43. پانىي دۇنيادىكى ئەقىل ـ پاراسەت ........................ 173
44. ئەڭ جىمجىت دەقىقە ................................ 177

ئۈچىنچى قىسىم ........................................ 182
45. سەيياھ ............................................ 183
46. قىياپەت ۋە سىر ................................... 186
47. كۈتمىگەن بەخت .................................... 193
48. كۆن چىقىشتىن ئاۋۋال ............................... 198
49. يىگىلىگەن ئەخلاق .................................. 202
50. زەيتۇن تېغىدا ..................................... 209
51. ئايرىلىش .......................................... 213
52. مۇرتەد ............................................ 217
53. قايتىش ............................................ 222
54. ئۈچ خىل رەزىللىك .................................. 227
55. قەتئىي روھ ........................................ 233
56. كونا تىزىملىك ۋە يېڭى تىزىملىك ...................... 238
57. ساقايغان كىشى ..................................... 263
58. ئۇلۇغ تەشنالىق ..................................... 271
59. ئىككىنچى ئۇسسۇل كۈيى ............................... 275
60. يەتتە ئىز .......................................... 279

تۆتىنچى قىسىم ........................................ 285
61. شەربەت نەزىرىسى ................................... 286
62. قۇتقۇزۇش ئىلتىجاسى .................................. 290
63. پادىشاھ بىلەن سۆھبەت ............................... 295
64. سۈلۈك .............................................. 300
65. سېھىرگەر ........................................... 304

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

66. ئىشسىزلىق ................................. 312
67. بەتبەشىرە ئادەم ................................. 318
68. تىلەمچىلىكنى راۋا كۆرۈش ................................. 324
69. سايە ................................. 330
70. چىڭقىچۇش ................................. 334
71. ئېھتىرام ................................. 338
72. كەچلىك غىزا ................................. 344
73. يۇكسەك ئادەم ................................. 347
74. ھەسرەت كۈيى ................................. 360
75. تەلىمات ................................. 366
76. چۆل قىزلىرى ئارىسىدا ................................. 370
77. ئويغىنىش ................................. 376
78. ئېشەكلەر بايرىمى ................................. 380
79. مەستلىك كۈيى ................................. 385
80. بېشارەت ................................. 395

# زورو‌ئاستېرنىڭ ئېپتىداسى

## 1

زورو‌ئاستېر ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، تاغدا ئون يىللىق ھاياتىنى ئۆتكۈزدى. لېكىن، ئۇ ئاخىر ئۆزگەندى. بىر كۈنى ئەتىگىنى ئۇپۇق ئەمدىلا قىزىرىشقا باشلىغاندا، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قۇياشقا سۆز ئاچتى:

«ئەي، ئۇلۇغ يۇلتۇز! ئەگەر سەندىن پارلانغانلار بولمىسا، بەختىڭ نە بولۇر ئىدى!

ئون يىلدىن بېرى ھەر كۈنى غارىمغا كېلىپ تۇردۇڭ، ئەگەر مەن ۋە مېنىڭ بۈركۈت، يىلانلىرىم بولمىسا ئىدى، نۇرلىرىڭ ۋە يورۇشلىرىڭدىن زېرىككەر ئىدىڭ.

بىراق، ھەر سەھەر ۋۇجۇدۇڭدىكى يامراپ تۇرغان نۇرلىرىڭنى سۈمۈرۈش ئۈچۈن سېنى كۈتىمىز، تىلاۋەت قىلىپ ئىسرىق سالىمىز.

قارا! ھەسەلنى زىيادە كۆپ يىغىۋالغان ھەرە كەبى ئۆز ئەقلىمدىن بىزارمەن، پاراسەت قوللىرىنىڭ سۇنۇلۇشىغا موھتاجمەن.

تاكى دانىشمەنلەر ئۆز ساراڭلىقىدىن خۇشال بولغۇچە، نامراتلار ئۆز بايلىقىدىن شادلىق تاپقۇچە ئەقىل ـ پاراستىمنى سەرپ قىلىشقا ۋە تەقدىم قىلىشقا تەييارمەن.

شۇڭا، مەنمۇ خۇددى سەن كېچىلىرى دېڭىزنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، يەر ئاستىدىكى يەنە بىر دۇنياغا نۇر چاچقاندەك، تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈشۈم كېرەك. ئەي ھىممىتى چەكسىز يۇلتۇز!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



سەن كەبى تاغدىن چۈشۈشۈم كېرەك — مەن بارىدىغان دۇنيا بۇ ئىشنى شۇنداق ئاتايدۇ.

شۇڭا، مېنى قۇتلۇقلا، ماڭا بەخت تىلە، سېنىڭ ئاشۇ تىنىق، تىنچ كۆزلىرىڭ، چەكسىز بەختىمگە ھەسەتسىز تىكىلسۇن!

لەبالەپ قەدەھلەردىن شاھانە شارابلار تېشىپ، تىلىكىڭ زىياسى تېشىپ تۇرسۇن!

قارا! بۇ قەدەھمۇ قۇرۇقدىلىدۇ، زوروئاستېرمۇ يېڭىباشتىن ئادەم بولىدۇ.»

زوروئاستېر تاغدىن ئەنە شۇنداق چۈشۈشكە باشلىدى.

## 2

زوروئاستېر تاغدىن چۈشكۈچە يول بويى ھېچكىم ئۇچرىمىدى. ئۇ ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، بىر چال ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كەپىسىدىن چىقىپ، ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى تېرىۋاتقانىدى. ئۇ زوروئاستېرغا شۇنداق دېدى:

— مەن بۇ سەيياھنى تونۇيمەن، ئۇنىڭ نامىشەرىپى زوروئاستېر. ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى ئۇ بۇ يەردىن ئۆتكەن، لېكىن ئۇ ھازىر بۇرۇنقى زوروئاستېرغا زادىلا ئوخشىماي قاپتۇ.

ئەينى چاغدا سەن كۈللىرىڭنى تاغقا ئاچىققانىدىڭ، ئەمدى چوغلىرىڭنى قاراڭغۇ جىلغىلارغا ئېلىپ چۈشمەكچىمۇسەن؟ ئوت قويۇش گۇناھىنىڭ ئارتىلىپ قېلىشىدىن قورقمامسەن؟

دۇرۇس، مەن ئۇنىڭ زوروئاستېر ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇلاق سۈيىدەك تىنىق، لەۋلىرى مەسخىرىدىن خالىي، ئۇ بەئەينى رەققاسلاردەك ئالغا كېتىپ بارمامدۇ؟

زوروئاستېر ئۆزگەردى، بىر سەبىي بالىغا ئايلاندى. زوروئاستېر بىر ئويغانغۇچى، شۇ تاپتا سەن شېرىن چۈش ئىلكىدە ياتقانلار ئارىسىغا كېلىپ نېمە قىلماقچىسەن؟

گويا بىپايان دېڭىزدا گاھ لەيلەپ يۈرگەندەك، سەن تەنھالىق ئىلكىدە ياشاپ كەلدىڭ. ھە، ئەمدى قىرغاققا چىقماقچىمۇ؟ زىممەڭگە ئېغىر يۈك ئارتماقچىمۇ سەن؟

ـــ مەن ئىنسانىيەتنى سۆيىمەن، ـــ دېدى زوروئاستېر جاۋابەن.

ـــ شۇنداقمۇ، ـــ دېدى تەقۋادار، ـــ مېنىڭمۇ ئورمان ۋە باياۋانلارغا كېلىشىم، دەل ئىنسانىيەتنى زىيادە سۆيگەنلىكىمدىن ئەمەسمۇ؟ ئەمدى مەن ئىنسانلارنى ئەمەس، تەڭرىتائالانى سۆيىمەن. ھېس قىلىشىمچە، ئىنسانلار تېخى پىشىپ يېتىلگىنى يوق، ئۇلارنى سۆيۈش بىلەن مېنى ھالاك قىلىشىڭ مۇمكىن.

ـــ مەن نەدىمۇ سۆيگۈدىن گەپ ئاچتىم! پەقەت ئىنسانلارغا ئاز ـ تولا سوۋغا ـ سالاملار ئېلىپ بارماقچىمەن، ـــ دېدى زوروئاستېر.

ـــ ئۇلارغا ھېچنېمە بەرمەسلىك كېرەك، ـــ دېدى تەقۋادار، ـــ ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇلارنىڭ يۈكىنىڭ بىر قىسمىنى كۆتۈرۈشۈپ بەرگىنىڭ تۈزۈك، ئەگەر خالىساڭ، شۇندىلا سەندىن خۇرسەن بولۇشىدۇ.

ـــ سەدىقە قىلماقچى بولساڭ ئۇنى بىراقلا بېرىۋەتمە، ئەمما ئۇلار سەندىن ئۆتۈنگەندە بەر!

ـــ ياق، ـــ دېدى زوروئاستېر جاۋابەن، ـــ مەن سەدىقە قىلمايمەن، تېخى ئۇنچە نامراتلىشىپ كەتمىدىم.

ـــ ئۇلار گۆھەرلىرىڭنى قوبۇل قىلامدۇ ـ يوق، ـــ دېدى تەقۋادار زوروئاستېرغا قاراپ كۈلۈپ، ـــ ئۇلار توپتىن ئايرىلىپ ياشىغانلارغا ھەم بىزنىڭ سوۋغات ئەكەلگىنىمىزگە ئىشەنمەيدۇ.

ئاياغ تىۋىشىمىز ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا پۇچەك ئاڭلىنىدۇ ـ دە، ئۇلار ئورۇنلىرىدا يېتىشىپ تاڭ ئاتماستىنلا ماڭغان بىراۋنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغاندەك ئۆز ـ ئۆزىدىن سورىشىدۇ: «بۇ ئوغرى نەگە ماڭغاندۇ؟»

كىشىلەر ئارىسىغا بارما، يەنىلا ئورماندا قېلىپ، قۇشلار ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



هايۋانلار بىلەن بىللە بولغىنىڭ تۈزۈك! نېمىشقا ماڭا ئوخشاش قۇشلار ئارىسىدىكى بىر قۇش، هايۋانلار ئارىسىدىكى بىر هايۋان بولمايسەن؟

— جانابلىرى، ئورماندا قېلىپ نېمە قىلىمىلا؟ — سورىدى زوروئاستېر.

— شېئىر يېزىپ كۈيلەيمەن، كۈيلىرىمدە كۈلىمەن ھەم يىغلايمەن، ئىچىمدە ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، تەڭرىنى ئەنە شۇنداق ئۇلۇغلايمەن، — دېدى تەقۋادار جاۋاب بېرىپ، — تەڭرىنى كۈي - ناۋالىرىم بىلەن، يىغالىرىم، كۈلكە ۋە يىغىلىرىم بىلەن مەدھىيەلەيمەن، لېكىن سەن بىزگە نېمە بەردىڭ؟

— مەن سىلەرگە نېمە بېرەلەيتتىم، — دېدى زوروئاستېر تەقۋادارغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، — ئەڭ ياخشىسى مېنى تېزرەك يولغا سېلىپ قويۇڭلار، سىلەردىن بىرنەرسە ئېلىپ سالماي يەنە! — ئۇلار خوشلاشتى، باللاردەك كۈلۈپ كېتىشتى.

زوروئاستېر تەقۋادار بىلەن خوشلىشىپ، ئىچىدە شۇنداق دېدى: «بۇ مۇمكىنمۇ؟ بۇ چال ئورماندا تۇرۇۋېرىپ، تەڭرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى تېخى ئاڭلىماپتۇ - دە.»

## 3

زوروئاستېر ئورمان ياقىسىدىكى كىچىك بىر شەھەرگە كەلدى. بازاردا نۇرغۇن كىشىلەر توپلىشىۋالغانىدى. چۈنكى، كىمدۇر بىرى دارۋازلارنىڭ ئويۇن كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. زوروئاستېر ئاۋامغا شۇنداق دېدى:

— سىلەرگە ئەۋلىيا بولۇش ھەققىدە تەبلىغ ئېيتقىلى كەلدىم، ئادەم ئۆزىدىن ھالقىشى كېرەك، سىلەر ئىنسانلىقتىن ھالقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغانمۇ - يوق؟

ئەلمىساقتىن بېرى ھەممە نەرسە ئۆزىدىن ھالقىپ كەلدى، سىلەر

ئىنسانلىقتىن ھالقىش ئەمەس، ھايۋانلىققا قايتىپ، شىددەتلىك ئىقىندىكى چېكىنگەن دولقۇن بولماقچىمۇ؟

مايمۇن ئىنسان ئۈچۈن قانچىلىك نېمىتى؟ ئۇ ئىنسانلارنىڭ كۈلكىلىك تۇغقىنى ياكى نومۇسى. ئادەممۇ ئەۋلىياغا نىسبەتەن شۇنداق ئەمەسمۇ؟

سىلەر قۇرتتىن ئادەمگىچە بولغان ئۇزۇن يولنى بېسىپ ئۆتتۇڭلار، لېكىن نۇرغۇن تەرەپلەردىن سىلەر يەنىلا قۇرت، بۇرۇن ئادەمسىمان مايمۇن ۋە مايمۇن ئىدىڭلار، ئەمدى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئوخشاپ قالدىڭلار.

ئاراڭلاردىكى ئەڭ چېچەن ئادەممۇ ئۆسۈملۈك بىلەن جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ زىددىيەتلىك بىرىكمىسى. مەن سىلەردىن ئۆسۈملۈككە ياكى جىن ـ شاياتۇنلارغا ئايلىنىشنى تەلەپ قىلغانمىدىم؟

قېرىنداشلار، سىلەردىن پەقەت زېمىنغا سادىق بولۇشنىلا ئۆتۈنىمەن، زېمىندىن ھالقىش ئارزۇسىدا بولغانلارغا ئاسانلىقچە ئىشەنمەڭلار! ئۇلار مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز شۇ ئارزۇدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەربىر زىيان سالغۇچىلاردۇر.

ئۇلار ھاياتتىن ۋاز كەچكەنلەر، قۇتۇلدۇرۇۋالغۇسىز ھالدا زەھەرلەنگەنلەر، زېمىنمۇ ئۇلاردىن ئىنتايىن بىزار، ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىڭلار!

ئىلگىرى تەڭرىگە كۇپۇرلۇق قىلىش گۇمراھلىق ئىدى، ئەمما ھازىر تەڭرى ئۆلدى. شۇڭا، كۇپۇرلۇقمۇ تۈگىدى. ئەمدىكى ئەڭ چوڭ گۇناھ ــ زېمىنغا كۇپۇرلۇق قىلىش ھەم «بىلگىلى بولماسلىق قەلبى»نى زېمىن مەنىسىدىن ئۈستۈن قويۇشتۇر.

ئىلگىرى روھ تەننى كەمسىتەتتى، ھالبۇكى، بۇ خىل كەمسىتىش شۇ چاغلاردا بىر خىل ئالىيجانابلىق دەپ قارىلاتتى ــ روھ تەننىڭ ئاۋاق، تاتىراڭغۇ ھەم ئاچ بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇ شۇندىلا تەندىن ۋە زېمىندىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئاھ، بۇ روھ ئەسلى ئۆزى شۇنداق ئاۋاق، تاتىراڭغۇ ھەم ئاچ ئىدى، رەھىمسىزلىك ئۇنىڭ ھەۋىسى.

قېرىنداشلار، قېنى ئېيتىڭلارچۇ، تېنىڭلار روھىڭلارغا قانداق ئىپادىدە بولۇۋاتىدۇ؟ روھىڭلار نامراتلىق، ئىپلاسلىقتىن خالىيمۇ ياكى نادانلارچە قانائەتتىنمۇ؟

راست، ئادەم بۇلغانغان دەريا. بىز دېڭىز بولۇشىمىز كېرەك، شۇندىلا ناپاك دەريالارنى قوينىمىزغا ئېلىپ تورۇپمۇ بۇلغانمايمىز.

ئەمدى مەن سىلەرگە ئەۋلىيانىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بېرەي: ئۇ دەل ئاشۇ دېڭىز، ئۇ سىلەرنىڭ ھەرقانداق كەمسىتىشىڭلار ۋە مەسخىرەڭلارنى يوشۇرۇپ قالالايدۇ.

سىلەر ھېس قىلالىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىش قايسى؟ ئۇ دەل ئاشۇ ئۇلۇغۋار كەمسىتىشتۇر. ئۇنى ھېس قىلغىنىڭلاردا سىلەر ھەتتا ئۆز بەختىڭلاردىن بىزار بولىسىلەر، ئەقلىڭلار ۋە ئەخلاقىڭلاردىنمۇ بىزار بولىسىلەر.

سىلەر ئاخىر شۇنداق دەيسىلەر: «بەختىم نېمىتى! ئۇ پەقەتلا نامراتلىق، ئىپلاسلىق ۋە نادانلارچە قانائەت. بىراق، بەختىم ئۆز قىممىتىنى ئاقلىشى كېرەكقۇ؟»

يەنە شۇنداق دەيسىلەر: «ئەقلىم نېمىتى! ئۇ خۇددى ئولجىغا تەشنا شىردەك بىلىمگە تەشنامۇ، قانداق؟ ئۇمۇ پەقەتلا نامراتلىق، ئىپلاسلىق، نادانلارچە قانائەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس!»

يەنە شۇنداق دەيسىلەر: «ئەخلاقىم نېمىتى! مېنىڭ تەلۋە ھېسسىياتىمنى قوزغىيالمىسا، ۋۇجۇدۇمدىكى ياخشى - يامانلىقتىن قانداقمۇ بىزار بولماي! ئۇمۇ نامراتلىق، ئىپلاسلىق، نادانلارچە قانائەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس!»

يەنە شۇنداق دەيسىلەر: «ئادالىتىم نېمىتى! مەن ئۆزۈمنى ئوت ياكى كۆمۈر دەپ قارىمايمەن، لېكىن ئادالەتنىڭ ئۆزى دەل ئوت ھەم كۆمۈردۇر!»

يەنە شۇنداق دەيسىلەر: «كۆيۈمچانلىقىم نېمىتى! كۆيۈمچانلىق دەل ئاشۇ ئىنسانلارنى سۆيگەن كىشى مىخلانغان چارمىخ ئەمەسمۇ؟ كۆيۈمچانلىق چارمىخ جازاسى ئەمەس.»

سىلەر شۇنداق دەپ باققانمۇ، تووۋلاپ باققانمۇ؟ ئاھ، ئاشۇنداق چۇقانلىرىڭلارنى ئاڭلاشقا نەقەدەر تەشنامەن! بۇ سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار ئەمەس، ئەكسىچە زارىڭلاردىكى تىزگىن، گۇناھىڭلارنى تىلەپ، پەلەككە قىلغان شىكايىتىڭلار!

سىلەرنى تىلى بىلەن يالىغۇالىدىغان چاقماق قەيەردە، تېنىڭلاردىكى ئەسەبىيلىك نەدە؟

ئەمدى مەن سىلەرگە ئەۋلىيانىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بېرەي: ئۇ دەل ئاشۇ چاقماق، ئاشۇ ئەسەبىيلىك!

زورۇئاستېر سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، توپ ئىچىدىكى بىرى:

— بىز ئۇ دارۋازنىڭ سۆزىنى يەتكۈچە ئاڭلىدۇق، ئەمدى ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ باقايلى، — دېدى. كۆپچىلىك زورۇئاستېرغا كۈلدى. دارۋاز بۇ مېنى مەيدانغا تەكلىپ قىلغانلىق، دەپ قاراپ ئويۇنىنى باشلىۋەتتى.

## 4

زورۇئاستېر كىشىلەر توپىغا قاراپ تولىمۇ ھەيران قالدى، ئۇ يەنە شۇنداق دېدى:

— ئىنسان ھايۋان بىلەن ئەۋلىيا ئارىسىدىكى چوڭقۇر ھاڭ ئۈستىگە تارتىلغان ئارغامچا.

بىر ئۇچىدىن يەنە بىر ئۇچىغا بېرىش خەتەرلىك، ئارىلىقتا مېڭىشمۇ خەتەرلىك، كەينىگە قاراشمۇ خەتەرلىك، تىترەش ۋە دېلىغۇل بولۇشمۇ خەتەرلىك.

ئىنسان شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، چۈنكى ئۇ مەقسەت ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەلكى كۆۋرۈك. ئىنساننىڭ قەدىرلىك يېرى شۇكى، ئۇ ھالقىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ تامامى.

مەن تامامىلاش ئۈچۈن ياشىغانلارنى سۆيىمەن. چۈنكى، ئۇلار جەرياندىن ھالقىغۇچى.

مەن ئاشۇ ئۇلۇغ كەمسىتكۈچىلەرنى سۆيىمەن. چۈنكى، ئۇ ئۇلۇغ چوقۇنغۇچى ۋە قارشى قىرغاققا ئىنتىزار ئوق.

مەن شۇنداق كىشىلەرنى سۆيىمەن، ئۇلار قۇربان بولۇش سەۋەبىنى ئۇپۇق سىرتىدىن ئىزدىمەي، زېمىن ئۈچۈن ئۆز ـ تېنىنى قۇربان بولىدۇ، ئۇلار زېمىننىڭ ھامان بىركۈنى ئەۋلىياغا مەنسۇپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

مەن بىلىم ئۈچۈن ياشاۋاتقان ھەمدە ئەۋلىيا بولۇپ چىقىش ئۈچۈن بىلىم ئىزدەۋاتقان كىشىلەرنى سۆيىمەن، ئەنە ئاشۇ كىشىلەر بىلىم ئىستىكىدە ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ.

مەن ئەۋلىيا ئۈچۈن ماكان سېلىۋاتقان ھەمدە ئەۋلىياغا زېمىن ۋە جانىدارلارنى ھازىرلاش ئۈچۈن ئەجىر قىلىۋاتقان ئاشۇ ئادەملەرنى سۆيىمەن. ئەنە ئاشۇ كىشىلەر ئۆزىنىڭ قايتار جايىنى ئىزدەيدۇ.

مەن ئەخلاقنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەرنى سۆيىمەن. چۈنكى، ئەخلاق ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرىدىغان ھەم ئىنتىلگەن ئوق.

مەن ئۆز روھىنى قىلچىمۇ ئايىمايدىغان، ئۇنى ئەخلاققا تەلتۆكۈس ئاپىلاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەرنى سۆيىمەن، ئەنە ئاشۇ كىشىلەر كۆۋرۈكتىن روھەن ھالقىپ كەتتى.

مەن ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي ھەۋىسى ۋە تەقدىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەن كىشىلەرنى سۆيىمەن، ئەنە ئاشۇ كىشىلەر ئەخلاق ئۈچۈن ھايات ـ ماماتنى ئۇنتۇيدۇ.

مەن ئەخلاققا ئارتۇقچە باش قاتۇرمايدىغان كىشىلەرنى سۆيىمەن، بىر ئەخلاق ئىككى ئەخلاقتىن ئەۋزەل، چۈنكى ئۇ خىل ئەخلاق تەقدىر ھالقىسىغا تېخىمۇ يېقىن.

مەن روھنى ئاياپ ئولتۇرمايدىغان، رەھمەت ـ تەزىمنى بەجا كەلتۈرمەيدىغان ھەم قوبۇل قىلمايدىغان كىشىلەرنى سۆيىمەن، چۈنكى ئۇلار خەقنىڭ ھەققىنى ئېلىپ قالماي بېرىۋېتىدۇ.

مەن ئۇتتۇۋالغانلىقىدىن خىجىل بولىدىغان كىشىلەرنى سۆيىمەن، چۈنكى ئۇلار ئۆزىدىن سورايدۇ: «مەن ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن قىمارۋاز ئوخشىمامدىمەن؟» چۈنكى، ئۇ ئۇتتۇرۇۋېتىشتىن قورقمايدۇ.

مەن ئاۋۋال ئىشلەپ ئاندىن سۆزلەيدىغان، ھەربىرىدە ۋەدىسىدىنمۇ چىڭ كىشىلەرنى سۆيىمەن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ تاكامۇللۇقىنى ئىزدەيدۇ.

مەن كېلەچەكنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۆتمۈشكە توۋا قىلغانلارنى قۇتقۇزالايدىغان كىشىلەرنى سۆيىمەن. چۈنكى، ئۇلار كۆز ئالدىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن جىنىنى ئايىمايدۇ.

مەن تەڭرىگە بولغان «مۇھەببىتى تۈپەيلى ھەممىنى ئەيىبلەيدىغان» كىشىلەرنى سۆيىمەن. چۈنكى، ئۇلار بەربىر تەڭرىنىڭ غەزىپىدىن ئۆلىدۇ.

مەن زەخىملەنسىمۇ ئۆز روھىدىن تانمايدىغان، كىچىك ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئۇتقا كىرەلەيدىغان كىشىلەرنى سۆيىمەن، ئەنە ئاشۇ كىشىلەر كۆۋرۈكتىن تەمتىرىمەي ئۆتىدۇ.

مەن روھىي ئاۋۇنلۇقتىن ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ھەممە نەرسىگە سىڭىپ كەتكەن كىشىلەرنى سۆيىمەن، ھەممە نەرسە ئەنە ئاشۇ ئادەملەرنىڭ قايتار جايىغا ئايلىنىدۇ.

مەن روھى ۋە قەلبى ئەركىن كىشىلەرنى سۆيىمەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بېشى قەلبىنىڭ ئىچكى ئەزاسى، قەلبى ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنىڭ تۈرتكىسى.

مەن ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى سۆيىمەن. ئۇلار كۆكتىكى ئېغىر بۇلۇتتىن تامچىلىغان يامغۇردەك گۈلدۈرمامىدىن بېشارەت بېرىپ، بېشارەتچى كەبى دۇنيادىن ئۆتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاراڭلار، مەن بىر چاقماق بېشارەتچىسى، بۇلۇتتىن تامچىلىغان بىر قەترە يامغۇر. ئەمما، چاقماق بولسا ئەۋلىيادۇر.

## 5

زورو ئاستىر سۆزىنى تۈگىتىپ، كۆپچىلىككە تىكىلگىنىچە جىمىپ كەتتى. «ئۇلار ئۇ يەردە تۇرماقتا، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — ھەممىسى كۈلۈۋاتىدۇ. بىرىمۇ مېنى چۈشەنمەيدۇ، لەۋزىم ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ياقمىدى.»

ئۇلارنى گاس قىلىپ قويۇپ كۆزى بىلەن ئاڭلاشنى ئۆگىتىش كېرەكمۇ ياكى تۇۋۇخور پوپقا ئوخشاش مىس دۇمباق بىلەن چۇقان سېلىش كېرەكمۇ، ئۇلار كېكەچلەرگە ئىشىنەمدۇ يا؟

ئۇلارنى مەغرۇرلاندۇرىدىغان بەزى نەرسىلەر بار، ئۇلار بۇلارنى نېمىدەپ ئاتايدۇ؟ «مەدەنىيەت» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنى چوپانلاردىن ئايرىپ تۇرغان نەرسە ئەنە شۇ. شۇڭا، ئۇلار «مەسخىرە» دېگەن ئىبارىنى ياقتۇرمايدۇ. لېكىن، مەن ئۇلارنىڭ مەغرۇرلۇقىدىن يەنىلا خۇشالمەن.

مەن ئۇلارغا مەسخىرە قىلىشقا ئەڭ لايىق نەرسىنى دەپ بېرىمەن: ئۇ دەل «ئاداققى ئادەمدۇر! (The last man)»

شۇنىڭ بىلەن زورو ئاستىر يەنە كۆپچىلىككە قاراپ دېدى:

— ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن نىشان تاللايدىغان پەيت يېتىپ كەلدى؛ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ يۇكسەك ئۈمىد ئۇرۇقىنى چاچىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى.

كۆز ئالدىمىزدا ئۇنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى بار. لېكىن، ئۇ ھامان بىر كۈنى كۈچتىن قېلىپ، تاقىر يەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئاھ! ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىدىن ھالقىش ئوقىنى ئاتالمايدىغان ۋاقتى كېلىپ قالدى — ئۇلارنىڭ كىرىچى قېتىپ قالدى!

سىلەرگە ئېيتىمەنكى، ئادەم يەنىلا مۇجمەللىكىنى ساقلىشى كېرەك، شۇ چاغدىلا ئويۇن يۇلتۇزى تۇغۇلىدۇ؛ سىلەرگە ئېيتىمەنكى،

مۇجمەللىكلىكلەر ھېلىمۇ مەۋجۇت.

ئاھ، ئىنسانلار، يۇلتۇزلارغا تەۋەللۇت بولىدىغان ۋاقىتلار كېلىپ قالدى. ئاھ! ئەنە، مەسخىرىگە باب ئادەمنىڭ ۋاقتى، ئۇ ئەمدى ئۆزىنى مەسخىرە قىلمايدۇ.

ئەمدى سىلەرگە «ئاداققى ئادەم»نى كۆرسىتىپ قوياي.

ــ مۇھەببەت دېگەن نېمە، ئىجادىيەت دېگەن نېمە، تەشنالىق دېگەن نېمە، يۇلتۇز دېگەن نېمە؟ ــ ئاداققى ئادەم كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ سورىدى.

ئۇ چاغدا، زېمىن يىگلەيدۇ، زېمىندا شادلىقتا چۆمگەن ئاداققى ئادەم ھەممە نەرسىنى ئەرزىمەس قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۈرگىگە ئوخشاش تۈگەتكۈسىز، ئەڭ ئاداققى ئاشۇ ئادەم ئەڭ ئۇزۇن ياشايدۇ.

ــ بەختىمىزنى تاپتۇق، ــ دەيدۇ ئاداققى ئادەم كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ.

ئۇلار مۇشكۇل مۇھىتتىن قۇتۇلدى. چۈنكى، ئۇلارغا ھارارەت كېرەك. ئۇلار قوشنىلىرىنى سۆيىدۇ، ئۇلار بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا ھارارەت كېرەك.

ئۇلار كېسەللىك ۋە گۇماننى جىنايەت دەپ قاراپ، ناھايىتى ئاۋايلاپ ماڭىدۇ، لېكىن ئۇلار ئارىسىدا شېغىللىق يولدا ۋە كىشىلەر ئارىسىدا كېتىۋېتىپ يىقىلىدىغانلارمۇ بار، ئۇلارنىمۇ ساق دېگىلى بولمايدۇ!

ئۇلار پات ـ پات ئوغا ئىچىپ، شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈشى مۇمكىن، ئەمما كۆپ ئىچىۋەتسە شاد ـ خۇرام ئۆتكۈزۈۋاتقان ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئۇلار توختىماي خىزمەت قىلىدۇ، چۈنكى خىزمەت بىر خىل ئەمەك، لېكىن زىيادە ئىشلەپ ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويۇشتىن پەخەس بولۇش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىممۇ نامرات بولۇشنى ياكى باي بولۇشنى خالىسۇن؟ چۈنكى، بۇ ئىككى يۇك ئىنتايىن ئېغىر. كىمنىڭمۇ باشقىلارغا بۇيرۇق قىلغۇسى ياكى كىمنىڭمۇ باشقىلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغۇسى كەلسۇن؟ بۇ يۇكمۇ ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى ئېغىر!

قويلار چوپانغا موھتاج ئەمەس! كۆپچىلىكمۇ خۇددى شۇلاردەك ئۆزئارا ئوخشاش بولۇشنى، باراۋەر بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. كىمدىكىم باشقىچە خىيالدا بولىدىكەن، ئۇنى جىنىدىخانىغا ئەكىرىۋېتىش كېرەك.

— بۇرۇنقىلار ساراڭ، — ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ھەييار كۆزىنى چىمىلدىتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

ئۇلار ناھايىتى زېرەك، ئۆتكەن ئىشلارنى ئېنىق بىلىدىغان بولغاچقا، بىر - بىرىگە ھەدەپ چاقچاق قىلىشىدۇ. بەزىدە مۇنازىرىلىشىپ قېلىشىدۇ، لېكىن تېزلا ئەپلىشىپ قالالايدۇ، ئۇنداق قىلىشمىسا، ئۆزئارا مۇناسىۋەتكە پايدىسىز.

ئۇلار كۈندۈزلىرى ئاندا - مۇندىلا ئويۇن - تاماشىلار قىلىشىدۇ، ئاخشىمىمۇ ئەيش - ئىشرەتلەرگە بېرىلىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى قالتىس ئاسرايدۇ.

— بەختىمىزنى تاپتۇق، — دەيدۇ ئاداققى ئادەم كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ.

زوروئاستېرنىڭ تۇنجى سۆھبىتى (تۇنجى نىداسى) مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. چۈنكى، كۆپچىلىكنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئۇنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتكەنىدى.

— ئاھ! زوروئاستېر، ئاشۇ ئاداققى ئادەمنى بىزگە ئاتا قىل، — دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار، — بىزنى ئاشۇ ئاداققى ئادەمگە ئايلاندۇرغىن! بىز ئەۋلىيانى ساڭا قايتۇرۇپ بېرەيلى! — كۆپچىلىك ھاياجانلىنىپ ئىسقىرتىشتى، تىۋىلاشتى. لېكىن، زوروئاستېرنىڭ چىرايى ھەسرەتلىك تۇس ئالدى، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە نىدا قىلدى:

ئۇلار مېنى زادىلا چۈشەنمىدى، ئېيتقانلىرىمنىمۇ چۈشەنمەيدۇ.

بەلكىم، تاغدا ئۇزاققىچە پىنھان ياشاپ، ئورمان ۋە ئېقىنلارنىڭ ئاۋازىغا كۆنۈپ كەتكەندىمەن. ئۇلارغا گەپ قىلىشىم چوپانلارغا سۆزلىگەندەك بىر ئىش بولدى.

قەلبىم تىپتىنچ ۋە سۈزۈك، گويا تاڭدىكى تاغ چوققىلىرىدەك. ئەمما، ئۇلار مېنى سوغۇققان، زەردىلىك كولدۇرلاتقۇچى دەپ قالدى.

ئۇلار مېنىڭدىن كۈلمەكتە، ئۇلارنىڭ سوغۇق كۈلكىلىرىدە ماڭا بولغان ئەيىبلەشلەر بار.

## 6

كۆپچىلىك جىمىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ دىققىتى باشقا بىر ئىشقا بۇرالغانىدى. بۇ چاغدا، دارۋاز ئۆزىنىڭ ئويۇنىنى باشلىۋەتكەنىدى. ئۇ كىچىك بىر ئىشىكتىن چىقىپ، ئىككى مۇنار ئارىسىغا تارتىلغان ئارغامچىدا مېڭىشقا باشلىدى. ئارغامچا بازار ۋە بازاردىكى كىشىلەرنىڭ ئۈستىدە تارتىقلىق ئىدى. ئۇ ئارغامچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ھېلىقى كىچىك ئىشىك يەنە ئېچىلدى ـ دە، ئالىيىشىل كىيىنگەن قىزىقچى چىقتى، ئۇ دەرھاللا ئالدىدىكىسىگە ئەگىشىپ ماڭدى.

— ماڭە، توكۇر، — دېدى قىزىقچى سۈرلۈك ۋارقىراپ، — تېز بول، ھۇ ھۇرۇن ئەبگار، كېسەل كۆرپىسى، يولۇمغا پۇتلاشما! قوڭغۇزغا تېپىپ چۈشۈرۈۋەتمەي يەنە! ئىككى مۇنار ئارىسىدا ساڭا نېمە بار؟ ئەسلى سېنى مۇنارغا سولاپ قويسا بوپتىكەن، نېمىدەپ كۈچلۈكلەرنىڭ يولىنى توسىسەن!

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئالدىدىكى ئادەمگە يېقىنلىشىپ باراتتى. ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا بىرلا قەدەم قالغاندا، كۆپچىلىك ئويلاپمۇ باقمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. قىزىقچى ئالۋاستىدەك ۋارقىرىغىنىچە ئالدىدىكى ئادەمنىڭ بېشىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئادەم رەقىبىنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالدى ـ دە، قولىدىكى تەڭشەك بالدىقى چۈشۈپ كەتتى، ئارقىدىن ئۆزىمۇ پەسكە ئۇچقاندەك چۈشتى. بۇ ۋاقىتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بازاردىكى پۈتكۈل جامائەت بوران ـ چاپقۇندىكى دېڭىزدەك تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كېتىشتى، بولۇپمۇ ھېلىقى ئادەم چۈشكەن يەردىكىلەر تېخىمۇ پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى.

ئەمما، زوروئاستېر تەمكىن تۇراتتى، ھېلىقى ئادەم دەل ئۇنىڭ يېنىغا چۈشتى، چىرايى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ھەرھالدا تېخى تىنىقى بار ئىدى. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ھوشىغا كېلىپ، قېشىدا زوروئاستېرنىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆردى.

ــ يېنىمدا نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ ــ دېدى ئۇ ئاخىر زۇۋان سۈرۈپ، ــ مەن ئالۋاستىلارنىڭ پۇتۇمغا كاشىلا قىلىدىغانلىقىنى ئالىلىبۇرۇنلا بىلەتتىم، ھازىر ئۇ مېنى دوزاخقا سۆرەۋاتىدۇ، سەن ئۇنى توساي دەۋاتامسەن؟

ــ ماڭا ئىشەن، دوستۇم، ــ دېدى زوروئاستېر جاۋاب بېرىپ، ــ سەن دېگەن نەرسىلەر مەۋجۇت ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ئالۋاستى، دوزاخ دېگەنلەر يوق نەرسە. روھىڭ تېنىڭدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ، پەقەت شۇنداقلا بولىدۇ!

دارۋاز گۇمانىي نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى:

ــ ئەگەر ئېيتقىنىڭ توغرا بولسا، ھاياتىن مەھرۇم بولۇشۇم بىلەن باشقا نەرسىلەردىنمۇ مەھرۇم بولمايدىكەنمەن. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ قامچا ۋە ئوزۇقلىرىنى قىسىش ئۇسۇللىرى بىلەن تەربىيەلەنگەن مەخلۇقلىرىمدىن قىلچە پەرقىم يوق ئىكەن.

ــ ئۇنداق ئەمەس، ــ دېدى زوروئاستېر، ــ سەن خەۋپ ـ خەتەرنى كەسىپ قىلدىڭ، بۇ پەسكەشلىك ئەمەس. سەن ھازىر كەسپىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىۋاتىسەن. سېنى ئۆز قولۇم بىلەن دەپنە قىلىمەن.

زوروئاستېر بۇ گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن دارۋاز جىمىپ كەتتى، ئەمما ئۇ تەشەككۈر ئېيتماقچى بولغاندەك قوللىرىنى سوزۇپ، زوروئاستېرنىڭ قوللىرىنى ئىزدەۋاتاتتى.

7

بۇ چاغدا قاش قارىيىپ، بازار قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. كىشىلەردە قىزىقىش ۋە قورقۇنچ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ناھايىتى چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئاستا تارقىلىشتى. زوروئاستېر ئۆلۈكنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، چوڭقۇر خىيال ئىلكىدە ۋاقىتنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. قاراڭغۇمۇ چۈشتى. سوغۇق شامال يەككە ـ يېگانە بۇ ئادەمنى سىيپاپ ئۆتەتتى. زوروئاستېر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىگە ئېيتتى: «راستىنى ئېيتقاندا، زوروئاستېرنىڭ بۈگۈنكى ھوسۇلى يامان ئەمەس بولدى! ئۇ تىرىك ئادەمنى ئەمەس، بىر ئۆلۈكنى ئولجىغا ئالدى.»

ھايات پاجىئەلىك، شۇنداقلا پۈتۈنلەي مەنىسىز: بىر قىزىقچىنىڭمۇ بىر جانغا زامىن بولىدىغان چاغلىرى بولىدىكەن.

مەن ئىنسانلارغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۆگىتىمەن، ئۇ بولسىمۇ دەل ئەۋلىيا، يەنى قارا بۇلۇتلار(ئىنسانلار) ئارىسىدا پەيدا بولغان چاقماق بولۇش.

مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسى يىراق، كۆڭۈللىرىمۇ سىغىشمايدۇ. ئۇلارنىڭمۇ نەزىرىدە مەن پەقەت ساراڭ بىلەن ئۆلۈك ئارىلىقىدا تۇرىدىغان نەرسە.

كېچە قاراڭغۇ، زوروئاستېرنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان يوللىرىمۇ قاراڭغۇ. كەل، قېتىپ قالغان دوستۇم، مەن سېنى ئۆز قولۇم بىلەن كۆمىدىغان جايغا ئاپىراي.

8

زوروئاستېر سۆزىنى تۈگىتىپ، ئۆلۈكنى يۈدۈپ ماڭدى. بىراق، يۈز قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا، تۇساتتىن بىر ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى! ياپىر! بۇ ئادەم دەل مۇنار ئىچىدىكى ھېلىقى قىزىقچىغۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ئەي، زورروئاستېر، بۇ شەھەردىن كەت، — دېدى ئۇ، — بۇ يەردە ساڭا نەپرەتلىنىدىغانلار بەك كۆپ. ئاق كۆڭۈل ۋە دۇرۇس ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ساڭا نەپرەتلىنىدۇ. ئۇلار سېنى ئورتاق دۇشمىنى ۋە مەسخىرىچىسى دەپ قارايدۇ. مۆمىنلەر ساڭا ئۆچلۈك قىلىدۇ. سېنى ئاپەت كەلتۈرىدىغان ياۋۇز مەخلۇق دەپ ئاتايدۇ. سېنى زاڭلىق قىلىسىمۇ مەيلى ئىدى، لېكىن سېنىڭ گەپلىرىڭ قىزىقچىدىن ئانچە قېلىشمايدىكەن. سېنى تەلەيلىك دېسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى سېنىڭ بۈگۈن بۇ ئۆلۈك ئىت بىلەن بىللە تۇرغانلىقىڭ ھاياتىڭنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۇمۇمەن، سەن بۇ يەردىن كەت، بولمىسا ئەتە مەندەك تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈكلەرنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشىگە توغرا كېلىدۇ.

سۆز تۈگىشى بىلەنلا قىزىقچى كۆزدىن يوقالدى. زورروئاستېر قاراڭغۇ كوچىلاردا يولىنى داۋام قىلدى.

ئۇ سېپىل دەرۋازىسىغا كەلگەندە، بىرقانچە گۆركارنى ئۇچراتتى، ئۇلار ئوتقاشلىرىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ زورروئاستېر ئىكەنلىكىنى تونۇدى ۋە ئۇنى بىرپەس مازاق قىلىشتى:

— زورروئاستېر بۇ ئۆلۈك ئىتنى ئېلىپ كېلىۋاتىدىغۇ. قالتىسقۇ، ئۇ قاچاندىن بېرى گۆركار بولۇپ قالدىكىن! قوللىرىمىز بەك پاكىز، بۇ ھارام گۆشنى تۇتمايلى، ئۇ ئالۋاستىنىڭ تېنىدىن بىر چىشلەم يەۋالماقچى ئوخشىمامدۇ؟ ساڭا بەرىكەت تىلەيمىز! بۇ ئالۋاستى سەندىنمۇ ئۇستا ئوغرى بولمىسىلا بولغىنى، بەلكىم ئۇ ئىككىڭلارنى بىراقلا يەۋېتەمدۇ تېخى! — ئۇلار ئۇچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشتى.

زورروئاستېر يولىنى ئۈن ـ تىنسىز داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئورمان ۋە سازلىقلاردا ئىككى سائەتتەك ماڭدى، كېتىۋېتىپ ئاچ قالغان بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرىنى ئاڭلىدى، ئۆزىنىڭمۇ قورسىقىنىڭ ئېچىپ كوركىراپ كەتكەنلىكىنى سەزدى، شۇنىڭ بىلەن چىراغ يېنىپ تۇرغان يالغۇز بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى.

«ئېچىرقاش مېنى قاراقچىدەك قوغلىماقتا، — دېدى زورروئاستېر، —

بولۇپمۇ مۇشۇ قاراڭغۇ كېچىدىكى ئورمان ۋە سازلىقتا ئېچىرقىشىم باشقىلارنىڭ ئېچىرقىشىغا ئوخشاشمايدۇ، ئۇ دائىم تاماقتىن كېيىنلا كارامىتىنى كۆرسىتەتتى، لېكىن بۈگۈن ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى، نەگە كەتتىكىنتاڭ؟»

زوروئاستېر ئىشىكنى چەككەنىدى، ياشانغان بىر كىشى چىراغ كۆتۈرۈپ چىقىپ سورىدى:

— ئۇيقۇمنى بۇزغان كىم سەن؟

— بىر ئۆلۈك بىلەن بىر تىرىك، — دېدى زوروئاستېر، — ماڭا ئازراق يەيدىغان نەرسە بەرگىن، يول بىلەن بولۇپ كېتىپ قورسىقىمنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. ئاچ - زېرىنلەرنىڭ بېشىنى سىلىغانلار بەختكە ئېرىشىدۇ، دېگەن گەپ بارغۇ.

ياشانغان كىشى كىرىپ كېتىپ، زوروئاستېرغا بولكا ۋە مەي ئاچىقىپ بەردى.

— بۇ يەردە ئاچ قالغانلارغا نەپ يوق، — دېدى ئۇ، — شۇڭا، مەن بۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن. ئادەملەر ۋە جاندارلار بۇ يەرگە كېلىشىپ مەندەك بىر زاھىتنى يوقلاپ تۇرىدۇ. ھەمراھىڭغىمۇ ئازراق بەر، ئۇ سەندىنمۇ چارچىغاندەك قىلىدۇ.

— ھەمراھىم ئۆلگەن، — دېدى زوروئاستېر، — ئۇنىڭغا بىرنېمە يېگۈزۈشكە ئامالسىزمەن.

— نېمە كارىم، — دېدى چال غۇدۇراپ، — ئىشىكىمنى چەككەندىكىن بەرگەنلىرىمنى ئېلىشىڭ كېرەك. يېگىن، بۇرادەر، ساڭا ئاقيول تىلەيمەن!

زوروئاستېر يۇلتۇزلارنى بەلگە قىلىپ ئىككى سائەتتەك ماڭدى. چۈنكى، ئۇ كېچىدە يول يۈرۈپ كۆنۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە جىمجىت كېچىدە ئۇيقۇغا كەتكەن زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىشنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. تاڭ ئاتاي دېگەندە، زوروئاستېر ئۆزىنىڭ قويۇق ئورمان ئىچىدە تۇرغانلىقىنى بايقىدى، ئالدىدا يول يوق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىدى. ئۇ جەسەتنى بويى بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتىكى بىر كاۋاك دەرەخكە قويدى. چۈنكى، چىلبۆرىنىڭ خىرىس قىلىشى تۇرغانلا گەپ. ئۆزى بولسا يىراق بولمىغان بىر يەردە يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. تېنى ھارغىن بولسىمۇ، روھى تېپتىنچ ئىدى.

9

زوروئاستېر ناھايىتى ئۇزاق ئۇخلىدى. سۇبھىنىلا ئەمەس، ھەتتا ئەتىگەننىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ ئاخىر كۆزىنى ئېچىپ، جىمجىت ئورمانغا ھەيران بولۇپ قارىغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىگە قارىدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، گويا يېڭى بىر قۇرۇقلۇقنى كۆرۈپ قالغان دېڭىزچىدەك ۋارقىرىۋەتتى. چۈنكى، ئۇ بىر ھەقىقەتنى چۈشەنگەنىدى. ئۇ ئۆزىگە مۇنداق دېدى:

بىر زەررە نۇر روھىمنى يورۇتتى. ماڭا ھەمراھ ــ نەگە ئاپارسام شۇ يەرگە بارىدىغان ھەمراھ، تىرىك ھەمراھ كېرەك.

لېكىن، مەن تىرىكلەرنىڭ ئەگىشىشىگە موھتاج. چۈنكى، ئۇلار نەگە بېرىشىمدىن قەتئىينەزەر يېنىمدىن ئايرىلمايدۇ.

بىر زەررە نۇر روھىمنى يورۇتتى. زوروئاستېر ئاۋامغا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىغا سۆزلىشى كېرەك. ئۇ چوپان ياكى قورۇقچى ئىت ئەمەس ـ دە!

مەن شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىم ــ قوزىلارنى پادىنىڭ ئارىسىدىن ئەكېتىشكە كەلدىم. ئادەملەر ۋە قويلار ئاشۇ نىيىتىمدىن غەزەپكە كېلىدۇ، زوروئاستېر چوپانلارنىڭ قاراقچى دېيىشىگە رازى.

ئۇلارنى چوپان دەيمەن، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاق كۆڭۈل، ئادىل كىشى دەۋالىدۇ؛ ئۇلارنى چوپان دەيمەن، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى مۆمىن بەندە دەۋالىدۇ.

قاراڭلار، ئاشۇ ئاق كۆڭۈل، ئادىل كىشىلەرگە، ئۇلار ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان كىشىلەر كىم؟ دەل ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىنى،

قانۇننى بۇزغان ۋە بارلىق نەرسىنى بۇزغان ئادەم، لېكىن ئۇ يارانقۇچىدۇر.

قاراڭلار، ئاشۇ مۆمىن بەندىلەرگە، ئۇلار نەپرەتلىنىدىغان كىشىلەر كىم؟ دەل ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىنى، قانۇننى بۇزغان ۋە بارلىق نەرسىنى بۇزغان ئادەم، لېكىن ئۇمۇ يارانقۇچىدۇر.

يارانقۇچىنىڭ ئىزدەيدىغىنى ئۆلۈك ئەمەس، ھەمراھ — قويلار ياكى بەندىلەرمۇ ئەمەس. يارانقۇچىنىڭ ئىزدەيدىغىنى ئۆزىگە ئوخشاشلا يارانقۇچى ھەمراھ — يېڭى قىممەتنى يېڭى قىممەت سەھىپىسىگە ئويۇپ قويالايدىغانلار. يارانقۇچىنىڭ ئىزدەيدىغىنى ھەمراھلار ۋە ئورمىچىلاردۇر، چۈنكى ھەممە ۋايىغا يېتىپ، ئورمىچىلارنى كۈتمەكتە. لېكىن، يۈزلىگەن ئورغاق يوق بولغاچقا، ئۇ ناھايىتى غەزەپلىنىپ، بۇغداي ۋە شاللارنى يۇلماقتا.

يارانقۇچىنىڭ ئىزدەيدىغىنى ھەمراھلار ۋە ئورغاقنى ئىتتىك بىلەيدىغانلاردۇر. ئۇلار بۇزغۇنچى ۋە ياخشى ـ ياماننىڭ مەسخىرىچىسى دەپ ئاتالماقتا؛ ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئورمىچى ۋە مول ھوسۇلنى تەبرىكلىگۈچىلەر.

زوروئاستېرنىڭ ئىزدەيدىغىنى ئورتاق يارانقۇچىلاردۇر. بىرلىكتە ھوسۇل يىغىدىغان، بىرلىكتە تەبرىكلەيدىغانلاردۇر. چوپانلار، قويلار، ئۆلۈكلەرنىڭ نېمە كېرىكى.

بىراق، ئەي، تۇنجى ھەمراھىم، تىنچلان! مەن سېنى دەرەخ كاۋىكىغا دەپنە قىلدىم، چىلبۆرىلەر تاپالمىسۇن دەپ ئوبدان جايلاشتۇرۇپ قويدۇم.

ئايرىلىش ۋاقتى كېلىپ قالدى، ئەمدى مېڭىشىم كېرەك. ئىككى سەھەر ئارىلىقىدا ھەقىقەتنى تاپتىم.

مېنىڭ چوپان ياكى گۆركار بولغۇم يوق. ئاۋاملارغىمۇ سۆزلىگۈم يوق، مانا بۇ مېنىڭ ئۆلۈكلەرگە قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈم.

مەن يارانقۇچى، ھوسۇل يىغقۇچى، مول ھوسۇلنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تەبرىكلىگۈچىلەرگە ھەمراھ بولىمەن. ئۇلارغا ھەسەن - ھۈسەن ۋە ئىلاھىي كۆۋرۈكلەرنى كۆرسىتىپ قويىمەن.

ناخشامنى يېگانىلەرگە ۋە يېگانە ئەمەسلەرگە ئېيتىپ بېرىمەن، ئەگەر كىمكى ئاڭلاپ باقمىغان نەرسىلەرنى ئاڭلىماقچى بولسا، ئۇنى سەممىمىي تەبرىكلەيمەن.

مەن يولۇمنى بويلاپ، باتۇرلۇق بىلەن نىشانىمىرى كېتىپ بارىمەن. مەن ھەمىشە ئارىسالدى بولغۇچى ۋە ئارقىدا قالغۇچىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىلگىرىلىگەنلىكىم بىلەن ئۇلارنى ئارقىدا قالدۇرىمەن.

## 10

زوروئاستىر بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولغاندا كۈن چۈش بولۇپ قالغانىدى. تۇساتتىن كۆكتىن كەلگەن قۇش ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ گۇمان نەزەرى بىلەن ئاسمانغا قارىدى. قاراڭلار! بىر ھەيۋەتلىك بۈركۈت قانات قاقماقتا. بىر يىلان ئۇنىڭغا ئېسىلىپ تۇرماقتا. يىلان بۈركۈتنىڭ ئولجىسى ئەمەس، بەلكى دوستىدەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى، ئۇ ئۇنىڭ بويىنىغا يۆگىشىۋالغانىدى.

— ئۇلار مېنىڭ بۈركۈتۈم ۋە يىلىنىم، — دېدى زوروئاستىر كۆڭلى يايرىغان ھالدا.

ئۇلار قۇياش ئاستىدىكى ئەڭ مەغرۇر، ئەڭ ئەقىللىك مەخلۇق، ئۇلار كۆزىتىشكە كەلگەن بولسا كېرەك.

ئۇلار زوروئاستىرنىڭ ھايات ياكى ھايات ئەمەسلىكىنى بىلمەكچى. دېمىسىمۇ مەن ھاياتمۇ؟

كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇشنىڭ مەخلۇقلار ئارىسىدا تۇرۇشتىنمۇ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. زوروئاستىر ھازىر خەتەرلىك يولدا كېتىپ بارىدۇ. ھەي، بۈركۈت بىلەن يىلىنىم، مېنى يولغا باشلىغايسىلەر.

زوروئاستىر بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئورماندىكى ھېلىقى تەقۋادارنىڭ قىممەتلىك سۆزىنى ئەسلەپ، ئاھ ئۇرغىنىچە نىدا قىلدى:

خۇددى يىلىنىمدەك تېخىمۇ ئەقىللىك بولسام دەيمەن، ئىچ ـ ئىچىمدىن ئەقىللىك بولسام دەيمەن.

ئەمما، بۇ مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا مەغرۇرلۇقۇمنىڭمۇ ئەقلىمگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولۇشىنى تىلەيمەن.

مۇبادا بىركۈنى ئەقلىم مېنى تەرك ئەتسە ــ ھەي، ئۇ مېنى تاشلاپ كېتىشكە ئامراق! ــ ھېچبولمىغاندا مەغرۇرلۇقۇم ئەسەبىيلىكىم بىلەن بىللە پەرۋاز قىلسىكەن دەيمەن.

زوروئاستىر ئۆزىنىڭ تاغدىن چۈشۈش ئىپتىداسىنى ئەنە شۇنداق باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# بىرىنچى قىسىم

ئاۋام ئۇلۇغلۇقنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار يارىتىش قۇدرىتىنى چۈشەنمەيدۇ. بىراق، ئۇلار ھۆپىگەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىپسىل نەرسىلىرىدىن زوقلىنالايدۇ.

دۇنيا يەنىلا يېڭى قىممەت ياراتقۇچىلارنى بويلاپ ئايلىنىدۇ — بۇنداق ئايلىنىش شەكىلسىز بولىدۇ. ئاۋام ۋە شان - شەرەپ ھۆپىگەرلەرنى بويلاپ ئايلىنىدۇ. كۆللى مەۋجۇداتلار ئەنە شۇنداق ھەرىكەت قىلماقتا.

ئۇلار ھەمىشە ئىللىق بولۇپ كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئەمما، بۇ قورقۇنچاقلارنىڭ ھىيلىسى. دەرۋەقە، قورقۇنچاقلار چېچەن كېلىدۇ!

ئۇلار سېنى ئۆزلىرىنىڭ پەس قەلبى بىلەن ئۆلچەيدۇ، ئۇلار دائىم ساڭا شۇبھىلىك نەزەر بىلەن قارايدۇ! ئويلاپ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان نەرسىلەر ئادەمنى گۇمانلاندۇرىدۇ.

ئۇلار سېنى پەزىلىتىڭ ئۈچۈن جازالايدۇ، سەۋەنلىكلىرىڭنى بولسا قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئاقلايدۇ.

— بىرىنچى قىسىم «بازارچىۋىنى»دىن

## 1. ئۈچ خىل ئۆزگىرىش

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

مەن سىلەرگە روھنىڭ ئۈچ خىل ئۆزگىرىشىنى سۆزلەپ بېرەي: روھ قانداق قىلىپ تۆگىگە ئايلىنىدۇ، تۆگە قانداق قىلىپ شىرغا ئايلىنىدۇ، ئاخىرىدا شىر قانداق قىلىپ بالىغا ئايلىنىدۇ؟

ئېتىقادقا ۋە تەۋرەنمەس ئىرادىگە ئىگە يىراقنى كۆزلەيدىغان روھلا ئېغىر يۈكلەرنى ئۈستىگە ئالالايدۇ، چۈنكى ئېغىر يۈكلەر مەزمۇت روھقا موھتاج.

— يۈك دېگەن نېمە؟ — مەسئۇلىيەتچان روھ شۇنداق سورىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆگىگە ئوخشاش چۆكۈپ ھەممىنى ئۈستىگە ئالدى.

— ئەزىمەتلەر، ئەڭ ئېغىر نەرسە نېمە؟ — كۆتۈرۈشچان روھ شۇنداق سورىدى، — ھەممىنى ماڭا ئارتىڭلار، مېنىڭ كۈچۈم تولۇق جارى بولسۇن.

ئۆزىنى كەمسىتىش ئارقىلىق مەغرۇرلۇقنى جازالاش، دۆتلۈكنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق ئەقىلنى مازاق قىلىش باشقا مەنىدىكى گەپ ئەمەستۇ؟ ياكى بۇ:

غالىبلىقنى تاشلاپ، ئېگىز تاغ چوققىسىغا چىقىپ، ئازدۇرغۇچىنى كۈشكۈرتۈشمۇ؟ ياكى بۇ:

بىلىم مېۋىلىرى ۋە ياپراقلىرى بىلەن ياشاپ، ھەقىقەتنى دەپ روھنى ئاچلىققا سېلىشمۇ؟ ياكى بۇ:

كېسەل تۇرۇپمۇ، تەسەللىچىنىڭ تەسەللىسىنى رەت قىلىپ، ئۆز پەريادلىرىنى ئەبەدىي ئاڭلىمايدىغان گاس بىلەن دوست بولۇشمۇ؟

ھەقىقەت سۈيىلا بولىدىكەن، قانچىلىك پاسكىنا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىنى تاشلاش كېرەك؛ بۇنداق چاغدا چىرايلىق يېشىل

www.uyghurkitap.com



پاقا ياكى سەت چارپاقلار بىلەن ھېسابلاشماسلىق كېرەكمۇ؟ ياكى بۇ: بىزنى كەمسىتكۈچىلەرنى ياقتۇرۇپ، بىزگە تەھدىت سالغۇچى جىن - ئالۋاستىلارغا قول بېرىشمۇ؟

كۆتۈرۈشچان روھ بۇ بارلىق ئېغىرچىلىقلارنى ئۈستىگە ئالدى - دە، گويا ئېغىر يۈك ئارتىۋالغان تۆگە قۇملۇقتا قاراپ ماڭغاندەك ئۆز جەزىرىسىگە قاراپ تېز يۈرۈپ كەتتى.

لېكىن، بۇ تىمتاس قۇملۇقتا ئىككىنچى خىل ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ يەردە روھ شىرغا ئايلاندى، ئۇ ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، ئۆز قۇملۇقىنىڭ ئىگىسى بولماقچى بولدى.

بۇ يەردە ئۇ ئەڭ ئاداققى ئىگىسىنى ئىزدىدى، ئۇنىڭ بىلەن ھەم ئاخىرقى تەڭرى بىلەن ئېلىشماقچى، ئۇ ئەجدىھا بىلەن ئۈستۈنلۈك تالاشماقچى.

روھ غوجايىن ياكى تەڭرى دەپ ئاتاشنى خالىمايدىغان بۇ ئەجدىھا زادى كىم؟ «سەن... قىلىشىڭ كېرەك» بۇ دەل ئۇنىڭ ئىسمى؛ لېكىن شىر روھى «مەن... قىلىشىم لازىم» دېدى.

«سەن... قىلىشىڭ كېرەك» يول ئۈستىدە ياتىدۇ، ئالتۇن نۇرغا چۆمۈلگەن زەر قاسراقلىق بۇ جانىۋارنىڭ ھەربىر قاسىرىقىدىن «سەن... قىلىشىڭ كېرەك»نىڭ نۇرلىرى چاقنىماقتا.

ئەلمىساقتىن بۇيانقى قىممەت بۇ قاسراقلاردا چاقنىماقتا. «بارلىق نەرسىلەرنىڭ قىممىتى جىسمىمدا پارلايدۇ، — دېدى يۈكسەكلىك سەلتەنىتىدە تۇرغان ئەجدىھا، — بارچە قىممەت يارىتىلىپ بولدى، يارىتىلغان بارچە قىممەتنىڭ ھەممىسى مەن ئۆزۈم، شۇڭلاشقا ‹مەن... قىلىشىم لازىم› دېگەن گەپ مەۋجۇت ئەمەس.»

قېرىنداشلار، روھىيەتكە شىرنىڭ يەنە نېمە كېرىكى؟ كەمتەر، ھۆرمەتلىك، كۆتۈرۈشچان تۆگىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئەمەسمۇ؟

يېڭى قىممەت يارىتىش — بۇ شىرنىڭ قولىدىنمۇ كەلمەيدۇ، يارىتىش ئەركىنلىكىگە ئېرىشمەكچى بولساڭ، شىر قۇدرىتىگە

تايىنىشىڭ كېرەك.

ئەركىنلىكنى قولۇڭغا ئال، مەسئۇلىيەت دېگەن ئىبارىنى ئىلاھلارچە رەت قىل. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەي، قېرىنداشلار، سىلەرگە شىر روھى كېرەك.

يېڭى قىممەتنى تۇتۇپ تۇرۇش ــ بۇ ئېتىقادلىق، كۆتۈرۈشلۈك روھنىڭ ئەڭ مۇشكۇل ۋەزىپىسى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇلاڭچىلىقتىن ھەمدە كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى يەۋېلىشىدىن قېلىشمايدىغان ھەرىكەت.

«سەن... قىلىشىڭ كېرەك» دېگەن بۇ ئەڭ مۇقەددەس نەرسىنى ئۇ بۇرۇندىنلا چىن دىلىدىن سۆيەتتى، لېكىن ئۇ ھازىر بۇ مۇقەددەس نەرسىدىكى بىمەنىلىك ۋە ئىستىبداتنى تېپىپ، بۇ ئارقىلىق مۇشۇ خىل مەستانىلىقتىن خالاس بولماقچى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شىر كېرەك.

لېكىن قېرىنداشلار، ماڭا ئېيتىڭلار، شىرنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى باللار قانداقمۇ قىلالىسۇن؟ باھادىر شىر نېمە ئۈچۈن بالىغا ئايلىنىدۇ؟

باللار سەبىي ۋە ئۇنتۇغاق، ئۇلار يېڭى بىر باشلىنىش، بىر ئويۇن، ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدىغان چاق، ئىپتىدائىي ھەرىكەت، مۇقەددەس بايلىقتۇر.

دەرھەقىقەت، قېرىنداشلار، يارىتىش ئويۇنى ئۈچۈن ھاياتىمىز بىر مۇقەددەس يارلىققا موھتاج: شۇ چاغدىلا روھ ئۆز ئىرادىسىگە ئېرىشىدۇ، دۇنيا سۈرگۈنى ئۆز دۇنياسىغا يېڭىباشتىن قايتىدۇ.

مەن سىلەرگە روھنىڭ ئۈچ خىل ئۆزگىرىشىنى ئاشكارا قىلدىم: روھ قانداق قىلىپ تۆگىگە ئايلىنىدۇ، تۆگە قانداق قىلىپ شىرغا ئايلىنىدۇ، ئاخىردا شىر قانداق قىلىپ بالىغا ئايلىنىدۇ.

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ: بۇ چاغدا ئۇ چىپار كالا دېگەن يۇرتتا تۇرۇۋاتقانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 2. ئەخلاق ھەققىدە پاراڭ

زورو ئاستىر شۇنداق دەيدۇ:

كىشىلەر زورو ئاستىرغا بىر دانىشمەننىڭ تەرىپىنى قىلىپ: «ئۇ ئۇيقۇ ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرىنى ناھايىتى ئوبدان شەرھلەيدۇ، شۇڭا ئۇ كاتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى، ياشلار ئۇنىڭدىن تەلىم ئالىدۇ» دېيىشتى. بىر كۈنى زورو ئاستىرمۇ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ھېلىقى ياشلار بىللە ئۇنىڭ ۋەزنى ئاڭلىدى. دانىشمەن گەپنى شۇنداق باشلىدى:

— ئۇيقۇنى پېقىرانە قەدىرلىمەك لازىم. بۇ ئەڭ مۇھىم! شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىماي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ يۈرگەنلەرگە يېقىن يولىماسلىق لازىم!

ھەتتا ئوغرىلارمۇ ئۇيقۇ كەلگەندە ئىنتايىن مۇلايىملىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇلار كېچىلىرى ئېھتىيات بىلەن ئوغرىلىق قىلىدۇ، لېكىن جېسەكچىلەر بۇنىڭدىن ناھايىتى تەمەننا قىلىشىدۇ، ئۇلار قىلچىمۇ ئاياپ ئولتۇرماستىن بۇرغىسىنى چېلىشىدۇ.

ئۇخلاش ئاسان ئىش ئەمەس، كۈندۈزلىرى سەگەك يۈرگەندىلا، كېچىلىرى بەھۇزۇر ئۇخلىغىلى بولىدۇ.

ھەر كۈنى ئون مەرتەم ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. بۇ سېنى پايدىلىق چارچاشقا ئېلىپ بارىدۇ، ئۇ ھەم روھىڭنىڭ ئەپيۈنى.

ھەر كۈنى ئون مەرتەم ئۆزۈڭنى ئازادە تۇت. چۈنكى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئازابلىق چېنىقىشتۇر، ئاز ـ تولا ئارام ئېلىۋالمىسا بەھۇزۇر ئۇخلىغىلىمۇ بولمايدۇ.

ھەر كۈنى ئون تۈرلۈك ھەقىقەت تاپ، بولمىسا كېچىسى روھىڭ ئاچ قالىدۇ.

ھەر كۈنى ئون قېتىم قاقاھلاپ كۈل، بولمىسا ئاشقازان دېگەن بۇ

كۆلپەت ئاتىسى كېچىسى بىئارام قىلىدۇ.

بۇنى چۈشىنىدىغانلار بەك ئاز. لېكىن، كىمكى كېچىلىرى بەھۇزۇر ئۇخلىماقچى بولسا، ئۇ ھەرقانداق ئەخلاققا ئەگە بولۇشى كېرەك. مەن يالغان گۇۋاھلىق بېرەتتىممۇ؟ بىكاردىنلا ساختىپەز بولىمەنمۇ؟

قوشنامنىڭ دىدىكىگە ئىچ پەش تارتاتتىممۇ؟ بۇلار بەھۇزۇر ئۇيقۇ بىلەن مۇخالىپ.

بارلىق ئەخلاققا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەك: ئەخلاقىمۇ ئۆز لايىقىدا ئارام بېرىش كېرەك.

بۇ كەپسىزلەر شۇ چاغدىلا ماجىرالىشىپ قالمايدۇ، سەندەك شور پېشانىدىنمۇ رەنجىمەيدۇ.

تەڭرى ۋە قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتكەندىلا بەھۇزۇر ئۇخلىغىلى بولىدۇ. قوشناڭنىڭ جىنى بىلەنمۇ چىقىشقىن، بولمىسا كېچىسى كېلىپ سېنى ئاۋارە قىلىدۇ.

ھۆكۈمەتكە بويسۇن ۋە ئۇنى قەدىرلە، ھەرقانچە رەزىل ھۆكۈمەت بولغاندىمۇ شۇنداق قىل! شۇ چاغدىلا بەھۇزۇر ئۇخلىيالايسەن! ئەگەر ھوقۇق مايماق پۇتلىرى بىلەنمۇ مېڭىشنى خوپ كۆرسە ئۇنىڭغا نېمە ئامال؟

پادىلىرىنى ئەڭ ئېسىل يايلاققا باشلاپ بارغۇچى نەزىرىمدىكى ئەڭ ياخشى چوپاندۇر. شۇنداق بولغاندىلا بەھۇزۇر ئۇخلىغىلى بولىدۇ.

شان ـ شەرەپ ۋە باشقىلارنى ئىستىمەيمەن، ئۇلار كىشىنى بىردىنلا غەمگە گىرىپتار قىلىدۇ. لېكىن، ئاز ـ تولا نام ـ ئابروي ۋە مال ـ مۈلۈك بولمىسىمۇ، بەھۇزۇر ئۇخلىغىلى بولمايدۇ.

تاللاپ دوست تۇتىمەن، ناچارلار بىلەن ئارىلىشىشنى خالىمايمەن. لېكىن، ئۇلار ۋاقتىدا كېلىپ ـ كېتىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا دەخلىسىز بەھۇزۇر ئۇخلىيالايمەن.

دەلتىلەرگىمۇ قىزىقىمەن، ئۇلار مېنى ئۇخلاتقۇزىدۇ. بولۇپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىشىلەر بىرەر قېتىم يول قويۇپ قالسا، ئۇلار خۇشال بولۇپ كېتىشىدۇ.

ئەخلاق ئىگىلىرىنىڭ كۆندۈزى ئەنە شۇنداق ئۆتىدۇ. تۈن پەردىسى يېپىلغاندا، مەن ئۇيقۇنى چىللىمايمەن. ئۇيقۇ دېگەن بۇ ئەخلاق ساھىبى كىشىلەرنىڭ چىللىشىنى ياقتۇرمايدۇ.

كۈندۈزدىكى ئىشلىرىمنى ئويلاپ، كالىغا ئوخشاش ئاستا ـ ئاستا كۆشەپ چىقتىم. «قېنى سېنىڭ ئون مەرتەم ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشىڭ، ئون مەرتەم ئۆزۈڭنى ئازادە تۇتۇشۇڭ، ئون تۈرلۈك ھەقىقەت تېپىشىڭ، ئون مەرتەم قاقاھلاپ كۈلۈشۈڭ؟» سورىدىم ئۆزۈمدىن.

بۇ قىرىق تۈرلۈك ئوي ـ خىيال ئىچىدە تەۋرىنىپ ئويلىنىپ قالدىم. تۇساتتىنلا، ئۇيقۇ ــ چىللاشنى خالىمايدىغان بۇ ئەخلاق ساھىبى مېنى ئەسىر قىلدى.

ئۇيقۇ ئالۋاستىسى كۆزلىرىمنى چەكمەكتە، قاپاقلىرىم بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا. ئۇيقۇ ئالۋاستىسى لەۋلىرىمگە سۆركەلدى. ئاغزىم يوغان ئېچىلدى.

دېگەندەك، بۇ سۆيۈملۈك ئوغرى يەڭگىل قەدەملىرى بىلەن كەلدى ـ دە، پىكىرلىرىمنى ئوغرىلاپ كەتتى. مەن خۇددى مۇشۇ مۇنبەرگە ئوخشاش خۇدۈمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم.

لېكىن، ئۆزۈن تۇرمايلا يېتىپ قالدىم!

زوروئاستىر دانىشمەنىنىڭ ۋەزلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىدە كۈلكىسىنى باسالماي قالدى. چۈنكى، بىر پارچە نۇر ئۇنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىغا بۆسۈپ كىردى، ئۇ ئۆز قەلبىگە شۇنداق خىتاب قىلدى:

بۇ دانىشمەنىنىڭ قىرىق تۈرلۈك ئوي ـ پىكرى كۈلكىلىك، ئەمما ئىشىنىمەنكى، ئۇ ئۇيقۇ يولىغا پىششىق.

كىمكى بۇ دانىشمەن بىلەن بىللە ئۆتسە، ئۇ ناھايىتى بەختلىك ياشايدۇ. بۇنداق ئۇيقۇ يۇقۇمچان كېلىدۇ. ئارىدا قانچىلىك قېلىن تام بولسىمۇ يۇقۇۋېرىدۇ.

ئۇنىڭ ۋەزىنىنىڭ جېنى بار، بۇ ئەخلاق ۋائىزىنىنىڭ تەلىملىرىنى ئاڭلاش ياشلارغا پايدىلىق.

كىمكى كېچىسى بەھۇزۇر ئۇخلايمەن دېسە، ئۇنىڭ پاراستى ھەر ۋاقىت سەگەك بولۇشى كېرەك. دەرھەقىقەت، ھاياتنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق، ئەمما مەنىسىز ھاياتتىن باشقا تاللايدىغان نەرسەم بولمىغاچقا، ئۇ يەنىلا مېنىڭ غايەم بولۇپ قالدى.

بۇرۇنقىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بىرەر ئەخلاق پىرى ئىزدىشىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىم. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن بەھۇزۇر ئۇيقۇنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇيقۇغا پايدىلىق بولغان ئەپيۇنسىمان ئەخلاقنى تىلەيتتى.

ئەقىل - پاراسەت كىشىلەر تەرىپلەشكەن مۇنبەر ئەۋلىيالىرىغا نىسبەتەن چۈشسىز ئۇيقۇدۇر — ئۇلار ھاياتنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىسى بارلىقىنى بىلمەيدۇ.

ئاشۇنداق ئەخلاق ۋائىزلىرى ھەتتا ھازىرمۇ مەۋجۇت. بىراق، ئۇلار ئۇنچىۋالا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەمەس، يەنە كېلىپ بىزنىڭ دەۋرىمىز ئۆتتى، ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەيلا غۇلاپ چۈشىدۇ.

مۇگدەۋاتقان بۇ كىشىلەر بەختلىك. چۈنكى، ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەيلا چۈش كۆرىدۇ.»

## 3. زاھىت

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

ئىلگىرى زوروئاستېرمۇ بارلىق زاھىتلارغا ئوخشاش ئۆز خىياللىرىنى ئىنسانىيەتتىن تاشقىرى دۇنياغا سىڭدۇرۇۋېتەتتى. ئۇ چاغلاردا دۇنيا مەن ئۈچۈن گويا ئازاب تەڭرىسىنىڭ ھەشەمەتلىك بىر كاتتا ئەسىرى ئىدى.

ئۇ چاغدا دۇنيانى تەڭرىنىڭ شېرىن چۈشىدەك ھېس قىلاتتىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شۇنىڭدەك مۇقەددەس قانائەتسىزلىك ئالدىدا يېيىلىپ تۇرغان جىلۋىلىك شەپەقتەك ھېس قىلاتتىم.

ياخشى ۋە يامان، قايغۇ ۋە شادلىق، سەن ۋە مەن ــ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچىنىڭ نەزىرىدىكى جىلۋىلىك تۇمان. ياراتقۇچى ئۆزىنى يەنە كۆرۈپ قېلىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا، ئۇ دۇنيانى ياراتقان.

شور پېشانە ئادەم ئۆز ئازابىنى كۆرەلمەي بەلكى ئۆزىنى ئۇنتۇسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل سەرخۇشلۇقتۇر. دۇنيا مەن ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا بىر خىل سەرخۇشلۇق ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇشتۇر.

مەڭگۈ مۇكەممەل بولالمايدىغان بۇ دۇنيا مەڭگۈلۈك بىر زىددىيەتتۇر ۋە كەمتۈك بىر ئوبرازدۇر ــ ئۇ كامالەتسىز ياراتقۇچىنىڭ سەرخۇشلۇقىدۇر. ئىلگىرى شۇنداق قارايتتىم.

شۇڭا، مەنمۇ باشقا زاھىتلارغا ئوخشاش خىياللىرىمنى ئىنسانىيەتتىن تاشقىرى دۇنياغا سىڭدۈرۈۋېتەي دەيمەن. لېكىن، راستتىنلا شۇنداق قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟

ئاھ بۇرادەرلەر، مەن ياراتقان بۇ تەڭرى خۇددى باشقا تەڭرىلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانىيەت تەلۋىلىكىنىڭ مەشھۇر ئەسىرىدۇر.

ئۇمۇ ئادەم، يەنە كېلىپ ئادەم بىلەن «ئۆزلۈك» (ego) نىڭ بىچارە ئۇۋاقلىرى. ئۇ مېنىڭ كۈل ۋە يالقۇنلىرىمدىن ئاجرىلىپ چىققان ئەرۋاھ، ئۇ ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس!

قېرىنداشلار، ئاخىردا قانداق بولدى؟ مەن ئازابلىق ئۆزۈمدىن ھالقىپ ئۆتتۇم. كۈللىرىمنى تاغ ئۈستىگە ئاچىقىپ، ئۆزۈم ئۈچۈن تېخىمۇ پارلاق بىر يالقۇننى ياندۇردۇم. قاراڭلار، ھېلىقى ئەرۋاھ دەرھاللا غايىب بولدى!

مېنىڭچە، بۇنداق ئەرۋاھقا ئىشىنىش جاراھەتتى ئەمدىلا ساقايغانلار ئۈچۈن ئازاب ۋە جەبىردۇر، ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ ئازاب ۋە نومۇستۇر. زاھىتلارغا شۇنداق دەيمەن:

ئازاب ۋە ناكەسلىك ــ بۇلار يەنە بىر دۇنيانى، يەنى قىسقىغىنا

بەخت قىزغىنلىقىنى ياراتتى، ئەڭ شورلۇق ئىنسان بۇنى ھېس قىلالايدۇ.

ھارغىنلىق بىرلا قاڭقىش — ئەجەللىك بىرلا قاڭقىش بىلەن چېكىگە يەتمەكچى بولىدۇ. بۇ بىچارە ھەم نادان ھارغىنلىقنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى ئىزدىگۈدەك مادارى قالمىدى. شۇڭا، ئۇ تەڭرى ۋە باشقا دۇنيانى ياراتتى.

ماڭا ئىشىنىڭلار، قېرىنداشلار! مانا بۇ تەننىڭ تەنگە بولغان ئۈمىدسىزلىكى — ئۇ ئېزىققان روھ بارماقلىرى بىلەن ئاخىرقى تاملارنى سىلاپ يۈرىدۇ.

ماڭا ئىشىنىڭلار، قېرىنداشلار! مانا بۇ تەننىڭ زېمىنغا بولغان ئۈمىدسىزلىكى — ئۇ مەۋجۇدىيەت قەلبىنىڭ شىۋىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بېشىنى ئاخىرقى تامنىڭ يوچۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ، «باشقا دۇنيا»غا سوزدى.

لېكىن، بۇ «باشقا دۇنيا» ئىنتايىن پىنھان ھەم ئىنسانلارغا نامەلۇم. ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىنسانىي تۇيغۇ يوق ئۇ دۇنيا راستىنلا قۇپقۇرۇق بىر جەننەت. مەۋجۇدىيەت قەلبى ئىنسانىيەتكە مايىل بولمىغان بولسا، ئۇ ئىنسانلارغا پېچىرلىمىغان بولاتتى.

ئېنىقكى، شەيئىلەرنى ئىسپاتلاش ھەم زۇۋانغا كەلتۈرۈش ناھايىتى قىيىن. ئەمما، قېنى ئېيتىڭلار، قېرىنداشلار، ئەڭ غەلىتە نەرسىلەر سىلەرگە ئەڭ ياخشى دەپ ئىسپاتلانغان ئاشۇ نەرسىلەردەك تۇيۇلمامدۇ؟

راست، بۇ «ئۆزلۈك» تەرتىپسىزلىكى ۋە زىددىيەتلىكى بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى — ئىجادكارلىقنى، ئىرادىگە، قىممەتكە ئىگە «ئۆزلۈك»نىڭ ھەممە شەيئىلەرنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئىكەنلىكىنى مەردانە سۆزلىمەكتە.

بۇ ئەڭ ساپ مەۋجۇدىيەت ۋە «ئۆزلۈك» خىيال سۈرگەندە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەسەبىيلەشكەندە ياكى سۇنۇق قاناتلىرى بىلەن پەرۋاز قىلغاندا، تەندىن سۆز ئاچىدۇ، تەننى ئارزۇ قىلىدۇ.

بۇ «ئۆزلۈك» تېخىمۇ سەمىمىي سۆزلەشنى ئۆگەنمەكتە، ئۇ ئۆگەنگەنسېرى تەن ۋە زېمىنغا بولغان ئېھتىرامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى تېپىپ چىقىدۇ.

«ئۆزلۈك»ىم ماڭا يېڭى بىر مەغرۇرلۇقنى ئۆگەتتى، مەنمۇ ئۇنى ئىنسانلارغا ئۆگىتىپ قويدۇم: بېشىڭنى خىيالىي دۇنياغا غەرق قىلىۋەتمە. زېمىنغا مەنە ئاتا قىلىدىغان بېشىڭنى مەغرۇر كۆتۈرۈپ يۈر!

ئىنسانىيەتكە يېڭى بىر ئىرادىنى ئۆگىتىمەن: ئىنسانلار ئاڭسىزلارچە ماڭغان ئاشۇ يولنى سەن ئاڭلىق تاللا ھەم ئىسپاتلا، مۇئەييەنلەشتۈر. ئۇلاردىن كېسەلمەنلەر ۋە ئۆلەرمەنلەرگە ئوخشاش ئۇن - تىنسىز چېنىپ كەتمە!

كېسەلمەنلەر بىلەن ئۆلەرمەنلەر ـ ئۇلار تەن بىلەن زېمىننى مەنسىتمەيدۇ، جەننەت ۋە پاكلىنىش قانلىرىنى ياساپ چىقىرىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئاشۇ ئاچچىق ئوغلىرىنى يەنىلا زېمىن بىلەن تەندىن ئالماي تۇرالمايدۇ.

ئۇلار ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىركەشمەكتە، يىراق سەييارىگە بارار يول يىراق، شۇڭا ئۇلار نالە قىلىشىدۇ: «ئاھ، بىزنى يەنە بىر مەۋجۇدىيەت دۇنياسىغا ئاپىرىپ بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان بىر ساماۋى يول بولسا ـ ھە! ئۇ چاغدا قانداق پەيزى بولاتتى!» ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ناشايان ۋە قان پۇراپ تۇرغان نەرسىلەرنى ئويلاپ چىقىشىدۇ.

بۇ تۇزكورلار ئەمدى تەن بىلەن زېمىندىن قۇتۇلىمىزغۇ، دەپ ئويلاشتى. بىراق، ئۇلارغا قۇتۇلۇش پەيتلىرىدىكى ھاياجاننى كىم بەرگەن؟ يەنىلا تەن بىلەن زېمىن ئەمەسمۇ؟

زوروئاستېر كېسەلمەنلەرگە مۇلايىم ئىدى. راست، ئۇ ئۇز - ئۆزىنى بەزلەشلىرى ۋە ۋاپاسىزلىقىدىن زادىلا رەنجىمەيتتى. پەقەت ئۇلار

تېززەك ساقىيىپ، كېسەللىك يىلتىزلىرىنى قىرىپ تاشلىشىنى، ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ساغلام تەن يارىتىشىنى ئىستەيتتى.

زوروئاستېر خام خىياللارغا غەرق بولۇپ، تۈن نىسپىدە ئورنىدىن ئوغرىلىقچە تۇرۇپ، ئۆز تەڭرىلىرىنىڭ قەبرىسى ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن يېڭى شىپا تاپقۇچىلاردىنمۇ رەنجىمەيتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆز يېشىدا كونا كېسەللىرىنىڭ كۆلەڭگىسى ۋە ئازابىنىڭ ھىدى بار ئىدى.

چوڭقۇر ئويغا پاتقۇچىلار ۋە تەڭرىگە ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى كېسەلمەن، ئۇلار راست بىلەن يالغاننى پەرقلەندۈرەلەيدىغان دانىشمەنلەرنى، ئۆزىگە ئالاقىدار ئەخلاق ــ سەممىيەتلىكنى ئۆچ كۆرىدۇ.

ئۇلار ئۆتمۈشتىكى جاھالەتلىك دەۋرلەرنى پات ـ پات ياد ئېتىدۇ. بىراق، ئۇ چاغلاردا گاڭگىراش بىلەن ئىشەنچ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار ئىدى: ئەقلى چىگىشلەر تەڭرىگە يېقىن دېيىلەتتى، لېكىن ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرۈلسە گۇناھ ھېسابلىناتتى.

مەن ئىلاھتەك ھەيۋەتلىك ئاشۇ كىشىلەرنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇلار باشقىلارنى ئۆزلىرىگە ئىشەندۈرمەي قالمايدۇ، كىم گۇمان قىلسا، شۇنى گۇناھكار دەيدۇ. ئۇلار ئىشىنىدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ماڭا ئېنىق.

ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئىشىنىدىغىنى «باشقا دۇنيا» ياكى پاكلىنىش قېنىغا ئوخشاش نەرسىلەر بولماستىن، بەلكى تەندۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېنىنى «مۇتلەق نەرسە» (thing–in–itself) دەپ قارايدۇ.

بىراق، ئۇلار تەننى يەنىلا كېسەللىك دەپ قاراپ، بۇ بىر قەۋەت پوستىنى تاشلىۋېتىشتىن خۇشاللىق تاپماقچى بولۇشىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆلۈم تەرغىباتچىلىرىنىڭ ۋەزىنى ئاڭلايدۇ، ئاڭلىغانلىرىنى «باشقا دۇنيا»غا تارقىتىدۇ.

قېرىنداشلار، ساغلام تەننىڭ نىداسىغا قۇلاق سېلىڭلار، ئۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سەممىمىي ۋە پاك ئىدى.

ساغلام، بىجىرىم ۋە راۋۇرۇس بىر تەن سەممىيلىك ۋە پاكلىق شېۋىسى بىلەن زېمىننىڭ مەنىسى ھەققىدە سۆزلىمەكتە.

## 4. تەن مەنسىتمىگۈچىلىرى

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

مەن تەن مەنسىتمىگۈچىلىرىگە بىرقانچە كەلىمە سۆز قىلاي. مەن ئۇلارنىڭ ھېچنېمە ئۆگەنمەسلىكىنى ۋە ئۆگەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن. پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆز تېنى بىلەن خوشلىشىشىنى ــ گاچا بولۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«مەن تەن، يەنى روھ» دەيدۇ بالىلار، نېمىشقا باشقىلار شۇنداق دېمەيدۇ؟ بىراق، ئويغانغانلار ۋە ئاقىللار شۇنداق دەيدۇ: «مەن نوقۇل تەندۇرمەن، باشقا نەرسە ئەمەسمەن. روھ ــ پەقەت تەندىكى مەلۇم نەرسىنىڭ نامى.»

تەن بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسەتتۇر، بىرلا مەنىگە ئىگە ئارىلاشمىدۇر، ئۇ ھەم ئۇرۇش، ھەم تىنچلىق، ھەم قوي، ھەم چوپان.

قېرىنداشلىرىم، سىلەر «روھ» دەپ ئاتىغان تېنىڭلارنىڭ قورالى كىچىككىنە ئەقىل ـ پاراسەتتۇر. ئۇ ھەم بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسىتىڭلارنىڭ كىچىككىنە قورالى، ھەم ئەرمىكىدۇر.

سىلەر دائىم «مەن» دەيسىلەر، ھەتتا ئىنتايىن پەخىرلىنىسىلەر. بىراق، بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ نەرسە ۋە سىلەر ئىشىنىشنى خالىمايدىغان نەرسىلەر باركى، ئۇ دەل بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە تەندۇر. ئۇ «مەن» بولماستىن، بەلكى «مەن»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر.

سەزگۈ ئەزالار سېزەلەيدىغان، روھ يېتەلەيدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ھېچقانداق مەقستى بولمايدۇ. بىراق، سەزگۈ ئەزالار بىلەن روھ ساڭا ئۇلارنى بارلىق نەرسىلەرنىڭ مەقستى دەپ ئىشەندۈرىدۇ،

ئۇلار شۇ قەدەر شۆھرەتپەرەس.

ئەمەلىيەتتە، سەزگۈ ئەزالار بىلەن روھ قورال ياكى ئويۇنچۇقتۇر، ئۇلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغىنى «ئۆز»دىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىراق، «ئۆزلۈك»مۇ سەزگۈ ئەزالارنىڭ كۆزى بىلەن كۆرىدۇ، روھ قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدۇ.

«ئۆز» باشتىن ـ ئاخىر ئاڭلايدۇ ھەم ئىزدەيدۇ، ئۇ تىنىمسىز سېلىشتۇرىدۇ، يېڭىدۇ، ھالقىيدۇ، بۇزىدۇ. ئۇ ھەممىگە ھۆكۈمراندۇر ھەم ئۆزىنىڭ غوجايىنىدۇر.

قېرىنداشلىرىم، ئىدىيەڭلار ھەم تۇيغۇڭلارنىڭ كەينىدە كۈچلۈك بىر غوجايىن — يوچۇن دانىشمەن بار. ئۇ دەل «ئۆزلۈك»، ئۇ سىلەرنىڭ تېنىڭلاردۇر.

تېنىڭلاردىكى ئەقىل بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسىتىڭلار ئىچىدىكى ئەقىلدىنمۇ كۆپتۇر. تېنىڭلارنىڭ بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسەتكە زادى نېمىشقا موھتاجلىقىنى كىم بىلسۇن؟

سەندىكى «ئۆز» مەندىكى «مەن»گە ۋە ئۇنىڭ مەغرۇر تۇرقىغا قاراپ، پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويىدى. «بۇ ئىدىيە پەرۋازى مەن ئۈچۈن نېمىدى؟ — ‹ئۆز› ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلايتتى، — ئۇلار پەقەت مەنزىلگىلا ئاپىرىدىغان قىسقا يول، مەن ‹مەن›نىڭ رەھمانىسى ھەم ‹مەن› ناملىق ئۇقتىئىنەزەرنىڭ يورۇنقۇچىسى.»

«ئۆز» «مەن »گە دېدى: «ئازابلان!» شۇنىڭ بىلەن «مەن» ئازابلىنىشقا باشلىدى. لېكىن، كۆڭلىدە ئازابتىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئويلىدى — ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەستايىدىل باش قاتۇرۇشى كېرەك.

«ئۆز» «مەن»گە دېدى: «شادلان!» شۇنىڭ بىلەن «مەن» شادلىنىشقا باشلىدى. كۆڭلىدە مەڭگۈ شادىيانە ئۆتۈشنى ئويلىدى — ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەستايىدىل باش قاتۇرۇشى كېرەك.

تەن مەنسىتمىگۈچىلەرگە بىرنەچچە كەلىمە سۆز قىلاي. ئۇلار تەننى قەدىرلىگەچكە مەنسىتمىدۇ. ئۇنداقتا قەدىرلەش بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەنسىتمەسلىك، قىممەت بىلەن ئىرادىنى زادى كىم ياراتقان؟

ياراتقۇچى «ئۆز» ئۆزى ئۈچۈن قەدىرلەش ۋە مەنسىتمەسلىكنى، ئازاب ۋە خۇشاللىقنى كەشىپ قىلدى. ياراتقۇچى تەن ئۆزى روھنى كەشىپ قىلدى، روھنى ئىرادىنىڭ ئىككى قولىغا ئايلاندۇردى.

سىلەردەك تەننى مەنسىتمەيدىغانلار ئەسەبىيلىك ۋە مەنسىتمەسلىك ئىچىدە «ئۆزۈڭ»لەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىسىلەر. سىلەرگە ئېيتسام، سىلەردىكى «ئۆز» ياشاشنى خالىماي ھاياتلىقنى تەرك ئەتمەكتە. سىلەردىكى «ئۆز» ئۆزى خالايدىغان ئىشقا — ئۆزىدىن ھالقىشقا ئامالسىز، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ زور ئىستىكى ھەم بىردىنبىر جاھىللىقى.

ئەمدى ھەممە كېچىكتى. شۇڭا، سىلەردىكى «ئۆز» ئۆلۈشنىلا ئويلايدۇ. سىلەرنىزە، ھەي، تەن مەنسىتمىگۈچىلىرى.

سىلەردىكى «ئۆز» ئۆلۈۋېلىشقا تەقەززا. شۇڭا، تەن مەنسىتمىگۈچىلىرىگە ئايلاندىڭلار، سىلەر ئۆزۈڭلاردىن ھالقىيالمايسىلەر.

شۇنداق، سىلەر ھاياتلىق ۋە زېمىندىن زارلىنىشقا باشلىدىڭلار، ئۆزۈڭلار سەزمەيدىغان ھەسەت ۋە كىبىر، قىيا باققان تەكەببۇر كۆزۈڭلاردىن چىقىپ تۇرىدۇ.

ئەي، تەن مەنسىتمىگۈچىلىرى، يولۇڭلاردا ماڭمايمەن، سىلەر ئەۋلىيا بولۇشقا ئۆتىدىغان كۆۋرۈكۈم ئەمەس.

## 5. خۇشاللىق ۋە قىزغىنلىق

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

قېرىندىشىم، سەندە بىر گۈزەل ئەخلاق بولسا ھەم پەقەت ئۆزۈڭگىلا خاس بولسا، ھەرگىز باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولما.

ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا چىرايلىق ئىسىم قويىسەن ھەم ئۇنى

قەدىرلەيسەن، ئۇنىڭ قولاقلىرىدىن تۇتۇپ ئوينىشىسەن.

لېكىن، بۇ ئىسىمنى كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق قوللىنىشىغا يول قويساڭ، بۇ پەزىلەتنى يوقىتىپ قويغىنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئوخشىشىپ قالىسەن.

شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقسەن: «روھىمنى دەم يىغلىتىپ، دەم كۈلدۈرىدىغان، دەم ئېچىرقىتىدىغان بۇ نەرسىنى تەرىپلىمەك تەس، روھىمنى ئېچىرقاشقا سالغان بۇ نەرسە ئىسىمسىز.»

پەزىلىتىڭنى يۈكسەكلىكتە ساقلا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق سۈپەتنى قوشما، سۆزلەشكە توغرا كەلسە، خىجىل بولما.

سالماقلىق بىلەن شۇنداق دېگىن: «مانا بۇ قەدىرلەيدىغان ياشلىق، ئۇ مېنى خۇشاللىقنىڭ چېكىگە يەتكۈزىدۇ، ماڭا ئېھتىياجلىق بولغان ياخشىلىق ئەنە شۇ.»

مەن ئۇنىڭغا موھتاج، بۇ ئۇنىڭ تەڭرىنىڭ پەرمانى ئىكەنلىكىدە ياكى ئىنسانلارنىڭ قانۇنى ۋە ئېھتىياجى ئىكەنلىكىدە ئەمەس، ئۇ مېنى ئەۋلىيا دۇنياسى ياكى جەننەتكە ئاپىرىدىغان ئەڭگۈشتەر ئەمەس.

ئۇ زېمىنغا تالىق ئەخلاق، ئۇنى سۆيىمەن — ئۇنىڭدا سىنچىلىق يوق، قۇۋلۇق - شۇملۇق تېخىمۇ يوق.

بۇ قۇش ئۆز ئۇۋىسىنى مېنىڭ جىسمىمدا ياسىدى، شۇڭا ئۇنى ئۆز ئىلكىمدە ئاسرايمەن — ھازىر ئۇ ئالتۇن تۇخۇمنى بېسىپ ياتماقتا.

سەن ئۆز پەزىلىتىڭنى پىچىرلاپ تۇرۇپ سۆزلىشىڭ ھەم مەدھىيەلىشىڭ كېرەك.

بۇرۇن قىزغىنلىقىڭنى رەزىللىك دەپ بىلگەنىدىڭ، ئەمدى قېپقالغىنى گۈزەل پەزىلەت — ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىزغىنلىقتىن كەلگەن.

ئەڭ بۈيۈك مەقسىتىڭنى قىزغىنلىقىڭنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا قويغانىدىڭ، ئۇ پەزىلىتىڭ ۋە خۇشاللىقىڭغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



گەرچە سەن چۈش مىجەز، شەھۋەتخور، تەلۋە ياكى قىساسخور ئۇرۇقتا تەۋە بولساڭمۇ، لېكىن بارلىق قىزغىنلىقىڭ پەزىلەتكە ئايلىنىدۇ، بارلىق ئالۋاستىلارمۇ پەرىشتىلەرگە ئايلىنىدۇ.

گەمەڭدىكى نۇرغۇن لالما ئىتلارمۇ ئاخىر قۇشلارغا ۋە جەلپكار ناخشىچىلارغا ئايلاندى.

ئۆزۈڭنىڭ ئوغىسى بىلەن ئۆزۈڭگە دورا ياسىدىڭ، ئازاب كالىسىنىڭ سۈتىنى ساغدىڭ. شۇ تاپتا ئاشۇ شېرىن شەربەتنى ئىچىۋاتىسەن.

پەزىلەت توقۇنۇشلىرىدىن تۇغۇلغان رەزىللىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ۋۇجۇدۇڭدا رەزىللىك يوق.

قېرىندىشىم، بەختىڭ بولسا، ساڭا بىرلا پەزىلەت بولسىلا كۇپايە، كۆپ بولۇشىنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق، شۇنىڭدىلا كۆۋرۈكتىن ئاسان ئۆتىسەن.

كۆپ پەزىلەت ئىگىسى بولۇش خاتالىق ئەمەس، لېكىن ئۇ چىدىغۇسىز بىر تەقدىر. نۇرغۇن كىشىلەر پەزىلەتلەر ماجىراسىنىڭ ئازابىغا چىدىيالماي، ئۆزىنى چۆللەردە ئۆلتۈرۈۋالغان.

قېرىندىشىم، ئۇرۇش رەزىللىكمۇ؟ شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا موھتاجمىز. ھەسەت، گۇمان ۋە ھاقارەتلەر سېنىڭ ئەخلاقىڭدىكى زۆرۈر نەرسىلەر.

قارا! پەزىلەتلىرىڭ ئەڭ يۇكسەك ئورۇننى ئىگىلەش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلماقتا، ھەممىسى ئۆزى ئۈچۈن روھىڭنى ئىشقا سالماقچى بولۇۋاتىدۇ، سۆيگەن ۋە نەپرەتلەنگەن چېغىڭدىكى بارلىق كۈچۈڭنى ئىگىلىمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

پەزىلەتلەر بىر - بىرىگە ھەسەت قىلىدۇ، ھەسەت ئىنتايىن قورقۇنچلۇق نەرسە، ھەربىر پەزىلەت ھەسەت تۈپەيلىدىن بەربات بولۇشى مۇمكىن.

ھەسەتخور ئادەم بىر چايان، ئۇنىڭ نەشتىرى ئاخىر ئۆزىگە

سانجىلىدۇ.

ئەي، قېرىنداشىم، ئەڭ كامىل پەزىلەتتىڭمۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن رەنجىگەنلىكىنى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى نابۇت قىلغانلىقىنى كۆرمىگەنمىدىڭ؟

ئادەم ھالقىتىلىدۇ، شۇڭا پەزىلىتىڭنى قەدىرلە ــ ئۇلار سەۋەبىدىن ھالاك بولۇشۇڭ مۇمكىن.

## 6. تاترالڭغۇ گۇناھكار

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

سىلەر سودىيەلەر ۋە كاھىنلار، قۇربانلىقلار بوينىنى ئېگىپ بەرمىسە، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەيسىلەرغۇ دەيمەن؟ قاراڭلار، بۇ تاترالڭغۇ گۇناھكار بوينىنى ئېگىپ تۇرىدۇ، ئەمما كۆزلىرىدىن بولسا مەسخىرە ۋە مەنسىتمەسلىك يېغىپ تۇرىدۇ.

«ئۆزلۈك»ىم ھالقىتىلىشى كېرەك ــ «ئۆزلۈك»ىم ئىنسانىيەتكە بولغان ھۆرمەتسىزلىكىمدۇر» دېگەن مەنە بار ئىدى ئۇ كۆزلەردە.

ئۇنىڭ ئۆزىنى سوتلىغان ۋاقتى دەل ئۇنىڭ يۈكسەلگەن دەقىقىسىدۇر. ئۇنىڭ يۈكسەكلىكىگە زىيان ـ زەخمەت يەتمىسۇن.

ئۆزى سەۋەبىدىن ئازابقا گىرىپتار بولغانلارنى تېزرەك ئۆلۈشكە دەۋەت قىلىشتىن باشقا قۇتقۇزۇش يولى يوق.

سودىيەلەر، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشىڭلار قىساسكار قەلبىڭلاردىن ئەمەس، ھېسداشلىقىڭلاردىن بولسۇن، سىلەر ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلغىنىڭلاردا، ھاياتنى ئاقلاۋاتقىنىڭلارنى چۈشىنىڭلار.

ئۆزۈڭلار جازالىغان كىشىلەرگە قەرزدار ئەمەسلىكىڭلارنى ھېس قىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى قايغۇ ـ ھەسرىتىڭلارنى ئەۋلىياغا بولغان مۇھەببەتكە ئايلاندۇرۇڭلار، شۇ چاغدىلا ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆلمىگەنلىكىڭلار يوللۇق بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



سىلەر ئۇلارنى «دۈشمەن» دەڭلار، «رەزىل» دېمەڭلار؛ «كېسەل» دەڭلار، «چاكىنا» دېمەڭلار؛ «ساراڭ» دەڭلار، «گۇناھكار» دېمەڭلار.

بىراق، سەن، ئەي، قولىرى قانغا بويالغان سودىيە، ئويلىغانلىرىڭنى ئاشكارا قىلساڭ، كۆپچىلىك تەڭلا: «بۇ مەينەت ھەم زەھەرلىك نەرسىنى يوقىتىڭلار» دەپ چۇقان سېلىشىدۇ.

ئىدىيە بىلەن ھەرىكەت بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، ھەرىكەتنىڭ مەنىسى دېگەن باشقىچە گەپ. سەۋەب - نەتىجە چاقى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايلانمايدۇ.

قانداقتۇر بىر پىكىر بۇ تاتىراڭغۇ گۇناھكارنىڭ چىرايىنى كۆكەرتىۋەتتى. گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ پىكىرلىرى سوغۇققان بولىدۇ. لېكىن، ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ دائىم ئېسىگە كېلىۋالىدىغان ئەسلىمىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى بىر ئىشنىڭ ھەقدارسى دەپ ئويلايدۇ. مەن بۇنى ئەسەب دەپ ئاتايمەن، ئۇلگىلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكسىچە پىرىنسىپقا ئايلاندى.

ئىرماش - چىرماش سىزىقلار مېكىياننىمۇ گاڭگىرىتىپ قويۇشى مۇمكىن، زەربىلەر بۇ گۇناھكارنىڭ زەئىپ ئەقلىنى مالىمان قىلىۋەتتى. مەن بۇنى ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىنكى ئەسەب دەيمەن.

قۇلاق سېلىڭلار، سودىيەلەر! يەنە بىر خىل ئەسەب بار: ئۇ بولسا ئىش يۈز بېرىشتىن بۇرۇنقى ئەسەب. ئاھ، سىلەر روھنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتمىدىڭلار!

قولىرى قان بىلەن بويالغان سودىيە شۇنداق دېدى: «بۇ گۇناھكار نېمىشقا ئادەم ئۆلتۈرىدۇ؟ ئۇ بۇلىماقچى.» لېكىن، سىلەرگە ئېيتايكى، ئۇنىڭ روھى ئۇلجىنى ئەمەس، پەقەت قاننىلا خالايدۇ. ئۇ تىغ ئۇرۇش ھۇزۇرىغا تەشنا.

بىراق، ئۇنىڭ زەيپانە ئەقلى بۇنداق ئەسەبىيلىكنى مۇتلەق چۈشەنمەيدۇ، بەلكى ئاشۇنداق ئىشلارغا دەۋەت قىلىدۇ. «قان ئاقسا نېمە

كارايىتى! ـــ ئەقلى ئۇنىڭغا دەيدۇ، ـــ سەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاز ـ تولا ئۇلجا ئېلىشنى ياكى ئۆچ ئېلىشنى ئويلىمامسەن؟»

ئۇ زەيپانە ئەقلىنىڭ گېپىگە كىردى، زەيپانە ئەقلىگە خاس ھەربىر سۆزى ئۇنى چويۇندەك بېسىپ كۆپ نەرسىلەرنى ئويلاشقا ئىمكان بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلتۈرگەندە بولاشنىمۇ قولدىن بەرمىدى، ئۆزىنىڭ ئەسەبىيلىكىدىن خىجىل بولمىدى.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گۇناھنىڭ چويۇن پارچىلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى، زەيپانە ئەقلى تېخىمۇ بىخۇدلاشتى، پالەچ بولدى ھەمدە پۈتۈن تېنى ئېغىرلىشىپ كەتتى.

ئۇ بېشىنى ئىرغىتالىغان بولسىلا، بارلىق يۈكلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ بېشىنى ئىرغىتىشقا كىممۇ كېپىل بولالىسۇن؟

ئۇ زادى نېمە ئادەم؟ ئۇ بارلىق رەزىل قىلمىشلارنىڭ مەنبەسى، بۇ قىلمىشلار ئۇنىڭ روھى ئارقىلىق دۇنياغا كېلىۋاتقان ئىشلار ـــ ئۇلار ھەر تەرەپتىن قۇربانلىق بولماقچى.

ئۇ زادى قانداق ئادەم ؟ بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن، ئەمما چىقىشالمايدىغان يىلان. شۇڭا، ھەر تەرەپتىن قۇربانلىق ئىزدەيدۇ.

قارا، بىچارە تەنگە! ئۇ ئۆز روھىنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشكە ئازابلانغان ھالدا تەشنا ـــ بىچارە روھ بۇنى تېخى قىلىچ ھۇزۇرىنى بەخش ئېتىدىغان گۇناھ ئىستىكى، دەپ قارايدۇ.

ھازىر، رەزىللىكنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، كېسەل يۇقتۇرۇۋالغان ئادەممۇ رەزىللىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئازابلىغان نەرسىلەر ئارقىلىق باشقىلارنى ئازابلاشنى ئويلايدۇ. ۋاھالەنكى، تارىختا ئوخشاشمايدىغان زامانلار ۋە ياخشى ـ يامانلىقلار بولۇپ تۇردى.

بۇرۇن، گۇمان قىلىش ۋە ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش گۇناھ بولاتتى. ئۇ چاغدىكى كېسەللەر يات مۇخلىسقا ۋە پېرىخونغا ئۆزگىرىۋالاتتى: ئۇلار بەئەينى ئاشۇ يات مۇخلىس ۋە پېرىخونلاردەك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۆزىنى ھەم باشقىلارنى ئازابلايتتى.

بۇ گەپلەرنىڭ سىلەرگە ياقمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، چۈنكى سىلەر بۇ گەپلەرنى ئاراڭلاردىكى دىيانەتكارلارغا زىيانلىق، دەپ قارايسىلەر. لېكىن، ئۇلار بىلەن نېمە كارىم!

دىيانەتچىلەردىن يىرگىنىمەن، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ رەزىللىكىدىن ئەمەس. مەن پەقەت ئۇلاردا گويا تاتىراڭغۇ گۇناھكارلاردەك جانغا تېگىدىغان ئەسەبىيلىكنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاھ، ئۇلاردىكى ئەسەبىيلىكنىڭ دەل ھەقىقەت، ساداقەت ياكى ئادالەت بولۇپ چىقىشىنى نەقەدەر ئۈمىد قىلىمەن ـ ھە! لېكىن، ئۇلاردا بىچارە قانائەت بىلەن ئۇزۇن كۈن كۆرۈشنى خالايدىغان ئەخلاق بار.

مەن دەريا بويىدىكى قاشا، ئۇنىڭغا كىم يۆلەنسە بولۇۋېرىدۇ! بىراق، مېنى ئۆزۈڭلارنىڭ ھاسىسى قىلىۋالماڭلار!

## 7. ئوقۇش ۋە يېزىش

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

ئەسەرلەر ئىچىدە، يۈرەك قېنى بىلەن يېزىلغاننى ياخشى كۆرىمەن. يۈرەك قېنىڭ بىلەن ياز، شۇ چاغدىلا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشنىڭ بىر روھ ئىكەنلىكىنى بىلىسەن.

باشقىلارنىڭ يۈرەك قېنىنى چۈشىنىش ئاسان ئەمەس، مەن كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇمايدىغانلاردىن نەپرەتلىنىمەن.

ئۆزىنىڭ كىتابخانلىرىنى چۈشىنىدىغان ئادەم كىتابخان ئۈچۈن يازمايدۇ. چۈنكى، بىر ئەسىر ئۆتۈش بىلەنلا، كىتابخانلار (ئۇلارنىڭ روھى) ئوت ـ چۆپلەردەك چىرىپ كېتىدۇ.

ھەممە ئادەمنىڭ ئوقۇيالىشىغا يول قويۇش يېزىقچىلىقنى بەربات قىلىۋېتىپلا قالماستىن، ھەتتا ئىدىيەسىگىمۇ پالاكەت كەلتۈرىدۇ.

ئەسلىدە روھ خۇدا ئىدى، كېيىن ئادەمگە ئايلاندى، ئەمدى ئاۋامغا ئايلىنىپ كەتتى.

ئۇنىڭ يۈرەك قېنى ۋە ھېكمەتلىرى بىلەن يېزىپ چىققان نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكىچە ئوقۇپ قويۇشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قەلب بىلەن ھېس قىلىشى ئۈچۈن ئىدى.

ئىككى تاغ ئارىسىدىكى قىسقا ئارىلىق ئىككى چوققا ئارىسىدىكى ئارىلىقتۇر. ئۆزۈن پۇتۇڭ بولغاندىلا، بۇ مۇساپىنى باسالايسەن. ھېكمەت بەجايىكى تاغ چوققىسى، ئۇنى تىڭشايدىغان ئادەم ئاددىي ئادەم ئەمەس، بەلكى بۈيۈك ئادەم بولۇشى كېرەك.

شالاڭ ھەم ساپ ھاۋا، يوشۇرۇن خەۋپ ـ خەتەر، شادلىققا تولغان رەزىللىك ـــ مانا بۇلار بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ كەلگەن.

ئەتراپىمدا ئالۋاستىلارنىڭ خىرىس قىلىپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. چۈنكى، مەن قالتىس باتۇر. قەيسەرلىكىم شاياتۇنلارنى قوغلىۋەتتى ھەم ئۆزۈم ئۈچۈن ئالۋاستىلارنى ئاپىرىدە قىلدىم ـــ ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈش ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلىمەن.

سىلەردەك تۇيغۇدا ئەمەسمەن، ئاستىمدىكى بۇلۇتنىڭ قاپقارا ۋە كالانپايلىقىدىن كۈلىمەن. ئۇ دەل سىلەرنىڭ گۈلدۈرمامىلىق بۇلۇتۇڭلار.

سىلەر ئۆرلەشكە تەشنا بولغان چېغىڭلاردا ئېگىزگە قارايسىلەر، ئەمما مەن تۆۋەنگە قارايمەن، چۈنكى مەن ئېگىزدە.

ئاراڭلاردا كىم كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆرلىيەلەيدۇ؟

ئەڭ ئېگىز چوققىغا چىققان ئادەم پانىي دۇنيادىكى راست ـ يالغان تىراگېدىيەلەرگە قاراپ كۈلىدۇ.

قەيسەر بول، پىسەنت قىلما؛ قەتئىي بول، نەزەرگە ئالما ـــ ئەقىل ـ پاراسەت بىزگە ئەنە شۇنداق ئۆگىتىدۇ. ئەقىل ـ پاراسەت پەقەت جەڭچىنىلا سۆيىدىغان دېدەك.

«ھاياتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىنتايىن تەس!» دەيسىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇنداق بولسا سىلەر نېمىشقا كۈندۈزى ھاكاۋۇر، كېچىسى مۆلايىم؟
ھاياتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىنتايىن تەس بولسىمۇ، بۇنچىۋالا ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى! ھەممىمىز نۇرغۇن يوكنى ئارتىۋالغان قېچىر ياكى ئېشەك.
بىر تامچە شەبنەمنىمۇ كۆتۈرەلمەي، تىترەپ كەتكەن ئەتىرگۈل بىلەن نېمە پەرقىمىز؟
بىز ھاياتنى ھەقىقەتەن سۆيىمىز. ئەمما، بۇ ھاياتقا كۆنۈپ قالغانلىقىمىزدىن ئەمەس، مۇھەببەتكە كۆنگەنلىكىمىزدىن.
قىزغىن مۇھەببەتتە ئەسەبىيلىك بار، ئەسەبىيلىكتىمۇ ئەقىل ـ ئىدراك بار.
ھاياتلىقنى سۆيىدىغان ماڭا ئوخشاش بىر كىشىنىڭ نەزىرىدە كېپىنەك، ماغزاپ ۋە ئارىمىزدىكى ئۇلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھەممە نەرسە بەختتىن ئەڭ بەھرىمەن بولالايدىغانلاردۇر.
زورۇئاستېر نازۇك، چىرايلىق، تېتىك بۇ شەيتانلارنى كۆرگەندە، ھاياجانلىنىپ كۆز يېشى قىلىپ ناخشا ئېيتتى.
مەن قانداق ئۇسسۇل ئويناشنى بىلىدىغان تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىمەن.
ئالۋاستىمغا قاراپلا ئۇنىڭ كەسكىن ۋە تەمكىنلىكىنى بايقىدىم ــ بۇ بىر ئەستايىدىللىق. ئۇنىڭ ئالدىدا بارلىق نەرسىلەر جۇلاسىز.
بىز غەزەپ بىلەن ئەمەس، كۈلكە بىلەن ئادەم ئۆلتۈرىمىز. كېلىڭلار! بۇ ئەستايىدىل روھنى ئۇجۇقتۇرايلى!
ئاۋۋال مېڭىشنى ئۆگەندىم، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈگۈردۈم. ئۇچۇشنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئىتتىرىپ قويمىسىمۇ ئىككىنچى بىر ئورۇنغا بارالايدىغان بولدۇم.
ھازىر يەڭگىللەپ قالغاچقا ئۇچالىدىم. ئۆزۈمنى ئۆزۈمنىڭ ئۈستىدە كۆردۇم ــ تېنىمدە بىر تەڭرى ئۇسسۇل ئويناۋېتىپتۇ.

# 8. تاغدىكى دەرەخ

زورو‌ئاستىر شۇنداق دەيدۇ:

زورو‌ئاستىر بىر ئۆسمۈر بالىنىڭ ئۆزىنى خەقتىن قاچۇرۇپ يۈرىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدى. بىركۈنى كەچتە، ئۇ پېدكوۋ بازىرى يېنىدىكى تاغدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھېلىقى ئۆسمۈر بالىنىڭ دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ خۇنۇك كۆزلىرى بىلەن جىلغىغا قارايتتى. زورو‌ئاستىر ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەگەر مەن بۇ دەرەخنى قولۇم بىلەن لىڭشىتماقچى بولسام، كۈچۈم يەتمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن، بىر كۆرۈنمەس شامال ئۇنى لىڭشىتىدۇ ياكى سۇندۇرۇۋېتىدۇ. ئوخشاشلا بىزمۇ غايىب قول بىلەن تەۋرىتىلىمىز ياكى سۇندۇرۇلىمىز.

ئۆسمۈر بالا ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك ئەلپازدا ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— زورو‌ئاستىر، بايىلا كۆڭلۈمگە كەچكەن، مانا ئەمدى سۆزىنى ئاڭلاۋاتىمەن!

— نېمىدىن قورقىسەن؟ — دېدى زورو‌ئاستىر جاۋابەن، — ئادەم بىلەن دەرەخ ئوخشاش. ئۇ پارلاق يۇكسەكلىككە قاراپ قانچىكى ئۆسسە، يىلتىزىمۇ قارا تۇپراققا — رەزىللىككە شۇنچە چوڭقۇر پاتىدۇ.

— راست، رەزىللىككە پاتىدۇ، — دېدى بالا ياڭراق ئاۋازدا، — ئەمما، سەن مېنىڭ روھىمنى قانداق بايقىۋالدىڭ؟

— ئالدى بىلەن روھ يارىتالمايدىكەنمىز، باشقا روھلارنىمۇ بايقىيالمايمىز، — زورو‌ئاستىر كۈلۈپ قويدى.

— راست، رەزىللىككە پاتىدۇ، — ئۇنىلۇك ۋارقىرىدى بالا، —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زوروئاستېر، دېگەنلىرىڭ ھەقىقەتەن توغرا، ئۆرلىمەكچى بولۇۋىدىم، ئىشەنچىمنى يوقىتىپ قويدۇم، ھەتتا ماڭا ئىشىنىدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى. بۇ زادى قانداق ئىش؟

مەن بەك تېز ئۆزگىرىپ كەتتىممىكىن دەيمەن، بۈگۈنكى مەن تۈنۈگۈنكى مەننى ئاغدۇرۇۋەتتى. ئۆرلىگەندە، ھەمىشە بىرقانچە بالداقتىن بىراقلا ئاتلىدىم، بالداقلار مېنى كەچۈرمىدى.

ئېگىزگە چىقىپلا ئاندىن تەنھا ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. پاراڭلاشقۇدەك ئادەم يوق؛ زېرىكىش قىرووۋلىرى دەستىدىن تىترىدىم. بۇ ئېگىزلىكتىن زادى نېمە ئىزدەيمەن؟

كىبىرلىرىم ۋە تەلەپلىرىم كۆنسېرى كۆپەيدى. ئېگىزگە چىققانسېرى ئېگىزگە يامىششنى ئويلىغانلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولدۇم. ئېگىزلىكتىن زادى نېمە ئىزدەيمەن؟

يامىششلىرىم ۋە يىقىلىشلىرىمدىن نومۇس قىلىمەن! ھاسىراشلىرىمنى مەسخىرە قىلىمەن! پەرۋاز قىلغۇچىلارنى ئۆچ كۆرىمەن! ئېگىزدە تۇرۇپ، ھالسىراپ كەتكەندەك ھېس قىلىمەن! — يالا سۆزىنى تۈگىتىپ جىم بولدى.

— بۇ دەرەخ، — دېدى زوروئاستېر يېنىدىكى دەرەخكە تىكىلىپ تۇرۇپ، — تاغ ئۈستىدە يېگانە تۇرۇپتۇ، ئادەملەر ۋە ھايۋانلاردىنمۇ ئېگىز ئۆسۈپتۇ.

ئەگەر ئۇ زۇۋان سۈرگەن بولسا، چۈشىنىدىغانلار چىقمىغان بولاتتى. شۇڭا، ئۇ كۈتىدۇ. نېمىنى كۈتىدۇ؟ ئۇ بۇلۇتقا يېقىن تۇرغاچقا، چاقماقنى كۈتسە كېرەك؟

زوروئاستېر سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يالا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۈرەن سالدى:

— توغرا، زوروئاستېر، ئېيتقانلىرىڭ ھەقىقەت. ئېگىزگە چىقىشىم ھالاكىتىمنى ئىزدەشتۇر. سەن بولساڭ مەن كۈتكەن چاقماقنىڭ ئۆزى. قارا، سەن كەلگەندىن بېرى قانداق بولۇپ كەتتىم؟

مانا بۇ ساڭا بولغان ھەسسەتلىرىمنىڭ مېنى بەربات قىلىشى! ــ بالا شۇنداق دەپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. زوروئاستېر بالىنى يېتەكلەپ كېتىپ قالدى.

بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، زوروئاستېر يەنە ئېغىز ئاچتى:

ــ تولىمۇ ئەپسۇس، چۈنكى كۆزلىرىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان خەۋپ ـ خەتەرلەر دېگەنلىرىڭدىن خېلىلا جىق ئىكەن.

ئەركىن ئەمەسسەن، شۇڭا ئەركىنلىككە ئىنتىلىۋاتىسەن. ئۆزۈڭنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىزدەشلىرىڭ سېنى تېخىمۇ سەگەكلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

سەن پايانسىز ئېگىزلىككە ئىنتىلىسەن، روھىڭ يۇلتۇزلارغا ئىنتىزار، تەبىئىتىڭدىكى پەسكەشلىكىڭمۇ ئەركىنلىك ئىزدىمەكتە.

ۋەھشىي ئىتلىرىڭمۇ ئەركىنلىككە ئىنتىلىۋاتىدۇ. روھىڭ زىندان ئىشىكلىرىنى ئاچقاندا، ئۇلار ئۇۋىسىدا خۇشال ـ خۇرام قاۋىشىدۇ.

نەزىرىمدە سەن يەنىلا ئەركىنلىكنى چۈشەۋاتقان تۇتقۇن. ئاھ، بۇ تۇتقۇن روھ زېرەكلىشىدۇ ھەم ئىنتايىن رەزىللىشىپ كېتىدۇ.

روھىي ئەركىنلىككە ئېرىشكەن كىشىلەرمۇ ئۆزىنى پاكلىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇنىڭ قەلبىدە يەنىلا نۇرغۇن كىشەن ۋە پاتقاقلار بار. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ بىغۇبار ۋە پاك بولۇشى كېرەك.

راست، خەۋپ ـ خەتەرلىرىڭنى بىلىمەن. ئەمما، مۇھەببەت ۋە ئۈمىد بىلەن شۇنى ئۆتۈنۈپ سورايمەنكى، مۇھەببەت ۋە ئۈمىدتىن ئايرىلىپ قالما.

ئۆزۈڭنى ئالىيجاناب چاغلايدىكەنسەن، سەندىن نەپرەتلىنىدىغانلار ياكى ساڭا يامان كۆزى بىلەن قارايدىغانلارمۇ سېنى ئالىيجاناب چاغلايدىكەن. شۇنى چۈشەنگىنكى، ئالىيجاناب ئادەم باشقا ھەرقانداق ئادەمگە توسالغۇ بولىدۇ.

ئالىيجانابلار ياخشىلارغىمۇ توسالغۇ. ئۇلار گەرچە ئالىيجاناب

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كىشىلەرنى ياخشى ئادەم دېسىمۇ، ئەمما بۇ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا دېيىلگەن گەپ.

ئالىيجانابلار يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ئەخلاق ياراتماقچى بولىدۇ. ياخشىلار بولسا كونا نەرسىلەرگە يېپىشىۋېلىپ، ئۇلارنى قوغدايدۇ.

ئالىيجانابلارنىڭ خەۋپى ياخشىلارغا ئۆزگىرىپ كېتىشتە ئەمەس، بەلكى نومۇسسىزغا، مەسخىرىۋازغا ۋە بۇزغۇنچىغا ئايلىنىپ كېتىشتە.

ئاھ، نۇرغۇن ئالىيجاناب كىشىلەرنى تونۇيمەن، ئۇلار يۈكسەك ئارزۇسىنى يوقىتىپ قويغان. شۇڭا، ئۇلار يۈكسەك ئارزۇلارغا بوھتان قىلىدۇ.

ئۇلار بىردەملىك ئىشرەتكە ۋە بىمەنىلىككە كېچە ـ كۈندۈز غەرق بولدى.

«روھمۇ بىر خىل ئىشرەت» دېيىشىدۇ ئۇلار، نەتىجىدە روھ قانىتىنى سۇندۇرۇپ قويدى. روھ جاراھەتلىنىپ، ئىپلاس جايلاردا ئۆمىلەپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇلار قەھرىمان بولۇشنى ئويلىغانىدى. لېكىن، ئاخىر راھەتپەرەسلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. قەھرىمانلىق ئۇلارغا بىر خىل ئازاب ۋە قورقۇنچلۇق نەرسە بولۇپ قالدى.

مۇھەببەت ۋە ئۈمىد بىلەن ئۆتۈنۈپ سورايمەن، روھىڭدىكى قەھرىمانلىقنى ھەرگىز يوقىتىپ قويما! ئەڭ يۈكسەك ئارزۇيۇڭدىكى مۇقەددەسلىكنى مەڭگۈ ساقلاپ قال!

## 9. ئۆلۈم تەرغىباتچىلىرى

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

بۇ دۇنيادا ئۆلۈم تەرغىباتچىلىرى بار، شۇنىڭدەك ھاياتتىن ۋاز كېچىشكە دالالەت قىلىنىدىغانلارمۇ بار.

دۇنيا ئارتۇقچە ئادەملەر بىلەن تولغان، ھايات ئاللىبۇرۇن ئۇلار

تەرىپىدىن پايخان قىلىنغان. شۇڭا، ئۇلارنى «باقىي»لىق بىلەن ئالداپ، ھاياتىدىن مەھرۇم قىلىش كېرەك!

«سىرىق تەنلىكلەر» ياكى «قارا تەنلىكلەر» ــ كىشىلەر ئۆلۈم تەرغىباتچىلىرىنى ئەنە شۇنداق ئاتايدۇ. لېكىن، مەن سىلەرگە يەنە باشقا رەڭگە ئورىنىۋالغان ئۆلۈم تەرغىباتچىلىرىنى كۆرسىتىپ قوياي.

ئەڭ ۋەھشىيلىرىنىڭ قەلبى ياۋۇزلۇق بىلەن تولغان، ئۇلاردا شەھۋانىيلىق ۋە ئۆزىنى بەربات قىلىشتىن باشقا ھېچنېمە يوق ــ ئۇلارنىڭ شەھۋانىيلىقى ئۆزىنى قورۇتۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇقلار تېخى ئىنسانغا ئايلانمىدى. ئۇلار ئۆز ـ ئۆزىگە ھاياتتىن ۋاز كېچىش ھەققىدە تەلىم بېرىپ، ئۆزىنى ھالاك قىلسا ئىدى!

ئۇلار تۇغۇلۇپلا ئۆلىدىغان روھنىڭ قۇرتلىرى. بىزارلىق ۋە ۋاز كېچىش تەلىماتى ئۇلارنىڭ تەقەززاسى.

ئۇلار ئۆلۈشكە رازى بولسا، بىز ئۇلارنى مۇرادىغا يەتكۈزەيلى. بىراق، باشقا جەسەتلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتمەسلىكىمىز ياكى تىرىكلەرنىڭ كېپىنىنى چۇۋۇۋەتمەسلىكىمىز كېرەك.

ئۇلار بىرەر بىمارنى، قېرىنى ياكى ئۆلۈكنى ئۇچراتسا، «ھاياتلىق بەربات بولدى» دېيىشىپ كېتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ھالاك بولغىنى ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر تەرىپىنىلا كۆرىدىغان كۆزى.

ئۇلار ئېغىر پەرىشانلىق ئىچىدە جاندىن ئۆتىدىغان كىچىك ئۆزگىرىشلەرنى كۈتىدۇ ــ ئۇلارنىڭ لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ كۈتىدىغانلىرى ئەنە شۇ.

ياكى ئۇلار قوللىرىنى سوزۇشۇپ تاتلىق ـ تۇرۇم ئالماقتا، ئۆزىنىڭ گۆدەكلىكىنى مەسخىرە قىلماقتا. ئۇلار ھاياتلىقنى بىر تۇپ گىياھقا ئېسىپ قويۇپ، يەنىلا شۇ گۆدەكلىكىنى مەسخىرە قىلماقتا.

ــ ياشاۋاتقانلار ئەخمەق، ــ دەيدۇ ئۇلارنىڭ ئەقلى، ــ بىز

www.uyghurkitap.com



ھەممىمىزمۇ ئەخمەق! بۇ ھاياتلىقتىكى ئەڭ ھاماقەتلىك ئىش!

— ھاياتلىق كۆلپەتتۇر، — دەيدۇ باشقا بىر ئادەم، — بۇغۇ راست، شۇنداق ئىكەن، ھەممىنى تاماملاش كېرەك! ھاياتنى تاماملاش كۆلپەتتىن خالاس بولۇشتۇر.

«ئۆزۈڭنى ئۆلتۈر! ئۆزۈڭنى ئوغرىلا!» بۇنى ئەخلاقچىلارنىڭ ئەگۈشتىرى قىلىشىپىلىشلار.

— شەھۋەتخورلۇق گۇناھتۇر، — دەيدۇ بەزى ئۆلۈم تەرغىباتچىلىرى، — ئايرىلىپ تۇرايلى، پەرزەنت يۈزى كۆرمەيلى!

— پەرزەنت كۆرۈش ئازاب، — دەيدۇ يەنە بەزىلەر، — يەنە نېمىشقا پەرزەنت كۆرگۈلۈك؟ كىشىلەر پەقەت شور پېشانىلەرنىلا تۇغىدۇ! بۇنداق دېگۈچىلەرمۇ ئۆلۈم تەرغىباتچىلىرىدۇر.

— رەھىمدىللىك زۆرۈر، — دەيدۇ يەنە بەزىلەر، — ھەممە نېمەمنى ئېكېتىڭلار! مەندەك بىر ئادەمنىمۇ ئېكېتىڭلار! شۇ چاغدىلا ھاياتلىقنىڭ چەكلىمىسىگە ئاز ئۇچرايمەن!

ئەگەر ئۇلار راستتىنلا رەھىمدىل بولسا، ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ ھاياتلىقتىن ۋاز كەچتۈرىدۇ. رەزىللىك — ئۇلارنىڭ شاپائىتى.

ئۇلار ھاياتلىقنى تەرك ئېتىشنى ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ كىشەنلىرى ۋە ھەدىيەلىرى باشقىلارنى بوغۇپ تۇرسىمۇ، ئۇلار پىسەنت قىلمايدۇ!

ئەكسىچە، ھاياتلىق سىلەر ئۈچۈن مەڭگۈلۈك قارا ئىش، سىلەر ھاياتلىقتىن تېخىچە زېرىكمىدىڭلارمۇ؟ سىلەر تېخىچە ئۆلۈم تەرغىباتچىلىرىنىڭ تەلىملىرىنى قوبۇل قىلغۇدەك بولمىدىڭلارمۇ؟

سىلەرگە قارا ئىش بىلەن يېڭى نەرسىلەر سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلاردىن تويدۇڭلار، پىداكارانە خىزمىتىڭلار ئۆزۈڭلاردىن كېچىش ئۈچۈندۇر.

ئەگەر ھاياتقا بەكرەك ئىشەنچ قويساڭلار، ئۆزۈڭلاردىن بىر پەستىلا ۋاز كەچمىگەن بولاتتىڭلار. لېكىن، كۆڭلۈڭلاردا يەنە يېتەرسىزلىك بار. شۇڭا، كۈتۈشكە مۇۋەپپەق بولالمايسىلەر، ھەتتا ھورۇنلۇقمۇ

قىلالمايسىلەر!

ھەممە يەردە ئۆلۈم تەرغىباتچىلىرىنىڭ قىيقاس ـ سۈرەنلىرى، دۇنيامۇ ئۆلۈمگە لايىق كىشىلەر بىلەن تولغان.

ئۇلارنى «باقىي»لىق ئىزدەشكە كۆندۈرەيلى، مېنىمۇ شۇنداق قىلىڭلار. ئۇلار بۇ دۇنيادىن تېزرەك كەتسىلا بولدى!

## 10. ئۇرۇش ۋە ئەسكەر

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

ئەڭ كۈچلۈك دۈشمىنىمىزنىڭ بىزگە رەھىم قىلىشىنى خالىمايمىز. ئۆزىمىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ ئىچ ئاغرىتىشىنى خالىمايمىز. شۇڭا، سىلەرگە بىرقانچە ئېغىز راست گېپىمنى قىلاي!

سەپداشلىرىم! سىلەرنى چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن. مەن سىلەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ھەمراھىڭلار ھەم ئەڭ يامان رەقىبىڭلار بولىمەن. شۇڭا، سىلەرگە بىرقانچە ئېغىز راست گېپىمنى قىلاي!

قەلبىڭلارنىڭ نەپرەت ۋە ھەسرەتكە تولغانلىقىنى بىلىمەن. لېكىن، سىلەر تېخى نەپرەت ۋە ھەسرەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلمەيدىغان دەرىجىدە ئۇلۇغ بولۇپ كەتكىنىڭلار يوق. شۇڭا، ئامالىڭ بارىچە ئۇلۇغ بولۇڭلار، نەپرەت ۋە ھەسرەت سەۋەبىدىن خىجىللىق تارتماڭلار!

ئەگەر بىلىملىك دانىشمەن بولالمىساڭلارمۇ، چوقۇم بىلىملىك جەڭچى بولۇڭلار. بىلىملىك جەڭچىلەر مۇشۇنداق دانىشمەنلەرنىڭ ھەمراھى ياكى باشلامچىسىدۇر.

نۇرغۇن لەشكەرلەرنى كۆرگەنمەن. ئەمما، نۇرغۇن جەڭچىلەرنى كۆرۈشنى بەكرەك ئۈمىد قىلىمەن. گەرچە ئۇلار ئوخشاش كىيىنىۋالسىمۇ، بارلىق كىيىنگۈچىلەرنىڭ كىيىمى ئوخشاش بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەر دائىم دۈشمەنلەرنى ــ ئۆز دۈشمەنلىرىنى ئىزدەپ يۈرىدىغان كىشىلەردىن بولۇڭلار، لېكىن ئاراڭلاردىكى بەزىلەرنىڭ بىر قارىشىدىلا نەپرەت يالقۇنى يېنىپ تۇرمايدۇ.

بارلىق كۈچۈڭلارنى ئىشقا سېلىپ دۈشمەن ئىزدەڭلار، جەڭگاھقا بۆسۈپ كىرىپ، ئىدىيەڭلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىڭلار! ئىدىيەڭلار تەلىيىڭلارغا قارشى ھالدا يېڭىلسىمۇ، ئەمما ساداقىتىڭلار يەنىلا غەلىبە چۇقانلىرىنى ياڭرىتىدۇ.

سىلەر تىنچلىقنى يەنە بىر ئۇرۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ۋاستە دەپ تونۇڭلار ــ قىسقا مۇددەتلىك تىنچلىقنى ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىقتىن بەكرەك سۆيۈڭلار.

خىزمەتكىلا بېرىلىپ كەتمەي، جەڭ قىلىڭلار، تىنچلىق ئىزدىمەي، غالىبىيەت ئىزدەڭلار. خىزمىتىڭلارنى جەڭگە، تىنچلىقىڭلارنى غالىبىيەتكە ئايلاندۇرۇڭلار!

كىشىلەردە يا بىلەن ئوق تەڭ مەۋجۇت بولغاندىلا، ئاندىن خاتىرجەم بولالايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇرۇش ـ تالاش تۈگىمەيدۇ. تىنچلىقىڭلارنى غالىبىيەتكە ئايلاندۇرۇڭلار!

ــ ياخشى دالالەت ئۇرۇشنى مۇقەددەسلىككە ئىگە قىلالامدۇ؟ ــ دەپ سورايسىلەر. سىلەرگە ئېيتايكى، ياخشى ئۇرۇش ھەرقانداق دالالەتنى مۇقەددەسلىككە ئىگە قىلىدۇ.

ئۇرۇش بىلەن قەيسەرلىك بۈيۈك ئىشلارغا رەھىمدىللىكتىن بەكرەك قادىر بولالايدۇ. ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن نۇرغۇن قۇربان بەرگۈچىلەرنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى قەيسەرلىكىڭلاردىن بولغان، ھەرگىزمۇ رەھىمدىللىكىڭلاردىن ئەمەس.

ــ ياخشىلىق دېگەن نېمە؟ ــ دەپ سورايسىلەر. ياخشىلىق قەيسەرلىكتۇر. قىزچاقلار بولسا بۇنىڭغا «ياخشىلىق دېگەن نازاكەت» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

كىشىلەر سىلەرنى رەھىمسىز دەيدۇ. لېكىن، قەلبىڭلار ياخشى.

مەن سىلەرنىڭ سەمىمىي ئۇياتچانلىقىڭلارنى ياخشى كۆرىمەن. سىلەر كۆۋەجىشىڭلاردىن خىجىل بولىسىلەر، باشقىلار ئۆزىنىڭ كۆپۈكلىرىدىن خىجىل بولىدۇ.

سىلەر كۆرۈمسىزمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولساڭلار، قېرىنداشلار! بۈيۈك مىجەزىڭلارنى كۆرۈمسىز جىسمىڭلارنىڭ لىباسى قىلىپ يېپىنىۋېلىڭلار!

روھىڭلار ئۇلۇغلا بولىدىكەن، مەغرۇرلىشىپ كېتىسىلەر. بۈيۈك مىجەزىڭلارغا رەزىللىك سىڭىپ كەتكەنلىكىنى بىلىمەن.

مەغرۇرلار بىلەن ئاجىزلار رەزىللىكتە ئۇچرىشىدۇ. بىلىمەن، ئۇلار بىر ـ بىرىنى چۈشەنمەيدۇ.

دۈشمىنىڭلاردىن نەپرەتلىنىڭلاركى، ئۇلارنى كەمسىتمەڭلار؛ دۈشمىنىڭلارنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىڭلار. شۇ چاغدىلا، دۈشمىنىڭلارنىڭ ئۇتۇقى سىلەرنىڭ ئۇتۇقۇڭلار بولىدۇ.

قارشىلىق ــ قۇللارنىڭ بۈيۈك خىسلىتى. بويسۇنۇشنى ئۆز ئالاھىدىلىكىڭلارغا ئايلاندۇرۇۋالدىڭلار، ھالبۇكى، بۇيرۇقۇڭلار ئەسلىدە بىر خىل بويسۇنۇشتۇر.

ئېسىل بىر جەڭچىگە نىسبەتەن، «سەن... قىلىشىڭ كېرەك» دېگەن سۆز «مەن... قىلىشىم لازىم» دېگەن سۆزگە قارىغاندا يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. ياخشى كۆرگەنكەنسىلەر، بۇيرۇقىغا بويسۇنۇڭلار.

ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىڭلارنى ئەڭ يۈكسەك ئارزۇيۇڭلارغا بولغان مۇھەببەتكە ئايلاندۇرۇڭلار. يۈكسەك ئارزۇ ھاياتىڭلاردىكى ئەڭ ئالىي ئۇقۇم بولسۇن.

لېكىن، ئەڭ ئالىي ئۇقۇمىڭلار بۇيرۇقۇڭلارغا بويسۇنسۇن ــ بۇ شۇنداق بۇيرۇقكى، ئىنسانىيەت ھالقىتىلىشى كېرەك!

بويسۇنۇش ھاياتىڭلارنى ۋە ئۇرۇش ھاياتىڭلارنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزۈڭلار! ھاياتنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن! قايسىبىر جەڭچى ئېتىبارنى خالىمىسۇن!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



سىلەرنى كەچۈرمەيمەن. لېكىن، چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن، ئەي، سەپداشلىرىم!

## 11. يېڭى مەبۇد

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

بەزى جايلاردا مىللەت بىلەن قەبىلە يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. لېكىن، بىزنىڭ بۇ يەردە يوق. قېرىنداشلىرىم، بۇ يەردە پەقەت دۆلەتلا بار.

دۆلەت؟ بۇ نېمە؟ بەللى، بىر مىللەتنىڭ ھالاك بولۇش جەريانى ھەققىدىكى سۆزلىرىمنى قۇلىقىڭلارنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭلار.

دۆلەت شەپقەتسىز مەخلۇقلار ئىچىدىن ئەڭ شەپقەتسىزى. ئۇ شەپقەتسىزلىك بىلەن ئاۋامنى ئالدايدۇ: «مەن دېمەك دۆلەت، مەن دېمەك مىللەت» ــ مانا بۇ ئۇنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى.

بۇ پۈتۈنلەي جۆيلۈش! مىللەتنى قۇرغان، مىللەتكە ئېتىقاد، سۆيگۈ ئاتا قىلغان كىشى ھەقىقىي ياراتقۇچىدۇر ــ ئۇ ھايات ئۈچۈن ئەنە شۇنداق مەستانە بولغان.

ئورا كولاپ، بۇ ئورىلارنى دۆلەت دەپ ئاتىغۇچىلار بۇزغۇنچىلاردۇر ــ ئۇلارنىڭ مىللەتكە كۆز ـ كۆز قىلغانلىرى شەمشەر ۋە ھەر خىل ھەۋەسلەردۇر.

مىللەت بار يەردە دۆلەت قوبۇل بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۆلەتنى شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان كۆز، قانۇن ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە زىت كېلىدىغان بىر خىل جىنايەت دەپ نەپرەتلىنىدۇ.

سىلەرگە بىر ئالامەتنى كۆرسىتەي: ياخشى ـ يامانلىقلار ھەققىدە ھەرقانداق بىر مىللەتتە باشقا مىللەتلەر چۈشەنمەيدىغان ئىبارىلەر بولىدۇ. بۇلار ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن كەلگەن.

لېكىن، دۆلەت ياخشى ـ يامانلىقلار ھەققىدىكى تورلۇك ئىبارىلەر بىلەن ئالدىماقتا. ئۇنىڭ دېگەنلىرى پۈتۈنلەي ئەپقاچتى گەپلەر.

دۆلەتنىڭ ھەرقانداق ساختا — ئۇ ئوغرىلاپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان چىشلىرى بىلەن ئالدىماقتا، ئادەم چىشلەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەس.

ياخشى ـ يامانلىقلار ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەر بەكمۇ قالايمىقان، مەن سىلەرگە كۆرسەتكەن ئالامەتلەرنى دۆلەتنىڭ بەلگىسى قىلىۋېلىڭلار. بۇ بەلگە ئۆلۈم ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ! ئۇ ئۆلۈم تەرغىباتچىلىرىنى چاقىرماقتا!

ئارتۇقچە ئادەملەر كۆنسېرى كۆپەيمەكتە — دۆلەت ئەنە شۇلار ئۈچۈن كەشىپ قىلىنغان! دۆلەتنىڭ ئۇلارنى ئالدىغانلىقىنى، يالماپ يۇتۇۋەتكەنلىكىنى كۆرىسلەر!

دۆلەت دېگەن بۇ مەخلۇق شۇنداق ھۆركىرىمەكتە: «بۇ دۇنيادا ھېچ نەرسە مەندەك ئۇلۇغ ئەمەس — مەن تەڭرىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى.» دۆلەتكە باش ئۇرىدىغانلار بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان يۇمشاقباش كىشىلەر.

ئاھ، ئۇ ھەتتا سىلەردەك ئۇلۇغۋار روھلارغىمۇ ساختا سۆزلىرىنى خۇپىيانە پىچىرلىماقتا! ئاھ، ئۇ ھەممە نېمىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن تۆكۈپ بېرىدىغان ئەلۋەك قەلبلەرنى تېپىۋالدى.

توغرا، ئۇ كونا تەڭرىنىڭ سىلەردەك ئىستېلاچىلىرىنىڭمۇ ئېپىنى بىلىۋالدى! سىلەر باشتا كۈرەشتىن زېرىككەنىدىڭلار، ئەمدى يېڭى مەبۇدنىڭ بۇيرۇقىدىن زېرىكىۋاتىسىلەر!

بۇ يېڭى مەبۇد بىر قىسىم قەھرىمانلار ۋە ئېسىلزادىلەردىن ھامىيلىق ئىزدىمەكتە! بۇ تاش يۈرەك ۋىجدان ئاپتىپىدا ئىسسىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ!

سىلەر ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغانلا بولساڭلار، ئۇ سىلەرگە ھەممىنى ئاتا قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ سىلەرنىڭ ئەخلاقىي نۇرۇڭلار ۋە مەغرۇر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



پاراستىڭلارنى سېتىۋالىدۇ!

ئۇ سىلەرنى يەم قىلىپ، باشقىلارنى ئۆزىگە تارتىدۇ! شۇنداق، ئۇ بىر قاتار سۇيىقەست ۋە مۇقەددەس ئىبگەر بىلەن جابدۇنغان ئۆلۈم ئىتىنى لايىھەلەيدۇ!

شۇنداق، ئۇ كىشىلەر ماختىنىپ تۇرۇپ ھايات دەپ ئاتىۋالغان نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىنى لايىھەلىگەن. مانا بۇ بارلىق ئۆلۈم تەرغىباتچىلىرى ئۈچۈن مۇقەددەس تۆھپە.

مېنىڭچە، دۆلەت ياخشى ئادەملەر ۋە يامان ئادەملەرنىڭ ئۆز ئۇسسۇزلۇقىنى ئوغا بىلەن قاندۇرىدىغان ماكان، ئۇ ماكاندا كىشىلەر ئۆز ئەركىنلىكىنى يوقىتىدۇ. دۆلەت ــ نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆلتۈرۈۋالىدىغان، ئەمما ئۇنى ھاياتلىق دەپ ئاتىۋالىدىغان ماكان.

قاراڭلار، بۇ ئارتۇقچە ئادەملەرگە! ئۇلار كەشپىياتچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ۋە ئاقىللارنىڭ ئەگۈشتەرلىرىنى ئوغرىلىۋېلىپ، ئۇنى مەدەنىيەت دەپ ئاتىۋالغان. ھەرقانداق نەرسە ئۇلارنىڭ قولىغا چىقسىلا مىكروبقا ۋە ئاپەتكە ئايلىنىدۇ!

قاراڭلار، بۇ ئارتۇقچە ئادەملەرگە! ئۇلار مەڭگۈلۈك كېسەل كۆرپىلىرى ــ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆت سۇيۇقلۇقىنى قۇسۇپ چىقىرىپ، گېزىت دەپ ئاتىۋالىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىنى يالماپ يۇتىدۇ، ئەمما ھەزىم قىلالمايدۇ.

قاراڭلار، بۇ ئارتۇقچە ئادەملەرگە! ئۇلار بايلىق توپلىغانسېرى نامراتلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ھوقۇققا، بولۇپمۇ ھوقۇقنىڭ سېپىغا ئېسىلىدۇ، مۇلۇك ئىزدەيدۇ، ھەي، ناكەسلەر!

قاراڭلار، بۇ چاققان مايمۇنلارنىڭ ئۈمىلەشلىرىگە! ئۇلار بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ، پاتقاق ۋە ئەۋرەزلەردە يۈرىدۇ.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەختكە ئىنتىلىدۇ، گويا بەخت ـ سائادەت تەختنىڭ ئۈستىدىلا باردەك. بۇ ئۇلارنىڭ ساراڭلىقىدىن بولغان.

ئەمەلىيەتتە، تەختىنىڭ ئۈستىدىكىسى قاسماقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، تەختىنىڭ كۆپىنچىسى مەينەت نەرسىلەرنىڭ ئارىسىغا قويۇلغان.

مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ساراڭلاردەك، ئۆملەپ يۈرگەن مايمۇنلاردەك، قارىغۇلارچە ئىنتىلىدىغانلاردەك ھېس قىلىمەن. نەزىرىمدە، ئۇلارنىڭ مەبۇدى ھېلىقى تاش يۈرەك مەخلۇق ــ چوقۇنغۇچىلىرىمۇ شۇنداق!

قېرىنداشلار، سىلەر ئۇلارنىڭ بەتبۇي پۇرىقىدا تۇنجۇقۇپ يۈرۈشنى خالامسىلەر؟ ئەڭ ياخشىسى دېرىزىنى چېقىپ قېچىپ كېتىڭلار!

سېسىقچىلىقتا يېقىن يولۇقماڭلار! ئاشۇ ئارتۇقچە ئادەملەرنىڭ مەبۇدلىرىغا چوقۇنۇشلىرىدىن ئۆزۈڭلارنى قاچۇرۇڭلار!

سېسىقچىلىقتا يېقىن يولۇقماڭلار! ئاشۇ مەينەتچىلىكتە قۇربان بەرگۈچىلەردىن ئۆزۈڭلارنى تارتىڭلار!

زېمىن يەنىلا ئۇلۇغ روھ ئۈچۈن يارىتىلغان، يەنە زاھىتلار ئۆزلىرى يېگانە ياكى ئۇلپەتلىرى بىلەن پىنھان يۈرۈپ، ئۆزلىرىنى تاكامۇللاشتۇرىدىغان نۇرغۇن جايلارمۇ بار. ئۇ يەردە ئاراMچىلىقنىڭ نەپەسلىرى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئەركىن ھايات يەنىلا ئۇلۇغ روھلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشىنى كۈتمەكتە. دەرھەقىقەت، مال ـ مۈلكى قانچىكى ئاز ئادەم ئۇنىڭ دەردىنى شۇنچە ئاز تارتىدۇ، ئۇنىڭغا شۇنچە ئاز تۇتۇلىدۇ. مۆۋاپىق نامراتلىق بەخت ـ سائادەتتۇر.

ئۇ يەردە دۆلەت يوق، ئۇ يەردە ــ پەقەتلا ئۇ يەردە ئارتۇقچە بولمىغان ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى باشلاندى، بولمىسا بولمايدىغان ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مىسلىسىز گۈزەل كۈيىنى باشلىغەتتى.

ئۇ يەردە دۆلەت يوق، ئۇ يەردە ــ قاراڭلار، قېرىنداشلىرىم، سىلەر ھەسەن ـ ھۈسەن ۋە ئەۋلىيالىق كۆۋرۈكىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 12. بازار چۈشىنى

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

تەنھالىقىڭغا مۆكۈنۈۋال، دوستۇم! كاتتىلارنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرىدىن پاك بولۇپ قالاي دېدىڭ، يەنە كېلىپ ھېقىرلارنىڭ خۇپىيانە ئوقىدىن شىكەستىلەنگەنسەن.

ئورمان ۋە قىيا تاشلار سېنى سۈكۈنات بىلەن قانداق كۈتۈۋېلىشنى بىلىدۇ. ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاشۇ باراقسان يوغان دەرەختىن ئىبرەت ئال ــ ئۇ دېڭىز بويىدا ئۈن ـ تىنسىز قۇلاق سالماقتا.

بازار بارلىكى يەردە تەنھالىق يوق، سودا باشلانسىلا ھۆپىگەرلەرنىڭ توۋلاشلىرى، زەھەرلىك چىۋىنلەرنىڭ غوڭۇلداشلىرىمۇ تەڭلا ئەۋجگە چىقىدۇ.

دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى نەرسىمۇ، ھۆپىگەرلەرنىڭ ماختاپ ئۇچۇرۇشلىرى بولمىسا نەزەرسىز قالىدۇ، چۈنكى ئاۋام ھۆپىگەرلەرنى چوڭ بىلىدۇ.

ئاۋام ئۇلۇغلۇقنى چۈشەنمەيدۇ. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئۇلار يارىتىش قۇدرىتىنى چۈشەنمەيدۇ. بىراق، ئۇلار ھۆپىگەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئېسىل نەرسىلىرىدىن زوقلىنالايدۇ.

دۇنيا يەنىلا يېڭى قىممەت ياراتقۇچىلارنى بويلاپ ئايلىنىدۇ ــ بۇنداق ئايلىنىش شەكىلسىز بولىدۇ. ئاۋام ۋە شان ـ شەرەپ ھۆپىگەرلەرنى بويلاپ ئايلىنىدۇ. كۈللى مەۋجۇداتلار ئەنە شۇنداق ھەرىكەت قىلماقتا.

ھۆپىگەرلەردىمۇ بىر خىل روھ بار، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى ھېس قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت ئۇنۇمنى ئۈستۈرىدىغان نەرسىلەرگىلا ئىشىنىدۇ ھەم ئۆز ۋۇجۇدىدا بار بولغان، باشقىلارنى رام قىلالايدىغان ھەممە

نەرسىگە ئىشىنىدۇ!

ئۇنىڭدا ئەتىسى بىر خىل يېڭى ئېتىقاد شەكىللەنسە، ئۆگۈنىمۇ يېڭى بىر ئېتىقاد شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ سېزىمى ئاۋاملارغا ئوخشاشلا ئۆتكۈر، مىجەزى تۇراقسىز.

ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىش ـــ ئۇنىڭ ئاتالمىش ئىسپاتلىشىدۇر؛ ئادەم ئەخمەق قىلىش ـــ ئۇنىڭ ئاتالمىش قايىل قىلىشىدۇر. ئۇنىڭچە، قان ئەڭ ياخشى پاكىت.

دانالارغىلا سۆزلىنىدىغان ھەقىقەت ئۇنىڭ نەزىرىدە قۇرۇق گەپ. راست، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ داۋراڭخور تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

بازارنىڭ ھەممىلا يېرى ۋالاقتەگكۈر، نەيرەڭۋازلار بىلەن تولغان. بىراق، ئاۋام ئاشۇ كاتتىلاردىن شەرەپ ھېس قىلىدۇ، ئۇلارنى نۆۋەتتىكى غوجايىنلار دەپ چوڭ بىلىدۇ.

ۋاقىت غوجايىنلارنى ئالدىرىتىدۇ. شۇڭا، غوجايىنلار سېنى ئالدىرىتىدۇ. ئۇلار سېنى «ماقۇل» ياكى «ياق» دېيىشكە مەجبۇر قىلىدۇ! ئۆزۈڭنى «ھىمايە قىلىش» بىلەن «قارشى تۇرۇش»نىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇشتىن باشقا ئىلاجىڭ يوقمۇ؟

سەن، ئەي، ھەقىقەت ئاشىقى، ئاشۇ مۇتلەق كىشىلەرگە ھەسەت قىلما! ھەقىقەت ئەزەلدىن مۇتلەقچىلەر بىلەن بىللە ئەمەس.

قوپال ئادەملەردىن ئۆزۈڭنى تارت، بىخەتەر ئورنۇڭغا قايت. ئادەم «ماقۇل» بىلەن «ياق»نىڭ زەربىسىگە پەقەت بازاردىلا دۇچ كېلىدۇ.

چوڭقۇر قۇدۇق سۇيىنىڭ لەززىتىنى تېتىش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت كېرەك. ئۇزاق كۈتكەندىلا زېمىنىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا يوشۇرۇنغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بارلىق ئۇلۇغ نەرسىلەر بازار ۋە شۆھرەتتىن يىراق جايدىلا كۆز ئاچىدۇ. شۇڭا، يېڭى قىممەتنىڭ ياراتقۇچىلىرىمۇ كۆپ ھاللاردا ئاشۇنداق يەردە بولىدۇ.

تەنھالىقىڭغا مۆكۈنۈۋال! ھەقىرلار ۋە بىچارىلەرگە يېقىنلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قالدىڭ، ئۇلارنىڭ تۆيدۇرماي قىساس ئېلىشىدىن ئېھتىيات قىل! ئۇلار سەندىن جان ـ جەھلى بىلەن قىساس ئالماقچى!

ئۇلارغا قارشىلىق قىلما! ئۇلارنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايدۇ، سەن چىۋىن ئۆلتۈرىدىغان شاپالداق ئەمەس.

ھەقىرلار ۋە بىچارىلەرنىڭ سانى يوق، نۇرغۇن ئېگىز ئىمارەتلەرمۇ رەھىمسىز جۇت ـ شىۋىرغانلار سەۋەبىدىن غۇلاپ، ياۋا چۆپلەرگە غەرق بولغان.

سەن قىيا تاش ئەمەس، قېلىن يامغۇر سېنى تېشىۋەتتى، ئاخىر ئۇ سېنى يىمىرىپ كۇكۇم قىلىۋېتىدۇ.

سەن زەھەرلىك چىۋىنلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ھالسىزلاندىڭ، بەدىنىڭدىكى يارا ئېغىزلىرىدىن قان ئاقماقتا، ئەمما مەغرۇر قەلبىڭ سېنى زادىلا غەزەپلەندۈرمىدى.

ئۇلار سېنىڭ قېنىڭنى ھېيىقماستىن شورىماقتا، چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ قانسىرىغان روھىنىڭ تەشنالىقى. شۇڭا، ئۇلار ئەيمەنمەستىن چاقماقتا.

سالماقلىقىڭدىن كىچىككىنە يارىمۇ جان ـ جېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىراق، سەن تېخى ساقايماستىنلا بۇ زەھەرلىك چىۋىنلەر قوللىرىڭغا ياماشتى.

بەك مەغرۇر بولغىنىڭدىن بۇ ئاچ كۆزلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنمىدىڭ. بىراق، پەخەس بول، چىۋىنلەر زەھىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتمە.

ئۇلار سېنى چۆرىدەپ مەدھىيە ئوقۇماقتا، ئۇلارنىڭ مەدھىيەسى پەقەتلا غىڭ ـ غىڭدۇر، خالاس.

قېنىڭنىڭ قەستىدە ئۇلار ساڭا يېقىنلاشماقچى. ئۇلار ساڭا خۇددى تەڭرى ياكى ئالۋاستىغا تېۋىنغاندەك خۇشامەت قىلىدۇ؛ ئۇلار ساڭا خۇددى تەڭرى ياكى ئالۋاستىنىڭ ئالدىدا يىغلىغاندەك يىغلايدۇ. بۇلارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى! ئۇلار پەقەتلا خۇشامەتچى ۋە يىغلاڭغۇلار.

ئۇلار ھەمىشە ئىللىق بولۇپ كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئەمما، بۇ قورقۇنچاقلارنىڭ ھىيلىسى. دەرۋەقە، قورقۇنچاقلار چېچەن كېلىدۇ!

ئۇلار سېنى ئۆزلىرىنىڭ پەس قەلبى بىلەن ئۆلچەيدۇ، ئۇلار دائىم ساڭا شۈبھىلىك نەزەر بىلەن قارايدۇ! ئويلاپ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان نەرسىلەر ئادەمنى گۇمانلاندۇرىدۇ.

ئۇلار سېنى پەزىلىتىڭ ئۈچۈن جازالايدۇ، سەۋەنلىكلىرىڭنى بولسا قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئاقلايدۇ.

سەن ئاق كۆڭۈل ۋە ئادالەتلىك بولغاچقا، شۇنداق دېدىڭ: «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرزىمەس مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن گۇناھسىز.» لېكىن، ئۇلارنىڭ تار كۆڭلى شۇنداق ئويلىدى: «بارلىق ئۇلۇغ مەۋجۇتلۇقنىڭ ھەممىسى گۇناھ.»

ئۇلارغا كەڭ قورساق بولساڭمۇ سېنى كەمسىتتى، دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ياخشىلىقىڭغا چانمايدىغان زەھەر بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

جىمجىت مەغرۇرلۇقۇڭ ئۇلارغا ياقمايدۇ. لېكىن، تاسادىپىي ھالدا كەمتەرلىكىڭدىن يەڭگىللىك قىلىپ سالساڭ، ئۇلار قالتىس خۇشال بولۇپ كېتىدۇ.

بىز بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن مەلۇم بىر نەرسىنى بايقىساق، ئۇنى ئامالىنىڭ بارىچە ئاۋۇندۇرىمىز. پەسلەردىن پەخەس بول!

ئۇلار يېقىنلاشقىنىڭدا، بەئەينى ئۆچكەن گۈلخاننىڭ سۇسلىشىۋاتقان تۈتۈنلىرىدەك، ئۇلارنىڭ جىمىپ كېتىدىغانلىقىنى سەزمىدىڭمۇ؟

دەرۋەقە، دوستۇم، سەن تۇيەيلى قوشنىلىرىڭ بەكمۇ بىئارام بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ساڭا يەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار سېنى ئۆچ كۆرىدۇ، قېنىڭ قەستىدە بولىدۇ.

قوشناڭ ئەبەدىلئەبەد زەھەرلىك چىۋىن. سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭ ئۇلارنى تېخىمۇ زەھەرلىك قىلىۋېتىدۇ، ئەشەددىي زەھەرلىك چىۋىنگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.
تەنھالىقىڭغا مۆكۈنۈۋال، دوستۇم، ئۇ يەردە بوران ھۇۋۇلىماقتا. سەن شاپالداق ئەمەس.

## 13. پەرھىز

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:
ئورمانلارنى ياخشى كۆرىمەن، شەھەر بولسا ياشاشقا لايىق ئەمەس. ئۇ يەر ھاۋايى ـ ھەۋەسلەر بىلەن تولغان.
قاتىلنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش غىلجىڭ ئايالنىڭ چۈشىگە كىرىپ قېلىشتىن ياخشىراققۇ؟
قاراڭلار، بۇ كىشىلەرگە، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن شۇنداق بىر گەپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار دۇنيادا ئاياللارنىڭ قوينىدا يېتىشتىنمۇ ئارتۇق پەيزى ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ.
ئۇلارنىڭ روھىيەت چوڭقۇرلۇقى ئىپلاس نەرسىلەر بىلەن تولغان. توۋا، ئاشۇنداق مەينەتچىلىكنىڭ ئىچىدىمۇ روھ بولىدىكەن!
مۇكەممەل بولۇڭلار، ھېچ بولمىسا ھايۋانلارچىلىك! ساددىلىق بىلەن پاكلىق پەقەت ھايۋانلاردىلا.
مەن تۇغما تەبىئىتىڭلارنى يوقىتىشقا دالالەت قىلىۋاتامدىم؟ مەن تۇغما تەبىئىتىڭلاردىكى ساددىلىق بىلەن پاكلىقنى قوغداڭلار دەپ ئاگاھلاندۇرۇۋاتىمەن.
مەن سىلەرنى پەرھىزگە ئۈندەۋاتامدىم؟ پەرھىز بەزىلەر ئۈچۈن ئالىيجاناب ئەخلاق، ئەمما كۆپ ساندىكىلەر ئۈچۈن گۇناھ.
بۇنداق ئادەملەر ھەقىقەتەن ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ. لېكىن، ھەسەت ئارىلاش پەسكەش ھەۋەسلىرى قىلمىشلىرىدا مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.
ھەتتا ئۇلارنىڭ يۇكسەك ئەخلاقى ۋە سوغۇققان روھىدىمۇ بۇ نەرسە

(پەسكەش ھەۋەس) يەنىلا ئىزا سېلىپ ئۇلارغا ئارام بەرمەيدۇ.

پەسكەش ھەۋەس ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىسا، روھىي ئېھتىياجنى بۇزىدۇ.

پەسكەش ھەۋەس ئۆز نېسىۋىسىگە ئېرىشەلمىگەندە، ئۇ بىچارىلىك بىلەن روھ تىلەيدۇ!

سىلەر تىراگېدىيە ۋە ئېچىنىشلىق ئىشلارنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟ لېكىن، مەن سىلەرنىڭ پەسكەش ھەۋەسلىرىڭلاردىن گۇمانلىنىمەن.

كۆزۈڭلاردىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئازابلىنىۋاتقانلارغا ئىككىلەنمەستىن تىكىلىپ قارىيالايدۇ. نىقابلىنىپ تۇرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئازابلانغۇچىلارنىڭ قېرىنداشلىرى دەۋېلىش ھەۋىسىڭلار ئەمەسمۇ؟

يەنە بىر تەمسىل قىلىپ بېرەي: ئالۋاستىنى قوغلايمەن دەپ توڭگۇزلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغانلار ئاز ئەمەس.

ناۋادا پەرھىز تۇتۇشقا مۇمكىن بولمىسا، ئۇنى توختات. ئۇ دوزاخ يولىغا ــ روھنىڭ مەينەتلىكىگە باشلاپ بارىدىغان يولغا ئايلىنىپ قالمىسۇن.

مەينەت ئىشلاردىن سۆز ئېچىپ تاشلىدىممۇ؟ مېنىڭچە، بۇ ئەڭ ناچار ئىشلارغا كىرمەيدۇ.

بىلىم ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ھەقىقەت سۇيىنى كېچىشكە رەغدى بارماسلىقى ھەقىقەت سۇيىنىڭ مەينەتلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تېيىزلىكىدىن بولغان.

راست، بەزىلەرنىڭ خاراكتېرى ئەسلىدىنلا ئىنتايىن پاك، كۆڭلىمۇ يۇمشاق، ئۇلار سىلەرگە قارىغاندا ئوچۇق، كۈلۈمسىرىشىمۇ سۆيۈملۈك.

ــ نېمە، ئۇ پەرھىز دېگەن؟ ــ دەيدۇ ئۇلار پەرھىزدىن كۈلۈپ.

پەرھىز ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ لېكىن، ئاشۇ ھاماقەتلەرچە قىلمىش سىلەرگە يول قويسۇنكى، سىلەر ئۇنىڭغا يول بەرمەڭلار. بىز تۇرالغۇمىز بىلەن قەلبىمىزنى بۇ مېھمانلارغا تاپشۇردۇق. ئۇ بىز بىلەن بىللە. قانچىلىك ئۇزۇن تۇرسا، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇڭلار!

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



## 14. دوست

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

ــ قېشىمدا ھەمىشە ئارتۇقچە بىر ئادەم بار، ــ دەيدۇ زاھىتلار، ــ ئەسلىدىكى بىر ئادەم دائىم ئىككىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۆز ـ ئۆزۈم بىلەن قىزغىن سۆھبەتتىمەن. دوستۇم بولمىسا قانداق تاقەت قىلالايمەن؟

پەقەت ئۈچىنچى شەخسلا زاھىتلارنىڭ دوستى بولالايدۇ. ئۈچىنچى شەخس بولسا ئىككى ئادەم سۆھبىتىنى چۆكۈپ كېتىشتىن ساقلايدىغان لەيلەتمە.

ئاھ، زاھىتلار قەلبىدە چوڭقۇر يەرلەر كۆپ، شۇڭا ئۇلار ئۇنى لەيلىتىدىغان دوستلارغا موھتاج.

بىزنىڭ باشقىلارغا بولغان ئىشەنچىمىز ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىنىڭ كەملىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دوستلارغا بولغان موھتاجلىقىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھەمىشە ھەسەتنى مۇھەببەت بىلەن باستۇرىمىز. باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىپ قارشىلىقتا ئۇچرايمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاجىزلىقىمىزنى يېپىش ئۈچۈن.

ــ ھېچبولمىغاندا دۈشمىنىم بول! ــ دەيدۇ ھەقىقىي ئېھتىرام، ــ شۇ چاغدىلا دوستانە تىلەك مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئادەم دوستقا ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ دوست ئۈچۈن جەڭگاھقا بارسۇن، ئۇنىڭدا ئۇرۇش ئۈچۈن دۈشمەن بولالايدىغان قۇدرەت بولسۇن.

دوستلارنىڭ دۈشمىنىنى ھۆرمەتلەيلى. دوستۇڭغا يېقىنلىشىۋاتقۇچە، ئۇنى رەنجىتمەيمەن دېيەلەمسەن؟

دوستىمىز ئەڭ ياخشى رەقىبتۇر، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشماقچى

بولغىنىڭدا، پۈتۈن قەلبىڭ بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاش.

دوستۇڭ ئالدىدا كىيىم كىيىشنى خالىماسەن، دوستۇڭ ئالدىدىكى يالىڭاچلىقىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىڭمۇ؟ ئۇ سېنى دوزاخقا مەھكۇم بولسۇن دەپ قارغىماقتا.

كىم ئۆزىنى زىيادە ئاشكارىلىۋېتىدىكەن، ئۇ كىشىلەرنى چۆچۈتۈپ قويىدۇ. شۇڭا، ئاشكارىلىنىشتىن ساقلىنىڭلار! دەرۋەقە، ئىلاھ بولساڭلار ئىدى، پۈركەنجىلەر بىلەن يوشۇرۇنۇشتىن خىجىل بولساڭلار بولاتتى!

دوستلار ئۈچۈن زىيادە ياسىنىشمۇ توغرا ئەمەس، چۈنكى سەن ئۇلارنىڭ ئەۋلىياغا ئاتقان ئوقى ۋە ئۈمىدى بولۇشۇڭ كېرەك.

دوستۇڭنىڭ چىرايىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇخلاشلىرىغا قاراپ باققانمۇ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى تۇرقى قانداق ئىدى؟ دەل شۇنىڭ ئۆزىلا قوپال، داغ ئەينەكتىكى ئەكسىدۇر.

دوستۇڭنىڭ ئۇخلىغىنىنى كۆرگەنمۇ، ئۇنىڭ ھالىتىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنمۇ؟ ئاھ، دوستۇم، ئىنسانىيەت ھالقىتىلىشى كېرەك.

دوست دېگەن پەرەز قىلىش ۋە سۈكۈت قىلىشقا ماھىر چېچەنلەردىن بولۇشى كېرەك. ھەممىنى ئېنىق كۆرۈش ھاجەتسىز. چۈشلىرىڭ دوستۇڭنىڭ سەگەك ۋاقىتتىكى ئىشلىرىنى ئايان قىلسۇن.

ھېسداشلىقىڭ پەرەزگە ئايلانسۇن. دوستۇڭنىڭ ھېسداشلىقىڭغا موھتاج ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىشى، بەلكى سېنىڭ سوغۇق نەزىرىڭنى ھەم بىپەرۋالىقىڭنى ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈندۇر.

دوستۇڭغا بولغان ھېسداشلىقىڭنى چىش ئۆتمەيدىغان قاپ ئىچىگە يوشۇرۇپ قوي، شۇ چاغدىلا سالاپەت ۋە شېرىنلىككە ئىگە بولىدۇ.

سەن دوستۇڭنىڭ ساپ ھاۋاسىمۇ، تەنھالىقىمۇ، نېنىمۇ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



دورىسىمۇ؟ نۇرغۇنلار ئۆزى كىشەندىن قۇتۇلالمىسىمۇ، دوستىنىڭ ھۆر بولۇشىغا ياردەم قىلىدۇ.

قۇلمۇسەن؟ ئۇنداقتا، دوست بولۇشۇڭ مۇمكىن ئەمەس. زوراۋانمۇسەن؟ ئۇنداقتا، دوستۇڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇزاقتىن بېرى، قۇللۇق بىلەن زوراۋانلىق ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنۇۋالغان. شۇڭا، ئاياللار دوستلۇقنى چۈشەنمەيدۇ، ئاياللار پەقەت مۇھەببەتنىلا بىلىدۇ.

مۇھەببەت ئىچىدىكى ئاياللار ئۆزى ئۆچ كۆرىدىغان نەرسىلەرگە ناتوغرا ۋە ئۇزۇل - كېسىل مۇئامىلىدە بولىدۇ. ھەتتا ئاياللارنىڭ ئېڭىدا چاقماق ۋە قاراڭغۇ كېچىلەردىن ئىبارەت پارلاق ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ.

ئاياللار دوستلۇقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار يەنىلا ئاسلان، قۇش ياكى تېخىمۇ ئوچۇقراق ئېيتقاندا ئىنەكتۇر.

ئاياللار دوستلۇقنى چۈشەنمەيدۇ. لېكىن، ئېيتىڭلار، سىلەر ئەرلەرنىڭ ئىچىدە كىم دوستلۇقنى چۈشەنگەن؟

ئاھ، بىچارە ئەرلەر، دوستۇڭلارغا بېغىشلانغان بارلىقىڭلار ۋە پەس روھىڭلار دەل مەن دۈشمىنىمگە ھەدىيە قىلغان نەرسىلەردۇر. لېكىن، بۇنىڭ بىلەنلا كەمبەغەل بولۇپ كەتكىنىم يوق.

يولداشلىق مۇناسىۋىتى ئارقىسىدا دوستلۇق مەيدانغا كەلسە بولاتتى.

## 15. مىخبىر مەقسەت

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

زوروئاستېر نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ، نۇرغۇن مىللەتلەرنى كۆردى. شۇڭا، ئۇ مىللەتلەردىكى ياخشى - يامانلىقلارنى كۆرۈپ يەتتى. زوروئاستېر ياخشىلىق ۋە ياخشىلىقتىنمۇ ئارتۇق كاتتا ھوقۇقنىڭ

يوقلۇقىنى بايقىدى.

قىممەت ئۆلچىمى يوق ھالدا ياشىيالايدىغان بىرمۇ مىللەت يوق. بىر مىللەت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولماقچى بولىدىكەن، ئۇ باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان قىممەت ئۆلچىمىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

بىر مىللەت ياخشى دەپ قارىغان ئىشلار كۆپ ھاللاردا باشقا مىللەتلەرنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرايدۇ. بۇ مېنىڭ بايقىغانلىرىم. يەنە شۇنى بىلدىمكى، بىر يەردە رەزىللىك دەپ ھۆكۈم قىلىنغان نەرسە باشقا يەردە شان ـ شەرەپتۇر.

ئادەم قوشنىسىنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى قوشنىسىنىڭ نادانلىقى ۋە ئەسەبىيلىكىدىن چۆچۈپ تۇرىدۇ.

ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە رېكورتى بولىدۇ. قاراڭلار، ئۇلارنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان غەلىبىسىگە! قاراڭلار، ئۇلارنىڭ «ھوقۇق ئىرادىسى» (Will to Power) بابىدىكى چۇقانلىرىغا!

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئېرىشىش قىيىن بولغان نەرسە مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدۇ. ئەمما، كەم بولسا بولمايدىغان مۇشەققەتنىڭ ئۆزى ياخشىلىقتۇر. ئۇلار ئاز ھەم ئېرىشىش قىيىن بولغان، ئازابنى يەڭگىللەتكۈچى بارلىق نەرسىلەرنى مۇقەددەسلىك بىلەن سۈپەتلەيدۇ. غوجايىنلىققا كۆتۈرىدىغان، ئىستېلا ۋە شان ـ شەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان، قوشنىلارنى ئەندىشىگە سالىدىغان ۋە ئۇلاردا ھەسەت قوزغايدىغان نەرسىلەر ئەڭ يۈكسەك نەرسىدۇر، شۇنداقلا باشقا نەرسىلەرنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمدۇر.

ئەمەلىيەتتە، قېرىنداشىم، بىر مىللەتنىڭ ئېھتىياجىنى، تۇپرىقىنى ۋە ئاسمىنىنى، قوشنىلىرىنى چۈشەنسەڭلا، ئۇنىڭ باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن تۇرۇشتا تايانغان پىرىنسىپلىرىنى ھەمدە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئارزۇسىغا بىرەر شوتا ئارقىلىق يەتمەكچى بولغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەلەيسەن.

سەلتەنەتلىك ئورنۇڭنى ساقلاپ قال، باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇر، دوستلىرىڭدىن ئۆزگە كىشىلەر ھەسەتخور روھىڭنى ياخشى كۆرۈپ قالمىسۇن.

مانا بۇ گىرېكلارنى ھاياجانلاندۇرغان. نەتىجىدە، ئۇلار ئۇلۇغۋار سەپىرىنى باشلىۋەتكەن.

راست سۆزلە، ئوقيا ئىشلىتىشكە ماھىر بول. بۇ مېنىڭ نامىمنى تۇغقان مىللەتكە ئىنتايىن سۆيۈملۈك ۋە قىيىن تۇيۇلىدۇ. مېنىڭ نامىم ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ شۇنداق.

ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلە، ئۇلارغا چىن قەلبىڭدىن بويسۇن. يەنە بىر مىللەت مۇشۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى بىر لەۋھەنى ئۆز كىشىلىرىگە تونۇتقانلىقى ئۈچۈن گۈللىنىشنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ كەلمەكتە.

ساداقەتمەن بول، بۇنىڭ ئۈچۈن خەۋپ ـ خەتەرگە ۋە قۇربان بېرىشكىمۇ تەييارلان، باشقا بىر مىللەت ئۆزىنى مۇشۇنداق ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىپ كەتتى ـ دە، يەنە چەكسىز ئۇلۇغ ئارمانغا ئىگە بولدى.

ئەمەلىيەتتە، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى، ئۇلار باشقا بىر دۇنيادىن كەلگەن ئەمەس، ئىزدەپ تېپىۋېلىنغانمۇ ئەمەس، ئاسماندىن چۈشكەنمۇ ئەمەس.

ئىنسانلار بارلىق نەرسىلەرگە ئۆزى ئۈچۈن قىممەت ئاتا قىلغان. ئۇلار بارلىق نەرسىلەر ئۈچۈن ئۆزلىرىگە خاس مەنە ياراتتى! شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئادەم» دەپ ئاتىشىۋالدى، بۇ «قىممەت ئاتا قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە.

قىممەت ئاتا قىلىش ئىجادىيەتتۇر. قۇلاق سېلىڭلار، ئەي، ياراتقۇچىلار! قىممەت ئاتا قىلىشنىڭ ئۆزى قىممەتكە سازاۋەر نەرسىلەر ئىچىدىكى بىباھا دۇردانە.

قىممەت ياراتقاندىلا، ئاندىن قىممەتتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. قىممەت ئاتا قىلىنمىغان مەۋجۇدىيەت شاكالدۇر، خالاس! بۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، ئەي، قىممەت ياراتقۇچىلار!

قىممەت ئۆزگەرتىش — ياراتقۇچىنىڭ ئۆزگەرتىشىدۇر، ياراتقۇچى ئۈزلۈكسىز بۇزۇپ تۇرۇشى كېرەك.

ياراتقۇچى ئىلگىرى بىر پۈتۈن مىللەت ئىدى. كېيىن شەخس بولغان. ئەمەلىيەتتە، شەخس تېخى يېقىندا يارىتىلغان.

ئىلگىرى كۆپلىگەن مىللەتلەر ياخشىلىقنى نام ـ نىشان قىلغانىدى. ھۆكۈمرانلىق ياكى ئەل بولۇش سۆيگۈسى ئۆز ئۆچۈن مۇشۇنداق نام ـ نىشاننى ياراتقان.

ئاۋامنىڭ شادلىقى خۇسۇسىي شادلىقنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئاۋامنىڭ پايدىسى ئۈچۈن دېيىلگەندە، «خۇسۇس» ۋىجدانغا مۇخالىپتۇر.

تۇغرا، قۇۋ، رەھىمسىز «شەخسىيەت» كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۆز مەنپەئەتىنى ئىزدەيدۇ. مانا بۇ كۆپچىلىكنىڭ روناق تېپىشىدىن ئەمەس، ھالاك بولۇشىدىن بېشارەت.

سۆيگۈ ئەھلى ۋە ياراتقۇچىلار ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئىجاد قىلىپ تۇرىدۇ. مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ ئاتەشلىرى بارلىق ئەخلاقنىڭ نامىدا لاۋۇلداپ كۆيمەكتە.

زوروئاستېر نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ، نۇرغۇن مىللەتلەرنى كۆردى. ئۇ دۇنيادا سۆيگۈ ئەھلى ياراتقان نەرسىلەردىنمۇ ئۇلۇغ ئىرادىنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدى. ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى «ياخشىلىق» ياكى «يامانلىق» دەپ ئاتىۋالغان.

جازالاش ۋە مۇكاپاتلاش ھوقۇقى دېگەنلەر غەلىتە بىر نەرسە. ئېيتىڭلار، قېرىنداشلىرىم، مەن ئۈچۈن كىم ئۇنى ئەسىرگە ئالالايدۇ، كىم بۇ مەخلۇقنىڭ مىڭلىغان بويىنىنى زەنجىربەند قىلالايدۇ؟

ھازىرغا قەدەر بىرزە مىڭلاپ نىشان بولغان. چۈنكى، مىڭلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىللەت بار ئىدى. لېكىن، بۇلارنى باغلايدىغان زەنجىر تېخى تېپىلمىدى، بىر نىشان كەم بولۇۋاتىدۇ. دېمەك، ئىنسانلاردا يەنىلا مەقسەت يوق.

ئېيتىڭلار، قېرىنداشلىرىم، ئەگەر ئىنسانلاردا مەقسەت بولمىسا، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭمۇ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرمەمدۇ؟

## 16. ئىناق قوشنىدارچىلىق

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

قوشناڭلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە ئالدىرىساڭلار، ياخشى سۆزلەرنى كۆپ قىلىڭلار. لېكىن، سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، قوشنىلارغا ياخشى بولۇش ئۆزىنى سۆيۈشكە خىلاپ.

ئۆزۈڭلاردىن يىراقلىشىش ئۈچۈن قوشناڭلار بىلەن ياخشى ئۆتىسىلەر، قوشنىلار بىلەن ئەپ ئۆتۈشنى پەزىلەت دەپ بىلىسىلەر. لېكىن، مەن سىلەرنىڭ «شەخسىيەتسىز» ھەرىكىتىڭلارنىڭ تېگىگە يەتتىم.

«سەن» «مەن» دىن ئەزىز، مانا بۇ «مەن»نىڭ ئەمەس، «سەن»نىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلۇشى. قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە ئالدىرايسىلەر.

مەن سىلەرگە شۇڭا قوشناڭلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار دېمىگەنمىدىم؟ ئۇنىڭدىن كۆرە قوشنىلاردىن ئۆزۈڭلارنى تارتىپ، يىراقراق بىرىنى سۆيۈڭلار دېگىنىم تۈزۈك.

يىراقتىكىلەرنى ۋە كەلگۈسىدىكىلەرنى سۆيۈش قوشنىلارنى سۆيۈشتىن ئەلا، لېكىن نەرسىلەرگە ۋە خىيالەن سىمالارغا بولغان مۇھەببەت ئىنسانىيەتكە بولغان مۇھەببەتتىن ئەلا.

قېرىندىشىم، ئالدىڭدىكى خىيالەن سىما ئۆزۈڭگە قارىغاندا كۆپ گۈزەل، ئۇستىخان ۋە بولجۇڭلىرىڭنى نېمىشقا ئۇنىڭغا ئاتا قىلمايسەن؟ ئەمما، قورققىنىڭدىن قوشنىلار ئارىسىغا كىرىۋالىسەن.

ئۆزۈڭنى ياراتمايسەن، ئۆزۈڭنى سۆيۈشۈڭ يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭا، قوشناڭغا كۆڭلۈڭنى بېرىپ، ئۇنىڭ خاتالىقى بىلەن ئۆزۈڭنى ياپماقچى بولىسەن.

ئەتراپىڭدىكىلەر ۋە قوشنىلىرىڭدىن قانائەت قىلما، ئۆزۈڭ ئۈچۈن دوست تاپ ۋە ئۇلارنىڭ قايناق قەلبىنى يارات.

ماختانماقچى بولساڭ، گۇۋاھچى چاقىرىسەن، ئۇلار سېنى ياقتۇرسا، ئۆزۈڭنى ياخشى دەپ ئىشەنچ تۇرغۇزىسەن.

كاززاپلار ئۆزىنى بىلمەسكە سالالىغانغا ئوخشاش، يەنە بىلمەي تۇرۇپ ئۆزىنى بىلەرمەنمۇ كۆرسىتەلەيدۇ. سىلەر كىشىلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغاندا، ئۆزۈڭلارنى ئاگاھلاندۇرىسىلەر، قوشناڭلارنى ئالدايسىلەر.

ئەخمەقلەر شۇنداق دەيدۇ: «كىشىلىك مۇناسىۋەت كىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق ئادەم ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.»

بۇنداق ئادەمنىڭ قوشنىلار بىلەن ئالاقە قىلىشىدىكى مەقسەت ئۆزىنى ئىزدەش. باشقىلارنىڭ مەقسىتى بولسا، ئۆزىدىن قۇتۇلۇش. سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارغا بولغان خاتا سۆيگۈڭلار يېگانىلىكىڭلارنى زىندانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى.

يىراقتىكىلەر قوشناڭلار ئۈچۈن كۆپ بەدەل تۆلىدى. بەش ئادەم بىر يەرگە جەم بولغاندا، ئالتىنچى ئادەمنىڭ بولۇشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس.

سورۇنۇڭلارنىمۇ ياقتۇرمايمەن. ئۇ يەردە داغۋازلار كۆپ، ھەتتا تاماشىبىنلارمۇ شۇلارغا ئوخشاپ قالغان.

سىلەرگە قوشنىلار بىلەن قانداق ئۆتۈشنى ئۆگەتمەكچى ئەمەسمەن، پەقەتلا قانداق دوست تۇتۇشنى ئۆگەتمەكچىمەن. دوستۇڭلار تۇپرىقىڭلاردىكى بايرام ۋە ئەۋلىيانىڭ بېشارىتى بولسۇن.

مەن سىلەرگە دوست تۇتۇشنى ۋە ئۇلارنىڭ قايناق قەلبىنى

uyghurkitap.com



ئىگىلەشنى ئۆگىنىمەن. ئەگەر دوستۇڭلارنىڭ قايناق سۆيگۈسىگە ئېرىشمەكچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارنى يۇمشاق بولۇتقا ئايلاندۇرۇشنى ئۆگىنىڭلار.

مەن سىلەرگە قەلبىمدە مۇكەممەل دۇنيانى ساقلاپ قالغان، سەمىمىي، گۈزەل قىياپەتلىك دوستلارنى تېپىشنى ئۆگىتىمەن. بۇنداق مۆتىۋەر دوستلار مۇكەممەل دۇنياسىنى بېغىشلاشقا ھەرقاچان تەييار.

گويا رەزىللىك ياخشىلىققا، تاسادىپىيلىق مەقسەتكە ئايلانغاندەك، دۇنيا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىلىدۇ ھەم يېپىلىدۇ.

يىراقتىكىلەر ۋە كەلگۈسىدىكىلەرنى بۈگۈنكى ھەرىكىتىڭنىڭ تۈرتكىسى قىل. دوستۇڭنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەۋلىيانى سۆي، خۇددى ئۇنىڭ سەۋەبچىسىنى سۆيگەن كەبى.

قېرىنداشلارغا قوشنىلارنى سۆي دېمەيمەن. يىراقتىكىلەرنى سۆي دەيمەن.

## 17. يارىتىش يولى

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

قېرىندىشىم، تويتىن خالىي، يېگانە ئۆتۈشنى ئويلامسەن، سەن ئۆزلۈككە يېتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەمسەن؟ سەل توختا، دەۋەتلىرىمگە قۇلاق سال:

«سىرتقا ئىنتىلگەن ئادەم ناھايىتى ئوڭايلا ئېزىپ قالىدۇ. دۇنيانى تەرك ئېتىش خاتا.» ئاۋام شۇنداق دەيدۇ. سەن ئەسلىدىنلا ئاۋامغا مەنسۇپ.

قەلبىڭدە ئاشۇ سۆزنىڭ ئەكس ساداسى. شۇ چاغدا سەن دەيسەن: «ئەمدى سىلەر بىلەن ئوخشاش خىيالدا ئەمەسمەن.» مانا بۇ نارازىلىق ۋە ئازابتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

قارا، ئازابنى ئاۋامنىڭ ئورتاق ئېڭى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ

ئاڭنىڭ قالدۇق نۇرلىرى يەنىلا ئازابلىرىڭدا چاقنىماقتا.

لېكىن، سەن بۇ مۇشەققەتلىك يولغا — ئۆزلۈكنى ئىزدەش يولىغا قەدەم قويۇشنى خالامسەن؟ ئۇنداقتا، نوپۇزۇڭ بىلەن كۈچۈڭنى نامايان قىل!

سەن يېڭى كۈچ ۋە نوپۇزمۇ، تۈنجى سەۋەب ياكى ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدىغان چاقمۇ، سەييارىلەرنى ئەتراپىڭدا چۆرگىلىتەلەمسەن؟

ئاھ، نۇرغۇن پىكىرلەرنىڭ كۆرەكتىن ھېچقانداق پەرقى يوق. كۆرەك يەل بىلەن تولغاندا تېخىمۇ قۇرۇق بولىدۇ.

ئاھ، يۈكسەلگەن ئارمانلار نېمىدېگەن كۆپ! غەرەزلىكلەر ئوغاي ھاياجانلىنىدۇ! ھەۋەس ۋە غەرەز تەشنالىقىدا يۈرگەن ئادەم ئەمەسلىكىڭنى نامايان قىل!

سەن ئۆزۈڭنى ئەركىن ئادەم دەپ چاغلامسەن؟ مەن كىشەندىن قۇتۇلۇش سادالىرىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭ قولغا كەلتۈرگەن ئوي-پىكىرلەرنى ئاڭلاشنى خالايمەن.

سەندە جىسمىڭدىكى كىشەندىن قۇتۇلغۇدەك قۇۋۋەت بارمۇ؟ نۇرغۇن كىشىلەر باركى، كىشەندىن قۇتۇلۇش بىلەنلا ئەڭ ئاخىرقى كىچىككىنە قىممىتىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ.

ئەركىنلىكنى قەيەردىن ئالىسەن؟ بۇنىڭ زوروئاستېر بىلەن نېمە ئالاقىسى! كۆزلىرىڭ ئىشەنچلىك جاۋاب بېرەلىسۇن: ئەركىنلىكنى نېمىشقا ئىلىش كېرەك؟

ئۆزۈڭنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا ھۆكۈم قىلالامسەن، ئىرادەڭنى قانۇن كەبى كۈچكە ئىگە قىلالامسەن، ئۆز-ئۆزۈڭنى سوتلاپ، ئادالەتسىز قانۇنىڭنىڭ قىساسكارى بولالامسەن؟

ئۆز قانۇنىڭنىڭ سوتچىسى ۋە قىساسكارى بىلەن تەنھا بىللە بولۇش ئىنتايىن قورقۇنچلۇق. بىر پىلانېتا بوشلۇققا ۋە تەنھالىق ھاۋاسىغا ئەنە شۇنداق تاشلانغان.

تەنھا سۈپىتىڭ بىلەن ئاۋام ئۈچۈن ھەسرەت چېكىۋاتىسەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سولماس قەيسەرلىكىڭ ۋە ئۈمىدىڭنى يەنىلا ساقلاپ قالدىڭ.

لېكىن، ھامان بىركۈنى تەنھالىقىڭ سېنى بىزار قىلىدۇ، مەغرۇرلۇقۇڭ سۇنىدۇ، قەيسەرلىكىڭ تۈگەيدۇ. ھامان بىركۈنى «مەن تەنھا» دەپ ۋارقىرايسەن.

ھامان بىركۈنى يۈكسەك ئوبرازىڭنى كۆرەلمەيسەن، پەقەت ئەرزىمەس تەرىپىڭلا قېپقالىدۇ، شان ـ شەرىپىڭ سېنى ئەرۋاھلاردەك چۆچۈتۈۋېتىدۇ. ھامان بىركۈنى «ھەممىسى ساختا!» دەپ ۋارقىرايسەن.

ھېسسىيات ھامان شۇنداق بىگانىلەرنى قەتل قىلماقچى بولىدۇ، ئۇنداق قىلمىسا ئۆزى ھالاك بولىدۇ. ئەمما، شۇنداق قىلىشقا قولۇڭ بارامدۇ؟

قېرىنداشىم، «كەمسىتىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىڭمۇ؟ سېنى كەمسىتكەن كىشىلەرگە ئادىللىق قىلىشنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىدىڭمۇ؟

ئۆزۈڭگە يات قاراشلاردا بولغان كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئۆزگەرتىشىڭ، ئۇلار سەندىن نارازى بولىدۇ. سەن ئۇلارغا يېقىنلاشتىڭ، يېقىنلاشتىڭ ـ يۇ، سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتتىڭ. شۇڭا، ئۇلار سېنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ.

ئۇلارنىڭ ئالدىدا كېتىپ بارىسەن. لېكىن، سەن يۈكسەلگەنسېرى، ھەسەتخورلارنىڭ كۆزىگە ئەرزىمەس بولۇپ كۆرۈنىسەن. پەرۋاز قىلىۋاتقانلار باشقىلارنىڭ لەنەت ـ نەپرەتلىرىگە بەكرەك ئۇچرايدۇ.

«سىلەر ماڭا لىللا قارىيالامتىڭلار؟» دەيسەن ئۇلارغا. مەن سىلەرنىڭ ناتوغرا قارىشىڭلارنى ئۆزۈمگە مۇناسىپ دەپ قارايمەن.

ئۇلارنىڭ زاھىتلارغا بەرگىنى ئادالەتسىزلىك بىلەن ھاقارەت. بىراق، قېرىنداشىم، يۇلتۇز بولماقچى بولساڭ، ئۇلار بىلەن ھېسابلاشماي نۇرۇڭنى چېچىۋەر!

ئاق كۆڭۈللەر ۋە ئادىللاردىن پەخەس بول! ئۇلار ئەخلاق ئۆلچىمى ياراتقانلارنى مىخلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار زاھىتلارنى ئۆچ

كۆرىدۇ.

ساپلىقنى مۇقەددەس چۈشىنىدىغانلاردىنمۇ ئېھتىيات قىل! ئۇلارچە ساپ بولمىغان نەرسىلەر رەزىلدۇر. ئۇلار ئوت بىلەن ئوينىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ ــ چېكىدىن ئاشقانلارنى ئۆرتەيدىغان ئوتنى ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ.

مۇھەببىتىڭنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن ھەزەر ئەيلە! زاھىتلار تەنتەكلىك قىلىپ، ئۇچرىغانلىكى كىشىگە ئالدىراپ قول بېرىدۇ.

بەزىلەرگە قول بېرىش ھاجەتسىز، ئۇلارغا پۇتۇڭنى سۇنساڭلا، بەس! ياخشىسى پۇتلىرىڭدا ئۆتكۈر تىرنىقىڭ بولسۇن!

بىراق، ئۇچرىتىشىڭ مۇمكىن بولغان ئەڭ چوڭ دۈشمەن يەنىلا ئۆزۈڭ. سەن غار ۋە ئورمانلارغا يوشۇرۇنغان ھالدا ئۆزۈڭگە خىرىس قىلىشقا تەييارسەن.

تەنھا سۈپىتىڭ بىلەن ئۆلۈكنى ئىزدەش يولىدا ماڭدىڭ! بىراق، ئۆزۈڭدىن ۋە يەتتە ئالۋاستىڭدىن ئۆتۈپ كېتىشىڭ كېرەك.

ئۆز ـ ئۆزۈڭگە پېرىخون، پالچى، ساراڭسەن؛ گۇمانخور، ئەدەپسىز، قارا نىيەتسەن.

ۋۇجۇد گۈلخانىڭدا كۆيۈشكە دائىم تەييار بول، كۈلگە ئايلانماي تۇرۇپ، يېڭى ھاياتقا قانداق ئېرىشەلەيسەن؟

تەنھا سۈپىتىڭ بىلەن يارىتىش يولىغا ماڭدىڭ. يەتتە ئالۋاستىڭدىن بىر خۇدا ياراتماقچى بولدۇڭ!

تەنھا سۈپىتىڭ بىلەن يارىتىش يولىغا ماڭدىڭ. ئۆزۈڭنى سۆيگەچكە ئۆزۈڭنى كەمسىتىسەن، خۇددى ئاشۇ رەھىمدىللار كەبى.

رەھىمدىللار ھەممە نەرسىنى كەمسىتىپ، يېڭىنى ياراتماقچى بولىدۇ! ئۇ ئۆزى سۆيگەن نەرسىلەرنى كەمسىتىشكە جۈرئەت قىلالمىسا، مۇھەببەتنى نېمە بىلسۇن؟!

قېرىندىشىم، مۇھەببىتىڭ بىلەن يارىتىش قۇدرىتىڭنى تەنھالىقىڭغا ئېلىپ كەت، ھەققانىيەت كەينىڭدىن ئۆزى يېتىپ بارىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


قىرىنداشىم، كۆز ياشلىرىمنى تەنھالىقىڭغا ئىلىپ كەت، مەن ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىش ئۈچۈن قۇربان بولغانلارنى بەك قەدىرلەيمەن.

## 18. موماي ۋە چوكان

زورروئاستىر شۇنداق دەيدۇ:

زورروئاستىر، سەن نېمىدەپ بۇ گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدا تىمىسقىلاپ يۈرىسەن، پەرەنجەڭگە يوشۇرۇۋالغىنىڭ نېمە ئۇ، ئۇ باشقىلار ساڭا ھەدىيە قىلغان تەۋەررۇكمۇ ياكى يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان پەرزەنتىڭمۇ؟ ۋە ياكى سەن ئالۋاستىغا شېرىك بولۇپ ئوغرىلىق قىلىۋاتامسەن؟

— قىرىنداشىم، — دېدى زورروئاستىر، — ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىۋالغان بۇ كىچىككىنە ھەقىقەت باشقىلار تەقدىم قىلغان ئەڭگۈشتەردۇر. لېكىن، ئۇ سەبىي بالىدەك بەك شوخ، ئاغزىنى تۇتۇۋالمىسام، ۋارقىراپ سالىدۇ. بۈگۈن قۇياش ئولتۇرار پەيتىدە، يالغۇز كېتىپ باراتتىم، ئالدىمغا بىر موماي ئۇچرىدى. ئۇ مېنىڭ روھىمغا شۇنداق دېدى:

«زورروئاستىر، بىز ئاياللارغا نۇرغۇن ۋەز ئېيتقان. لېكىن، ئۇ ئاياللار ھەققىدە ھېچنېمە دېگەن ئەمەس.»

«ئاياللار ھەققىدە پەقەت ئەرلەرگىلا سۆزلەيمەن» دېدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن.

«ماڭىمۇ سۆزلەپ بەرگىن، — دېدى ئۇ، — ياشىنىپ قالدىم، سۆزلىگەنلىرىڭنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىمەن.»

مەن ئۇنىڭغا ماقۇل بولدۇم:

«ئاياللارنىڭ ھەممىسى بىر سىر، شۇنداقلا ئۇنىڭ يېشىمىمۇ بىر، ئۇ بولسىمۇ تۇغۇش.»

ئەرلەر ئاياللىرى ئۈچۈن پەقەت بىر قورال، مەقسەت تۇغۇش. بىراق، ئاياللار ئەرلەرگە نىسبەتەن نېمە؟

ھەقىقىي ئەر ئىككى نەرسىگە موھتاج: بىرى، خەۋپ ـ خەتەر؛ يەنە بىرى، ئويۇن. شۇڭا، ئۇلار ئاياللارنى ئەڭ خەۋپلىك ئويۇن قىلىش ئۈچۈن ئاياللارغا موھتاج.

ئەرلەر ئۇرۇش ئۈچۈندۇر، ئاياللار بولسا جەڭچىلەر ئۈچۈندۇر، باشقىسى ھاماقەتلىك.

جەڭچىلەر زىيادە شېرىن مېۋىلەرنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلار ياخشى ئاياللارنى ياقتۇرىدۇ. چۈنكى، ئەڭ شېرىن ئايالنىڭمۇ قىرتاق يەرلىرى بولىدۇ.

ئاياللار بالىلارنى ئەرلەردىن ياخشىراق چۈشىنىدۇ. لېكىن، ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا ساددا كېلىدۇ.

ھەقىقىي ئەرلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ھامان بىر بالا يوشۇرۇنغان بولىدۇ ــ ئۇ ئويۇننىلا ئويلايدۇ. سىلەر ئاياللار ئەرلەرنىڭ قەلبىدىكى بالىنى تېزراق تېپىڭلار!

ئاياللار سۈزۈك ۋە ئەپچىل ئويۇنچۇققا ئوخشايدۇ، ئۇلار خۇددى ياقۇتتەك كەلگۈسى دۇنيانىڭ ئەخلاقىي نۇرلىرىنى چاچىدۇ.

سەييارىلەر مۇھەببىتىڭلاردا پارلانسۇن! ئىستىكىڭلار: «بىر ئەۋلىياغا ھامىلىدار بولسام!» دېسۇن.

مۇھەببىتىڭلار شانلىق بولسۇن! ئاياللار شان ـ شەرەپنى ئانچە چۈشەنمەيدۇ. شان ـ شەرىپىڭلار سۆيۈلۈشتە ئەمەس، سۆيۈشتە ھەم ئارقىدا قالماسلىقتا!

ئاياللار سۆيگەندە، ئەرلەر چۆچۈپ كەتسۇن. بۇنداق چاغدا ئاياللار ھەرقانداق قۇربانلارنى بېرىشكە قادىر، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا باشقا نەرسىلەر قىممەتسىز.

ئاياللار نەپرەتلەنگەندە، ئەرلەر چۆچۈپ كەتسۇن. چۈنكى، ئەرلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئېسىل بولمىسا، ئاياللارنىڭ ئىچكى دۇنياسى پەسلىشىپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئاياللار كىمدىن ئەڭ نەپرەتلىنىدۇ؟ تۆمۈر ماگنىتقا شۇنداق دەپتۇ: مەن سېنى ئەڭ ئۆچ كۆرىمەن، چۈنكى سەن مېنى ئۆزۈڭگە تارتساڭمۇ، يېپىشتۇرالىغۇدەك كۈچۈڭ يوق.

ئەرلەرنىڭ بەختى «قىلىشىم كېرەك» دېگەن سۆزدە، ئايالالارنىڭ بەختى «قىلىشى لازىم» دېگەن سۆزدە.

قاراڭلار، دۇنيا ۋايىغا يەتتى. ھەربىر ئايال بارلىق ئەرلەرگە پۈتكۈل مۇھەببىتى بىلەن ئەل بولغان چاغدا ئەنە شۇنداق ئويلايدۇ.

ئايالالار بويسۇنغان ھالدا ئۆزىنىڭ يۈزەلىكى ئۈچۈن چوڭقۇرلۇق ئىقابىنى ئىزدىشى كېرەك. ئايالالارنىڭ روھى تېيىز سۇ يۈزىدىكى جىمىرلاشقا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئەرلەرنىڭ روھى چوڭقۇر بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك ئېقىنلىرى زېمىن تەكتىدىكى يۈلەكلەردىن دولقۇنلاپ ئۆتىدۇ. ئايالالار بۇنداق كۈچنى ھېس قىلسىمۇ، چۈشىنەلمەيدۇ.

— زوروئاستېر نۇرغۇن قىممەتلىك سۆزلەرنى ئېيتتى، — دېدى موماي جاۋابەن، — بولۇپمۇ چوكانلار ئۈچۈن شۇنداق.

ھەيرانمەن، زوروئاستېر ئايالالارنى چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن ئايالالار ھەققىدە ئېيتقانلىرى ناھايىتى يوللۇق بولدى! ئايالالارنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇمكىنسىز ئىشلار يوقمۇ؟

ساڭا بولغان مىننەتدارلىقىمنى كىچىككىنە بىر ھەقىقەت بىلەن ئىزھار قىلاي، مۇشۇ يېشىم بىلەن ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىشقا لايىقمەن.

ئۇنى يۆگەپ، ئاغزىنى مەھكەم ئەت، بولمىسا بۇ كىچىككىنە ھەقىقەت ۋارقىراپ كېتىدۇ.

— ئەي، مەزلۇم، ئاشۇ كىچىككىنە ھەقىقەتنى ماڭا بەر، — دېدىم مەن.

— ئايالالارنىڭ قېشىغا بارماقچىمۇ سەن؟ ئۇنداقتا قامچاڭنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالما، — دېدى موماي.

## 19. يىلاننىڭ چېقىشى

زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ:

بىركۈنى، زوروئاستىر بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئۇخلاپ قالدى، ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، ئۇ قوللىرى بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى ئېتىۋالغانىدى. توساتتىن بىر يىلان كېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا نەشتەر ئۇردى؛ زوروئاستىر ئاغرىق دەستىدىن ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. زوروئاستىر يىلانغا قارىدى، يىلانمۇ زوروئاستىرنى تونۇپ قېلىپ، پالاقشىپ قېچىشقا باشلىدى.

— قاچما! — دېدى زوروئاستىر، — ساڭا تېخى رەھمەت ئېيتمىدىم، مەنزىلىم يىراقتا ئىدى، سەن مېنى دەل ۋاقتىدا ئويغىتىۋەتتىڭ.

— مەنزىلىڭنىڭ يېقىنلىشىشىدىن قورقىمەن، — دېدى يىلان مەيۈسلۈك بىلەن، — زەھىرىم ئادەم ئۆلتۈرۈشكە قادىر.

— سەن ئەجدىھانىڭ يىلان زەھىرىدىن ئۆلگىنىنى كۆرگەنمۇ؟ — دېدى زوروئاستىر كۈلۈمسىرەپ، — زەھىرىڭنى قايتا شۈمۈرۈۋال، سېنىڭ ماڭا بەرگۈدەك كۆپ زەھىرىڭ يوق!

يىلان ئۇنىڭ بوينىدىن زەھىرىنى شۈمۈرۈۋالدى.

كېيىن، زوروئاستىر بۇ ئىشلارنى مۇرىتلىرىغا سۆزلەپ بەردى.

— زوروئاستىر، بۇ ھېكايىنىڭ ئەخلاقىي مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇلار.

— ئەخلاقتىن ئىبارەت، — دېدى زوروئاستىر.

— ئاشۇ ئاق كۆڭۈل، ھەققانىي كىشىلەر مېنى ئەخلاقنىڭ بۇزغۇنچىسى دېيىشىدۇ، مېنىڭ بۇ ھېكايەم غەيرىي ئەخلاقتىن ئىبارەت.

ئەگەر دۈشمىنىڭلار بار بولسا، جاپاغا ۋاپا بىلەن جاۋاب

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قايتۇرۇڭلار. چۈنكى، ئۇ بۇنىڭدىن نومۇس قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار.

غەزەپلىنىش ھاقارەتلەشتىن تۈزۈك! قارغاشقا ئۇچرىغىنىڭلاردا، باشقىلارنىڭ بەخت تىلىشىگە قاراشلىق بولۇپ قالمىغىنىڭلاردىن خۇشال بولىمەن. سىلەرمۇ قارغاڭلار!

باشقىلار سىلەرگە ھەددىدىن زىيادە ئۇۋال قىلسا، سىلەرمۇ باشقىلارغا ئادەتتىكى ئۇۋالچىلىقتىن بەش مەرتەم قىلىڭلار. ئۇۋالچىلىقنى يالغۇز تارتىش ئىنتايىن قىيىن.

بىلەمسىلەر؟ ئادالەتسىزلىككە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى تەڭلا ئۇچرىسا، بۇمۇ بىر خىل ئادالەت بولامدۇ؟ ئۇۋالچىلىققا چىدىغان ئادەم كۆپرەك ئۇۋالچىلىق تارتىمىقىمۇ ھەق!

ئاز - تولا قىساس مۇتلەق قىساسسىزلىققا قارىغاندا ئىنسانىي تەبىئەتكە يېقىن. جازا گۇناھكارغا نىسبەتەن ھوقۇق ياكى شان - شەرەپكە ئايلانمىسا، مەن بۇنداق جازانى ياقتۇرمايمەن.

ئۆزى ئۇۋالچىلىققا قېلىپ تۇرۇپمۇ ئادالەتنى قوغداش ئالىي پەزىلەتتۇر، ئۆزىگە نىسبەتەن ئەھمىيەتلىك بولغاندا تېخىمۇ شۇنداق، بۇنىڭغا مەردلىك كېرەك.

تاش يۈرەك، رەھىمسىز ئادىللىقنى ياقتۇرمايمەن. سىلەردەك سوتچىلارنىڭ كۆزىدىن قاتىللارنىڭ پەرۋاسىزلىقىنى ۋە كىشىنى شۈركۈندۈرىدىغان تىغنى كۆرىمەن.

قېنى ئېيتىڭلار، پاك مۇھەببەتلىك كۆزدىكى ئادىللىقنى نەدىن تاپىمىز؟

ماڭا بارلىق جازا ۋە گۇناھلارنى ئۈستىگە ئالالايدىغان مۇھەببەتنى تېپىپ بېرىڭلار!

ماڭا سوتچىدىن باشقىلىرى گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلىدىغان ئادالەتنى تېپىپ بېرىڭلار!

گېپىمنى ئاڭلاشنى خالامسىلەر؟ ئادالەتنى چىن دىلىدىن

ئىز دەيدىغان ئادەمنىڭ يالغان گېپىمۇ ئىنسانىيەتكە بولغان مۇھەببەتتۇر.

لېكىن، قانداق قىلغاندا چىن ئادالەت ئىگىسى بولالايمەن؟ قانداق قىلغاندا كىشىلەر موھتاج بولغان ھەرقانداق نەرسىنى بېرەلەيمەن؟ ھەربىر كىشىگە ئۆزۈمگە خاس نەرسىلەرنى بېرەي، يەنىلا شۇنداق قىلغىنىم تۈزۈك.

زاھىتلارغا تەگمەڭلار، قېرىنداشلىرىم، بولمىسا ئۇلار كۆڭلىدە ساقلاپ قويىدۇ ھەم قىساس ئالىدۇ!

زاھىتلار چوڭقۇر قۇدۇققا ئوخشىشىدۇ. قۇدۇققا تاش ئېتىش ئاسان. لېكىن، قېنى ئېيتىڭلار، تاش چۆكۈپ كەتسە، ئۇنى كىم ئاچىقالايدۇ؟ زاھىتلارغا ھەرگىز تەگمەڭلار! تەگكەنىكەنسىلەر، ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!

## 20. پەرزەنت ۋە نىكاھ

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

قېرىندىشىم، سەندىن بىر ئىشنى سورايمەن: دېڭىز ئۆلچەش ئەسۋابىغا ئوخشاش بۇ مەسىلىنى روھىڭغا تاشلىدىم، روھىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلەي دەيمەن.

ھەمىشە پەرزەنت ۋە نىكاھ ئۈمىدىدە سەن. بىراق، سەندىن سوراپ باقاي، ھەمىشە پەرزەنتلىك بولۇشقا لايىقمۇسەن؟

سەندىن سوراپ باقاي: غالىبمۇسەن ياكى ئۆزىنى تۇتۇۋالغۇچىمۇ، ھەۋەسلىرىنى باشقۇرالىغۇچىمۇ، ئەخلاقىڭنىڭ غوجايىنىمۇ؟

سېنىڭ ئۈمىدىڭ بىر ھايۋان ۋە ئېھتىياجمۇ، تەنھالىقتىن قورقۇشمۇ، ئۆزلۈكتىكى تەرتىپسىزلىكمۇ؟

غالىبىيىتىڭ ۋە ئازادلىقىڭنىڭ پەرزەنت ئىستىكىدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، غالىبىيىتىڭ ۋە ئازادلىقىڭنىڭ تىرىك ئابىدىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىكلە.

ئۆزۈڭدىن ھالقىغان بارلىقنى يارات. بۇنىڭ ئۈچۈن روھىڭ بىلەن تېنىڭنىڭ بالاغەتتىنى تاپ.

ئالدىڭغىلا ئەمەس، ئۈستۈڭگىمۇ كېڭەي! نىكاھ باغلىرىنىڭ ھەممىتىنى ئال!

سەن ئالىي بىر تەننى، باشلانغۇچ بىر ھەرىكەتنى، ئۆزلۈكىدىن ئايلىنار چاقنى ــ ياراتقۇچىنى يارات.

نىكاھ دېگىنىم، ئىككى ئادەمنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆزلىرىدىنمۇ ئۈستۈن بولغان ئادەمنى يارىتىشتۇر؛ نىكاھ دېگىنىم، ئۆزئارا ھۆرمەت، يەنى ئاشۇ ئىرادە ئىگىلىرىنىڭ ھۆرمىتىدۇر.

بۇنى نىكاھىڭنىڭ مەنىسى ۋە ھەقىقىتىگە ئايلاندۇر. لېكىن، ئارتۇقچە ئادەمنىڭ تىلىدىكى نىكاھنى ھەمدە ئاشۇ ياساپ چىقىلغان ئارتۇقچە ئادەملەرنى ــ ھەي، ئۇلارنى نېمەدەپ چاقىراي؟ ئاھ، بىچارە ۋە مەينەت بىر جۈپ روھلارغۇ بۇ! ئاھ، كۆپەيتىلگەن بىچارە قانائەت!

ئۇلار بۇنى توي دەيدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەرىكىسى ئۇ دۇنيادا ئادا بولىدۇ. بولمىسا، ئارتۇقچە ئادەملەر بىلەن تولغان ئۇ دۇنيانى ياقتۇرمايمەن، ئۇ دۇنيانىڭ تورلىرى بىلەن چىرمالغان مەخلۇقلاردىنمۇ سۆيۈنمەيمەن.

شۇنداق، ئاشۇ تەڭرى ماڭا يېقىنلاشمىسۇن، ئۇ ئاقسىغانچە كېلىپ، ئۆزى بىلەن بىرلەشمىگەن ھەممە نەرسىگە بەخت تىلەيدۇ.

نىكاھتىن كۈلمەڭلار! ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىدىن ھەسرەتلەنمەسلىككە ھەقلىق قايسى بالا بار؟

مېنىڭچە، مۇنۇ ئادەم ھۆرمەتكە سازاۋەر: ئۇ كامالەتلىك ھەم زېمىن مەنىسىنىڭ ساھىبى. لېكىن، ئۇنىڭ خوتۇننى كۆرۈپلا، دۇنيانى ساراڭلار شىپاخانىسىغا ئوخشىتىپ قالدىم.

ئاھ، دانىشمەن بىلەن چىشى ئۆردەكنى بىللە كۆرسەم راستىنلا يەر تەۋرىسە دەيمەن.

تەۋەككۇلچى قەھرىمانلاردەك سەپەر قىلىپ ھەقىقەت ئىزدەپ چىققان بىر ئادەم. نەتىجىدە، ئۇ ئالدىقاچان زىننەتلەنگەن يىرىم - يارتا بىر يالغان ئىبادەتگاھقا ئىبىرىشتى. ئۇ بۇنى نىكاھ دەپ ئاتىۋالدى.

ئۇ ئادەم دوستلۇقتا ئېھتىياتچان، ئوقۇرى بەك ئېگىز. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەمراھ تاللاش شەرتلىرىنى بىردىنلا چۈشۈردى. ئۇ بۇنى نىكاھ دەپ ئاتىۋالدى.

پەرىشتە خۇيلۇق دىدەك ئىزدىگەن يەنە بىر ئادەم! لېكىن، ئۇ بىردىنلا بىر خانىمنىڭ دىدىكىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ پەرىشتىگە ئايلىنىشقا تەقەززا.

ئېھتىياتچان ۋە چېچەن خېرىدارلارنى كۆرگەنمەن. بىراق، ئەڭ چېچەن خېرىدارمۇ قارىغۇلارچە خوتۇن تاللىماقتا.

قىسقا داۋام قىلىدىغان ئەسەبىيلىكىڭلار بار. بۇ سىلەرنىڭ ئاتالمىش سۆيگۈڭلاردۇر. ئۇ توي بىلەنلا ئاخىرلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۇزاق مۇددەتلىك كالۋالىق ھۆكۈم سۈرىدۇ.

سىلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان مۇھەببىتىڭلار ھەم ئاياللارنىڭ سىلەرگە بولغان مۇھەببىتى. ھەي، بۇلار يوشۇرۇن ۋە ئازاب ئىشتىكۈچى ئىلاھقا بولغان بىر خىل ھېسداشلىق! ئەمما، بۇ ئىككى مەخلۇق بىر - بىرىنى ئوغرىلىقچە ئىزدەيدۇ.

سىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇھەببىتىڭلارمۇ بىر خىل دەلتىلىك ۋە ئازابتىن ئىبارەت.

مۇھەببەت سىلەرنىڭ ئۆرلەش يولۇڭلارنى يورۇتىدىغان ئوتقاش.

ھامان بىر كۈنى ئۆزۈڭلاردىن ھالقىغان بارلىقنى سۆيىسىلەر! شۇڭا، ئاۋۋال سۆيۈشنى ئۆگىنىڭلار! بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەببەتنىڭ جامىمۇ ئاچچىق شاراب بىلەن تولغان. شۇڭا، ئۇ ئەۋلىيانىڭ تەشنالىقىنى قوزغايدۇ، سەندەك بىر ياراتقۇچىدىمۇ تەشنالىق قوزغايدۇ.

ئۆزىنى ئەۋلىيالىق پەللىسىگە ئىتىلغان ئوققا ئايلاندۇرۇش ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەۋلىيالىق ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ياراتقۇچىنىڭ ئارزۇسىدۇر. ئېيتقىنا، قېرىندىشىم، سېنىڭ نىكاھ ئىرادەڭ ئاشۇنداقمۇ؟
مېنىڭچە، ئاشۇنداق ئىرادە ۋە نىكاھ مۇقەددەس بولىدۇ.

## 21. ئىختىيارىي ئۆلۈم

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:
نۇرغۇن كىشىلەر كېچىكىپ ئۆلىدۇ، بەزىلەر بالدۇرلار ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن، مۇنۇ ھېكمەت ئەڭ غەلىتىلىك ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۆلگۈڭ كەلسە ۋاقتىدا ئۆل.
ۋاقتىدا ئۆل! زوروئاستېر شۇنداق ئۆگىتىدۇ.
لېكىن ۋاقتىدا تۇغۇلالمىغانلار قانداقمۇ ۋاقتىدا ئۆلسۇن؟ ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ تۇغۇلمىغىنى تۈزۈك! ــ ئارتۇقچە ئادەملەرگە شۇنداق دەيمەن.
بىراق، ئەڭ پۇچەك ياڭاقمۇ چېقىلىشنى ئارزۇ قىلغاندەك، ئارتۇقچە ئادەملەرمۇ ئۆلۈمنى مۇھىم دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدۇ.
كىشىلەر ئۆلۈمنى چوڭ ئىش دەپ قارايدۇ. بىراق، ئۆلۈم مەرىكە ئەمەس. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى مۇقەددەس مەرىكىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ.
مەن سىلەرگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆلۈشنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگىتىپ قوياي، ئۇ تىرىكلەر ئۈچۈن ئىلھام ۋە ۋەدە.
كامالەت ئىگىلىرى دېگىنىنى قىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. بىر قىسىم ئۈمىدۋار ۋە قەسەمخورلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردى.
ئادەم ئاشۇنداق ئۆلۈمنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئەگەر ئۆلگەنلەر تىرىكلەرنىڭ قەسىمىنى مۇقەددەسلىككە كۆتۈرەلمىسە، مەرىكىنىڭ بولماسلىقىمۇ تەبىئىي.

مانا بۇ ئەڭ ياخشى ئۆلۈمدۇر، ئاندىن قالسا جەڭگاھتا ئۆلۈپ، ئۇلۇغۋار روھىنى تەسەددۇق قىلىش.

ئەمما، سىلەرنىڭ خۇنۇك ئۆلۈمىڭلار جەڭچىلەر بىلەن غالىبلارنى سەسكەندۇرىدۇ. ئۇ ئوغرىلاردەك ئاۋايلاپ كىرىپ كېلىدۇ. قەستى غوجايىن بولۇشتۇر.

سىلەرگە ئۆز ئۆلۈمىمنى تەرىپلەپ بېرەي، ئۇ بولسىمۇ خالىغان ئۆلۈم، ئۇ مەن موھتاج بولغاندا كېلىدۇ.

قانداق ۋاقىتتا ئۆلۈمگە موھتاج بولىمەن؟ مۇئەييەن مەقسەت ۋە ئىزباسارىغا ئىگە ئادەم دەل ئۆز مەقسىتىگە ۋە ئىزباسارىغا پايدىلىق بولغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئۆلىدۇ.

ئۇ مەقسەت ۋە ئىزباسارىغا بولغان ئىززەت - ئىكرامىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ھايات تۇرمىسىگە سولىغان گۈلچەمبىرەكلەرنى تېرىپ يۈرمەيدۇ.

راستىنى ئېيتقاندا، ئارغامچا ئېشىدىغانلارغا ئوخشاپ قېلىشنى خالىمايمەن. ئۇلار ئارغامچىسىنى سوزغانسېرى ئۆزى كەينىگە شۇنچە داجىيدۇ.

يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھەقىقەتى ۋە غالىبىيىتى ئالدىدا چىرىپ كەتكەن كوماك ئاغزى بىلەن ھەقىقەتكە ئىنتىلىمەن دېيىش ھەققى يوق.

ئابرۇيغا ئىنتىلگەن ئادەم مۇۋاپىق شارائىتتا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلىشى كېرەك، ۋاقتىدا ۋاز كېچىش — بۇ قىيىن سەنئەتنى نامايان قىلالىشى كېرەك.

ئادەم ئۆزى شېرىنلەشكەندە باشقىلارنىڭ پەيزى قىلىشىدىن پەخەس بولۇشى كېرەك. ئۇزاق ياخشى كۆرۈنۈشنى ئىستەيدىغان ئادەم شۇنداق قىلىشى كېرەك.

نۇرغۇن بەتتام ئالمىلار بار. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ تەقدىرى كۈزدىكى قىيامەتنى كۈتۈش، ئۇلار بۇ چاغدا پىشىدۇ. لېكىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سارغىيىپ قورۇلۇپمۇ كېتىدۇ.
بەزىلەرنىڭ يۈرىكى قېرىيدۇ، بەزىلەرنىڭ روھى بالدۇر قېرىيدۇ. بەزىلەرنىڭ يېشى تېخى كىچىك تۇرسىمۇ، ئۇلاردىن قېرىلىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئالدىرىماي يېتىلگەن ياشلار ياش پېتى تۇرۇۋېرىدۇ.
نۇرغۇن كىشىلەر خاتا ياشىدى، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى زەھەرلىك قۇرت يېدى. ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆلۈشكە دالالەت قىلىمەن.
نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار ئەبەدىلئەبەد شېرىنلىشەلمەيدۇ، ئۇلار ياز مەۋسۈمىدىلا چىرىشكە باشلايدۇ. توخۇ يۈرەكلىك ئۇلارنى شاخلىرىدىن ئاجراتمايدۇ.
شېخىدىن ئاجرالماي ياشايدىغان ئەنە شۇنداق ئادەملەر بەك كۆپ، دەھشەتلىك بىر بوران ـ چاپقۇن قوزغىلىپ ۋە چىرىگەنلەرنى تۆكۈپ تاشلىسا، نەقەدەر ياخشى ـ ھە!
كىشىلەرنى تېزراق ئۆلۈشكە دەۋەت قىلىدىغان تەرغىباتچىلار يېتىپ كەلسىدى دەيمەن! ئۇلار ھايات دەرىخىنى تەۋرىتىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق بوران ـ چاپقۇنلاردۇر.
ئاھ، سىلەر زېمىنىنىڭ بارلىقلىرىغا تاقەت قىلىڭلار دەپ ئۆگىتىلگەنمۇ؟ زېمىن سىلەردەك بىھۆرمەت كىشىلەرگە ناھايىتى كەڭ قورساق!
راست، ئۇزاق ياشاش تەرغىباتچىلىرى بېشىغا ئالغان ئىبرانىيلار ناھايىتى بالدۇرلار ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بالدۇر ئۆلۈپ كېتىشى كېيىنكىلەر ئۈچۈن قالتىس بەختسىزلىك بولدى.
ئۇمۇ پەقەت ئىبرانىيلارنىڭ كۆز يېشى ۋە ھەسرىتىنى ھەمدە ساپ دىل كىشىلەرنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى چۈشىنىدۇ، بۇ كىشى ئىسادۇر. ئۇ ئۆلۈم ئىستىكى تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن.
ئۇ ساپ دىل كىشىلەردىن ئۆزىنى تارتىپ، جەزىرىدە تۇرسا بولاتتى! شۇ چاغدىلا ئۇ زېمىننى سۆيۈش ۋە قانداق ياشاشنى خېلى بۇرۇنلا ئۆگىنىۋالار ئىدى. قانداق كۈلۈشمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.

گىپىمگە ئىشىنىڭلار، قېرىنداشلار! ئۇ بەكلا بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن. ئەگەر ئۇ مېنىڭ يېشىمدا ياشىغان بولسا، ئۆزىنىڭ تەلىماتلىرىنى چوقۇم ئىنكار قىلغان بولاتتى! ئۇنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتى ئۇنى شۇنداق قىلدۇراتتى!

لېكىن، ئۇ تاكامۇللاشمىغان. نۆۋەر يىگىتنىڭ مۇھەببىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەندى. شۇڭا، ئۇ ساددىلىق قىلىپ، ئىنسان ۋە زېمىندىن نەپرەتلەندى. ئۇنىڭ جېنى ۋە روھىنىڭ قاناتلىرى چەكلىمىگە ئۇچراپ، ئەركىن پەرۋاز قىلالمىدى.

قۇرامىغا يەتكەن بىر ئادەم ياشلارغا قارىغاندا ساددا ھەم غەمسىزرەك كېلىدۇ. شۇڭا، ھايات ـ ماماتنى بەكرەك چۈشىنىدۇ.

بەخىرامان ئۆلۈش، ئۆلگەندىن كېيىن نىجاتلىق تېپىش — ئەلۋەتتە ئۆتمۈشتۇر. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلگىنى مۇقەددەس ئىنكاردۇر. ئۇ ھايات ـ ماماتنى ئەنە شۇنداق چۈشىنىدۇ.

دوستلار، ئۆلۈمىڭلار زېمىن ۋە ئىنسانىيەتكە ئاسىيلىق بولۇپ قالمىسۇن. جان شەربىتىڭلارنى مۇشۇنداق ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

ئۆلۈم پەيتىدىكى روھىڭلار ۋە ئەخلاقىڭلار زېمىننى خۇددى پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرىدەك يورۇتسۇن، ئۇنداق بولماي تۇرۇپ كۆز يۇمساڭلار، بۇنىڭ ئۆزى مەغلۇبىيەتتۇر.

دوستلار، مەن شۇنداق ئۆلۈمنى خالايمەن، بۇ ئۆلۈم سىلەرنى زېمىننى تېخىمۇ سۆيىدىغان قىلىدۇ. مەن تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشنىمۇ خالايمەن، بۇ تۇغۇلغان زېمىندا ئارام تېپىش ئۈچۈن.

ھەقىقەتەن زوروئاستېر مەقسەتلىك ھالدا توپ تاشلىغان. دوستلار، ئەمدى مېنىڭ مەقسىتىمنىڭ ئىزباسارى بولۇڭلار، مەن بۇ توپنى سىلەرگە تاشلاپ بېرەي.

دوستلار، مەن سىلەرنىڭ ئالتۇن توپ تاشلاش ھەرىكىتىڭلارنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا، بۇ دۇنيادا يەنە بىرپەس تۇرماقچىمەن. مېنى كەچۈرۈڭلار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 22. شاپائەت ئەخلاقى

1

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

زوروئاستېر پېدكاۋ بازىرىدىن كۆزى قىيماي ئۇزاپ چىققاندا، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى بولمىش نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشتى. بىر دوقمۇشقا كەلگەندە، زوروئاستېر «مەن تەنها مېڭىشنى خالايمەن» دېدى. خۇشلىشىدىغان چاغدا مۇخلىسلار ئۇنىڭغا تۇتقۇچىغا قۇياشقا چىرمىشىۋالغان يىلاننىڭ سۈرىتى بار هاسا تەقدىم قىلدى، زوروئاستېر بۇنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ هاسىغا تايىنىپ تۇرۇپ، مۇخلىسلارغا شۇنداق دېدى:

— قېنى ئېيتىڭلار، ئالتۇن نېمە ئۈچۈن قىممەت؟ چۈنكى، ئۇ بىباها، يېقىملىق، نۇرانە بولۇپ ئۆزىنى بەخشەندە قىلىپ تۇرىدۇ.

ئالتۇننىڭ باهاسى شۇنىڭ ئۈچۈن قىممەتكى، ئۇ ئەڭ يۇكسەك باهانىڭ سىمۋولى. شاپائەتچىنىڭ كۆزى ئالتۇندەك نۇرلۇق. ئالتۇننىڭ نۇرى قۇياش ۋە ئاي نۇرىنىڭ مۇجەسسىمى.

ئەڭ يۇكسەك ئەخلاق بىباها بولىدۇ، ئۇ ئىللىق نۇر چاچىدۇ، شاپائەت ئەخلاقى ئەڭ يۇكسەك ئەخلاقتۇر.

راست، مۇخلىسلىرىم، كۆڭلۈڭلاردىكىنى تېپىۋالدىم: سىلەرمۇ ماڭا ئوخشاشلا شاپائەت ئەخلاقى ئىزدەيسىلەر. سىلەرنىڭ مۈشۈك ۋە بۆرىگە ئوخشىشىدىغان تەرىپىڭلار قايسى؟

سىلەر پۈتۈن هېسسىياتىڭلار بىلەن ئۆزۈڭلارنى قۇربانلىق ۋە سوۋغاتقا ئايلاندۇرۇشنى ئىستەيسىلەر. شۇڭا، روهىيەت چوڭقۇرلۇقۇڭلارغا بايلىق توپلاشقا تەشنا بولىسىلەر.

روهىڭلارنىڭ دۇردانىلەرگە بولغان ئىنتىلىشى قانائەت تاپالمايدۇ. چۈنكى، ئەخلاقىڭلار شاپائەت ئىرادىسى ئىچىدە مەڭگۈ قانائەت هاسىل قىلالمايدۇ.

سىلەر بارلىق نەرسىلەرنى مەجبۇرىي يۇتۇۋېتىسىلەر. ئۇلارنى گويا ئۆزۈڭلارنىڭ مەنبەسىدىن قايتا ئۇرغۇتۇپ چىقىرىپ، مۇھەببىتىڭلارنىڭ لاپقۇتى قىلىسىلەر.

دەرھەقىقەت، بۇنداق شاپائەت ئەخلاقى مۇقەررەر ھالدا بارلىق قىممەتنىڭ بۇلاڭچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىراق، مەن بۇنداق شەخسىيەتچىلىك ھەرىكىتىنى نورمال ھەم مۇقەددەس دەپ قارايمەن.

يەنە بىر خىل شەخسىيەتچىلىك بار، ئۇ ھەددىدىن زىيادە نامراتلىق ۋە ئېچىرقاشتۇر. شۇڭا، ئوڭايلا ئوغرىلىق قىلىپ تاشلايدۇ. بۇ بىر خىل بىنورمال ھەم كېسەلمەن شەخسىيەتچىلىكتۇر.

بۇنداق كېسەلمەن شەخسىيەتچىلىك نۇر چېچىپ تۇرغان نەرسىلەرگە قىزىل كۆزلۈك بىلەن تىكىلىپ قارايدۇ، باياشات كىشىلەرگە ئېچىرقاپ كەتكەن ئاچ كۆزلۈك بىلەن زوقلىنىپ قارايدۇ، ئۇ شاپائەتچىنىڭ شىرەسى ئەتراپىدا مەڭگۈ ئۆمىلەيدۇ.

كېسەللىك بىلەن شەكىلسىز چېكىنىش ئەنە شۇنداق تەشنالىق بىلەن شىۋىرلايدۇ، شەخسىيەتچى ئوغرىلار كەبى بۇ تەشنالىق كېسەلچان بىر تەننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىماقتا.

قېرىنداشلار، قېنى ئېيتىڭلار، بىزگە ئەڭ ئەسكى تۇيۇلىدىغان نەرسە قايسى، ئۇ دەل چېكىنىش ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭچە، روھتا شاپائەتنىڭ كېمىيىشى چېكىنىشنىڭ باشلىنىشىدۇر.

بىزنىڭ ماڭغىنىمىز يۈكسىلىش يولى. شۇڭا، چېكىنىش خىياللىرىدىن يىرگىنىمىز. «ھەممە ماڭا قايتىدۇ» دەيدۇ چېكىنىش. روھىمىز ئۆرلىمەكتە. مانا بۇ تېنىمىزنىڭ سىمۋولىدۇر. يۈكسەلگەن بۇ سىمۋول تۈرلۈك ئەخلاقنىڭ نامىدۇر.

توغرا، تەن بەئەينى رولچى ياكى پىدائىيدەك تارىخ چاتقاللىرىنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ. بىراق، روھ ــ ئۇ تەن ئۈچۈن ئېيتقاندا نېمە؟ ئۇ تەننىڭ ئۇرۇشلىرى ۋە غالىبىيىتىنىڭ باشلامچىسى، ھەمراھى، ئەكس ساداسى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ياخشى ـ يامانلىقلار ھەققىدىكى نامشەرىپىڭلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا تەمسىلدۇر. ئۇلار بېشارەت بېرەلەمدۇ، چۈشەندۇرەلەمدۇ؟ پەقەت ئەخمەق كىشىلەرلا بۇ ئىسىملاردىن بىلىم ئىزدەيدۇ.

قېرىنداشلار، روھىڭلار تەمسىل ئارقىلىق سۆزلىمەكچى بولغاندا، ئېھتىيات قىلىڭلار. مانا بۇ يولۇڭلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.

ئۇ تېنىڭلارنىڭ يۈكسىلىشى ھەم ئويغىنىشى، روھىڭلار ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى ئۇنتۇش دەرىجىسىگە بارىدۇ. شۇڭا، ئۇ ياراتقۇچىغا، قىممەت ياراتقۇچىغا قەلبى سۆيگۈ بىلەن تولغان كىشىگە، شاپائەتچىگە ئايلاندى.

روھىڭلارنىڭ دەريادەك يامرىشى، قىرغاقتا ئولتۇرغانلار ئۈچۈن بەخت ھەم خەۋپ. مانا بۇ ئەخلاقىڭلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.

ماختاش ۋە سۆكۈشلەر ئالدىدا ئىرادەڭلار سۆيگۈ ئەھلىنىڭ ئىرادىسىدەك قابىل بولسۇن. مانا بۇ ئەخلاقىڭلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.

يۇمشاق، راھەتلىك تۆشەكلەرگە پەرۋا قىلمىغاندا، ئارام پەيتىدە ئاشۇنداق يۇمشاق نەرسىلەردىن قورققاندا، ئەخلاقىڭلار باشلىنىدۇ.

ئورتاق ئىرادىگە ئىگە بولۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش مەجبۇرىيەتكە ئايلانغاندا، ئەخلاقىڭلار باشلىنىدۇ.

دەرھەقىقەت، بۇ يېپيېڭى ياخشىلىق ۋە يامانلىقتۇر. راست، بۇ يېپيېڭى بۇلاقنىڭ تېگى ـ تېگىدىن قايناپ چىققان ساداسى.

بۇ يېڭى ئەخلاق ھوقۇقتۇر. بۇ بىر باشقۇرۇش ئىدىيەسىدۇر ياكى بۇ ئىدىيەنى ئىگىلىگەن قابىل روھتۇر. بۇ روھ، زەر قۇياشتۇر ھەمدە زەر قۇياشنى چىرمىۋالغان بىلىم يىلىنىدۇر.

## 2

سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، زوروئاستېر بىرئاز توختىۋالدى. ئۇ مۇخلىسلىرىغا سۆيۈنۈش نەزەرى بىلەن قاراپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،

ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىپ قالغانىدى:

ــ قېرىنداشلار، ئەخلاقىي قۇدرىتىڭلار بىلەن زېمىننى بۇلغىنىشتىن ساقلاڭلار! شاپائەتلىك سۆيگۈڭلار ۋە بىلىمىڭلارنى زېمىن مەنىلىرىگە قوشۇۋېتىڭلار! سىلەردىن شۇنى ئۆتۈنۈپ قالاي.

ئەخلاقىڭلارنى زېمىن مەۋجۇتلۇقلىرىدىن ھەرگىز ئايرىپ قويماڭلار، مەڭگۈلۈك سېپىلىنى ئەخلاقىي قانىتىڭلار بىلەن ئۇرۇڭلار! ئاھ، ئازغۇن ئەخلاقلار نېمىدېگەن كۆپ!

ئازغۇن ئەخلاقلارنى زېمىنغا مەن كەبى قايتۇرۇپ كېلىڭلار. توغرا، تېنىڭلارنى ۋە ھاياتىڭلارنى بېغىشلاڭلار. شۇندىلا ئۇ زېمىنغا ئىنسانىي مەنە ئاتا قىلالايدۇ.

ھازىرغا قەدەر، روھ بىلەن ئەخلاق كۆرمىگەن قېتىم ئازىدۇ. ئاھ، بۇنداق خىيال ۋە سەۋەنلىكلەر ۋۇجۇدىمىزدا يەنە بار. ئۇلار ئاللىقاچان تېنىمىز ۋە ئىرادىمىزگە ئايلىنىپ كەتكەن.

ھازىرغا قەدەر، روھ بىلەن تەن سىناق ئېلىپ بېرىپ، كۆرمىگەن قېتىم مەغلۇپ بولدى. دەرۋەقە، ئىنسانىيەت بىر سىناق. ئاھ، نۇرغۇن نادانلىقلار ۋە سەۋەنلىكلەر قان ـ قېنىمىزغا ئايلىنىپ كەتتى.

مىڭ يىللىق ئەقىللا ئەمەس، يەنە ئەسەبىيلىكمۇ ۋۇجۇدىمىزدا ئويغىنىۋاتىدۇ. مىراسخور بولۇش ناھايىتى خەتەرلىك.

بىز يەنىلا تەلەيدىن ئىبارەت گىگانت ئادەم بىلەن ئېلىشىۋاتىمىز، ھازىرغا قەدەر بىمەنىلىك بىلەن نادانلىق ئىنسانىيەتنى كونترول قىلدى.

قېرىنداشلار، روھىڭلار ۋە ئەخلاقىڭلار زېمىنغا مەنە ئاتا قىلسۇن، بارلىق قىممەتنى يېڭىباشتىن يارىتىڭلار! بۇنىڭ ئۈچۈن جەڭچى بولۇڭلار! ياراتقۇچى بولۇڭلار!

تەن ئەقىل بىلەن پاكلىنىۋاتىدۇ، بىلىم بىلەن ئۆزىنى يۈكسەلدۈرمەكتە. ئەقىل ھېرىسمەنلىرى ئۆزىدىكى تەبىئىي ئىقتىدارنى مۇقەددەسلەشتۈرمەكتە. ھالقىغۇچىلار قەلبى شادلىققا تولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ئەي، ھەكىم، خۇددى بىمارىڭنى داۋالىغاندەك ئاۋۋال ئۆزۈڭنى داۋالا. بىمارلارنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ جاراھىتىنى ئۆزىگە كۆرسىتىپ بىرىشتۇر.

مىڭلىغان يىللار تېخى بېسىلمىدى. سالامەتلىككە پايدىلىق بولغان نۇرغۇن تەبىئىي بايلىقلار ۋە ھاياتلىقنىڭ يوشۇرۇن ئاراللىرى تېخى بايقالمىدى، ئىنسانىيەت ۋە پۈتكۈل دۇنيا تېخى ئېچىلمىدى.

زاھىتلار، گېپىمگە سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سېلىڭلار! كېلەچەك شامالىرى ساغلام قاناتلىرى بىلەن ئۇچۇپ كېلىپ، سەزگۈر قۇلاقلارغا خۇش خەۋەر ئېيتماقتا.

زامانىمىز زاھىتلىرى، توپتىن ئايرىلغان يېگانە زاھىتلار، ھامان بىر كۈنى بىر تائىپىگە ئايلىنىپ قالىسىلەر — سىلەر ئۆزۈڭلار ئۆزۈڭلارنى ئۈستىدىن ئۆزئارا تاللاش ئېلىپ بارىدىغان، كەلگۈسىدە خىللانغان بىر قوۋم باش كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئەۋلىيا ئاپىرىدە بولىدۇ.

راست، ھامان بىر كۈنى دۇنيا ساقىيىدۇ! زېمىننى يېڭى بىر ھاۋا، نىجاتكار ھاۋا — يېڭى ئۈمىد قاپلىدى!

## 3

زوروئاستېر بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ يەنە توختاپ قالدى، ئۇ ئەڭ ئاداققى سۆزىنى تېخى ئېيتمىغاندەك قىلاتتى. لېكىن، شۇبھىلەنگەندەك ھاسىسىغا تايىنىپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى:

— شاگىرتلىرىم، ئەمدى تەنھا يېتىم كېتىپ قالاي! سىلەرمۇ ئۆز يولۇڭلارغا مېڭىڭلار! مەن چىن كۆڭلۈمدىن شۇنى ئۈمىد قىلىمەن.

راست، سىلەرگە ئېيتىپ قوياي: مەندىن نېرى كېتىڭلار. زوروئاستېردىن ھەزەر ئەيلەڭلار! ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىڭلار! بەلكىم، ئۇ سىلەرنى ئالدىغاندۇ.

ئەقىللىق ئادەم دۈشمىنىنى سۆيۈشنى بىلىپلا قالماي، يەنە دوستىدىن نەپرەتلىنىشنىمۇ بىلىشى كېرەك. بىر ئادەم باشتىن ـ ئاياغ مۆرىتلا بولۇپ ئۆتسە، ئۇ ئۇستازىدىن ئانچە رازى بولۇپ كەتمەيدۇ. سىلەر مېنىڭ بېشىمدىكى گۈلچەمبىرەكنى نېمىشقا ئېلىۋەتمەيسىلەر؟

سىلەر مېنى ھۆرمەت قىلىسىلەر، ناۋادا ھۆرمىتىڭلار يەكسان بولسا، قانداق قىلىسىلەر؟ بىر تاش بۇتنىڭ يانجىۋېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار!

سىلەر زوروئاستېرغا ئېتىقاد قىلىمىز دەيسىلەر، لېكىن بۇنىڭ زوروئاستېر بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى! سىلەر مېنىڭ مۇخلىسلىرىم بولىسىلەر، لېكىن بۇنىڭ باشقا مۇخلىسلار بىلەن نېمە ئالاقىسى!

سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئىزدىمەستىن، مېنى ئىزدىدىڭلار. مۇخلىسلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

ئەمدى سىلەر مېنى ئۇنتۇپ، ئۆزۈڭلارنى ئىزدەڭلار! ھەممىڭلار مەندىن بەزگەندە يېنىڭلارغا ئىزدەپ بارىمەن.

راست، قېرىنداشلىرىم! شۇ چاغدا يوقىتىپ قويغانلىرىمنى باشقىچە نەزەرىم بىلەن ئىزدەيمەن ھەمدە باشقىچە مۇھەببىتىم بىلەن سىلەرنى سۆيىمەن.

ھامان بىركۈنى، مېنىڭ دوستلىرىمغا ۋە ئۈمىد ئوغلانلىرىمغا ئايلىنىسىلەر. مەن سىلەر بىلەن ئۈچىنچى مەرتەم بىللە بولۇپ، بۇ ئۇلۇغ قىيام پەيتىنى تەبرىكلەيمەن.

ئۇلۇغ قىيام پەيتى دەل ئىنسانىيەت ھايۋان بىلەن ئەۋلىيا ئوتتۇرىسىدىكى يولنىڭ نىسپىدە تۇرغان ۋاقىتتۇر، شۇنىڭدەك گۈگۈمغا قاراپ قىلغان سەپىرىنى ئەڭ يۈكسەك ئارزۇ تەرىپلىگەن ۋاقىتتۇر. چۈنكى، بۇ سەپەر يېڭى تاڭغا ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا، ئاخىرقى نۇقتىغا يېقىنلاشقان ئادەم ئۆزىنىڭ سەپەرنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئاخىرلاشتۇرغۇچى ئادەم بولىدىغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلىم قۇياشى دەل قىيام پەيتىدە پارلايدۇ.

ئىلاھلارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى، ئەمدى ئەۋلىيالارنى تىرىلدۈرەيلى! بۇنى ئاشۇ ئۇلۇغ چىڭقىچۇش پەيتىدىكى ئاداققى ئىرادىمىزگە ئايلاندۇرايلى!

# ئىككىنچى قىسىم

... «ھەممىڭلار مەندىن بەزگەندە يېنىڭلارغا ئىزدەپ بارىمەن. راست، قېرىنداشلىرىم! شۇ چاغدا يوقىتىپ قويغانلىرىمنى باشقىچە نەزىرىم بىلەن ئىزدەيمەن ھەمدە باشقىچە مۇھەببىتىم بىلەن سىلەرنى سۆيىمەن.»

— بىرىنچى قىسىم «شاپائەت ئەخلاقى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 23. ئەينەك كۆتۈرۈۋالغان بالا

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

زوروئاستېر مۇخلىسلىرىدىن ئايرىلىپ، تاغقا قايتىپ چىقتى ـ دە، تەنها ئۆزى غاردىكى ھاياتىنى باشلىۋەتتى. ئۇ گويا ئۇرۇقنى چېچىپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىخلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرغان دېھقانغا ئوخشاش، ئۆزىنى دۇنيادىن چەتكە ئالغانىدى. لېكىن، ئۇ تىت ـ تىت بولاتتى ھەم ئۆزى سۆيگەن كىشىلەردىن ئۈمىدۋار ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭدا شۇلارغا ئاتىغان نۇرغۇن نەرسە بار ئىدى. مۇھەببەتتىن سوزۇلغان قولىنى يىغىۋېلىپ، شاپائەتچىگە خاس سالماق بولۇش تەس ئىدى.

بۇ تەنها زاھىت نۇرغۇن ئاي ـ يىللارنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىمۇ ئېشىۋەردى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئازابلاندى.

بىر كۈنى ئۇ تاڭ ئاتماستىنلا ئويغىنىپ كەتتى ـ دە، ئورنىدا ياتقىنىچە خىيالغا پاتتى. ئاخىر ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دېدى:

«نېمىشقا چۈشۈمدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم؟ ئەينەك كۆتۈرۈۋالغان بىر بالا ماڭا قاراپ كېلىۋاتقان ئەمەسمىدى؟»

«ھەي، زوروئاستېر، — دېدى ئۇ بالا ماڭا، — ماۋۇ ئەينەككە بېقىپ ئۆزۈڭگە قاراپ باققىنا!»

مەن ئەينەككە قاراپلا ئۆزۈمنى باسالماستىن ۋارقىرىۋەتتىم. يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دېدى. چۈنكى، ئەينەكتە كۆرگىنىم ئۆزۈم ئەمەس، بىر ئالۋاستىنىڭ ئازابلىق ۋە كۈلكىلىك قىياپىتى ئىدى.

«راست، مەن بۇ چۈشتىكى بېشارەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىمەن: تەلىماتلىرىم خەۋپتە، يۇمران مايسا چېغىدا ئۆزىنى ئېسىل زىرائەت دەپ ماختىماقتا.

رەقىبلىرىم بارغانسېرى كۆچىيىپ، تەلىماتىمنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى بۇزماقتا. شۇڭا، مېنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىم سوۋغىلىرىمنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن نومۇس قىلماقتا.

دوستلىرىم مەندىن بەزدى، يوقاتقانلىرىمنى ئىزدەيدىغان پەيت يېتىپ كەلدى.»

زوروئاستىر سۆزىنى تۈگىتىپ، ئورنىدىن تۇردى. ئەمدى ئۇ قۇتۇلدۇرۇشقا تەشنا ئادەم ئەمەس، بەلكى ئۆتۈپ كەتكەن خىيالپەرەس بىر شائىر ئىدى. ئۇنىڭ بۈركۈتى ۋە يىلىنى ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قالدى. ئۇنىڭغا يۈزلەنگەن بەخت جىلۋىسى خۇددى قىزغۇچ سەھەردەك ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتمەكتە ئىدى.

— ئەي، مېنىڭ بۈركۈتۈم، ئەي، يىلىنىم، مەن زادى نېمە بولدۇم؟ — دېدى زوروئاستىر، — زادى مەندە ئۆزگىرىش بولمىدىمۇ؟ بەخت مەن تەرەپكە بوراندەك ئۇچۇپ كېلىۋاتامدۇ؟ بەختىم تېخى پىششىق ئەمەس، ئۇنىڭ سۆزلىرى خام، ئۇ تېخى ياش، سەۋر قىلىش كېرەك!

بەختىمدىن يارىلاندىم، ئازاب چەككەنلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دوختۇرۇم!

مەن يەنە تاغدىن چۈشۈپ، دوست - دۈشمەنلىرىمنى ئىزدەيمەن! زوروئاستىر سۆيگەن كىشىلىرىگە يەنىلا نەسىھەت قىلالايدۇ، سۆيگۈ بېغىشلىيالايدۇ.

مېنىڭ تەشنا سۆيگۈم شىددەتلىك ئېقىندەك ئاقماقتا، كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىشقا قاراپ يامرىماقتا. قەلبىم جىمجىتلىق چوققىلىرى ۋە ئازاب بورانلىرىدىن خوشلىشىپ، بىسەرەمجان جىلغىلارغا قوندى.

كۈتكىنىمگە ۋە يىراقلارغا تەلمۈرگىنىمگە ئۇزاق بولدى. دۇنيادىن خالىي ئۆتكىنىمگىمۇ ئۇزاق بولدى. شۇڭا، سۈكۈت قىلىشنى ئۇنتۇپ كەتتىم.

مەن تىنىمسىز ئىزھار ۋە سۈپسۈزۈك تاغ سۈيىگە ئايلاندىم، سۆزلىرىمنى جىلغىلارغا تۆكمەكچىمەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


سۆيگۈ ئىقىنلىرىم ئىگىز - پەس غوللاردا ئاقسۇن! دەريانىڭ ئۆز دېڭىزىنى تاپالمىغىنى نەدە بار!

قەلبىمدە راستىنىلا بىر كۆل بار، ئۆزىدىن قانائەت تاپىدىغان جىمجىت كۆل، بىراق ئۇ سۆيگۈ دەريالىرىمنى دېڭىزغا باشلايدۇ.

يېڭى يول بويلاپ يېڭى تىل تاپتىم. مەنمۇ باشقا بارلىق ياراتقۇچىلارغا ئوخشاش كونا تىلدىن زېرىكتىم.

روھىم كونا ئاياغنى كىيىپ يول يۈرۈشنى خالىمايدۇ.

ھەممە تىل ماڭا بەكلا گال كۆرۈنىدۇ.

— ئاھ، بوران - چاپقۇنلار، چاقماق ھارۋاڭغا چىقىۋالاي دەيمەن! بىراق، سېنى يەنىلا غەزەپ بىلەن قامچىلايمەن!

دېڭىزلاردىن چۇقان - سۈرەنلەردەك ھالقىپ ئۆتۈپ، دوستلىرىم تۇرغان بەخت ئارىلىنى ئىزدەپ تاپىمەن.

دوست - دۈشمەنلىرىم بىللە ئۆتمەكتە! شۇ تاپتا چوڭقۇر سۆھبەتكە داخىل بولالايدىغان كىشىلەرنى نەقەدەر سۆيىمەن - ھە! رەقىبلىرىممۇ بەخت تىلىشىمگە ئەرزىيدۇ.

ئەڭ ياۋايى ئېتىمغا مىنمەكچى بولسام، ئۆزۈن نەيزەم ھەر دائىم ياردەم بېرەلەيدۇ. ئۇ پۇتلىرىمنىڭ سادىق مالىيى.

رەقىبلىرىمگە قارىتىپ ئاتىدىغان بۇ نەيزە! مەن رەقىبلىرىمدىن قالتىس رازىمەن، چۈنكى ئۇلار نەيزەمنى ئىشلىتىشىمگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

بۇلۇتلىرىمنىڭ بېسىمى ئېغىر، چاقماقنىڭ كۈلكىسى ئىچىدە مۆلدۈرلەرنى يامغۇر قىلىپ زېمىننىڭ قەرىگە چاچتىم.

كۆكرەكلىرىمنى كۈچ بىلەن كەردىم، دەھشەتلىك بورانلىرىمنى تاغقا قويۇۋەتتىم، مەن ئاشۇنداق قىلىپ ھۇزۇرلىنىمەن.

بەخت ۋە ئەركىنلىكىم بوراندەك نەرە تارتىپ كەلمەكتە. دۈشمەنلىرىم بولسا باشلىرى ئۈستىدە ئالۋاستى ھۆكۈم سۈرىدىغاندەك بولۇشماقتا.

راست، دوستۇم، ئەسەبىي ئەقىل - پاراسىتىمدىن سىلەرمۇ

چۆچۈپ كېتىسىلەر، بەلكىم، سىلەرمۇ دۈشمەنلىرىم بىلەن بىللە ئۇنىڭدىن قاچىسىلەر.

ئاھ، قانداق قىلسام پادىچى نېيى بىلەن سىلەرنى قايتۇرۇپ كېلەلەرمەن! ئاھ، مېنىڭ شىردەك ئەقىل - پاراستىم ئىللىق، سىلىق ھۆركىرەشنى ئۆگىنىۋالسۇن! بىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆزئارا ئۆگەندۇق.

مېنىڭ غالجىر ئەقىل - پاراستىم جىمجىت تاغلاردا قورساق كۆتۈرۈپ، قىيا تاشلار ئارىسىدا يەڭگىدى.

ئۇ سازلىقتا غالجىرانە يۈگۈرۈپ، چىملىق ئىزدىمەكتە — مېنىڭ ئاشۇ قېرى، غالجىر ئەقىل - پاراستىم.

دوستلىرىم، ئۇ ئۆزىنىڭ ئامراق بوۋىقىنى روھىڭلار بوستانىدا، مۇھەببىتىڭلار ئىچىدە ئۇخلاتماقچى!؟

## 24. شادلىق ئارىلىدا

زورۇئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

شېرىن ئەنجۈرلەر بەس - بەس بىلەن تۆكۈلدى. لېكىن، قىزغۇچ پوستلىرى ئۆزلۈكىدىن يېرىلىشقا باشلىدى، مەن ئۇلارنى پىشۇرغان شىمال شامىلىمەن.

دوستلار، بۇ تەلىماتلارمۇ ۋۇجۇدۇڭلارغا ئەنجۈردەك چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ شەربەتلىرىنى شوراڭلار! دەل بۇ كۈزدىكى سۈزۈك چۈشتىن كېيىن.

قاراڭلار، ئەتراپىمىز نەقەدەر رەڭدار! بۇ رەڭدار تۇپراقتىن يىراقتىكى دېڭىزغا قاراش كىشىنى ھەقىقەتەن ھاياجانلاندۇرىدۇ.

بۇرۇن كىشىلەر يىراقتىكى دېڭىزغا قارىسىلا تەڭرىنى تىلغا ئالاتتى. لېكىن، مەن سىلەرگە ئەۋلىيا ھەققىدە سۆز ئېچىشنى ئۆگىتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەڭرى پەقەت بىر پەرەز، بىراق مەن سىلەرنىڭ پەرىزىڭلارنىڭ يارىتىش ئىرادەڭلاردىن ھالقىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سىلەر بىر تەڭرىنى يارىتالامسىلەر؟ ئۇنداقتا ئىلاھلاردىن گەپ ئاچماڭلار! قانداقلا بولمىسۇن ئەۋلىيا يارىتالايسىلەر.

قېرىنداشلىرىم، ئەۋلىيانى يارالتقان ئېھتىمال ئۆزۈڭلار بولمىساڭلار كېرەك! لېكىن، ئۆزۈڭلارنى ئەۋلىيالارنىڭ ئاتىسى ياكى پېشۋاسىغا ئايلاندۇرۇش قولۇڭلاردىن كېلىدۇ. بۇنى ئەڭ ئېسىل ئىجادىيىتىم، دەپ بىلىڭلار!

تەڭرى ئەزەلدىنلا پەرەز. لېكىن، مەن سىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان دائىرە ئىچىدە پەرەز قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

سىلەر بىر تەڭرىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىلەر؟ ئۇنداقتا ھەممىنى ئىنسانىيەت تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان، سېزەلەيدىغان، كۆرەلەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش تىرىشچانلىقىنى ھەقىقەت ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇڭلار! چۈشىنىش ئىقتىدارىڭلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈڭلار!

سىلەر دۇنيا دەپ ئاتىغان نەرسە سىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراستىڭلار، تاشقى كۆرۈنۈشىڭلار، ئىرادە ۋە سۆيگۈڭلار ئۆزۈڭلارغا خاس دۇنياغا ئايلانسۇن! بۇلارنىڭ ھەممىسى دەل ئۆز بەختىڭلار ئۈچۈندۇر. بۇنىسى راست!

بۇنداق ئۈمىدنى ساقلاپ قالمىساڭلار، سىلەر ئىنتىلگۈچىلەر بۇ ھاياتلىقتا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلەيسىلەر؟ سىلەر چۈشەنگىلى بولمايدىغان ياكى ئەقىلدىن خالىي بولغان دۇنيادا مۇتلەق ياشىيالمايسىلەر.

دوستلار، سىلەرگە يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتسام: ناۋادا تەڭرى بار بولسا، ئۆزۈمنىڭ تەڭرى ئەمەسلىكىگە قانداق چىدايمەن! شۇڭا، تەڭرى مەۋجۇت ئەمەس. توغرا، مەن شۇنداق يەكۈنگە كەلگەن، ھازىر ئۇ مېنى يېتەكلىمەكتە. تەڭرى پەقەت بىر پەرەز، ھالبۇكى، بۇ پەرەزنىڭ ئاچچىق

شارابىنى ئىچكەن ئادەم قانداقمۇ تىرىك تۇرالىسۇن؟ ئەجەبا، ئۇ ئۆز ئېتىقادىنى ياراتقۇچىنىڭ قولىدىن ئېلىپ ھەم بۇركۇت قاناتلىرىنىڭ ھىممىتىدە يىراقلارغا ئۇچالىسۇنمۇ؟

تەڭرى پەقەتلا بىر، ئۇ تۇزنى ئەگرى، ئوڭنى تەتۈر قىلالايدۇ. نېمە؟ ۋاقىت كەينىگە قايتمايدۇ، چىرىپ كېتىدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەتلا يالغان سۆزمۇ؟

بۇنداق ئويلاش ئادەم بەدىنىنىڭ تىنىمسىز ئايلىنىشىدىن كېلىپ چىققان قەيگە ئوخشايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنداق قالايمىقان ئويلار باشنى قايدۇرىدۇ. مېنىڭچە، مۇنداق نوقۇل، مۇتلەق، قانائەتلىك، مۇقىملىق ھەققىدىكى ھەرقانداق تەلىمات، زىيانلىق ھەم ئادىمىيلىكتىن يىراق.

مەڭگۈلۈكنىڭ ھەممىسى تەمسىلدۇر! شائىرلار يالغان سۆزلەرگە ئۇستا.

ئەڭ گۈزەل تەمسىل زامان ۋە تۇراقسىز ئۆزگىرىشتۇر، تەمسىللەر چىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەر ئۈچۈن مەدھىيە ۋە ئاقلاشتۇر.

يارىتىش ئازابتىن قېچىش ھەمدە ھاياتتىن تەسەللى تېپىشتۇر. بىراق، ياراتقۇچىنى يارىتىش ئۈچۈن ئازاب ۋە ھەر خىل كەچۈرمىشلەرنى باشتىن ئۆتكۈزمەي بولمايدۇ.

شۇنداق، ياراتقۇچىلارنىڭ ھاياتىدا ئۆلۈم گىردابلىرىغا بېرىشتەك كۆلپەتلەر كۆپ بولىدۇ! شۇنداق بولغاندىلا چىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى ھىمايە قىلغىلى ۋە ئاقلىغىلى بولىدۇ.

ياراتقۇچى بوۋاق بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇ تۇغۇتلۇق ئايال بولۇپ بېقىشى ھەمدە تولغاق ئازابىنى تارتىپ بېقىشى كېرەك.

راست، ئۆز سەپىرىمدە يۈزلىگەن قەلب، يۈزلىگەن بۆشۈك ۋە تولغاقلاردىن ئۆتتۈم. ماڭا مەلۇم ئاداققى ئېچىنىشلىق پەيتلەردە پەس ئاۋازدا نۇرغۇن قېتىم خوشلاشتىم.

لېكىن، يارىتىش ئىرادەم ۋە تەقدىرىم مېنى شۇنداق قىلدۇردى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، دەل مېنىڭ ئىرادەم بۇ تەقدىرنى كۈتكەن.

ھېسسىياتلار قەلبىمگە بەند بولۇپ، ئازابىنىڭ ئاچچىق تەمىنى بولۇشچە تېتىدى. لېكىن، ئىرادە نىجاتكارىم ۋە تەسەللىچىم.

ئىرادە ھەممىنى ئازاد قىلىدۇ. مانا بۇ ئىرادە ۋە ئازادلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسى. زوروئاستېر سىلەرگە شۇنداق بېشارەت بېرىدۇ.

ئىرادە تىكلىمەسلىك، قىممەت ياراتماسلىق، ئىجاد قىلماسلىق! ئاھ، ئەبەدىلئەبەد ھاياتىي كۈچۈم تولۇپ تاشقاي، روھىي كەيپىياتىم كۆتۈرەڭگۈ بولغاي!

ئىزدىنىش ئىچىدە ھېس قىلغانلىرىم پەقەت ئىرادىنىڭ تۇغۇلۇش ۋە ئۆزگىرىش شادلىقىدۇر. ناۋادا بىلگەنلىرىمدە ئاز ـ تولا ساپلىق بار دېيىلسە، ئۇ پەقەت تۇغما ئىرادىسىنى ساقلاپ قالغانلىقىمدۇر.

دەل مۇشۇ خىل ئىرادە يېتەكلەپ تەڭرى ۋە ئىلاھلاردىن يىراق قىلدى. مۇبادا تەڭرى ۋە ئىلاھلار راستتىنلا مەۋجۇت بولسا، بىز يارىتىدىغان يەنە نېمە بولسۇن؟

بىراق، جەڭگىۋار يارىتىش ئىرادەم مېنى خۇددى تاشقا مەجبۇرىي ئۇرۇلغان بازغاندەك ئاۋامنىڭ ئارىسىغا بېرىشقا مەجبۇرلىدى.

ئەي، ئىنسانلار، بىر سىما بار ــ بۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمنىڭ سىماسى. ئۇ تاش ئارىسىدا ئۇخلاۋاتىدۇ! ئاھ، ئۇ ئەڭ قاتتىق، ئەڭ كۆرۈمسىز تاشلارنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىشى كېرەك.

شۇ تاپتا بازغىنىم ئۇنىڭ زىندانلىرىغا شەپقەتسىزلەرچە ئۇرۇلماقتا. چېقىندى تاشلارنىڭ چاچرىتىشىدىن ئەتراپ بىسەرەمجان ــ بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟

بۇ تاش ھەيكەلنى پۈتكۈزۈشۈم كېرەك. چۈنكى، بىر سايە مېنى ئىزدىمەكتە ــ مەۋجۇداتلار ئارىسىدا ئەڭ جىمجىت ۋە ئەپچىل كىشى قەلبىدە ئايان بولدى.

ئەۋلىيانىڭ گۈزەل قامىتى قەلبىمدە سايىگە ئوخشاش كۆرۈندى، ئاھ، قېرىنداشلار، ئىلاھلارنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟

## 25. ھېسداشلىق قىلغۇچى

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

دوستلار، مەن بەزىلەرنىڭ تەنە قىلىپ: «قاراڭلار، زوروئاستېرغا! ئۇنىڭ ئارىمىزدا مېڭىپ يۈرۈشى ھايۋانلار ئارىسىدا سەيلە قىلغانغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟» دېگىنىنى ئاڭلىدىم.

مۇنداق دېيىلسە تېخىمۇ جايىدا بولاتتى: «ئىستەك ئىگىلىرىنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا يۈرۈشى ھايۋانلار ئارىسىدا يۈرگەنگە ئوخشايدۇ.»

ئىستەك ئىگىسىگە نىسبەتەن، ئىنسان قىزىل يۈزلۈك ھايۋاندۇر.

نېمىشقا شۇنداق؟ ئىنسانلارنىڭ دائىم خىجىل بولۇپ يۈرىدىغانلىقىدىن ئەمەسمۇ؟

ئاھ، دوستلار! ئىستەك ئىگىلىرى شۇنداق دەيدۇ: خىجىللىق، خىجىللىق، خىجىللىق. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ تارىخىدۇر!

شۇڭا، ئالىيجانابلار باشقىلارنى پەقەت خىجىل قىلمايدۇ، جاپاكەشلەر ئالدىدا خىجىل بولۇپ يۈز كېلەلمەي قالىدۇ.

راست، مەن ئاشۇ ساخاۋەتچىلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئۇلار باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىشتىن لەززەت ئالىدۇ، ئۇلاردا خىجىللىق كەمچىل.

باشقىلارغا ئامالسىز ھېسداشلىق قىلسامۇ، باشقىلارنىڭ بۇنداق قىلىشىنى خالىمايمەن، كىشىلەرگە راستتىنلا ھېسداشلىق قىلماقچى بولسام، يىراقتا تۇرۇپ قىلىمەن.

كىشىلەر تونۇپ قېلىشتىن بۇرۇنلا، يۈزۈمنى ئېتىپ قېچىپ كېتىمەن. دوستلار، سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار!

سەپىرىمدە تەلىيىمگە سىلەردەك غەم ـ غۇسسىسىز كىشىلەر بىلەن ھەمدە ئاشۇ ئۈمىد ۋە شېرىنلەردىن مەن بىلەن تەڭ بەھرىمەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولالايدىغان كىشىلەر بىلەن ھەمراھ بولسام دەيمەن.

توغرا، مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم پۈتكۈل جاپاكەشلەر ئۈچۈن. ھالبۇكى، قانداق لەززەتلىنىشنى چۈشەنگەن ۋاقتىمدا، مەن ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن.

ئىنسانلىقتىن بۇيان، ئادەمنىڭ شادلانغان چاغلىرى ناھايىتى ئاز بولدى. قېرىنداشلار، مانا بۇ بىزنىڭ ئەسلىي گۇناھىمىز!

بىز خۇشال بولۇشنى ئۆگەنگەندە باشقىلارغا ئازار بېرىش ۋە كۈلپەت تەييارلاشنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيمىز.

شۇڭا، ھەرقېتىم جاپاكەشلەرگە ياردەم قىلىپ قولۇمنى يۇيىمەن، روھىمنى تازىلايمەن.

جاپاكەشلەرنىڭ بەختسىزلىكىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ خىجىللىقىدىن خىجىل بولىمەن، ئۇلارغا ياردەم بەرگىنىمدە، ئۇلارنىڭ مەغرۇر قەلبىگە چوڭقۇر جاراھەت بېغىشلىدىم.

شەپقەت كىشىلەرنىڭ رەھىمىتىنى قوزغىماي، قىساس پەيدا قىلدى. ئەرزىمەس ياخشىلىقلار ئۇنتۇلمىسا، ئۇ قۇرتقا ئايلىنىدۇ.

كىشىلەرنىڭ شاپائىتىنى خىجىللىق بىلەن قوبۇل قىل! بۇنىڭ بىلەن باشقىلارغا ئوخشاشمايدىغانلىقىڭنى ئايان قىل، قولىدىن شاپائەت كەلمەيدىغانلارنى شۇنداق ئاگاھلاندۇردۇم.

بىراق، مەن بەرىبىر بىر ساخاۋەتچى، مەن دوستلار ئارا باراۋەرلىك پوزىتسىيەسى بىلەن شاپائەت قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. ناتونۇش ۋە نامرات كىشىلەر مېۋىلىرىمنى ئۆزلىرى كېلىپ ئۈزسۇن، شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ يۈزى چىمىلدىمايدۇ.

شۇنداق، تىلەمچىلىكنى پۈتۈنلەي رەت قىلىمىز! توغرا، ساخاۋەت قىلىش ياكى قىلماسلىق ئوخشاشلا ئادەمنى رەللە قىلىدىغان ئىش.

ئۇنىڭدىن باشقا، گۇناھكار ۋە رەزىللەرنىمۇ رەت قىلىش كېرەك! دوستلار، ماڭا ئىشىنىڭلار: پۇشايماندىن كەلگەن ۋىجدان ئۇلارنى كاسكى قىلىۋېتىدۇ.

ئومۇمەن، ئەرزىمەس پىكىرلەر ئەڭ ئوسال بولىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا رەزىللىكمۇ ئەرزىمەس خىياللاردىن كۆپ ياخشى.

توغرا، سىلەر دەيسىلەر: «ئەرزىمەس رەزىللىك ھەققىدىكى خىياللار بىزنى نۇرغۇن مەشئۇملارچە رەزىللىكلەردىن ساقلاپ قالىدۇ.» لېكىن، مەن مەشئۇم رەزىللىكلەردىن قېچىشنى ئويلىمايمەن.

رەزىللىك بەئەينى يىرىڭلىق يارا، ئۇ قىچىشىدۇ، قىزىرىدۇ، ئاندىن سېسىيدۇ. ئۇ سۆزلىسە ناھايىتى سەلتەنەتلىك سۆزلەيدۇ.

ــ ئاگاھ بول، مەن بىر خىل كېسەللىك، ــ دېدى رەزىللىك. مانا بۇ ئۇنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا يېرى.

لېكىن، ئەرزىمەس پىكىرلەرمۇ مىكروب كەبى تارقىلىپ يۈرىدۇ ــ بەدەن مىكروبلاردىن يۇقۇملىنىدۇ، قۇرۇپ كېتىدۇ.

مەن بۇ سۆزلەرنى جېنى بار كىشىلەرگىمۇ پىچىرلاپ ئېيتىمەن. «ئەڭ ياخشىسى ۋۇجۇدۇڭدىكى ئالۋاستىنى پەرۋىش قىل! بەلكىم، ئۇ سېنىڭ ئۇلۇغلۇققا يېتىپ بارىدىغان يولۇڭدۇر!»

ئاھ، قېرىنداشلار! بىز كىشىلەرنى چۈشىنىپ كەتمەيمىز، گەرچە كىشىلەر بىزگە ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى يەنىلا چۈشىنىپ كېتەلمەيمىز.

ئىنسانلار بىلەن بىللە ئۆتۈش قىيىن، چۈنكى سۈكۈتنى ساقلىماق تەس.

بىز ئۆزىمىزگە چېقىلغانلارغا ئادالەتسىز بولماستىن، بەلكى چېقىلمىغانلارغا ئادالەتسىز.

ناۋادا كېسەلچان دوستۇڭلار بولسا، سىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئارامگاھ بولۇڭلار. لېكىن، كارىۋات قاتتىق بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، سەپەر كارىۋىتى، شۇنداق بولسا ئۇنى تېز ساقايتالايسىلەر.

دوستۇڭلار سىلەرگە يۈز كېلەلمىسە: «سېنىڭ قىلغانلىرىڭنى كەچۈردۈم، ئەمما ئۆزۈڭ ئۈچۈنمۇ شۇنداق خاتا قىلساڭ، سېنى قانداقمۇ كەچۈرەلەيمەن؟!» دەڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بارلىق بۈيۈك سۆيگۈ شۇنداق دەيدۇ، ئۇ ھەتتا كەچۈرۈش ۋە ھېسداشلىقتىن ھالقىپ كەتكەن.

قەلبىمىزنى مەھكەم تۇتايلى، ئۇنى قاچۇرۇپ قويساق كالللىمىزمۇ توختاپ قالىدۇ!

ئاھ، دۇنيادا ھېسداشلىقتىنمۇ ئارتۇق ئەخمەقلىق بارمۇ؟ ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھاماقەتلىكىدىنمۇ بەك ئادەمنى ئازابلايدىغان ئىشنى يەنە كىم قىلار؟

مۇھەببەتلىك كىشى ئۆزىنىڭ خەيرخاھ قەلبىدىن ھالقىپ كېتەلمىسە، ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

ئالۋاستى ماڭا مۇشۇنداق دېگەن: «تەڭرىنىڭمۇ چۈشىدىغان دوزىخى بار، بۇ ئۇنىڭ ئىنسانلارغا بولغان مۇھەببىتى.»

يېقىندا يەنە ئۇنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم: «تەڭرى ئۆلدى، ئىنسانلارغا بولغان ئاشۇ مۇھەببەت ئۇنى ئۆلتۈردى.»

شۇڭا، ھېسداشلىقتىن ساقلىنىڭلار، ئۇ ئىنسانلارغا ئېغىر بۇلۇت ئەكېلىدۇ! توغرا، مەن ھاۋا رايىنىڭ بېشارىتىنى كۆرەلەيمەن!

بۇنى ئەستە تۇتۇڭلار: بۈيۈك مۇھەببەت ھېسداشلىقتىن ئەلا. چۈنكى، ئۇ ئۆزى سۆيگەن ھەرقانداق نەرسىنى يارىتىدۇ!

— ئۆزۈمنى مۇھەببىتىمگە تەقدىم قىلدىم، لېكىن قوشنامنىڭ مەن بىلەن نېمە پەرقى؟ — دەيدۇ يارانقۇچى.

بىراق، يارانقۇچى شەپقەتسىزدۇر.

## 26. مىسسىيونېر

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى زوروئاستېر مۇخلىسلىرىغا قوللىرىنى شىلتىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ يەردە بەزى مىسسىيونېرلار بار، گەرچە ئۇلار ماڭا دۈشمەن

بولسىمۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ يېنىدىن تىغ ئىشلەتمەي جىم ئۆتۈپ كېتىڭلار!

چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ قەھرىمان بار. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى قاتتىق ئازابلارنى تارتقان. شۇڭا، ئۇلارمۇ باشقىلارنى ئازابلىماقچى.

ئۇلار ئىنتايىن قورقۇنچلۇق رەقىبلەر. ئۇلارنىڭ يۇمشاقلىقىدا ئاجايىپ قىساسخورلۇق بار. بۇ ئۇلارغا يېقىن يولىغانلارغا يۇقىدۇ.

بىراق، مېنىڭ قېنىم ئۇلارنىڭ قېنىغا يېقىن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قېنى ئىچىدە مېنىڭ قېنىمنىڭ ھۆرمەت تېپىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، زوروئاستېر ئازابقا گىرىپتار بولدى، ئۇ ئازاب بىلەن بىر قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— بۇ مىسسىيونېرلار مېنى ناھايىتى تەسىرلەندۈردى. لېكىن، ماڭا ياقمىدى. ھالبۇكى، بۇ مەن تۇغۇلغاندىن بۇيانقى بىر قېتىملىق ئەرزىمەس بىر ئىش.

مەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئازابلانغان، ھازىرمۇ شۇنداق. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەھبۇس، گۇناھ مۆھۈرى بېسىلغان. ئۇلار تەرىپىدىن نىجاتكار دەپ ئاتالغان كىشى ئۇلارنىڭ جىسمىنى كىشەنلىگەن.

بارلىق نەرسە ساختا قىممەت ۋە پۇچەك ئىبارىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە! ئاھ، ئۇلارنى قۇتقۇزغۇچىنىڭ ئىلكىدىن قۇتقۇزۇۋالىدىغان بىرەر ئىنسان بولسا نەقەدەر ياخشى ئىدى ـ ھە!

ئۇلار دېڭىزدا ئېتتىرىلگەندە، كۆڭلىدە بىر ئارالغا چىقتۇق، دەپ ئويلاپ قالدى، لېكىن ئۇ پەقەت غەپلەتتىكى بىر مەخلۇق.

ساختا قىممەت ۋە پۇچەك ئىبارىلەر ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ ۋەھشىي مەخلۇقتۇر، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنۇۋالغان تەقدىر ئۇلارنى كۈتمەكتە.

ئاخىر ئۇ ئويغاندى، ۋۇجۇدىغا قورۇلغان ئىلاھىي قەسىرلەرنى يالىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


بارلىق بۈيۈك سۆيگۈ شۇنداق دەيدۇ، ئۇ ھەتتا كەچۈرۈش ۋە ھېسداشلىقتىن ھالقىپ كەتكەن.

قەلبىمىزنى مەھكەم تۇتايلى، ئۇنى قاچۇرۇپ قويساق كاللىمىزمۇ توختاپ قالىدۇ!

ئاھ، دۇنيادا ھېسداشلىقتىنمۇ ئارتۇق ئەخمەقلىق بارمۇ؟ ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھاماقەتلىكىدىنمۇ بەك ئادەمنى ئازابلايدىغان ئىشنى يەنە كىم قىلار؟

مۇھەببەتلىك كىشى ئۆزىنىڭ خەيرخاھ قەلبىدىن ھالقىپ كېتەلمىسە، ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

ئالۋاستى ماڭا مۇشۇنداق دېگەن: «تەڭرىنىڭمۇ چۈشىدىغان دوزىخى بار، بۇ ئۇنىڭ ئىنسانلارغا بولغان مۇھەببىتى.»

يېقىندا يەنە ئۇنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم: «تەڭرى ئۆلدى، ئىنسانلارغا بولغان ئاشۇ مۇھەببەت ئۇنى ئۆلتۈردى.»

شۇڭا، ھېسداشلىقتىن ساقلىنىڭلار، ئۇ ئىنسانلارغا ئېغىر بۇلۇت ئەكېلىدۇ! توغرا، مەن ھاۋا رايىنىڭ بېشارىتىنى كۆرەلەيمەن!

بۇنى ئەستە تۇتۇڭلار: بۈيۈك مۇھەببەت ھېسداشلىقتىن ئەلا. چۈنكى، ئۇ ئۆزى سۆيگەن ھەرقانداق نەرسىنى يارىتىدۇ!

— ئۆزۈمنى مۇھەببىتىمگە تەقدىم قىلدىم، لېكىن قوشنامنىڭ مەن بىلەن نېمە پەرقى؟ — دەيدۇ ياراتقۇچى.

بىراق، ياراتقۇچى شەپقەتسىزدۇر.

## 26. مىسسىيونېر

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

بىركۈنى زوروئاستېر مۇخلىسلىرىغا قوللىرىنى شىلتىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ يەردە بەزى مىسسىيونېرلار بار، گەرچە ئۇلار ماڭا دۈشمەن

بولسىمۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ يېنىدىن تىغ ئىشلەتمەي جىم ئۆتۈپ كېتىڭلار!

چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ قەھرىمان بار. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى قاتتىق ئازابلارنى تارتقان. شۇڭا، ئۇلارمۇ باشقىلارنى ئازابلىماقچى.

ئۇلار ئىنتايىن قورقۇنچلۇق رەقىبلەر. ئۇلارنىڭ يۇمشاقلىقىدا ئاجايىپ قىساسخورلۇق بار. بۇ ئۇلارغا يېقىن يولىغانلارغا يۇقىدۇ.

بىراق، مېنىڭ قېنىم ئۇلارنىڭ قېنىغا يېقىن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قېنى ئىچىدە مېنىڭ قېنىمنىڭ ھۆرمەت تېپىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، زوروئاستېر ئازابقا گىرىپتار بولدى، ئۇ ئازاب بىلەن بىر قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— بۇ مىسسىيونېرلار مېنى ناھايىتى تەسىرلەندۈردى. لېكىن، ماڭا ياقمىدى. ھالبۇكى، بۇ مەن تۇغۇلغاندىن بۇيانقى بىر قېتىملىق ئەرزىمەس بىر ئىش.

مەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئازابلانغان، ھازىرمۇ شۇنداق. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەھبۇس، گۇناھ مۆھۈرى بېسىلغان. ئۇلار تەرىپىدىن نىجاتكار دەپ ئاتالغان كىشى ئۇلارنىڭ جىسمىنى كىشەنلىگەن.

بارلىق نەرسە ساختا قىممەت ۋە پۇچەك ئىبارىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە! ئاھ، ئۇلارنى قۇتقۇزغۇچىنىڭ ئىلكىدىن قۇتقۇزۇۋالىدىغان بىرەر ئىنسان بولسا نەقەدەر ياخشى ئىدى ـ ھە!

ئۇلار دېڭىزدا ئىتتىرىلگەندە، كۆڭلىدە بىر ئارالغا چىقتۇق، دەپ ئويلاپ قالدى، لېكىن ئۇ پەقەت غەپلەتتىكى بىر مەخلۇق.

ساختا قىممەت ۋە پۇچەك ئىبارىلەر ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ ۋەھشىي مەخلۇقتۇر، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنۇۋالغان تەقدىر ئۇلارنى كۈتمەكتە.

ئاخىر ئۇ ئويغاندى، ۋۇجۇدىغا قورۇلغان ئىلاھىي قەسىرلەرنى يالمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاھ، قاراڭلار، ئۇ دىندارلار قۇرۇپ چىققان ئىلاھىي قەسىرلەرگە! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇش پۇراق ئۆڭكۈرلىرىنى چىركاۋ دەۋالدى!

ئاھ، سۇنئىي پارلاقلىق، ئىپلاس ھاۋا! روھ ئۇ يەردىن ئۆزى كۆزلىگەن يۇكسەكلىككە قانداقمۇ ئۇچۇپ چىقالىسۇن.

ئۇلارنىڭ ئېتىقادى شۇنداق ئەمر قىلدى: «سىلەر گۇناھكارلار، تىزلىنىپ پەشتاقتا يامىشىڭلار!»

راستىنى ئېيتقاندا، نومۇسسىز بىر ئادەمنىڭ بەشىرىسىگە قاراشقا رازىمەنكى، ئۇنىڭ خىجىللىقى ۋە ئىخلاسىدىن بۇرمىلانغان كۆزلىرىگە قاراشنى خالىمايمەن.

بۇ ئۆڭكۈر ۋە ئىستىغپار پەشتاقلىرىنى زادى كىملەر ئۆزلىرىگە قۇرۇپ چىققان؟ كۆپكۆك ئاسمانغا قاراشتىن ئۇيىلىپ ھە دېسىلا ئۆزىنى يوقىتىپ يۈرگەن ئاشۇ كىشىلەر ئەمەسمۇ؟

تۈڭلۈكتىن چۈشكەن قۇياش نۇرى خارابە تاملاردا ئۆسكەن ياۋا چۆپلەر ۋە كۆكنار گۈللىرىنى يورۇتقاندا مەن تەڭرىنىڭ بۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىمەن.

ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن زىتلاشقان ۋە ئۆزلىرىنى ئازابلىغان نەرسىنى تەڭرى دەپ ئاتايدۇ. راست، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇشى قالتىس قەھرىمانلىقتا ئىگە!

ئۇلار تەڭرىنى سۆيۈشتە ئادەملەرنى چارمىخلاشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ.

ئۇلار مۇردىدەك ياشىسىلا بەس دەپ قاراپ، ۋۇجۇدىنى قارا كېپەن بىلەن ئورىۋالىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەمرىمەرۇپ قىلغان ۋاقتىدىكى تەلەپپۇزىدىنمۇ مۇردىخانىنىڭ سېسىق پۇرىقىنى پۇراپ قالىمەن.

ئۇلارغا يېقىن تۇرۇش بۇلغانغان كۆلنىڭ بويىدا تۇرغانغا ئوخشاش. بۇ كۆلدىكى پاقىلار ئۆزلىرىنىڭ دىلرەبا ئاۋازى بىلەن ھەسرەتلىرىنى تۆكمەكتە.

ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭدىنمۇ مۇڭلۇق بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ

قۇتقۇزغۇچىسىغا ئىشەنچ ئېتىقاد قىلىمەن. مېنىڭچە، بۇ ئىخلاسمەنلەر قۇتقۇزغۇچىلارغا بەكرەك ئوخشايدۇ.

ئۇلارنىڭ يالىڭاچ تېنىنى كۆرسەم دەيمەن. چۈنكى، پەقەت گۈزەللىكلا كىشىنى تووۋا قىلدۇرالايدۇ، ئەمما بۇ سۈنئىي ئازابقا كىم ئىشىنىدۇ؟

ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسىنىڭ ئۆزىمۇ ئەركىنلىك ۋە ئەركىنلىكنىڭ يەتتە قات ئاسمىنىدىن كەلگەن ئەمەس! توغرا، ئۇ قۇتقۇزغۇچىلار ئېرپان زىلچىسىغا دەسسەپمۇ باقمىغان!

بۇ قۇتقۇزغۇچىلارنىڭ روھى نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەردىن پۈتكەن، ھەربىر يېتەرسىزلىك ئۇلارنىڭ ئەسەبىيلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇ بولسا تەڭرى دەپ ئاتىۋالغان شىنا.

ئۇلارنىڭ روھى ئۆزىدىكى رايىشلىققا چىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار رايىشلىقتىن ماختىنىپ تېرىسىگە پاتمىغان چېغىدا ھاماقەتلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ قالىدۇ.

ئۇلار ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ ئۆز پادىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆۋرۈكلىرىگە ئالمان ـ تالمان ھەيدىمەكتە، گويا مۇشۇ كۆۋرۈكلا كېلەچەككە ئاپىرىدىغاندەك! توغرا، پادىچىلارنىڭ ئۆزىمۇ بىر پاقلان.

بۇ پادىچىلاردا تار قەلب، كەڭ روھ بار. لېكىن، قېرىنداشلىرىم، ئەڭ كەڭرى روھمۇ بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا تار!

ئۇلار ئۆزلىرى بېسىپ ئۆتكەن يوللارغا قانلىق خاتىرىلەرنى قالدۇردى. ئۇلار باشقىلارغا بىمەنىلىك بىلەن شۇنداق دەيدۇ: پەقەت قانلا ھەقىقەتنى ئىسپاتلىيالايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، قان بولسا ھەقىقەتنىڭ ئەڭ ناچار شاھىتى. ئۇ ئەڭ پاك تەلىماتلارنىمۇ بۇلغاپ، ئۇنى گۇمراھلىق ۋە ئاغرىنىشقا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

بىر ئادەم ئۆز تەلىماتىنى دەپ ئوتقا كىرسە، بۇ نېمىنى ئىسپاتلايدۇ؟ راست، پەقەت ئۆزىنىڭ يالقۇنىدىلا ئۆزىگە خاس تەلىماتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تاپقىلى بولىدۇ!

قىزغىن قەلب ۋە سوغۇققان مېڭە ـــ بۇلار ئۆزئارا تېپىشقان جايدىن قۇتقۇزغۇچى دەپ ئاتىلىدىغان سارالڭ بوران كۆتۈرۈلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، قۇتقۇزغۇچىلار ۋە بورانلاردىن ئۇلۇغ ۋە ئالىيجاناب ئادەملەر كۆپ!

قېرىنداشلىرىم، ئەگەر ئەركىنلىك يولى ئىزدىمەكچى بولساڭلار، ئاشۇ قۇتقۇزغۇچىلاردىنمۇ ئۇلۇغ ئادەملەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار!

ئەۋلىيا تېخى مەيدانغا چىقمىدى. لېكىن، مەن ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ئەرزىمەس ئادەملەرنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى كۆردۇم.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىدۇ. توغرا، شۇنى بايقىدىمكى، ئەڭ ئۇلۇغ ئادەممۇ زىيادە ئادىمىيلىشىپ كەتكەن!

## 27. ئەخلاقلىق كىشى

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

بىز زەئىپ ۋە غەپلەتكە پاتقان سەزگۇ ئورگانلارغا گۈلدۈرماما ۋە چاقماق بىلەن گەپ ئاچىمىز.

لېكىن، گۈزەللىكنىڭ ئاۋازى نازاكەتلىك، ئۇنى سەگەك قەلبلەرگىلا ئاڭلاتقىلى بولىدۇ.

لەۋلىرىم يەڭگىل قىمىرلىدى ۋە تەبەسسۇم قىلدى. بۇ گۈزەللىككە خاس پاكلىقنىڭ مۇقەددەس كۈلكىسى ۋە لەرزى.

بۈگۈن، مېنىڭ گۈزەللىكىم سىلەردەك ئەخلاقلىق كىشىلەرگە كۈلمەكتە، ئۇنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم: «ئۇلار ۋاپا قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.»

سىلەر ئەخلاقلىقلار يەنىلا بەدەل سوراۋاتىسىلەر! سىلەر كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىڭلارغا جاۋابەن ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلامسىلەر، ئاسماننى يەرگە سوۋغا قىلامسىلەر؟ بۈگۈنىڭلارغا مەڭگۈلۈكنى

سوۋغا قىلامسىلەر؟ مەن سىلەرگە رەھمەت ئېيتقۇچىلار ۋە قەرز قايتۇرغۇچىلار يوق دېگەنلىكىم ئۈچۈن مېنى جازالىماقچى بولۇۋاتامسىلەر؟ توغرا، مەن كىشىلەرگە ئەخلاقنىڭ ئۆزى مىننەتدارلىق دېگىنىم يوق.

ئاھ، بۇنىڭدىن ھەسرەتلىنىۋاتىمەن: دەسلەپىدە ئىنسانلار بارلىق نەرسىلەرگە جازالاش ۋە تارتۇقلاشنى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان، ھەتتا سىلەردەك ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ روھىي چوڭقۇرلۇقىدىمۇ شۇنداق نەرسە يوشۇرۇنغان.

لېكىن، مېنىڭ سۆزلىرىم قاۋاننىڭ چىشلىرىغا ئوخشاش، روھىڭلارنىڭ ئاستىنىمۇ تۇرتمەكتە، سىلەر مېنى سوقا دېيىشكە مەجبۇر بولىسىلەر.

سىرىڭلارنى ئاشكارا قىلىڭلار، سىلەر بارلىق نەرسەڭلارنى قۇياش ئاستىغا يايغاندا، ۋۇجۇدۇڭلاردىكى راست بىلەن يالغان ئېنىق ئايان بولىدۇ.

مانا بۇ سىلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىڭلار، سىلەر بەكلا پاكىز، ئەمما قىساس، مۇكاپات، جازا ۋە ئۆز بېشىنى يېيىش دېگەندەك بۇ سۆزلەر تەرىپىدىن بۇلغىنىشقا پەقەت چىدىمايسىلەر.

ئۆز ئەخلاقىڭلارنى سۆيۈشۈڭلار ئانىنىڭ ئۆز بالىسىنى سۆيۈشىگە ئوخشىشىدۇ. لېكىن، سىلەر ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىدىن سۆيگۈسىنىڭ جاۋابىنى كۈتكىنىنى ئاڭلىغانمۇ؟

مانا بۇ سىلەر بەك قەدىرلىگەن «ئۆزۈڭلار»، سىلەرنىڭ ئەخلاقىڭلار. قەلبىڭلاردا چەمبەرسىمان تەلپۈنۈش بار، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىگە قايتىشى ئۈچۈن تىنماي بۇرۇلىدۇ ھەم ھەربىر بۇرجىغا كەلگەندە بىر قەپەس ئېلىشىدۇ.

ئۆز ئەخلاقىڭلار ئۈچۈن كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقىڭلار ۋە ئىزدىنىشىڭلار خۇددى ئاقار يۇلتۇزغا ئوخشىشىدۇ. ئۇنىڭ نۇرى ئۆزىنىڭ مەنبەسى بولغان يۇلتۇزغا ئەگىشىپ ئاسماننى يېرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇ قاچان توختايدىكىنتاڭ؟

گەرچە سىلەرنىڭ ئەخلاقىي ئىزدىنىشىڭلار تاماملانغان بولسىمۇ، نۇرۇڭلار تېخى يوقالمىدى. بارلىق تىرىشچانلىقىڭلار ۋە ئىزدىنىشىڭلار پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان ۋە ئالماشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھى مەڭگۈ چىرىمەيدۇ.

ئەخلاقىڭلار پەقەت «ئۆزۈڭلار» دىنىلا ئىبارەت بولسۇن، باشقا نەرسىلەر، يەنى تېرە ياكى تون بولۇپ قالمىسۇن. بۇ دەل سىلەردەك ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى ھەقىقەت.

بىراق، نۇرغۇن كىشىلەر ئەخلاقنى قامچا ئاستىدىكى تولغىنىش ۋە ئېغىناش دەپ چۈشىنىدۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ پەريادلىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەتتىڭلار!

يەنە بەزىلەر ئەخلاقنى رەزىللىك كەلتۈرۈپ چىقارغان قاشاشلىق دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ غەزەپ ۋە ھەسرەتلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغىغاندا، «ئادالەتنى» ئويغىنىپ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلايدۇ.

يەنە بەزىلەر بولسا پەسكە قاراپ غۇلىماقتا. ئالۋاستى ئۇلارنى ئىتتىرمەكتە. ئەمما، ئۇلار پەسلىگەنسېرى كۆزلىرى نۇرلىنىپ كېتىدۇ ھەم تەڭرىسىگە ئىنتىزار بولىدۇ.

ئاھ! ئەخلاقلىق كىشىلەر، ئۇلارنىڭ چۇقانى سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارغىمۇ يەتتى: «مېنىڭچە، مەندىن باشقىسى تەڭرى ۋە ئەخلاق!»

يەنە بەزىلەر تاغدىن تاش ئېلىپ چۈشۈۋاتقان ھارۋىلارغا ئوخشاش كېلەڭسىزلىك بىلەن غىچىرلاپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇلار ئابرۇي ۋە ئەخلاق توغرىسىدا گەپ ساتماقتا، ئۇلار تىزگىنىنىمۇ ئەخلاق دېيىشىۋالىدۇ.

يەنە بەزىلەر قاتتىق بۇرالغان سائەتتەك توختىماي چىكىلداپ، باشقىلارنى ئەخلاق دېگۈزىدۇ.

راست، بۇلار ناھايىتى قىزىق، شۇنداق سائەتلەرگە دۇچ كەلسەملا،

ئۇلارنى تەنلىرىم بىلەن بۇراپ قويىمەن، ئۇلار يەنە چىكىلداشقا باشلايدۇ.

يەنە بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس ئادىللىقىدىن پەخىرلىنىپ، ھېچنېمىنى كۆزگە ئىلمايدۇ. دۇنيا ئۇلارنىڭ بۇرمىلاشلىرىغا غەرق بولۇپ كېتىدۇ.

ئاھ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن «ئەخلاق» دېگەن سۆز چىققاندا، ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشىدۇ. ئۇلار «مەن ئادىل» دېگەندە بۇ گەپ بىزگە: «مەن ئادىل، لېكىن قىساسخورلۇق جەھەتتە...» دېگەندەك ئاڭلىنىدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقى بىلەن دۈشمىنىنىڭ كۆزلىرىنى ئويماقچى. ئۇلارچە ئۆزىنى يۇكسەلدۈرسىلا باشقىلارنى پەستە قالدۇرغىلى بولىدۇ.

يەنە بەزىلەر سازلىقتىكى قومۇشلار ئارىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ شۇنداق دەيدۇ: «سازلىقتا جىم ئولتۇرۇش ئەخلاق، بىز ھېچكىمنى قاپسىمايمىز ھەم قاپسايدىغانلاردىن نېرى قاچىمىز. ھەرقانداق نەرسىلەر ئۈستىدە بىزدە باشقىلار ھەدىيە قىلغان پىكىرلەر بار.»

يەنە بەزىلەر ھەر خىل ھالەتلەرنى ياخشى كۆرۈپ، ئەخلاق بىر خىل ھالەت دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇلار گەرچە ئەخلاقنى بېشىغا ئېلىپ، ئەخلاققا باش ئۇرسىمۇ، لېكىن ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ.

يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، كىشىلەرگە «ئەخلاق مۇھىم» دېيىشىنىڭ ئۆزىلا ئەخلاقتۇر. بىراق، ئۇلار ساقچىلارنىڭ زورۇرلۇكىگە ئىشىنىدۇ.

يەنە بەزىلەر گەرچە ئىنسانلارنىڭ ئالىيجاناب تەرىپىنى كۆرەلمىسىمۇ، ئەمما پەسكەش تەرەپلىرىنى ئىنتايىن ئېنىق كۆرەلەيدۇ. ئۇلار بۇنى ئەخلاق دەيدۇ. شۇڭا، ئۆزلىرىنىڭ سېھىرلىك كۆزلىرىنىمۇ ئەخلاق دەۋالىدۇ.

يەنە بەزىلەر تەلىم ئېلىش بىلەن ئۆزىنى يۇكسەلدۈرمەكچى بولىدۇ، بۇنىمۇ ئەخلاق دەۋالىدۇ. لېكىن، يەنە بەزىلەر بولسا باشقىلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زەربە بېرىپ، چەكلىمەكچى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئۆزىنى ئەخلاقلىق دەۋالىدۇ.

شۇنداق، ھەممە ئادەم ئۆزىنى ئەخلاقلىق ھېس قىلىدۇ، ھېچبولمىغاندا ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتىدىغان مۇتەخەسسىس، دەپ چۈشىنىدۇ.

لېكىن، زوروئاستېر بۇنداق ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان ۋە ساراڭ كىشىلەرگە سۆزلىگىلى كەلگەن ئەمەس: «سىلەر ئەخلاق ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟ سىلەر ئەخلاقنى قانچىلىك چۈشىنىسىلەر؟»

دوستلار، ئۇ ئەنە شۇنداق چوڭ گەپ قىلىش ۋە ساراڭ كىشىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن تەزدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن.

ئۇ يەنە سىلەرنى «ھەق»، «قىساس»، «جازا» ۋە «ھەققانىي جاۋاب» قاتارلىق سۆزلەردىن زېرىكتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن.

ئۇ سىلەرنى «ئۇ ياخشى ئىش، چۈنكى خالىس» دېگەندەك سۆزلەردىن تەزدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن.

ئاھ، دوستلار! «ئۆزلۈك»ىڭلار ھەرىكىتىڭلارغا نىسبەتەن ئانىلارنىڭ بالىلارغا بولغان مۇئامىلىسىدەك بولسۇن. بۇنى ئۆز ئەخلاقىڭلارنىڭ ئەھدىنامىسى دەپ بىلىڭلار!

توغرا، بەلكىم مەن سىلەرنىڭ مىڭلىغان ئەخلاقىي فورماڭلارنى، ئەخلاقىڭلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئويۇنچۇقلارنى تارتىۋالغاندىمەن. شۇڭا، سىلەر مەندىن بالىلارچە رەنجىۋاتىسىلەر.

ئۇلار دېڭىز ساھىلىدا ئويناۋاتاتتى. ھەيۋەتلىك بىر دولقۇن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنى دېڭىزنىڭ قەرىگە ئەكىرىپ كەتتى، ئۇلار قايغۇلۇق يىغلىشىپ كەتتى.

لېكىن، ئۇ ھەيۋەتلىك دولقۇن ئۇلارغا يېڭى ئويۇنچۇقلارنى ئەكېلىپ بەردى، ئالدىغا رەڭدار سەدەپلەرنى چاچتى.

ئۇلار كۈلۈپ كەتتى. دوستلىرىم، ئۇلاردەك، سىلەرنىڭمۇ ئۆز تەسەللىلىرىڭلار، رەڭگارەڭ سەدەپلىرىڭلار بار.

## 28. تەرتىپسىز ئاۋام

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

ھايات ــ شادلىق بۇلىقى، پەسكەشلەرمۇ بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەچكە، بۇلاقنىڭ سۈيى بۇلغانغان.

بارلىق پاك نەرسىلەرنى سۆيىمەن، ناپاكلارنىڭ كالچايغان ئاغزى ۋە ئاچ كۆزلۈكىدىن يىرگىنىمەن.

ئۇلار بۇلاقنىڭ ئاستىغا قارايدۇ، ئۇلارنىڭ رەزىل كۈلكىسى بۇلاقنىڭ ئاستىدىن ئەكس ئېتىپ ماڭا يانىدۇ.

بۇ مۇقەددەس بۇلاقنىڭ سۈيى ئۇلارنىڭ نەپسىدىن بۇلغانغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەينەت چۈشلىرىنى خۇشاللىق دەپ، خۇشاللىق دېگەن سۆزنىمۇ بۇلغىۋەتتى.

ئۇلار ئۆزىنىڭ نەمخۇش زەھەر يۈرىكىنى ئوتقا تاشلىسا، ئوتمۇ غەزەپ بىلەن كۆيۈپ كېتىدۇ. پەسكەش كىشىلەر بۇ ئوتقا يېقىنلاشسا، قايىنغان روھىدىن ئىس چىقىدۇ.

ئۇلارنىڭ قولىدىكى مېۋىلەرمۇ چىرىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرۋىشى مېۋە دەرەخلىرىنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاياتتىن ۋاز كېچىشى پەسكەشلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار بۇلاق، ئوت ۋە مېۋىلەردىن پەسكەشلەر بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى خالىمايدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر باياۋانلاردىكى ھايۋانلارغا شېرىك بولۇشنى، ئاچ قېلىشنى خالايدۇكى، سۇ بويىدا مەينەت تۆگىچىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى خالىمايدۇ.

بۇزغۇنچىلار ۋە زىرائەت مولدۇرى ياسايدىغان كىشىلەر پەسكەشلەرنىڭ بوغۇزىغا پۇتىنى تىقىپ، زۇۋان سۈرمەيدىغان قىلىۋېتىشنى ئويلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھاياتنىڭ نەپرەت، ئۆلۈم ۋە ئازاب چارمىخىغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئاۋازىمنى بوغالمايدۇ.

لېكىن، مەن مۇنداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن تۇنجۇقۇشقا تاس قالغان. نېمە؟ ھايات پەسكەشلەرگىمۇ موھتاجمۇ؟

ھايات نېمىتىدە بولغانغان سۇ، بەتبۇي تۇتۇن، پاسكىنا چۈش ھەمدە مىغ ـ مىغ قۇرتلارنىڭ بولۇشىمۇ زۆرۈرمۇ؟

ھاياتىمنى يالماپ يۇتقىنى مېنىڭ غەزىپىم ئەمەس، بەلكى يىرگىنىشىمدۇر. ھەي، پەسكەشلەردىمۇ روھنىڭ بولىدىغانلىقىنى بايقىغان چاغدا روھتىنمۇ بەزدىم!

ھۆكۈمرانلار ئېيتقان ھۆكۈمرانلىقنىڭ پەسكەشلەر بىلەن بولغان ھوقۇق سودىسى ۋە باھا تالىشىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدىم.

يوچۇن ئاۋازدىكى كىشىلەر بىلەن قۇلىقىمنى يوپۇرغان ھالدا بىللە تۇردۇم. شۇ چاغدىلا، ئۇلارنىڭ ھوقۇق سودىسى قىلغان چاغدىكى سۆزلىرىنى بىلمەي قالىدىكەنمەن.

يۇزۇمنى ئېتىپ مىسكىن ھالدا ئۆتمۇش بىلەن ھازىرنى كەزدىم. راست، ياسالما پەسكەشلەرنىڭ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى پۇراقلىرى ئوخشاشلا بەتبۇي.

مەن گاس، گاچا، ئەمالاردەك ياشاۋاتىمەن. شۇ چاغدىلا ھوقۇق سودىسى قىلىدىغان پەسكەشلەر، ياسالما ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكەنلەر بىلەن بىللە بولمايمەن.

روھىم ئېھتىياتچان ۋە زورۇققان ھالدا شوتىغا ياماشماقتا، شادلىق شاپائىتى ئۇنىڭ تەسەللىسى، لېكىن ھايات ئەمالارنىڭ ھاسىسىدا چاندۇرمايلا تىكىۋەتتى.

كېيىن، مەن يىرگىنچتىن قانداق قۇتۇلدۇم، نىگاھلىرىمنى كىم ئەسلىگە كەلتۈردى، پەسكەشلەر بارمىغان بۇلاقنىڭ بېشىغا قانداق

باردىم؟

مېنىڭ بېرىپ ـ تېزىشلىرىم، بۇلاقنى ئىزدەپ تېپىش ئىقتىدارىمنى ياراتتىمۇ؟ راست، ئېگىزگە ئۇچۇپ بېرىپ، شادلىق بۇلىقىنى ئىزدىشىم كېرەك. تاپتىم، ئاھ، قېرىنداشلار، بۇ ئەڭ ئېگىزلىكتە، شادلىق بۇلىقى مەن ئۇچۇن ئۇرغۇپ ئېقىۋاتىدۇ! مانا بۇ پەسكەشلەردىن خالىي ھايات!

ھەي، شادلىق بۇلىقى، سەن نېمىدېگەن جۇشقۇن! شۇڭا، ئۆزۈڭ تولدۇرماقچى بولغان رومكىنى يىقىتىۋاتىسەن!

مەن كەمتەرلىك بىلەن ساڭا يېقىنلىشىشنى ئۆگىنەي، قەلبىم قاتتىق ھاياجاندا سەن تەرەپكە ئاقىدۇ.

ياز قەلبىمدە يالقۇنجىماقتا. بۇ قىسقا، ئىسسىق، ھەسرەتلىك، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ياز. بۇ ياز مەۋسۇمىنىڭ قەلبى تاتلىق بۇلىقىڭنىڭ سەگىتىشىگە نەقەدەر تەشنا.

ئاشۇ باھاردىكى ئۇزاق داۋاملاشقان كۆلپەتلىرىم ئاياغلاشتى! ئىيۇل ئايلىرىمدىكى قارنىڭ رەزىللىكىمۇ ئۆتمۈشكە ئايلاندى. ئەمدى پۈتۈنلەي ياز مەۋسۇمىغا ۋە يازنىڭ چىڭقىچۈشىگە ئايلاندىم!

ئەڭ ئېگىزدىكى ياز، سوغۇق بۇلاق سۈيى تىمتاس جىمجىتلىق. ئاھ، دوستلىرىم، كېلىڭلار، بۇ جىمجىتلىقتا تېخىمۇ كۆپ بەخت قوشايلى!

مانا بۇ بىزنىڭ ئېگىزلىكىمىز ۋە ئۆيىمىز. بىزنىڭ تۇرالغۇمىز ناپاكلار ئۈچۈن بەكمۇ خەتەرلىك.

دوستلىرىم، پاك نىگاھىڭلارنى شادلىق بۇلىقىمغا تاشلاڭلار! ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا بۇلغىنىپ كېتەمدۇ؟ ئۇ غۇبارسىز تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. كېلەچەك دەرىخىگە ئۇۋا سالايلى، بۈركۈتلەر بىزدەك يېگانىلەرگە ئوزۇق توشۇيدۇ.

توغرا، بىز ناپاك كىشىلەر بەھرىمەن بولىدىغان ئوزۇق ئەمەس! بۇ ئوزۇق ئۇلارنىڭ ئاغزىنى كۆيدۈرگەندە چىغ يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېتىدۇ.

توغرا، بۇ يەردە ناپاكلار جان ساقلايدىغان ئورۇن يوق! بىزنىڭ بەخت ـ سائادىتىمىز ئۇلارنىڭ تېنى ۋە روھى ئۇچۇن مۇز ئۆڭكۈر!

بىز ئۇلارنىڭ ئاسمىنىدا بوراندەك ياشايلى، بۈركۈت، قار ۋە قۇياش بىلەن قوشنا بولايلى، بوران دېگەن شۇنداق.

هامان بىر كۈنى، ئۇلارنىڭ قېشىغا شامالدەك ئۇچۇپ بارىمەن، مېنىڭ روھىم ئۇلارنىڭ روھىنى بوغىدۇ، كېلەچىكىم شۇنى ئۈمىد قىلىدۇ.

توغرا، زوروئاستېر ئازگاللارنى كېزىدىغان بوران، ئۇ دۈشمەنلىرىگە هەم ئۆزىگە تۈكۈرگەنلەرنى ئاگاهلاندۇرىدۇ: «پەخەس بولۇڭلار، شامالغا قارشى تۈكۈرمەڭلار!»

## 29. زەهەرلىك ئۆمۈچۈك

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

قاراڭلار، مانا بۇ ئۆمۈچۈك غارى! زەهەرلىك ئۆمۈچۈكنى كۆرمەكچىمۇ سىلەر؟ ئۇنىڭ تورى مانا بۇ يەردە، تورغا تەگسە تەۋرەيدۇ.

زەهەرلىك ئۆمۈچۈك ئۆزى يېتىپ كەلدى. زەهەرلىك ئۆمۈچۈك سېنى قارشى ئالىمىز! دۈمبەڭدىكى قارا ئۈچ بۇرجەك سېنىڭ بەلگەڭ. مەن سېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىڭنى بىلىمەن.

سېنىڭ ئويلاۋاتقىنىڭ قىساس. سەن چاققان يەر قاپقارا ئىششىپ چىقىدۇ، قىساس زەهىرىڭ باشنى قايدۇرىدۇ.

سىلەر «باراۋەرلىك» تەرغىباتچىلىرى، كىشىنىڭ بېشىنى قايدۇرغۇچىلار، سىلەرگە تەمسىل قىلىۋاتىمەن! مەن سىلەرنى قاراڭغۇغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ قىساس ئالىدىغان زەهەرلىك ئۆمۈچۈكلەردەك هېس قىلىمەن!

لېكىن، مەن سىلەرنىڭ يوشۇرۇنغان يېرىڭلارنى تېزلا تېپىۋالالايمەن، مەن سىلەرگە مەغرۇرانە كۈلۈپ تۇرۇپ قارايمەن.

غەزەپكە چىدىمىغان هالدا ساختىلىق ئۆڭكۈرىدىن قايتىپ چىقىشىڭلار ئۈچۈن تورۇڭلارنى ئۈزۈۋەتمەكچىمەن.

چۈنكى، ئىنسانلارنى قىساستىن قۇتۇلدۇرۇش كېرەك. مېنىڭچە، بۇ ئەڭ بۈيۈك مەقسەتكە ئېلىپ بارىدىغان كۆۋرۈك ۋە ئۇزاق داۋاملاشقان بوران - چاپقۇندىن كېيىنكى هەسەن - هۈسەن.

لېكىن، زەهەرلىك ئۆمۈچۈكلەر بۇنداق ئويلىمايدۇ. «ئادالەتنى دۇنيانى قىساسىمىزغا تولدۇرىدىغان بورانغا ئايلاندۇرايلى.» ئۇلار بىر - بىرىگە شۇنداق دېيىشىدۇ.

«بىز ئۆزگە پىكىردىكىلەردىن قىساس ئالايلى، ئۇلارنى خورلايلى.» ئۇلار كۆڭلىدە شۇنداق قەسەم قىلىشىدۇ.

«باراۋەرلىك ئىرادىسى (Will to Equality) ئەمدى ئەخلاق دەپ ئاتىلىدۇ. بىزمۇ هەرقانداق هوقۇققا قارشى چۇقان سالايلى!»

باراۋەرلىك تەرغىباتچىلىرى! قەلبىڭلاردىكى زەئىپ ئەسەبىيلىك «باراۋەرلىك» دېمەكتە. سىلەرنىڭ ئەڭ پىنهاندىكى ئەسەبىي ئىشتىكىڭلار ئەسلىدە ئەخلاقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان.

بۇ تەنتەك مەنمەنلىك ۋە بېسىلغان هەسەتخورلۇق ئېھتىمال، ئاتاڭلاردىن قالغاندۇ. ئۇلار قىساس يالقۇنلىرى ۋە ئەسەبىيلىككە ئۆرۈلگەن هالدا يۈرىكىڭلاردىن پارتلاپ چىقماقتا.

ئاتىنىڭ مەخپىيىتى پەرزەنتىدە ئاشكارىلىنىدۇ. مەن دائىم پەرزەنتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇلارنىڭ دادىسىنىڭ ئېيتمىغان سىرلىرىنى بايقايمەن.

ئۇلار مەستانىلەرگە ئوخشىشىدۇ، مەستانىلىق قوزغىغىنى ئۇلارنىڭ قەلبى ئەمەس، بەلكى قىساسى. ناۋادا ئۇلار ئىنتايىن چېچەن ۋە سوغۇققان بولۇپ قالسا، بۇمۇ مۇقەررەر هالدا ئۇلارنىڭ روهىدىن ئەمەس، هەسەتتىن كېلىپ چىققان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



ھەسەتمۇ ئۇلارنى مۇتەپەككۇرلۇق يولىغا باشلايدۇ، مانا ئۇلاردىكى ھەسەتنىڭ ئالامىتى. ئۇلار ھەممىشە بەكلا ئۇزاپ كېتىدۇ، چارچىغان ھالەتتە قار ئۈستىدىلا ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

ئۇلارنىڭ نالىسى قىساس ساداسىدەك ئاڭلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ماختاشلىرى جىنايەت بايان قىلىشقا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. باشقىلار ئۈستىدىن سودىيەدەك ھۆكۈم چىقىرىش ئۇلار ئۈچۈن زور خۇشاللىق.

لېكىن، دوستلار! مەندىن نەسىھەت: جازانخور كىشىگە مۇتلەق ئىشەنمەڭلار!

ئۇلار كاردىن چىققان قوۋمغا مەنسۇپ. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن يوشۇرۇن جاللاتلىق ۋە غالجىرلىق چىقىپ تۇرىدۇ.

ئادالەت ھەققىدە كاپشىغانلارغا مۇتلەق ئىشەنمەڭلار! توغرا، ئۇلارنىڭ دۇنياسىدىكى كەم نەرسە پەقەت ھەسەللا ئەمەس.

ئۇلار ئۆزىنى «ئاق كۆڭۈل» ياكى «تۈز» دەۋالغاندا، شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، «ھوقۇق كەم بولسىلا»، ئۇلار پارسىيلار (pharisees)غا ئوخشىشىپ قالىدۇ.

دوستلار، مېنى باشقىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىمەڭلار.

نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتلىق تەلىماتىنى تارقاتماقتا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار يەنە باراۋەرلىك تەرغىباتچىلىرى ۋە ئۆمۈچۈكلەردۇر.

ئۇ زەھەرلىك ئۆمۈچۈكلەر ئۆڭكۈردە تۇرۇپ ھاياتقا قەسىدە ئوقۇسىمۇ، لېكىن ھاياتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

ئۇلار كۆز ئالدىدىكى ھوقۇقدارغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولىدۇ. چۈنكى، ھوقۇقدارلار ئۆلۈم تەرغىباتىغا ماھىر.

بولمىسا، زەھەرلىك ئۆمۈچۈكنىڭ ئېيتقانلىرى باشقىچە بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار ئەزەلدىنلا دۇنيانىڭ تۆھمەتخورلىرى ۋە يات مۇخلىسلارنىڭ تۇتۇرۇقى.

باشقىلارنىڭ مېنى باراۋەرلىك تەرغىباتچىلىرى بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشىنى خالىمايمەن. چۈنكى، ئادالەت ماڭا شۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار زادىلا باراۋەر ئەمەس.»

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار باراۋەر بولماسلىقى كېرەك! ئۇنداق دېمىسەم، ئەۋلىياغا بولغان مۇھەببىتىمنى نەگە قويىمەن؟

ئۇلار ئۆزىنىڭ كېلەچىكىگە مىڭلىغان كۆۋرۈكلەردىن ئۆتۈپ يېتىپ بارسۇن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۈنسايىن ئۇلغايغان كۈرەش ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ئادالەتسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۈيۈك سۆيگۈم ماڭا شۇنداق دېگۈزىدۇ.

ئۇلار دۈشمەنلىك ئىچىدە ھەر خىل خىيال ۋە سايىلەرنى ياساپ چىقىدۇ. ئاندىن بۇ خىيال ۋە سايىلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭنى يۈرگۈزىدۇ.

ياخشىلىق ۋە يامانلىق، بايلىق ۋە نامراتلىق، ھۆرمەت ۋە كەمسىتىش ھەمدە بارلىق ئەدەپ ناملىرى ھەممىسى قورال ھەمدە ھاياتنى ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىشقا ئۈندەيدىغان چاقىرىق!

ھايات ئۆزىنى تاش تۈۋرۈك ۋە پەشتاقلار بىلەن يۈكسەلدۈرۈشنى ئويلايدۇ، ئۇ گۈزەل يىراقلىققا ۋە قۇۋناق مەنزىرىگە نەزەر سېلىشنى ئويلايدۇ. شۇڭا، ئۇ يۈكسىلىشى كېرەك!

يۈكسىلىش ئۈچۈن پەشتاق ھەم پەشتاق بىلەن ياماشقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كېرەك. ھاياتنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك. ھالبۇكى، يۈكسىلىشلەردە ھاياتتىن ھالقىش كېرەك.

دوستلار، قاراڭلار! زەھەرلىك ئۆمۈچۈكنىڭ غارىدا قەدىمىي ئىبادەتخانىنىڭ ئىزناسى قەد كۆتۈرگەن، ئىنچىكە سەپسىلىڭلار!

توغرا، بۇرۇنلاردا ئېگىز غارلاردا پىكىرلىرىنى تاش بىلەن بىلدۈرگەن كىشىلەر، بۈيۈك دانىشمەنلەرگە ئوخشاش ھاياتنىڭ سىرىنى چۈشىنىدۇ.

گۈزەللىك ئىچىدىمۇ كۈرەش ۋە باراۋەرسىزلىك بولىدۇ ھەم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھوقۇق ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ تالاش - تارتىشى بولىدۇ. ئۇ تېپىز تەمسىللەر بىلەن شۇنداق تەلىم بەردى.

بۇ يۇمىلاق ئۆگزىلەر ۋە ئەگىم ئىشىكلەر كۆرەش ئىچىدە قانداق قىلىپ مۇقەددەس قارىمۇقارشىلىق ھالىتىگە كېلەلىدى؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كېسىشكەن نۇرلىرى ئىچىدە نېمىدېگەن يولسىز - ھە!

ئۇنداقتا، دوستلار، بىزمۇ گۈزەل ھەم پۇكۈلمەس رەقىبلەردىن بولايلى. شۇنداق قىلغاندىلا ئىلاھىي كۆرەش ھالىتىدە تۇرالايمىز.

يارەب! بۇ زەھەرلىك ئۆمۈچۈك، بۇ قەدىناس دۈشمەن مېنى چېقىۋالدى! ئۇ مېنىڭ بارمىقىمنى گۈزەل، پۇكۈلمەس ئىلاھلىق بىلەن چېقىۋالدى!

«جازا ۋە ئادالەت چوقۇم بولۇشى كېرەك» دەپ ئويلايدۇ زەھەرلىك ئۆمۈچۈك، «ئۇنىڭ ئۆچمەنلىكىنى مەدھىيەلىشى سەۋەبسىز ئەمەس!»

ھەئە، ئۇ ئاخىر قىساس ئالدى، ئەمدى ئۇ روھنى قىساس بىلەن مالىمان قىلماقچى!

دوستلار، مېنى تۈۋرۈككە مەھكەم باغلاپ قويۇڭلار، شۇ چاغدا گاڭگىراپ قالمايمەن! تۈۋرۈك مۇئەككىلى بولۇشقا رازىمەنكى، قىساس بورىنى بولمايمەن!

توغرا، زوروئاستېر قۇيۇن ياكى شاۋقۇن ئەمەس. ئۇ ئۇسسۇلچى بولغاندىمۇ، زەھەرلىك ئۆمۈچۈكتەك ئۇسسۇل ئوينىمايدۇ!

## 30. داڭدار دانىشمەن

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

دانىشمەنلەر، سىلەر ئاۋام ۋە ئۇلارنىڭ خۇراپىيلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ھەقىقەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىسىلەر. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتىڭلار.

ئوخشاشلا، ئۇلار سىلەرنىڭ گۇمانىڭلارنىمۇ ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ.

چۈنكى، ئۇ پەقەت ئاۋامنىڭ چاقچىقى ۋە يان ئىشىكى، بۇ خۇددى غوجايىنلارنىڭ قۇللارغا ئەركىنلىك دائىرىسىنى كۆرسىتىپ، قۇللارنىڭ ئۆز بېشىمچە ھەرىكىتىدىن مەمنۇنلانغىنىغا ئوخشىشىدۇ.

گويا ئىت بۆرىنى ئۆچ كۆرگەندەك، ئاۋامنىڭ ئۆچ كۆرىدىغىنى ئەركىنلىك روھى، يەنى كىشەننىڭ دۈشمىنى ۋە ئورماندا ياشاپ ھېچكىمگە تەن بەرمەيدىغان ئادەمدۇر.

بۇلارنى يوشۇرۇنغان ئۇۋىسىدىن ھەيدەش كېرەك ــ مانا بۇ ئاۋامدىكى ئاتالمىش «ئادالەت تۇيغۇسى»دۇر. ئۇلار دائىم غالجىر ئىتلىرىنى ئىشقا سالىدۇ.

شۇڭا، ھەممىشە كىشىلەرنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلايمىز: «ئاۋام ھەقىقەتتۇر، ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر مەڭگۈ ئازابلانغاي!»

داڭدار دانىشمەنلەر، سىلەر ئاۋامنىڭ ھۆرمىتىنى ئاقلايسىلەر، سىلەر ئۇنى «ھەقىقەت ئىرادىسى» (Will to Truth) دەپ ئاتايسىلەر.

شۇڭا، ھەممىشە ئىچىڭلاردا شۇنداق دەيسىلەر: «مەن ئاۋامنىڭ قوينىدىن كەلگەن، تەڭرىنىڭ ئاۋازىمۇ شۇ يەردىن كېلىشى كېرەك.»

سىلەر ئېشەكتەك جاھىل ۋە ھىيلىگەر كېلىسىلەر، سىلەر ھەقىقەتەن ئاۋامنىڭ قوللىغۇچىسى.

ھوقۇقدارلار ئاۋامغا ياخشى بولۇش ئۈچۈن، ئاتلىرىنىڭ ئالدىغا ئېشەكنى ــ داڭدار دانىشمەننى قېتىۋالىدۇ. داڭدار دانىشمەنلەر، ئەمدى ئۇستۇڭلارغا يېپىۋالغان شىر تېرىسىنى ئېلىۋېتىمەن!

ئاشۇ گۈللۈك تېرىدىن باشقا، يەنە تەتقىقاتچى، تەكشۈرگۈچى ۋە ئىستېلاچىلارنىڭ تەرتىپسىز چاچلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە بار ئىدى.

ئوھۇي، مېنى ئۆز «ۋىجدان» ىڭلارغا ئىشەندۈرمەكچى بولساڭلار، سىلەرنى چوقۇندۇرغان ئىرادىلەرنى پاچاقلىشىڭلار زۆرۈر.

ئۆزىنىڭ چوقۇنۇش ئىرادىسىنى يەكسان قىلىپ، تەڭرىدىن تېنىش چۆلىگە قاراپ ماڭغانلارنى ھەقىقىي ئەر دەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىزىق قۇياش تەپتىدىكى سېرىق قۇمدا، ئۇمۇ ھاياتلىق باراقسان سايىلەردىن ئارام تاپىدىغان، بۇلاقلار قاپلىغان كىچىك ئارالغا ئۇمىدۋارلىق بىلەن تەلپۈنىدۇ.

بىراق، تەشنالىق ئۇنى خاتىرجەملىك ئىزدەيدىغان كىشىگە ئايلاندۇرالمىدى. چۈنكى، يېشىللىق بار جايدا مەبۇدمۇ بولىدۇ.

ئېچىرقاش، ۋەھشىيلىك، تەنھالىق، تەگرىدىن تېنىش ــ شىر ئۆزىدىن مانا شۇلارنى كۈتىدۇ.

قۇللارچە بەختتىن ۋاز كېچىش، ئىلاھ ۋە چوقۇنۇش، قاپ يۈرەكلىك ۋە توخۇ يۈرەكلىك ئۇلۇغلۇق ۋە تەنھالىقتىن قورقۇش، بۇ بىر ھەقىقىي ئەرنىڭ ئۇمىدى.

ھەقىقىي ئەر بىلەن ئەركىن ئادەم گويا باياۋاننىڭ غوجايىنىدەك ئاشۇ يەردە تۇرىدۇ. ھېلىقى دانىشمەنلەر ــ يۈكى ئېغىر ئېشەك، ئۇلارنىڭ كۆپى شەھەردە تۇرىدۇ.

چۈنكى، ئۇلار «ئاۋام ھارۋىسى»نى ئېشەكلەردەك سۆرىمەكتە.

بۇنىڭ بىلەنلا ئۇلارنى ئەيىبكە بۇيرۇمايمەن. گەرچە ئۇلارنىڭ ھارۋا جابدۇقلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرسىمۇ، ئۇلار بەرىبىر مالاي، ھارۋىغا قېتىلغان ئېشەك.

ئۇلار يارامىلىق مالايلاردۇر. چۈنكى، ئەخلاق شۇنداق دەيدۇ: «مالايلىقتىن باشقا يول قالمىغاندا، سەن ئەڭ كۆپ پايدا يەتكۈزەلەيدىغان ئىشنى تېپىپ قىل! غوجايىنىڭنىڭ روھى ۋە ئەخلاقى خىزمىتىڭ تۈپەيلى كۈنسېرى ياخشىلانسۇن، شۇنداقلا سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىلگىرىلەيسەن!»

راست، داڭدار دانىشمەنلەر، ئاۋامنىڭ مالىيى! سىلەر ئاۋامنىڭ روھى ۋە ئەخلاقى بويىچە ئىلگىرىلەيسىلەر، ئاۋام سىلەردىن يۆلىنىدۇ! مېنىڭچە، بۇ سىلەرنىڭ شەرىپىڭلار!

ئەمما، ئۆزۈڭلارغا خاس ئەخلاق بولسىمۇ، ئاددىي ئاۋامدىن، يەنى بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرىدىغان دۆت ئاۋامدىن ــ روھنى چۈشەنمەيدىغان

ئاۋامدىن پەرقىڭلار يوق.

روھ سەكراتتىكى ھاياتنىڭ ھاياتى، ھايات ئۆزىنىڭ ئازابىدىن زور يۈكسىلىش تاپىدۇ. بۇنى بىلەمسىلەر؟

روھىي خۇشاللىق كۆز ياش بىلەن ئۆزىنى پاكلاشتا، مانا بۇ مۇقەددەس قۇربان بېرىش دېيىلىدۇ. بۇنى بىلەمسىلەر؟

ئىستىگۇچىلەر «يارىتىش»نى تاغلار بىلەن بىللە ئۆگەنسۇن، تاغلارنى يۆتكەش روھ ئۇچۇن ئاسان، بۇنى بىلەمسىلەر؟ سىلەرنىڭ كۆرگىنىڭلار روھنىڭ ئۇچقۇنى، بىلمەيسىلەركى، روھمۇ بىر سەندەل، ئۇنىڭدا بازغاندىكى قاتتىقلىق بار!

توغرا، روھنىڭ مەغرۇرلۇقىنى سىلەر راستتىنلا چۈشەنمەيسىلەر! كەمتەرلىكىنىمۇ ئوخشاشلا قوبۇل قىلالمايسىلەر — ئۇ سۆزلىمەكچى بولسا!

روھنى قارلىق جىلغىغا تاشلاشقا قادىر ئەمەسسىلەر، سىلەر ئۇنچە ئىسسىپ كەتمىدىڭلار! شۇڭا، قارلىق جىلغىنىڭ قەھرىتانىدىن تېپىلغان لەززەتنى بىلمەيسىلەر.

مېنىڭچىمۇ، سىلەر ھەر جەھەتتە روھقا زىيادە يېقىن، ئەقىل - پاراسەتنى يارىماس شائىرنىڭ پاناھگاھى ۋە شىپاخانىسى قىلىۋالىسىلەر.

سىلەر بۈركۈت ئەمەس. شۇڭا، روھنىڭ شادلىقى ۋە ۋەھىمىسىنى ھېس قىلمىدىڭلار. ناۋادا ئۇ قۇش بولمىسا ھاڭلارغا ئۇۋا ياسىمىسۇن.

سىلەر ھەممىگە قىزغىن ئەمەس، چوڭقۇر بىلىم گويا سوغۇق ئېقىندۇر. روھنىڭ ئىچكى بۇلاقلىرى مۇزدەك. لېكىن، ئۇ ئاتەش قوللارغا راھەت بېغىشلايدۇ.

سىلەر كېمىلەرنىڭ بورانلىق دېڭىزدىن يەلكەن يېيىپ ئۆتكىنىنى كۆرۈپ باقمىغانمۇ؟

يەلكەنلىك كېمە روھ شامىلىدا تەۋرىگەندەك، مېنىڭ ئەقىل - پاراسىتىم — ياۋايى ئەقىل - پاراسىتىم دېڭىزدا تەۋرىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزمەكتە.

لېكىن، داڭدار دانىشمەنلەر، ئەي، ئاۋامنىڭ مالايلىرى، سىلەر مەن بىلەن قانداقمۇ بەسلىشەلەيسىلەر؟

## 31. تۈن ناخشىسى

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

تۈن، فونتانلارنىڭ ساداسى ئەۋجگە چىققان، قەلبىممۇ بىر فونتان.

تۈن، ھەممە ئىمتاسلىققا چۆككەن، پەقەت ئاشىقلارنىڭ ناخشىسىلا ئاڭلىنىدۇ، قەلبىممۇ بىر ئاشىق ناخشىسى.

قەلبىمدە قانداقتۇر بىر نەرسە تىنچلانمىغاندەك ھەم تىنچلىنالمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ پۇخادىن چىقىش ئىستىكىدە. قەلبىمدە بىر سۆيگۈ تەشنالىقى، ئۇ مۇھەببەتنىڭ بابىدىن سۆزلىمەكتە.

ئاشۇنداق تۈن بولسام نېمىدېگەن پەيزى، بىراق مەن نۇر! نۇر بىلەن قورشالغىنى دەل مېنىڭ تەنھالىقىم!

ۋاھ، مەن ئاشۇ تۈن ۋە زۇلمەتنىڭ بارلىقى بولسام نېمىدېگەن ياخشى! مەن نۇر كۆكسىنى بەھۇزۇر شورايمەن!

ئەي، سىلەر يارقىن يۇلتۇزلار، سامادىكى يالتىراق قوڭغۇزلار سەمىمىي قۇتلىشىمنى قوبۇل قىلىڭلار، مەنمۇ نۇرۇڭلاردىن بەھرىمەن بولاي!

لېكىن، ئۆز نۇرۇم ئىلكىدە ياشاۋاتىمەن، ئۆزۈم تىنغان يالقۇنلارنى سۈمۈرمەكتىمەن.

قوبۇل قىلغۇچىنىڭ خۇشاللىق ھېسسىياتىنى زادىلا چۈشەنمەيمەن، لېكىن ئوغرىلىقنىڭ قوبۇل قىلىشتىنمۇ بەكرەك بەختكە ئېرىشىشىنى چۈشەنمەيمەن.

مېنىڭ خىجىللىقىم قوللىرىمنىڭ تىنىمسىز شاپائەت قىلىشىدا، ھەسرەتلىرىم دەل ئۇمىدۋار نىگاھ ۋە ئۇمىدۋار ئايدىڭ كېچىنى كۆرۈشۈمدە.

ئاھ، مانا بۇ شاپائەتچىنىڭ ھەسرىتى! قۇياشىمنىڭ خىرەلىكى! ئۇمىدنىڭ تەشنالىقى! توقلۇقنىڭ ئېچىرقاشلىرى!

ئۇلار زوروۋر نەرسىلەرنى مەندىن تاپتى. بىراق، ئۇلارنىڭ قەلب ۋىسالىنى تاپالىدىمۇ؟ ئېلىم ـ بېرىم ئارىسىدا بىر جىرا بار، ئەڭ كىچىك جىراغا سىڭىنىدىغان كۆۋرۈك ئەڭ ئاخىردا بولىدۇ.

گۈزەللىكىمدىن بىر ھاياجان پەيدا بولدى، نۇرۇمنى قوبۇل قىلغانلارغا زەربە بەرگۈم بار، ئۇلارغا بەرگەن سوۋغامنى تارتىۋالغۇم بار ــ ئەسكىلىك خۇمارىم تۇتتى.

بىر قولۇمنى سوزغىنىمدا بىر قولۇمنى تارتىۋالغۇم كېلىدۇ. مەن دەرگۇمان شارقىراتمىدەك گاڭگىراپ قالدىم ــ ئەسكىلىك خۇمارىم تۇتتى.

باياشاتلىقىم قىساس ھەرىكىتىم ھەققىدە ئويلانماقتا. تەنھالىقىمدىن كەلگەن ھەسرەت بۇ!

شاپائەت خۇشاللىقىنى شاپائەتتە يوقاتتىم. ئەخلاقىم ئۆز كامالىتىدىن زېرىكتى!

شاپائەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئادەم بىھوشلۇقتا خىجىللىقنى بىلمەي قالىدۇ، ئۇلارنىڭ قولى ۋە قەلبى شاپائەتتىن قاپىرىدۇ.

تىلەمچىلەرنىڭ خىجالىتىدىن يىغلىماس بولدۇم، ئالىقىنىمدا قېلىن بىر قەۋەت تېرە پەيدا بولۇپ، شاپائەت ھاجەتمەنلىرىنىڭ قولىدىكى تىترەشنى سېزەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

ھاياجانلىق كۆز يېشىم ۋە نازۇك قەلبىم نەگە كەتتى؟ ئاھ، شاپائەتچىنىڭ تەنھالىقى، نۇردارلارنىڭ سۈكۈتى!

قۇياشلار تاقىر يەرلەردە ئايلانماقتا، ئۇلار زۇلمەت بىلەن نۇر تىلىدا سۆزلەشمەكتە. لېكىن، ماڭا بىزۇۋان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاھ، مانا بۇ نۇرنىڭ نۇردارلارغا بولغان ئۆچلۈكى، ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتماقتا.

ھەربىر قۇياش نۇردارلارغا غەزەپلىك باقىدۇ، ئۆزگە قۇياشقا پەرۋاسىزلىق قىلىدۇ، ئۇلار شۇنداق قىلماقتا.

ھەربىر قۇياش ئۆز ئوربىتىسىدا بوراندەك ئايلىنىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ سەيلىسى، ئۇلار تۆمۈردەك ئىرادىسىگە مۇتلەق بويسۇنىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ تاش يۈرەكلىكى.

ئاھ، تۈن يولۇچىلىرى، سىلەر ئالىسىلەر نۇردىن ھارارەت! ئاھ، ئىچىسىلەر نۇرنىڭ سۈتىنى، تەسەللىسىنى سىلەرلا پەقەت!

مۇزلار بىلەن قورشالدىم، قوراللىرىم يەنىلا مۇزلا قىزىماقتا! ئاھ، قەلبىمدە بىر تەشنالىق، ئۇ تەشنالىقىڭلارغا ئوخشاشلا تەشنا!

تۈن، نۇر بولۇشۇم كېرەك! لېكىن، مەن زۇلمەت، تەنھالىققا تەشنامەن.

تۈن، تەشنالىقىم فونتاندەك. قەلبىم ساداسىنى ياڭراتماقچىمەن.

تۈن، فونتانلار ساداسى ئەۋجىگە چىقتى، قەلبىممۇ فونتان.

تۈن، ھەممىسى جىمجىت، ئاڭلىنىدۇ ئاشىق ناخشىسى، قەلبىممۇ بىر ئاشىق ناخشىسى.

## 32. ئۇسسۇل كۈيى

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى زاۋال ۋاقتىدا، زوروئاستېر شاگىرتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئورمانلىقتا بۇلاق ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، دەرەخلىك ئوتتۇرىسىدىكى بىر چىملىقنى كۆرۈپ قالدى. چىملىقتا بىر توپ قىزلار ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇلار زوروئاستېرنى قاراپلا تونۇپ، ئۇسسۇلنى توختىتىشتى. زوروئاستېر ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، مېھرىبانلىق بىلەن شۇنداق دېدى:

ــ دىلبەر قىزلار، ئۇسسۇلۇڭلارنى ئويناۋېرىڭلار! بىز كەيپىڭلارنى بۇزغىلى كەلمىدۇق، سىلەرگە دۈشمەنلىك غەرىزىمىزمۇ يوق.

مەن تەڭرىگە ۋاكالىتەن ئىبلىسنى ئاقلايدىغان ئادەم، ئىبلىس ۋەزمىن روھ. شوخ قىزلار، مۇقەددەس ئۇسسۇلۇڭلار ۋە چىرايلىق پۇتۇڭلارغا قانداقمۇ دۈشمەنلىك قىلاي؟

توغرا، مەن ئورمان ھەم دەرەخلىك كېچىسى، قاراڭغۇدىن قورقمىغان ئادەم قارىغىيىم ئاستىدىكى ئەتىرگۈل ئېچىلغان چىغىر يولنى تاپالايدۇ.

ئۇ ھەتتا، قىزلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پەرىشتىنىڭ بۇلاق بويىدا جىمجىت ئارام ئېلىۋاتقىنىنى كۆرەلەيدۇ.

توغرا، بۇ ھورۇن كۇپكۇندۇزدىلا ئۇخلاپ قالغان. بەلكىم، ئۇ بايىلا كېپىنەك قوغلاپ چارچىغاندۇ؟

لەۋەن قىزلار، مەن بۇ پەرىشتىنى بىرئاز ئەيىبلەپ قويسام رەنجىمەڭلار! ئەلۋەتتە ئۇ يىغلايدۇ، كۆز يېشى قىلىدۇ. لېكىن، خالىغان ۋاقتىدا كۈلەلەيدۇ.

ئۇ سىلەر بىلەن بىللە ئۇسسۇل ئويناشنى كۆز يېشى ئارقىلىق تەلەپ قىلسا، مەن ناخشام بىلەن ماسلىشىمەن. بۇ «دۇنيا ساھىبى» دەپ ئاتالغان ئەڭ يۇكسەك ئالۋاستىغا مەدھىيە قىلىنغان ئۇسسۇل كۈيى ۋە مەسخىرە!

تۆۋەندىكى ناخشىنى مۇھەببەت ئىلاھى كۇپىد (Cupid) بىلەن قىزلار ئۇسسۇل ئوينىغاندا زورۇئاستېر ئېيتقان:

ئاھ، ھايات! يېقىندىلا كۆزۈڭگە تىكىلىپ قاراپ، تەگسىز ھاڭغا غۇلاپ چۈشكەندەك بولدۇم.

لېكىن، سەن مېنى ئالتۇن قارماق بىلەن ھاڭدىن تارتىپ چىقاردىڭ، ئەمما سېنى تەگسىز دېگەنلىكىمدىن كۈلدۈڭ.

ــ بارچە بېلىق شۇنداق دەيدۇ، ــ دېدىڭ سەن، ــ ئۇلار چۈشىنەلمىگەن نەرسىلەر چۈشىنىكسىزدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىراق، مەن ياۋايى ھەم ئۆزگىرىشچان، ئەمەلىيەتتە تەلتۆكۈس ئايالمەن، بەكلا شاللاق.

ئەرلەر مېنى تەمكىن، سادىق، ئۆلمەس ھەم سىرلىق دېيىشمۇ لېكىن، سىلەر ئەخلاق ئۆلچىمىڭلارنى ئايالالارغا مەجبۇرىي تاڭىسىلەر. ئاھ، پەزىلەتلىك كىشىلەر!

كىشىنى ئىشەندۈرمەيدىغان بۇ كىشى شۇنداق كۈلگەندى. ئۇ رەزگى گەپلەرنى قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ كۈلكىسىگە ئىشەنمەيمەن.

مەن ياۋايى ئەقىل ـ پاراستىم بىلەن يۈزتۇرا پاراڭلاشتىم. ئۇ ئىنتايىن رەنجىگەن ھالدا شۇنداق دېدى:

ــ سەن تەلەپ قىلغاچقا، تەشنا بولغاچقا ھەم ھاياتنى قىزغىن سۆيگەچكە، ھاياتقا قەسىدە ئوقۇيسەن!

مەن غەزەپ بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدىم. ئەگەر بىز ھەقىقىي قىياپىتىمىزنى ئەقىل ـ پاراستىمىزگە ئاشكارىلىساق، بۇ ئەڭ غەزەپلىك جاۋاب بولىدۇ.

ھەممە نەرسە نەپرىتىمىزگە سوغۇق كېلىدۇ. لېكىن، قەلبىمدە ھاياتقا بولغان سۆيگۈلا بار. راست، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىن غەزەپلەنگىنىمدە، ئۇنى ئەڭ سۆيىمەن.

لېكىن، ئەگەر مېنى ئەقىل ـ پاراسەتنى سۆيىدۇ ياكى بەكلا سۆيىدۇ دېيىلسە، بۇ ئۇنىڭ ھاياتنى ئويلاندۇرغانلىقىدىندۇر!

ئەقىل ـ پاراسەتتىمۇ ھايات كۆزى ۋە كۈلكىسى بار، ھەتتا ئۇنىڭ ئالتۇن قارمىقىمۇ بار. بۇ ئىككىسىنىڭ شۇ قەدەر ئوخشاپ كېتىشىدىكى مەسئۇلىيەت مەندىمۇ؟

«بۇ ئەقىل ـ پاراسەت زادى كىم؟» بىر قېتىم ھايات ماڭا شۇنداق دېدى.

«ئاھ، ئۇ راست ئەقىل ـ پاراسەت» دېدىم مەن دەرھال جاۋاب بېرىپ.

بىز ئۇنى ئىزدەيمىز، بىراق، قانائەتلىنەلمەيمىز، ئۇنى چۈمبىلى سىرتىدىنلا كۆرەلەيمىز، تورنىڭ سىرتىدىن تۇتالايمىز.

ئۇ تۇغما ئۆزگىرىشچان ھەم جاھىل، ئۇنىڭ ئېيىنكىنى چىشلىگەن ھالدا چېچىنى تاراۋاتقانلىقىنى دائىم كۆرىمەن.

بەلكىم ئۇ رەزىل ھەم ساختىدۇر ياكى تەلتۆكۈس بىر ئايالدۇر. لېكىن، ئۇ گۈزەلمۇ؟ زادىلا بىلمەيمەن! لېكىن، ئەڭ قاقباش سازان بېلىقمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بولمىغۇر تەرەپلىرىنى سۆزلەۋاتقان چېغى، ئەڭ جەلپكار ۋاقتى.

مەن بۇ سۆزلەرنى دەپ بولغاندا، ھايات قۇۋلۇق بىلەن كۆزلىرىنى يۇمۇپ كۈلدى:

— كىمنى دەۋاتىسەن؟ — سورىدى ئۇ، — مېنىمۇ يا؟ دېگەنلىرىڭ خاتا بولمىسىمۇ، بۇ گەپلەرنى ئالدىمدىلا قىلىشىڭ دۇرۇسمۇ؟ ئەمدى ئەقىل - پاراسىتىڭ ھەققىدە سۆزلەپ باق!

— ئاھ، سۆيۈملۈك ھايات! سەن ئەمدى كۆزۈڭنى قايتىدىن ئاچتىڭ، مەن تەگسىز ھاڭغا قايتا غۇلاپ كەتكەندەك بولدۇم.

زوروئاستېر شۇنداق كۈيلىمەكتە ئىدى. ئەمما، ناخشا ئاياغلاشقاندا قىزلار تارقىلىشقانىدى. ئۇ ھەسرەتلەندى.

— قۇياش پاتقانىكەن، — دېدى ئۇ ئەڭ ئاخىردا، — چىملاردا شەبنەم، ئورماندىكى سەلكىنمۇ كۈچەيدى.

گويا بىلىپ يەتكىلى بولمايدىغان بىر نەرسە يېنىمدا تۇرۇپ چوڭقۇر خىيال بىلەن ماڭا تىكىلدى. قانداق! تىرىكمۇسەن، زوروئاستېر؟

نېمە ئۈچۈن ياشايسەن، نېمە ئۈچۈن ياشىدىڭ، نېمىنى كۆزلەپ، قەيەردە، قانداق ياشايسەن، ياشاۋېرىشنى ئويلاش ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟

ئاھ، دوستلار، قەلبىمدىكى زاۋال شۇنداق سورىدى، ھەسرىتىمنى ئەپۇ قىلىڭلار!

گۇگۇم چۈشتى، مېنى كەچۈرۈڭلار، گۇگۇممۇ چۈشۈپ قالدى!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## 33. قەبرە قەسىدىسى

زورۇئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

ئۇياق قەبرىستانلىق، ئۇ بىر جىمجىت گۆرىستانلىق؛ ئۇ يەرگە ياشلىق باھارىم دەپنە قىلىنغان، مەن ئۇ يەرگە مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرىدىغان ھاياتلىق گۈل تاجىنى ئېلىپ بارىمەن.

قەتئىي نىيەتكە كەلدىم، شۇڭا دېڭىزدىن ئۆتتۇم.

ئاھ، سىلەر ياشلىقىمغا تەۋە كۆرۈنۈشلەر ۋە خىياللار! ئاھ، سىلەر مۇھەببەتنىڭ بىر لەھزە غالىب شولىسى ۋە ئىلاھىي چاقنىشى! مەن سىلەرنى مەرھۇم تۇغقانلىرىمنى سېغىنغاندەك سېغىنماقتىمەن.

ئەڭ سۆيۈملۈك مەرھۇم قېرىنداشلىرىم، سىلەردىن بىر خىل شېرىن ۋە راھەتبەخش پۇراق كېلىۋاتىدۇ. توغرا، ئۇ دېڭىزچىنى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ ھەم ھاياجانلاندۇرىدۇ.

مەن ئەڭ تەنھا ئادەم تۇرۇپمۇ ئەڭ باي ئادەممەن ھەم ھەسەتكە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئادەممەن. چۈنكى، سىلەر مېنىڭ، مەنمۇ سىلەرنىڭ. ئېيتىڭلارچۇ، بۇ شاختىكى قىزىل ئالما باشقىلارغىمۇ مەن ئۈچۈن تۆكۈلگەندەك تۆكۈلەمدۇ؟

مەن يەنىلا سىلەرنىڭ قالمىش سۆيگۈڭلار ھەم مىراسخورىڭلار. ئاھ، سۆيۈملۈكۈم، سىلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، رەڭگارەڭ ياۋا ئەخلاق ئېچىلدۇردۇم!

ئاھ، سىلەردەك مۆھتەرەم نەرسىلەر، ئەسلىدە بىللە ئىدۇق، سىلەر ماڭا يېقىنلاشقاندا ھەم ئىستىكىمگە كىرگەندە، قورقۇنچاق قۇشلاردەك بولۇپ قالماڭلار، بەلكى ئىشەنچى كامىل ئادەم ئىشەنچلىك ئادىمىگە يېقىنلاشقاندەك بولۇڭلار.

توغرا، سىلەرمۇ ماڭا ئوخشاشلا ساداقەت ۋە ئۆزۈڭلار كۆڭۈل بەرگەن سۆيگۈ ئۈچۈن تۇغۇلغان، ئەمدى ساداقەتسىزلىكىڭلار

سەۋەبىدىن ئىسمىڭلارنى باشقا نەرسىنىڭ نامى بىلەن ئاتامدىم؟
سىلەرنىڭ بۇ ئىلاھىي نىگاھىڭلار ۋە ئۇچقۇن كۆزۈڭلارنىڭ باشقىچە ئىسمىنى تېخى ئۆگەنمىدىم.
توغرا، سىلەر قوغلاندىلار — بالدۇرلا نابۇت بولۇپ كەتتىڭلار. لېكىن، سىلەر مەندىن قاچمىدىڭلار، مەنمۇ سىلەردىن قاچمىدىم، شۇڭا ئارىمىزدىكى ساداقەتسىزلىكتە گۇناھ يوق.
ناۋا قىلىشقان ئۈمىد قۇشۇم، ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سىلەرنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى! راست، رەزىللىك ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئوقياسىنى سىلەردەك سۆيۈملۈك بايقۇشلىرىمغا قارىتىدۇ — مېنىڭ قەلبىمگە تېگىدۇ!
ئۇ تەگكۈزدى! چۈنكى، سىلەر ھەمىشە مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈكسىلەر، تەۋەلىرىم ھەم غوجايىنىمسىلەر. شۇڭا، سىلەر بالدۇر بەرھەم تېپىشىڭلار كېرەك!
ئۇلارنىڭ ئوقياسى ئەڭ ئاجىز يېرىمگە — سىلەردەك تاۋى نازۇكلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ياكى شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، سىلەرنىڭ زىلزىلە ئويناتقۇچى كۈلكەڭلارغا ئېتىلدى!
بىراق، دۈشمىنىمگە دەيدىغىنىم شۇكى، ماڭا قىلغانلىرىڭلار ئالدىدا ئادەم ئۆلتۈرۈش قانچىلىك ئىش ئىدى!
سىلەرنىڭ ماڭا قىلغىنىڭلار ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ۋەھشىي، سىلەر تولدۇرۇۋالغۇسىز نەرسىلىرىمنى ئېلىپ قاچتىڭلار. سىلەرگە شۇنى ئېيتاي، دۈشمەنلىرىم! سىلەر ياشلىقىمدىكى خىياللىرىمنى ۋە شېرىن چۈشلىرىمنى قەتل قىلدىڭلار ھەمدە ھەمراھىمنى — شاد روھىمنى ئەكەتتىڭلار! ئۇلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ گۈلچەمبىرەكنى تەقدىم قىلدىم ھەم قارغىدىم.
سىلەرنى قارغايمەن، دۈشمەنلىرىم! چۈنكى، قەھرىتان كېچە مۈزىكىنى توڭلىتىۋەتكەندەك، سىلەر مېنىڭ بالىلىقىمغا زامىن بولدۇڭلار! مەن ئۇنىڭ غايىبلىق ئالدىدىكى ئاداققى نىگاھىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۇتۇۋالدىم!

— ھەممىسى مۇقەددەستۇر. ماڭا — خۇشاللىقنىڭ مەلۇم بىر پەيتىدە پاكلىقىم ماڭا شۇنداق دېدى.

شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئەڭ مەينەت ئەرۋاھلارنى ۋۇجۇدۇمغا سىڭدۈردۈڭلار، ئاھ، ئۆتۈلمىش خۇشال چاغلار ئاللىقاچان غايىب بولدى!

— مەن ئۈچۈن ھەممە كۈنلەر مۇقەددەستۇر، — دېدى ماڭا ياشلىقىمدىكى ئەقىل - پاراسىتىم. بۇ ھەقىقەتەن شادىمان پاراسەتلىك تەلەپپۇز.

لېكىن، سىلەر دۈشمەنلىرىم، كېچەمنى ئوغرىلاپ قېچىپ ئۇيقۇسىزلىق ئازابىنى ساتتىڭلار. ئاھ، شادلىق پاراستى قايىدىدۇ؟

ياخشى بېشارەت تىلىگەنىدىم، شۇڭا سىلەر بىر ھۇۋقۇشنى باشلاپ چىقىر يولۇمدىن ئۆتتۇڭلار، بۇ شۇملۇقنىڭ ئالامىتى. ئاھ، مېنىڭ نازۇك ئىزگۇ ئۈمىدلىرىم قايىدىدۇ؟

بىرگىنىشنى يوقىتىمەن دەپ قەسەم قىلغانىدىم، لېكىن سىلەر ۋۇجۇدۇمنى ۋە قېرىنداشلىرىمنى زەرداب جاراھەتكە ئايلاندۇردۇڭلار. ئاھ، قېنى مېنىڭ بۈيۈك قەسەملىرىم؟

بەخت يولىدا ئەمالاردەك ماڭغانىدىم، لېكىن سىلەر بۇ يولنى بۇلغىدىڭلار، ئەمدى ئۇ ئاشۇ يولدىن بەكلا سەسكەندى.

توغرا، سىلەر ھەمىشە شۇنداق. سىلەر ئەڭ شېرىن ئەسلىمەمگە زەھەر سېلىپ، ئەڭ ياخشى بال ھەرەمنى ئازابلىدىڭلار.

سىلەر ياخشىلىقىمنى قوبۇل قىلىشقا يۈزى ئەڭ قېلىن تىلەمچىلەرنى ئەۋەتتىڭلار ھەممە قۇتقۇزۇۋالغۇسىز نۇرغۇن نومۇسسىزلارنى توپلاپ دىلكەش كۆڭلۈمنى قاتمۇقات ئورىۋالدىڭلار. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئەخلاق قارىشىمغا زەربە بەردىڭلار.

ئەڭ ئىلاھىي نەرسىلىرىمنى قۇربان بەرگەندە، ساداقەتمەنلىكىڭلار ھەددىدىن ئاشقان ھالدا تېخىمۇ بورداق ھەدىيەلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا

قويدى، ئىلاھىي نەرسىلىرىم مايلىشاڭغۇ پۈرۈقىڭلاردا تىنالماي قالدى.

ھېچكىم ئوينىمىغان ئۇسسۇلنى يەتتە قات ئاسماننىڭ سىرتىدا ئوينىماقچى بولدۇم. لېكىن، سىلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ناخشىچىمنى ئازدۇردۇڭلار.

ئۇ ھەسرەتلىك بىر ناخشىنى ئېيتماقتا. ئاھ، ئۇ گويا مۇسىبەتلىك بۇرغىدەك ئاڭلاندى!

قانخور ناخشىچى، رەزىللىك ئالىقىنىدىكى بىگۇناھ قورال! مەن تەييار بولۇپ بولغانىدىم، ئالاھىدە ئويناش ئۈچۈن، لېكىن ئاھاڭىم ھاياجىنىمنى بەربات قىلدى!

ئاشۇ بۈيۈك نەرسىنى پەقەت ئۇسسۇل ئىچىدىلا سۆپەتلىيەلەيمەن، ئەمما بۇنداق سۆپەتلەشكە ھازىرقى پۇت ـ قوللىرىم قادىر ئەمەس.

ئەڭ يۈكسەك ئارزۇيۇم چۈشىنىلمىدى! ياشلىقىمدىكى بارلىق خىياللار ۋە تەسەللىلەر ئەسلا قالمىدى!

بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداي، بۇ ئازابنى قانداق تىنچىتاي، مېنىڭ روھىم ئاشۇ گۆردىن قانداق قىلىپ تىرىلىپ چىقالايدۇ؟

ھەئە، مېنىڭ يەنە ھېچنېمە زەخىملەندۈرەلمەيدىغان، ھەرقانداق زور تاشلارمۇ يانجىۋېتەلمەيدىغان بىر بايلىقىم بار، ئۇ مېنىڭ ئىرادەم. ئۇ ماڭا جىمجىت ھەمراھ بولۇپ، نۇرغۇن يىللارنى ئۆتكۈزدى ھەم ئۆزگەرمىدى.

ئىرادەم ئۆز يولىنى پۇتۇم ئارقىلىق ماڭدى، ئۇ ئەسلىدىنلا تاش يۈرەك ھەم بىر ئەزىمەت.

پەقەت تاپىنىمغىلا ھېچنېمە ئۆتمەيدۇ، ئەڭ سەۋرچان بۇ ئىرادەم ئىزچىل ھالدا ئەنە شۇ يەردە، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئەسلىي ھالىتىنى ساقلىدى! سەن قەبرىستان كىشەنلىرىنى چېقىۋەتتىڭ!

ۋۇجۇدۇمدىكى ئەمەلگە ئاشمىغان ياشلىق باھارىم، سەن كۆمۈلگەن قەبرىلەرنىڭ سارغۇچ توپىسىدا ھايات ۋە باھار كەبى ئۈمىدۋارلىقتا ئولتۇرىسەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھەئە، سەن يەنىلا قەبرەمنىڭ بوزغۇنچىسى. ساڭا ئېھتىرام، ئىرادەم! قەبرە بولسىلا تىرىلىش بولىدۇ.

## 34. ئۆزلۈكتىن ھالقىش

سىلەر دانىشمەنلەر ئۆزىنى سىلجىتىپ ھەم ئۆزىنى ياندۇرۇپ نۇرلاندۇرىدىغان نەرسىنى «ھەقىقەت ئىزدەش ئىرادىسى» دەپ قارامسىلەر؟

مېنىڭچە، سىلەرنىڭ ئاتالمىش ئىرادەڭلار ھەممىنى چۈشىنىش ئىرادىسىدۇر!

سىلەر ئىنسانغا ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرمەكچى بولىسىلەر. چۈنكى، سىلەر ھەممە نەرسە چۈشىنىشلىك دېگەن سۆزدىن گۇمانلىنىسىلەر.

لېكىن، ھەممە نەرسە سىلەرگە بويسۇنۇشى كېرەك، خۇددى روھ ئەينىكى بىلەن ئۇنىڭ ئەينەكتىكى سايىسىدەك.

مانا بۇلار سىلەر دانىشمەنلەرنىڭ پۈتكۈل ئىرادىسى «ھوقۇق ئىرادىسى» دۇر. ھەتتا سىلەر ياخشىلىق ۋە قىممەت ئۈستىدە گەپ ئاچقاندىمۇ شۇنداق.

سىلەر باشتىن ـ ئاياغ تېۋىنىشقا ئەرزىيدىغان بىر دۇنيا ياراتماقچى بولىسىلەر، بۇ سىلەرنىڭ ئەڭ زور ئۈمىدىڭلار ۋە خىيالىڭلار.

توغرا، ھاماقەت بىلەن خەلق كېمىنى ئالغا سىلجىتىدىغان دەريا، قىممەت ئۈستىدىكى ۋەزمىنلىك تەمكىنلىك بىلەن كېمىدە ئولتۇرىدۇ.

ئىرادە ۋە قىممىتىڭلارنى تۇراقسىز دۇنياغا قويۇۋەتتىڭلار — ئاۋام تەرىپىدىن ياخشى ۋە يامان دېيىلگەن ھەرقانداق نەرسە ماڭا كونىراپ كەتكەن «ھوقۇق ئىرادىسى»نى نامايان قىلىدۇ.

سىلەر دانىشمەنلەر مۇشۇنداق مېھمانلارنى كېيىمدە ئولتۇرغۇزدۇڭلار ھەم زىننەتلىدىڭلار، كاتتا نام ئاتا قىلدىڭلار. سىلەردىكى ھۆكۈمرانلىق ئىرادە.

دەريا كېمەڭلارنى ئالغا سىلجىتماقتا، شۇنداق بولۇشى مۇقەررەر. دولقۇنلارنىڭ ئۇرۇلۇپ تورۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەس.

سىلەر دانىشمەنلەرنىڭ ياخشى - يامانلىقنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى ۋە خەتىرى دەريادا ئەمەس، ئىرادەڭلەردە. يەنە ھوقۇق ئىرادەڭلەردە. مەڭگۈلۈك ئىجادىي ھايات ئىرادەڭلەر.

ئەمما، ياخشى - يامان ھەققىدىكى قارىشىمنى سىلەرگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھايات ۋە بارلىق جانلىقلارنىڭ ئەسلىي ئالاھىدىلىكىگە بولغان قارىشىمنى سۆزلەپ ئۆتەي.

جانلىقلارنىڭ تەبىئىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئەگەشكەنىدىم. ئۇلارغا ئەگىشىپ، داغدام يوللاردا ۋە چىغىر يوللاردا ماڭغانىدىم. ئۇنىڭ تەلەتىنى قىرلىق ئەينەكتىن كۆردۇم، ئۇنىڭ ئاغزى ئېتىۋېلىنغاندا، كۆزى ماڭا گەپ قىلاتتى، ئەمەلىيەتتىمۇ ماڭا گەپ قىلىۋاتقانىدى.

ھاياتلىق بارلىقى يەردە، بويسۇنۇش زۇۋانىنى ئاڭلايمەن. ھاياتلىق بويسۇنۇش خاراكتېرىگە ئىگە نەرسە.

يەنە، شۇنى ئاڭلىدىم، ئۆزىگە بويسۇنمىغانلار باشقىلارغا بويسۇنىدۇ. ھايات دەل مۇشۇنداق.

ئاخىردا يەنە شۇنى ئاڭلىدىم: بۇيرۇق قىلىش بويسۇنۇشتىن قىيىن، بۇيرۇق بەرگۈچىلەر بويسۇنغۇچىلارنىڭ يۈكىنى زىممىسىگە ئالغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە بۇ يۈكنىڭ ئۇنى مىجىپ تاشلىۋېتىدىغانلىقىدىندۇر.

ھەرقانداق بۇيرۇق مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا سىناق ياكى تەۋەككۈلچىلىك. ھايات بۇيرۇق بەرگەنكەن، ئۇ ئۆزىگە تەۋەككۈل قىلغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



شۇنداق، ئۇ ھەتتا ئۆزىگە بۇيرۇق بەرگەن ۋاقىتتا، بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلىشى كېرەك. ئۇ ئۆز قانۇنى ئۈچۈن سوتچى، قىساسكار ۋە قۇربانلىق بولۇشى كېرەك.

نېمە ئۈچۈن، ئۆزۈمدىن سورىدىم. قانداق نەرسە ھاياتلىقنى بۇيرۇق ياكى بويسۇنۇشقا، ھەتتا بۇيرۇق بېرىۋېتىپ بويسۇنۇشقا ئۈندەيدۇ؟

سىلەر دانىشمەنلەر، سۆزۈمنى تىڭشاڭلار! مېنىڭ ھايات چوڭقۇرلۇقۇمغا بارغان - بارمىغانلىقىمنى قاتتىق تەكشۈرۈڭلار!

ھايات بارلىكى يەردە، «ھوقۇق ئىرادىسى»نى تاپالايمەن. ھەتتا، مالايلىق ئىرادىسىدىنمۇ غوجايىنلىق ئىرادىسىنى تاپالايمەن.

ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە بويسۇنۇشى كېرەك. شۇڭا، ئاجىزلارنىڭ ئىرادىسىمۇ ئۆزىنى ئۆزىدىنمۇ بەك ئاجىزلارنىڭ غوجايىنى بولۇشقا قايىل قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھېچكىمگە ئۆتۈنۈپ بەرمەيدىغان بىردىنبىر خۇشاللىقى.

ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە تىز پۈكۈپ، تېخىمۇ بەك ئاجىزلارغا غوجايىن بولۇش خۇشاللىقىنى تاپىدۇ. ئوخشاشلا ئەڭ كۈچلۈكلەرمۇ ئۆزىگە بويسۇنىدۇ ھەمدە ھوقۇق ئۈچۈن ھاياتىنى رەنىگە قويىدۇ.

ھاياتقا تەۋەككۈل قىلىپ ئۆلۈمنى رەنىگە قويۇش بولسا، ئەڭ كۈچلۈكلەرنىڭ تىز پۈكۈش ئىرادىسى.

قۇربان بېرىش، تىز پۈكۈش ۋە مۇھەببەت خاسىيىتى بار جايدىلا غوجايىنلىق ئىرادىسى بولىدۇ. ئاجىزلار، كۈچلۈكلەر قەلئەسىنىڭ مەركىزىگە چىغىر يول بىلەن كىرىپ ئۇنىڭ ھوقۇقىنى ئوغرىلايدۇ.

بۇ سىرنى ھايات ئۆز ئاغزى بىلەن ئاشكارىلايدۇ.

— دىققەت قىل، — دەيدۇ ئۇ، — مەن دەل ئۆز - ئۆزىدىن توختىماي ھالقىش زۆرۈر بولغان ئاشۇ نەرسە.

توغرا، سىلەر بۇنى يارىتىش ئىرادىسى ياكى ئىزدىنىش نىشانى ۋە تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ يىراق، تېخىمۇ مۇرەككەپ نەرسىلەرنىڭ سەۋەبى دەيسىلەر. ئومۇمەن، بۇلار بەربىر بىرلا ئىش، بىرلا سىر.

بۇ بىردىنبىر نەرسىنى قولدىن بېرىشنى ئۆلسەممۇ خالىمايمەن. راستىنلا تىز پۈكۈش ۋە خازان بارلىكى يەردە، ھوقۇق ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىشمۇ بولىدۇ!

مەن چوقۇم كۆرەش، ئۆزگىرىش، مەقسەت ۋە توقۇنۇش بولۇشۇم كېرەك. ئاھ، كىم مېنىڭ ئىرادەمنى بايقىۋالالىسا، ئۇ مۇقەررەر بولغان ئېگىز - پەس يوللىرىنىمۇ بايقىۋالالايدۇ!

مەيلى نېمە ئىجاد قىلاي، ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرەي، ئۇنىڭ بىلەن ۋە سۆيگۈم بىلەن تېزلا زىتلىشىپ قالىمەن. ئىرادەم شۇنداق قىلدۇرىدۇ.

سەندەك ئىستىگۈچىمۇ ئىرادەمنىڭ چىغىر يولى ۋە كىچىك بىر قەدىمى. راست، مېنىڭ «ھوقۇق ئىرادەم»مۇ سېنىڭ «ھەقىقەت ئىرادەڭ»گە ئەگەشمەكتە!

«مەۋجۇتلۇق ئىرادىسى»دە كىم چىڭ تۇرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتنى مۇقەررەر ھالدا تاپالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنداق ئىرادە مەۋجۇت ئەمەس!

مەۋجۇت بولمىغانلىكى نەرسىدە ئىرادىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، مەۋجۇت بولۇپ بولغان تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قانداقمۇ ئىستىسۇن!

ھايات بارلىكى يەردە ئىرادە بار. لېكىن، بۇ ھاياتلىق ئىزدەش ئىرادىسى ئەمەس، ساڭا ئېيتاي، ئۇ بولسىمۇ «ھوقۇق ئىرادىسى»!

جانلىقلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھاياتتىن ئەلا بىلىدۇ. «ھوقۇق ئىرادىسى» دەل مۇشۇنداق قاراشنىڭ مەھسۇلى!

ھايات ماڭا شۇنداق دېگەن: دانىشمەنلەر، كۆڭلۈڭلاردىكى تۈگۈننى يەشتىم.

راست، سىلەرگە ئېيتاي: مەڭگۈلۈك ياخشىلىق ۋە رەزىللىك مەۋجۇت ئەمەس! ئۇلار ئۆزىنىڭ تەبىئىتى بويىچە ئۆز - ئۆزىدىن تىنماي ھالقىشى كېرەك.

سىلەر قىممەت باھالىغۇچىلار، قىممەت ۋە ياخشى - يامانلىق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قارىشىڭلار بويىچە ھوقۇقۇڭلارنى يۈرگۈزسىلەر، بۇ سىلەرنىڭ يوشۇرۇن مۇھەببىتىڭلار ۋە قەلبىڭلارنىڭ بەرق ئۇرۇشى، تىترىشى ۋە كۆلۈشى.

بىراق، تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان ھوقۇق ۋە يېڭى ھالقىش سىلەرنىڭ قىممەت باھالىشىڭلاردىن كېلىپ چىقتى — ئۇ پوستىنى يېرىپ چىقتى.

توغرا، كىم ياخشى - يامانىنى ياراتماقچى بولىدىكەن، ئالدى بىلەن قىممەتنى بۇزۇپ تاشلىسۇن.

شۇڭا، ئەڭ ۋەھشىي يامانلىق ئەڭ ئۇلۇغ ياخشىلىقتا بولىدۇ، مانا بۇ ئىجادىي ياخشىلىق.

دانىشمەنلەر، پاراڭلىشايلى، گەرچە بۇ ياخشى ئىش بولمىسىمۇ، سۈكۈت قىلىشتىن ياخشىراق. ھەقىقەتنى يوشۇرۇۋەرسە، ۋىرۇسقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ھەممىسى بەربات بولسۇن. ھەقىقەتىمىز ھەممىنى چېقىپ تاشلايدۇ! نۇرغۇن قەسىرلەر بىزنىڭ قۇرۇشىمىزنى كۈتمەكتە!

## 35. ئالىيجاناب ئادەم

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

دېڭىز بىنىڭ ئاستى ئىنتايىن تىنچ، لېكىن ئۇنىڭغا غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى كىمنىڭ خىيالىغا كېلىدۇ؟

چوڭقۇرلۇقۇم باشتىن - ئاخىر بىر خىل. لېكىن، ئۇنىڭدا گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ تۇرىدىغان سىرى ئەسرار ۋە كۈلكە تەبەسسۇملار چاقناپ تۇرىدۇ.

مەن بۈگۈن ئالىيجاناب ۋە سۈرلۈك بىر كىشىنى ئۇچراتتىم، شۇنداقلا ئۇ روھىي ئىستىغپارچى ئىدى. ئاھ، مەن ئۇنىڭ بولۇمسىزلىقىنى ئىچىمدە نەقەدەر مەسخىرە قىلدىم - ھە!

ئۇ غادايغان هالدا جىم تۇراتتى، خۇددى چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋاتقاندەك ئىدى، بۇ كاتتا كىشى!

ئۇ ئۆزىنىڭ رەزگى ھەقىقىتىنى ئولجا ۋە كونىرىغان پۇزۇر كىيىملەر بىلەن زىنىنەتلىگەن، ئۇنىڭ بەدىنىدە نۇرغۇن تىكەن بار ئىدى — ئەمما، مەن ئەتىرگۈل كۆرمىدىم.

كۆلكە ۋە گۈزەللىككە كۆنمەي تۇرۇپلا، بۇ ئوۋچى بىلىم ئورمىنىدىن ھەسرەت بىلەن قايتىپ چىقتى.

ئۇ ھايۋانلار بىلەن بولغان جەڭدىن بايىلا قايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ سۈرلۈك قىياپىتىدىن يەنە بىر ھايۋاننىڭ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇ تېخى كۆندۈرۈلمىگەن ھايۋان.

ئۇ خۇددى ھەملە قىلىپ تۇرغان يولۋاسقا ئوخشايتتى، لېكىن مەن ئۇنداق تەنتەك روھلارنى ياخشى كۆرمەيمەن ھەمدە ئايغى چىقماس ئىشلارغا بېرىلىپ كەتكەنلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن.

دوستلار، سىلەر ماڭا راي ۋە سىناق ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىش ھاجەتسىز دېگەن ئەمەسمىدىڭلار؟ بىراق، ھايات پۈتۈنلەي راي ۋە سىناق ئۈستىدىكى تالاش ـ تارتىشقۇ!

راي بولسا ئېغىرلىق، ھەم تارازا ھەم ئۆلچىگۈچ. ھەرقانداق ھاياتلىق ئېغىرلىق، تارازا ۋە مىزان ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشنى باشتىن كەچۈرمەيلا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولسا، بۇ ئىنتايىن بەختسىزلىك بولىدۇ.

بۇ ئالىيجاناب ئادەم ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقىدىن بىزارلىق ھېس قىلغاندا، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئاشكارىلىققا ئۆتىدۇ، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ تەمىنى تېتىدىم دېسە بولىدۇ.

ئۇ پەقەت ئۆزىدىن ۋاز كەچكەندىلا، سايىسىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدۇ، ئۆز قۇياشىغا ھەقىقىي شۇڭغۇپ كىرەلەيدۇ.

ئۇ تەسكەيدە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەن، بۇ مەنىۋى ئىستىغپارچىنىڭ چىرايى بەكلا تاتىراڭغۇ، ئۇ كۈتۈش ئىلكىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېچىرقاپ يىغلىغۇدەكلا تاس قالغان.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يەنىلا مەسخىرە چىقىپ تۇرىدۇ، مەھكەم يۇمۇلغان ئاغزىغا بىزارلىق يوشۇرۇنغان. توغرا، ئۇ ئارامدا، ئەمما قۇياشنىڭ ئاستىدا ئەمەس.

ئۇ كالىغا ئوخشىشى كېرەك، كالىنىڭ خۇشاللىقى تۇپراققا بولغان يېقىنلىقتا، ھەرگىزمۇ زېمىننى مەسخىرە قىلىشتا ئەمەس.

مەن ئۇنى ساپان سۆرەپ تىنماي مۆرەۋاتقان ئاق ئۆكۈز بولسا ئىكەن دەيمەن. ئۇنىڭ مۆرەشلىرى زېمىنغا ئوقۇلغان مەدھىيە بولۇشى كېرەك.

ئۇنىڭ چىرايى بىر پارچە زۇلمەت، چۈنكى قوللىرىنىڭ سايىسى ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنىلا نۇرسىز.

ئۇنىڭ ئەتمىشلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن سايە، قىلمىشلىرى ھەملە قىلغۇچىنى خىرەلەشتۈرىدۇ. ئۇ تېخى ئۆز قىلمىشلىرىدىن غالىب كېلەلمىدى.

مەن ئۇنىڭ كالىلاردەك مۆرىشىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭ پەرىشتىدەك كۆزلىرىنى كۆرۈشنى تېخىمۇ خالايمەن.

ئۇ، ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق ئىرادىسىنى ئۇنتۇشى زۆرۈر، ئۇ ئالىيجاناب كىشى بولۇپلا قالماي يەنە يۈكسەكتە تۇرىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. ھاۋا مۇشۇنداق ئىرادىسىز ئادەمنى يۈكسەلدۈرىدۇ!

ئۇ غەلىتە مەخلۇقلارنى ئەل قىلغان، سىرلارنى يەشكەن. لېكىن، ئۇ ئاشۇ مەخلۇقلار ۋە سىرلار ئۈچۈن گۇناھىنى يۇيۇپ، ئۇلارنى ئىلاھىي ئوغرىلارغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

ئۇ كۆلكە ۋە ھەسەت قىلماسلىقنى تېخى ئۆگەنمىگەن، ئۇنىڭ قىزغىن ھاياجانلىرى گۈزەللىك قوينىدا تىنچلىنىشقا قادىر ئەمەس.

توغرا، ئۇنىڭ تەشنالىقى قانائەت ئىچىدە يوقىماي، گۈزەللىك ئىچىدە ياشىسۇن! سىپايىلىك ئۇلۇغلارنىڭ مەردانىلىكىگە كىرىدۇ.

بىلەككە باشنى قويۇش ــ قەھرىمانلار ئەنە شۇنداق ئارام ئېلىشى

كىرەك ھەم ئۆزىنىڭ ئارامىدىن ئاشۇنداق ھالقىشى كېرەك.

گۈزەللىك قەھرىمانلار ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك. ھەرقانداق ئەسەبىي ئىرادە گۈزەللىككە ئېرىشەلمەيدۇ.

بۇ يەردە ئارتۇقلۇق ۋە كەمتۇكلۇكلەرنىڭ ھەممىسى ياراشمايدۇ. چۈنكى، گۈزەللىكنىڭ بالاغىتى دەل مۇشۇ يەردە.

سىلەر ئالىيجاناب ئادەملەر تەمكىن ۋە توسقۇنسىز ئىرادە بىلەن قىيامىڭلارنى ساقلاپ قىلىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن قىيىن.

ھوقۇق سالاپەتلىك بولۇپ يېتىلىدىغان جايدا بولسا، بۇنداق كەمتەر ئىپادىنى گۈزەللىك دەپ ئاتايمىز.

مەن پەقەتلا سېنىڭدەك زوراۋاندىن گۈزەللىك تەلەپ قىلىمەن. ئاق كۆڭۈللۈكۈڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىستېلايىڭ بولۇپ قالسۇن.

گۇناھقا تولغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. شۇڭا، ئۆزگىرىپ ياخشى بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

توغرا، مەن ھەمىشە توكۇرلۇقىدىن ئۆزىنى ئاق كۆڭۈل دەۋالغان ئاجىزلاردىن كۈلىمەن!

تۈۋرۈك ئەخلاقىنى ئىزدە، ئۇ ئېگىزلىگەنسېرى گۈزەل ھەم نەپىس بولىدۇ، ئىچىمۇ مەزمۇت بولىدۇ.

ھەئە، ئالىيجانابلار، ھامان بىر كۈنى ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ كېتىسىلەر ھەم ئۇنى ئەينەكتىن كۆرىسىلەر.

ئۇ چاغدا، قەلبىڭ مۇقەددەس ئويدىن ھاياجانلىنىدۇ، ھەتتا شۆھرىتىڭگە باش ئۇرىدۇ.

بۇ قەلبىڭ سىرى، قەھرىمان پەقەت مۇشۇ سىردىن ۋاز كەچكەندىلا، بۈيۈك قەھرىمان ئۇنىڭ چۈشىدە ئايان بولىدۇ.

## 36. مەدەنىيلەشكەن زېمىن

زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ:

كېلەچەككە قاراپ ئۇچۇپ بەك ئۇزاپ كەتتىم، قەلبىمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چوڭقۇر قاتلىرىدىن بىر خىل ۋەھىمە ئۆرلەپ چىقتى. ئەتراپقا باقتىم، ۋاھ پەقەت ۋاقىتلا مەن بىلەن زامانداش ئىدى.

شۇڭا، كەينىمگە چېكىندىم. سۈرئىتىمنى تېزلەتتىم، شۇنداق قىلىپ مەن سىلەردەك بوۋاق كىشىلىرىنىڭ يېنىغا — مەدەنىيەت زېمىنىغا قايتتىم.

كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ، تۇنجى قېتىم سىلەرگە ئۈمىد بىلەن قارىدىم. راست، قىزغىنلىق بىلەن كەلگەنىدىم.

قانداق بولدى؟ گەرچە ئىنتايىن قورقۇمسىرىغان بولسامۇ، كۈلمەي تۇرالمايتتىم! چۈنكى، بۇنداق رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

توختىماي كۈلدۈم، يۈرىكىم بىلەن پۈتۈم تىترىمەكتە ئىدى. «بۇ يەر بارلىق رەڭلەرنىڭ ماكانىكەن» دېدىم.

سىلەر بوۋاق كىشىلىرىنىڭ چىراي ۋە پۇت - قوللىرى ئالىيېشىل، غەلىتە بويالغان، سىلەرنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغانلىقىڭلارغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدىم!

ئەتراپىڭلاردا ئەللىكچە ئەينەك بار ئىدى، ئەينەك سىلەرنىڭ رەڭدار ئويۇنۇڭلارنى خۇشامەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرەتتى!

راست، بوۋاق كىشىلىرى، ئۆز قىياپىتىڭلاردىنمۇ ئارتۇق يارىشىدىغان نىقابمۇ بولامدۇ، سىلەرنى كىم تونۇيالىسۇن؟

ۋۇجۇدۇڭلار ئەسلىدىنلا ئۆتمۈش ئىزنالىرى بىلەن تولغان، ئەمدى ئۇنىڭغا يېڭىچە ئىزنالار قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، شىفىر مۇتەخەسسىسلىرىمۇ سىلەرنى يېشىشكە قادىر ئەمەس! ئىچ - باغرىڭلارنى تەكشۈرگەن ھالەتتىمۇ، سىلەرنىڭ ئىچ - باغرىڭلارنىڭ بارلىقىغا كىممۇ ئىشەنسۇن؟! سىلەر گويا بوياق ۋە دېۋىرقاي ئېشىندىلىرىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسالغان.

ھەرقانداق دەۋر ۋە شۇ دەۋرنىڭ خەلقى رەڭگىڭلارنى چۈمبىلىڭلاردىن كۆرمەكچى. بارلىق ئۆرپ - ئادەت ۋە ئېتىقادمۇ قول

ھەربىكىتىڭلار ئارقىلىق ئاشۇ رەڭدارلىق ھەققىدە گەپ ئاچماقچى.

بىرەرى سىلەرنىڭ چۈمبىلىڭلارنى، پۈركەنجەڭلارنى، بويىقىڭلارنى ۋە قول ھەربىكىتىڭلارنى ئېلىپ تاشلىسا، قۇشلارنى ئۈركۈتۈۋېتىدىغان تېنىڭلارنى كۆرىدۇ.

تـوغرا، مـەن دەل سىلەرنىڭ يالىڭاچ، رەڭسـىز ئـەسلـي ھالىتىڭلارنى كۆرۈپ ئۈركۈپ كەتكەن قۇش، بۇ ئىسكىلىت ماڭا قاش ئېتىۋىدى، بەدەر ئۇچۇپ كەتتىم.

دوزاختا ئەرۋاھلار بىلەن بىللە ياشاشقا رازىمەن. چۈنكى، دوزاخ ئەھلى سىلەردىن يېتۈكرەك.

ھەئە، بۇگۈن كىشىلىرى! مەن سىلەرنىڭ يالىڭاچ تېنىڭلارغا قاراشقا چىدىمايمەن، كىيىنىشىڭلارغىمۇ تاقەت قىلالمايمەن. مانا بۇ دەل مېنىڭ قەلبىمدىكى ئازاب!

راست كەلگۈسىدىكى مەۋھۇم بىئاراملىق ۋە ئازغۇن قۇشلارنى تىترەتكۈچى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كىشىگە سىلەرنىڭ رېئاللىقىڭلاردىنمۇ بەك ئارام بېغىشلايدۇ.

سىلەر دەيسىلەر: «بىز پۈتۈنلەي رېئال، بىزدە قىلچىمۇ ئېتىقاد ۋە خۇراپىي تۇس يوق.» سىلەر مۇشۇنداق ماختىنىسىلەر. ئاھ، ھەتتا بۇ سىلەرچە ماختىنىشمۇ ئەمەس!

ئەمەلىيەتتە، سىلەر ئالىيېشىللار نېمىگە ئېتىقاد قىلالايسىلەر؟ سىلەر پەقەت بۇرۇنقى بارلىق ئېتىقادنىڭ كۆچۈرۈلمىسى!

سىلەر ئېتىقادنىڭ ئېقىنچان سەپسەتىسى، بارلىق ئىدىيەنىڭ بۇرمىلىنىشى. مەن سىلەرنى مۇنداق ئاتايمەن: ئىشەنگىسىزلەر!

ھەرقانداق دەۋر سىلەرنىڭ روھىڭلاردا شىكايەت قىلىدۇ، ھەرقانداق دەۋرنىڭ خىيالى ۋە پاراڭلىرىنىڭ ھەممىسى ھوشيارلىقىڭلاردىنمۇ رېئال.

سىلەر قاقشاللىشىپ كەتكەچكە مېۋە بېرەلمەيسىلەر. شۇڭا، سىلەردە ئېتىقاد كەم. ياراتقۇچى ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭدا ئەۋلىياچە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



خىيال ۋە ساماۋى بېشارەت مەڭگۈ بار. ئۇ ئېتىقادقا ئىشىنىدۇ.

سىلەر يېرىم ئېچىلغان ئىشىك، گۈركارلار ئىشىكنىڭ سىرتىدا. «ھەممىسى بەربات بولۇشى كېرەك.» مانا بۇ سىلەرنىڭ رىئاللىقىڭلار.

ئاھ، سىلەر قاقشال كىشىلەر، ئىسكىلىتىڭلارغا تايىنىپ ئالدىمدا تۇرىسىلەر! ئاراڭلاردا بۇنداق ھالەتنى ماڭا ئوخشاش كۆرەلەيدىغانلار بار.

شۇ كىشىلەر دەيدۇ: «چوقۇمكى، مەن ئۇخلاپ قالغان، بىر قىسىم نەرسىلىرىمنى تەڭرى ئېلىپ كەتكەن، راست ئۇ نەرسىلەر تەڭرىنىڭ خوتۇن خەقىنى ئۆزى ئۈچۈن يارىتىشىغا يېتىپ ئاشىدۇ!»

— قوۋۇرغام راستىنىلا كەم! — نۇرغۇن بۇگۈن كىشىلىرى شۇنداق دەيدۇ.

ھەئە، سىلەر بۇگۈن كىشىلىرى راستىنىلا كۈلكىلىك! بولۇپمۇ ئۆزۈڭلاردىن ھەيران قالغاندا!

چۆچۈگەن ھالىتىڭلاردىن كۈلەلمەي، تەخسەڭلاردىكى سەسكىنىشلىك نەرسىلەرنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولسام، بەكمۇ ئېچىنىشلىق!

لېكىن، يۈكۈڭلارنى يەڭگىللىتەلمەيمەن. چۈنكى، بارلىق ئېغىرلىقنى كۆتۈرۈشۈم كېرەك. يۈكلىرىم ئارىسىدا بەزى كىچىك قۇرتلار بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ نېمە كارايىتى!

راست، بۇنىڭلىق بىلەن ئېغىرلىق ھېس قىلمايمەن. مېنى چارچىتىدىغىنى سىلەر بۇگۈن كىشىلىرى ئەمەس.

ئاھ، شۇ تاپتا تەشنالىقىمنى بويلاپ يۇقىرىغا يامىشىشىم كېرەك! ۋەتىنىم ۋە يۇرتۇمنى چوققىلاردىن ئىزدەيمەن.

ھەممە يەرنى ئىزدەپمۇ يۇرتۇمنى تاپالمىدىم، يەنىلا شەھەرلەر ئارا ئارىلاپ يۈردۈم. قوۋۇقلار نۆۋەتتىكى سەپىرىمنىڭ باشلانمىسى.

بايىلا قەلبىم مېنى بۇگۈن كىشىلىرىگە ئىتتەردى، ئەمدى ئۇلار كۈلكىلىك ياقا يۇرتلۇقلاردىن بولۇپ قالدى، مەن بولسام ۋەتىنىم

سۇرگۈنى.

شۇنداق، پەقەتلا پەرزەنتلىرىمنىڭ يۇرتىنى سۆيىمەن. يىراق، قىرغاقتىكى بايقالمىغان بىر پارچە زېمىن ــ كېمەمنى داۋاملىق ئىزدەشكە سۈيلىدىم.

پەرزەنتلىرىم ئالدىدا گۇناھىمنى يۇيۇشۇم كېرەك. چۈنكى، مەن بوۋىلارنىڭ ئەۋلادى. مۇشۇ بۇگۈننى پۈتۈن كېلەچەك بىلەن تولۇقلىشىم كېرەك!

## 37. پاك ئۇقۇم

زوروئاستىر شۇنداق دېدۇ:

تۈنۈگۈن ئاخشام ئاي ئۆرلىگەندە ئۇنى ئېغىر ۋە تولغان ھالدا ئۇيۇقتا كۆردۇم. بەلكىم، ئۇ قۇياشقا ھامىلىدار دەپ ئويلىدىم.

ئەمەلىيەتتە ئۇ بارداڭ قورسىقى بىلەن ئادەم ئالدايدۇ، شۇڭا ئايدىكى ئەرلەرگە ئىشىنىمەنكى، ئاياللارغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمەن. توغرا، ئۇ قورقۇنچاق تۈن سەيياھىنىڭ ئەرلىك شىجائىتى يوق، ئۇ شۇم غەرەز بىلەن ئۆگزىلەر ئۈستىدە تۈيدۇرماي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئۇ ئايدىكى روھانىي ئىنتايىن ئاچ كۆز ۋە ھەسەتخور. ئۇ زېمىن ۋە ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى پاراغەتكە قول تىقماقچى.

ياق، مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن. ئۇ ئۆگزىدە شۈمشىيىپ تۇرغان ئەركەك مۈشۈك! مەن قىيا ئېچىلغان دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى يوشۇرۇن ئىشلاردىن نەپرەتلىنىمەن.

ئۇ يۇلتۇز زىلچىلاردىن ساداقەت بىلەن ئاستا ئۆتىدۇ. لېكىن، پۈتۈنلەي ئۇچىدا دەسسەپ شەپىسىز مېڭىشنى ئۆچ كۆرىمەن.

ھەرقانداق بىر ئوچۇق ـ ئاشكارا ئادەم يول يۈرگەندە گۇرسۇلدەپ ماڭىدۇ، ئەمما مۈشۈك ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ھەر تەرەپلەرگە چېپىپ يۈرىدۇ. قاراڭلار! ئاي مۈشۈكتەك پىنھان يېتىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مېنىڭ سىلەردەك سەزگۈر رىياكارلارغا ۋە «ساپ بىلىم ئىزدىگۈچىلەر»گە ئېيتىدىغان بىر تەمسىلىم بار: سىلەرنى بالاخور دەيمەن.

سىلەرمۇ زېمىننى ۋە زېمىن ئۈستىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى قىزغىن سۆيىسىلەر، مەن كۆڭلۈڭلاردىكىنى بىلىپ بولدۇم! بىراق، سۆيگۈڭلار ئىزگۈ ئەمەس، ئۇنىڭدا ئاز ـ تولا خىجىللىق بار. چۈنكى ئايغا ئوخشايسىلەر.

روھىڭلار باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئاسانلا ئىشىنىپ، زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى كەمسىتىدۇ، لېكىن سىلەرنىڭ ئىچ ـ باغرىڭلار ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، ئىچ ـ باغرىڭلار تېنىڭلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قىسمى.

ئەمدى، روھىڭلار ئىچ ـ باغرىڭلارنىڭ مالىيى بولۇشنى نومۇس بىلىپ، خىلۋەت ۋە چىغىر يوللار ئارقىلىق خىجىللىقىڭلاردىن قاچىسىلەر.

ــ مېنىڭچە، ئەڭ ئالىي ئىش، ــ سىلەرنىڭ يالغانچىلىقىنى ياخشى كۆرىدىغان ئاشۇ روھىڭلار ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دەيدۇ، ــ تىلنى ساڭگىلاتقان ئىتتەك ھاياتقا كۆز تىكمەسلىكتە، ــ تىكىلمىشتىمۇ شادلىق بار. شۇ تاپتا ئىرادە پۈتۈنلەي يوقىلىپ، شەخسىي تەلەپ ۋە ئىگىدارچىلىق مەۋجۇت ئەمەس. پۈتكۈل ۋۇجۇد كۆلگە ئايلانغان، ئايدەك غۇۋا بىر جۈپ كۆزلا قالغان!

ــ مېنىڭچە، ئەڭ سۆيۈملۈك ئىش، ــ ئالدانغان بۇ كىشى ئۆزىنى مۇشۇنداق ئالدىماقتا، ــ زېمىننى ئايدەك قىزغىن سۆيۈش، زېمىننىڭ گۈزەللىكىنى كۆز بىلەن ھېس قىلىش.

مانا بۇ نەرسىلەر ھەققىدىكى پاك ئۇقۇم: نەرسىلەرگە ھېچقانداق خام خىيالدا بولماي، ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ تۇرۇشنىلا تەلەپ قىلىش، خۇددى كۆپ قىرلىق ئەينەك ئالدىدا تۇرغاندەك.

ئاھ، ئەي، رىياكارلار، بالاخورلاردا پاك ھەۋەس كەم بولىدۇ، شۇڭا

سىلەر ھەۋەسنى قارىلايسىلەر!

پاكلىق نەدە؟ ئىشلەپچىقىرىش ئىرادىسى بار يەردە. كىم ئۆزىدىن ھالقىغان نەرسىلەرنى ياراتماقچى بولىدىكەن، ئۇنى ئەڭ پاك ئىرادىگە ئىگە، دەپ قارايمەن.

گۈزەللىك نەدە؟ ئۇ پۈتكۈل ئىرادەم بىلەن ئىزدىشىم كېرەك بولغان يەردە ھەم ئوبرازنىڭ بىرلا ئوبرازغا ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن سۆيۈش ۋە ئۆلۈش ئىختىيار قىلىنىغان يەردە.

مۇھەببەت ۋە ئۆلۈم ئەزەلدىن ماسلاشقان. «مۇھەببەت ئىرادىسى» دېمەك، قۇربان بولۇشقا دائىم تەييار تۇرۇش دېمەكتۇر، سىلەردەك ئاجىزلارغا شۇنى دەپ قويااي.

لېكىن، سىلەر خۇنۇك كۆزۈڭلارنى «خىيال» دەپ ئاتايسىلەر! ئاجىز كۆزۈڭلارنىڭ كۆرگەنلىرىنى «گۈزەل» دەيسىلەر! ئاھ، ئېسىل نامالارنى بۇلغىغۇچىلار!

سىلەر پاكلار ۋە ساپ بىلىم ئىزدىگۈچىلەر، سىلەر قارغىش تەگكەن مەڭگۈلۈك تۇغماسلار، گەرچە سىلەر ئېغىر باداڭ قورسىقىڭلار بىلەن ئۇپۇقتا تۇرساڭلارمۇ!

راست، سىلەر ئالدامچىلار ئاغزىڭلاردىن چىققان يالغان سۆزلەر بىلەن بىزنى ئالداپ، ئىچىڭلارنىڭ قايناۋاتقانلىقىغا ئىشەندۇرمەكچىمۇ؟

لېكىن، مېنىڭ نامرات سۆزلىرىم قولاشمىدى. ئىككىمىز تاماق يەۋاتقۇچە چېچىلىپ كەتكەن تاماقلارنى خۇشاللىق بىلەن تېرىۋالدىم.

مەن يەنە ھەقىقەتنى رىياكارلارغا ئېيتىپ بېرەلەيمەن! راست، بېلىقىم قىلتىرىقلىرى، سەدەپلىرىم ۋە تىكەنلىك كۆكتاتلىرىمنىڭ يوپۇرماقلىرى سىلەر رىياكارلارنىڭ بۇرنىنى قىچىشتۇرۇۋېتىدۇ!

سىلەر ۋە سىلەرنىڭ داستىخىنىڭلارنى قاپلىغان ھاۋا شۇنچە مەينەت، چۈنكى ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ ھەۋىسىڭلار، يالغان گېپىڭلار ۋە سىرىڭلار سىڭگەن!

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئالدى بىلەن ئىچ ۋە تېشىڭلارغا ئىشىنىشكە جۈرئەتلىك بولۇڭلار. ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم ئەبەدىي يالغان سۆزلەيدۇ.

سىلەر «پاكلار» تەڭرى نىقابىنى ئالدىڭلارغا تارتىۋالدىڭلار، سىلەرنىڭ ئاشۇ يىرگىنچلىك يىلىنىڭلار نىقابقا كىرىۋالدى.

سىلەر «ئويچانلار» ئالداشقا نېمانچە ئۇستا! ھەتتا زورۇئاستېر سىلەرنىڭ ئىلاھىي قىياپىتىڭلاردىن ئالدانغان، ئۇ ئىچىڭلاردا يىلان بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغان.

ساپ بىلىم ئىزدىگۈچىلەر، ئويۇنۇڭلاردىن تەڭرىنىڭ روھىنى كۆرگەندەك بولدۇم! سىلەردىنمۇ ئەۋزەل سەنئەتنى چۈشىنىشىم يوق!

يىلاننىڭ مەينەتلىرى ۋە قاڭسىق پۇراقلىرى مېنى يىراققا سۈردى، تۆت پۇتلۇق يىلاننىڭ ھىيلىسى يېقىن ئەتراپتا قۇتراپ تۇراتتى.

بىراق، مەن يەنىلا سىلەرگە يېقىنلىدىم، كۈندۈز ۋۇجۇدىمىزغا تاشلاندى، ئاينىڭ رومانتىك تارىخىمۇ ئاخىرلاشتى!

قاراڭلار، ئاي تاڭ ھارپىسىدا چۆچۈشتىن تاتاردى!

قىزىل كۈن ئۆرلىدى، ئۇ زېمىنغا مۇھەببىتىنى چاچتى! پۈتكۈل قۇياش سۆيگۈسى پاكلىق ۋە يارىتىش ھەۋىسىدۇر.

قاراڭلار، قۇياش دېڭىزغا ئالدىراپ ـ تېنەپ يېتىپ كەلدى! سىلەر ئۇنىڭ سۆيگۈ تەشنالىقى ۋە ھاسىرىشىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟

ئۇنىڭ دېڭىزنى راستتىنلا ئىچكۈسى كەلدى، دېڭىزنى يۈكسەكلىككە تارتاتتى، چوڭقۇرلۇقىدىن دېڭىزمۇ سان ـ ساناقسىز ئەمچەكلىرىنى تەڭلىمەكتە ئىدى.

دېڭىز قۇياشنىڭ تەشنالىقتا سۈمۈرۈشىگە رازى، ھاۋا بولسام دەيدۇ دېڭىز، يۈكسەكلىك، نۇر يوللىرى، ھەتتا نۇرنىڭ ئۆزى بولسام دەيدۇ دېڭىز!

راست، مەنمۇ قۇياشتەك ھاياتنى ھەم چوڭقۇر دېڭىزنى سۆيىمەن. مانا بۇ چوڭقۇر نەرسىلەرنى يۈكسەكلىكمگە كۆتۈرۈش! بىلىم دېگىنىم شۇ.

## 38. ئەللامە

زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ:
ئۇخلاپ قالغان چېغىمدا بىر قوزا بېشىمدىكى چىگگىلىكتىن توقۇلغان گۈلچەمبىرەكنى يەۋېتىپتۇ، ئۇ يېگەچ مۇنداق دەپتۇ: «زوروئاستىر ئەمدى ئەللامە ئەمەس.»
ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ غادايغانچە كېتىپ قاپتۇ. بىر بالا ماڭا بۇنى دەپ قويدى.
مەن بۇ يەردە يېتىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، تىكەن ۋە كۆكنار گۈللىرى قاپلىغان كونا تاملارنىڭ تۈۋىدە ئوينايدىغان باللار ئۇچراپ تۇرىدۇ.
باللار، تىكەن ۋە كۆكنار گۈللىرىنىڭ نەزىرىدە مەن يەنىلا ئەللامە. ئۇلار كەپسىزلىك قىلغاندىمۇ ئىنتايىن پاك.
تەقدىر مېنى قوزىمۇ ئەللامە دېمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەمدۇسانا ئېيتقايمەن.
ئەمەلىيەتتە، مەن ئەللامىلىكتىن ئاللىقاچان يىراقلاشقانىدىم، ئىشىكنىمۇ ئېتىۋەتكەنىدىم.
ئېچىرقىغان قەلبىم ئۇلارنىڭ داستىخىنىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى! مەن ئۇلارغا ئوخشاش تەلىماتلارنى ياڭاق چاققاندەك تەتقىق قىلمايمەن.
مەن ئەركىنلىكنى ۋە ساپ تۇپراقتىكى ھاۋانى سۆيىمەن. كالا تېرىسىدە يېتىپ ئۇخلاشقا رازىمەنكى، ئۇلارنىڭ شان ـ شەرىپى ۋە ئابرۇيىدا يېتىشنى خالىمايمەن.
ھەمىشە ئىدىيەمنىڭ قىزىتمىسى زىيادە ئۆرلەپ كېتىپ نەپسىمنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، تورانلىق ئۆيلەردە خۇش ھاۋالىق دالاغا چىقىشىم كېرەك.

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



لېكىن، ئۇلار سوغۇق تەسكەيلەردە پەرۋاسىز ئولتۇرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار قاراپ باققۇچىلار، ھەرگىز قۇياشتىن قىزىغان تاشلار ئۈستىدە ئولتۇرمايدۇ، خۇددى دوقمۇشلاردا ھاڭۋېقىپ تۇرغانلارغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ شۇ يەردە چىڭ تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئىدىيەسىگە ھەيران ـ ھەس بولۇپ قارايدۇ.

ئۇلارغا كىمدۇر بىرى تېگىپ قويسا، خۇددى ئۇن خالتىسىدەك ئىختىيارسىز توزۇپ كېتىدۇ. لېكىن، كىممۇ ئويلىسۇن، ئۇلارنىڭ توزانلىرىنىڭ دان ۋە ياز دالالىرىدىكى زەر شادلىقتىن كەلگەنلىكىنى؟

ئۇلارنىڭ ئاقىلانە ھېكمەتلىرى ۋە ھەقىقەتلىرى مېنى ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىدە قويۇق سازلىق ھىدى بار، راست، ئۇنىڭدىن پاقىلارنىڭ كۇركىراشلىرىنى ئاڭلىدىم.

ئۇلار ناھايىتى چەبدەس، قوللىرى ئەپچىل. ساددىلىقىم ئۇلارنىڭ نادانلىقىنى يۇقتۇرۇۋېلىشقا نەقەدەر تەشنا. ساددىلىقىم بىلەن ئۇلارنىڭ قۇۋلۇقى ئوتتۇرىسىدا قانداق ئوخشاشماسلىقلار بار؟ ئۇلارنىڭ قوللىرى يىپ ئېگىرىش، ئېشىش، ئۇلاش ۋە توقۇشنى بەكمۇ چۈشىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن روھى پايپاق توقۇيدۇ!

ئۇلار مۇۋاپىق بۇراپ قويۇلسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ياخشى سائەت! شۇ چاغدىلا ئۇلار ۋاقىتنى توغرا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، كەمتەر جىرىڭلايدۇ.

ئۇلار بەئەينى تۈگمەن تېشى ياكى تۇلۇقتەك ئىشلەيدۇ، ئاز ـ تولا ئۇگۇت بولسا، ئۇن قىلىشنى بىلىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىنى قاتتىق كۆزىتىدۇ، ئىشىنىشمەيدۇ، بىرئاز نەيرەڭ تەييارلاپ، ناكار بىلىم ئەھلىلىرىنى كۈتىدۇ، ئۇلار ئۆمۈچۈكتەك كۈتىدۇ.

ئۇلارنىڭ زەھەر تەييارلاپ يۈرگىنىنى ھەمىشە كۆرىمەن، ئۇلار زەھەرنى يوشۇرىدىغان چاغدا، قوللىرىغا ئەينەك پەلەي كىيىۋالىدۇ.

ساختا شىشخال تاشلارنى ئۇلارمۇ بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قىزىقىپ ئويناپ، تەرلەپ كەتكىنىنى كۆردۈم.

بىز تونۇشمايمىز، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي ساختىپەزلىكى، ساختا شىشخال تاشلىشىدىنمۇ يىرگىنچلىك.

ئۇلار بىلەن بىللە بولغىنىمدا ھەمىشە ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىمەن، لېكىن ئۇلار مېنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدۇ.

ئۇلار باش ئۈستىدىكى ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق سېلىشنى خالىمايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئارىمىزغا تاش ـ تۇپىراقلاردىن پاسىل قويۇۋالدى.

شۇنداق، ئۇلار ئاياغ تىۋىشىمدىن ساقلاندى، ھازىرغىچە ئەڭ بىلىملىك كىشىمۇ مېنى تىڭشىيالمىدى.

ئۇلار ئۇتتۇرىمىزغا ئىنسانىيەتنىڭ نۇرغۇن سەۋەنلىكى ۋە ئاجىزلىقلىرىنى دۆۋىلەپ قويدى. ئۇلار بۇنى «يالغان تورۇس» دەپ ئاتايدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، مېنىڭ ئىدىيەم ھەمىشە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ماڭىدۇ. خاتا مېڭىپ قالساممۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدە ماڭىمەن.

ئىنسان ئەزەلدىنلا باراۋەر ئەمەس، ئادالەت شۇنداق دەيدۇ. مەن قىلماقچى بولغاننى ئۇلار قىلالمايدۇ.

## 39. شائىر

زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ:

— تەننى يەنىمۇ چۈشەنگەندىن كېيىن، — زوروئاستىر بىر شاگىرتىغا دېدى، — روھ مەن ئۈچۈن پەقەت بىر سىمۋول، مەڭگۈلۈك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىر خىل تەمسىل.

— بۇ سۆزۈڭنى بۇرۇن بىر ئاڭلىغانىدىم، — دېدى تالىپ جاۋابەن، — يەنە «شائىرلار يالغان گەپكە بەك ئامراق» دېگەن مۇنۇ بىر جۈملە سۆزنىمۇ قوشۇپ قوياتتىڭ. لېكىن، نېمىشقا شۇنداق دەيسەن؟

— ھە؟ — دېدى زوروئاستىر، — نېمىشقا دەمسەن؟ مەن كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نېمىشقا دەپ خالىغانچە سوئال قويسا بولۇۋېرىدىغان ئادەم ئەمەس.

ئەجەبا، مەن بۇ ساۋاقلىرىمغا تېخى تونۇگۇنلا ئېرىشكەنمىدىم؟ قاراشلىرىمنى ئۆز تەجرىبەم بىلەن ئىسپاتلىغىنى ئۇزاق بولدى.

تولۇك سەۋەبلىرىمنى ساقلاپ قېلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا ئۆزۈم بىر ئەس سوۋغىسىغا ئايلىنىشىم كېرەكمۇ؟

ھەتتا، ئۆز قارىشىمدا قېلىشقىمۇ ئامالسىزمەن، نۇرغۇن قۇشلار ئۇچۇپ كەتتى.

بىراق، قەپىسىمدە ئازغۇن بىر قۇشنى ناگان ـ ناگاندا كۆرۈپ قالىمەن، ئۇ مەندىن ناھايىتى ئەيمىنىدۇ، ئۇنى سىلاپ قويسام، تىترەپ كېتىدۇ.

زوروئاستېر ساڭا نېمىلەرنى دېگەن، شائىرلار يالغان گەپكە بەك ئامراقمۇ؟ لېكىن، زوروئاستېرنىڭ ئۆزىمۇ بىر شائىر ـ دە!

سەن ئۇنىڭ بۇ يەردە ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسىگە راست دەپ ئىشىنەمسەن، ئۇ گەپلەرگە نېمىشقا ئىشىنىسەن؟

ــ مەن زوروئاستېرغا ئىشىنىمەن، ــ دېدى ئۇ تالىپ جاۋابەن. لېكىن، زوروئاستېر كۈلگىنىچە بېشىنى چايقىدى.

ــ ئىشەنچ مېنى ئىلاھلاشتۇرالمايدۇ، ــ دېدى ئۇ، ــ ھەتتا ماڭا بولغان ئېتىقادمۇ.

ئەمما، بىراۋ شائىرنىڭ يالغان گەپكە ئامراقلىقىنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرسەتسە، ئۇ ناھايىتى توغرا دەيدۇ، بىز ھەقىقەتەن يالغان گەپكە بەكلا ئامراق.

بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز، يەنە كېلىپ ئۆگىنىشكە ئېغىرلىقىمىزدىن يالغان گەپ قىلماي تۇرالمايمىز.

قايسىبىر شائىر ئۆز ھارىقىغا سۇ قوشۇپ ئىچمىگەن؟ سۇ قوشۇلغان نۇرغۇن شارابلار ئارىمىزدا تەييارلانماقتا، سۆزلىگۈسىز نۇرغۇن نەرسىلەر ئەنە شۇ يەردە ھازىرلىنىدۇ.

چۈشەنگەنلىرىمىز بەكلا ئاز بولغاچقا، دۆتلەرنى ئىنتايىن ياخشى

كۆرىمىز، بولۇپمۇ دۆت قىزلارنى!

جۇۋانلارنىڭ كېچىلىرى نېمىلەر ئۈستىدە پاراڭ سېلىشىدىغانلىقىنى بەكمۇ بىلگۈمىز كېلىدۇ. بىز ئۇنى قەلبىمىزدىكى مەڭگۈلۈك ئايال دەپ ئاتىۋالىمىز.

گويا بىلىمگە ئاپىرىدىغان سىرلىق بىر يول بار، بىراق بۇ سىرلىق يول بىلمەيدىغان نەرسىسى يوق كىشىلەر ئۈچۈن ئېتىك. شۇڭا، ئاۋام ۋە ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە ئىشىنىمىز.

لېكىن، شائىرلار شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، كىم بولمىسۇن قۇلاقنى دىڭ تۇتۇپ چىملىق ياكى دۆڭلۈكتە ياتسىلا، ئاسمانۇ زېمىندىكى ئىشلاردىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولالايدۇ.

ئەگەر شائىرلار ئانچىكىم ئىللىقلىق ھېس قىلىپ قالسىلا، تەبىئەتمۇ بىزگە كۆيۈپ قاپتۇ، دەپ قارايدۇ.

تەبىئەت ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە شىۋىرلاپ شېرىن گەپ قىلىدۇ، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئالدىدا بۇنىڭ ئۈچۈن پەخىرلىنىدۇ ۋە شەرەپ ھېس قىلىدۇ.

ئاھ، پەقەت شائىرلارلا ئاسمان ۋە زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەپ باققان!

بولۇپمۇ ساماۋى ئىشلارنى، چۈنكى ھەرقانداق ئىلاھ شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە ياراتمىشى!

راست، بىز ئەزەلدىن ئېگىزگە تارتىلىمىز، يەنى بۇلۇتلار دىيارىغا، ئۇ يەردە بىز ئورناتقان نەپىس سەنەملەر بار. ئۇلار ئىلاھ ۋە ئەۋلىيا دېيىلىدۇ.

ئۇلار ــ بۇ ئىلاھلار ۋە ئەۋلىيالار، يەڭگىللىكىدىن ئورنىدا جىم تۇرالمايدۇ.

ھەي، ئاشۇ خام ھەم رېئاللىق دەپ مەجبۇرلانغان نەرسىلەردىن ئەجەب زېرىكتىم! ھەي، شائىرلاردىنمۇ ئەجەب زېرىكتىم!

زوروئاستېر شۇنداق دېمەكچىدى. شاگىرتلىرىنىڭمۇ روھى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چۈشۈپ كەتكەندى. شۇنىڭ بىلەن زورۇئاستىرمۇ خۇددى يىراقتا تىكىلگەندەك زوۋان سۆرمەي ئىچىنى تىڭشايتتى. ئاخىردا، ئۇ يېنىك ئاھ ئۇرۇپ، بىر تىنىۋالدى.

— مەن بۇگۇنگە ھەم ئۆتمۈشكە مەنسۇپ، — دېدى ئۇ، — ئەمما قەلبىمدە ئەتە ۋە كەلگۈسىگە مەنسۇپ بەزى نەرسىلەرمۇ بار.

مەن كونا ۋە يېڭى شائىرلاردىن زېرىكتىم، مېنىڭچە ئۇلار تېيىز دېڭىز.

ئۇلار ئەزەلدىن چوڭقۇر پىكىر قىلىپ باقمىغان ئەمەس، شۇڭا دېڭىزنىڭ تەكتىنى ھېس قىلالمايدۇ.

ئاندا ـ مۇندا شاللاقلىق ۋە ئاندا ـ مۇنداق بىزارلىق ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئويى.

ماڭا ئۇلارنىڭ زىل تارىدىن چىققان كۇيلەرمۇ ئەرۋاھلارنىڭ سىماسىدەك ئاڭلىنىدۇ، ھازىرغا قەدەر ئۇلار جۇشقۇن ئاھاڭلاردىن نېمىنى چۈشەندى؟!

ئۇلار ئانچە پاك ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سۇيىنى تېرەن كۆرسىتىش ئۈچۈن لېيىتىۋەتتى.

ئۇلار مۇرەسسەچى بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن مېنىڭچە، ئۇلار تامدا ئۆسكەن قومۇش ھەم جېدەلخور، ئىشلاردا ئالاكۆڭۈل ھەم لىڭتاسما!

ئاھ، چوڭ بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن، تورۇمنى ئۇلارنىڭ دېڭىزىغا تاشلىدىم، لېكىن سۇزۇۋالغانلىرىم قەدىمىي تەڭرىنىڭ بېشى.

شۇنداق، دېڭىزنىڭ ئېچىرقىغان ئادەمگە سۇنغىنى تاش، ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ دېڭىزدىن كەلگەن.

توغرا، ئۇلاردىمۇ مەرۋايىت بار. شۇڭا، ئۇلار سەدەپدارەك يۇمشاق تەنلىكلەرگە تېخىمۇ يېقىن، ئۇلارنىڭ تېنىدە شاكىرابلا بار، قەلب يوق.

ئۇلار دېڭىزدىن شۆھرەتنى ئۆگەندى. ئەجەبا، دېڭىز تۇزلارنىڭ

توزى ئەمەسمۇ؟

ھەتتا، ئەڭ بەتبەشىرە سۇ كالىسىنىڭ ئالدىدىمۇ بۇ توز قاناتلىرىنى يايىدۇ، ئۇ رەڭدار قانىتىنى زېرىكمەستىن يايىدۇ.

سۇ كالىسى مەسخىرىلىك قارايدۇ، ئۇنىڭ قەلبى قۇملۇققا يېقىن، ئورمان ۋە سازلىققىمۇ يىراق ئەمەس.

گۈزەللىك ئۇنىڭ ئۈچۈن دېڭىز توزىنىڭ رەڭدار قانىتى، ھېچنېمە ئەمەس! بۇ پەقەت مېنىڭ شائىرلارغا كەلتۈرگەن ئىشئارەم.

راست، ئۇلارنىڭ روھىلا توزنىڭ توزى ھەم شۆھرەت دېڭىزى!

تاماشىچىلار شائىرنىڭ روھىنى ئىزدىمەكتە. ئىلاھىم ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇ كالىسى بولغاي!

بىراق، بۇنداق روھتىن بەزدىم، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىدىن زېرىككىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتىم.

ھەئە، شائىرلار ئۆزگەرمەكتە، ئۇلارنىڭ نەزەرى ئۆزىگە بۇرالدى، روھىي ئىستىغپارچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شائىر تۇغۇلغان.

## 40. كاتتا ئىشلار

زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ:

دېڭىزدا بىر ئارال، زوروئاستىرنىڭ بەخت ئارىلىدىن يىراق ئەمەس. ئارالدا يىل بويى پۇرقىراپ ئىس چىقىپ تۇرىدىغان يانار تاغ بار. كىشىلەر، بولۇپمۇ مومايلار بۇ ئارالنى دوزاخ ئىشىكى ئالدىغا قويۇلغان قىيا تاش، دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ. يانار تاغدىن ئۆتىدىغان چىغىر يول ئەنە شۇ ئىشىك ئالدىغا ئاپىرىدۇ.

زوروئاستىر بەخت ئارىلىدا تۇرغان ۋاقىتتا، تۇتەك ئۆرلەپ تۇرغان يانار تاغلىق بۇ ئارالغا بىر كېمە كېلىپ لەنگەر تاشلىدى. كېمىچىلەر

www.uyghurkitap.com



قىرغاقتا چىقىپ توشقان قوغلاپ كېتىشتى، لېكىن كاپىتان بىلەن ماتروسلار چۈشتە قايتا يىغىلغان چاغدا، توساتتىن بىر كۆلەڭگىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشتى ھەمدە ئۇ «ۋاقتى بولدى، دەل ۋاقتى بولدى» دەپ ۋارقىرايتتى! سايە ئۇلارغا يېقىنلىغاندا (ئۇ يانار تاغقا قاراپ سايىدەك يۈرۈپ كەتتى)، ئۇلار بۇ سايىنىڭ زوروئاستېر ئىكەنلىكىنى تەئەججۈپ ئىچىدە تونۇۋالدى. چۈنكى، كاپىتاندىن باشقىلىرى زوروئاستېرنى تونۇيتتى، ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما بۇ خىل ياخشى كۆرۈشكە ئەندىشىمۇ ئارىلاشقانىدى.

— قاراڭلار! — دېدى رولچى، — زوروئاستېر دوزاخقا كېتىپ بارىدۇ!

ماتروسلار يانار تاغ ئارىلىغا چىقىشى بىلەنلا، زوروئاستېر غايىب بولدى، دېگەن سۆزلەر تارقالدى. بەزىلەر ئۇنىڭ دوستلىرىدىن سورىغاندا، ئۇلار زوروئاستېرنى ئاخشام كېمە بىلەن كەتكەن، نەگە بارىدىغانلىقىنى دېمىگەن، دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن ئارالنى بىئارام كەيپىيات قاپلىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، بۇ بىئاراملىق كەيپىياتىغا ماتروسلارنىڭ كۆپتۈرمىسى قوشۇلدى، كۆپچىلىك زوروئاستېرنى ئالۋاستى تۇتۇپ كېتىپتۇ، دەپ يۈرۈشتى. ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى بۇ سۆزلەرگە كۆلۈپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ بىرى: «ئىشىنىمەنكى، زوروئاستېر ئالۋاستىنى تۇتۇۋالدى» دېدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ قەلبى ئەندىشە ۋە زارىقىش بىلەن تولغانىدى. بەشىنچى كۈنگە كەلگەندە، زوروئاستېر ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، بۇ ئۇلارنى خۇرسەن قىلدى.

مانا بۇ زوروئاستېرنىڭ «ئاتەش ئىتى» بىلەن قىلغان سۆھبىتىنىڭ خاتىرىسى.

— يەرنىڭ بىر قات تېرىسى بار، — دېدى ئۇ، — بۇ تېرىدە نۇرغۇن كېسەللىك بار، ئۇنىڭ بىر خىلى «ئادەم».

يەنە بىر خىلى «ئاتەش ئىتى». ئاتەش ئىتى توغرىسىدا ئىنسانلار

ئۆزىنى كۆپ ئالدىدى، ئۇلار ئۆزىنى ئالداۋەرسۇن.

بۇ سىرنى ئېچىش ئۈچۈن مەن ئوكيانلاردىن ئۆتتۇم ھەم يالىڭاچ ھەقىقەتنى كۆردۇم، راست! قىپيالىڭاچ ھەقىقەتنى.

ئەمدى ئاتەش ئىتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم، ئوخشاشلا، ماماكاپ خوتۇنلارنى قورقۇنچقا سالغان زىتلىق ۋە بىدئەت ئالۋاستىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنىمۇ بىلدىم.

— ھەي، ئاتەش ئىتى، قەلب چوڭقۇرلۇقۇڭدىن چىق! — ۋارقىرىدىم مەن، — سېنىڭ قەلبىڭ نېمىدېگەن چوڭقۇر! نېمىشقا بەزدىڭ؟

بۇ دېڭىزنى كالىدەك سومۇرسەن، قىرتاق گەپلىرىڭ ھەممىنى ئاشكارىلىدى! راست، سەن ھاڭ ئىتىنىڭ يەر يۈزىدىن يېگەنلىرى كۆپ!

نېمىلا دېگەنبىلەن سېنى زېمىننىڭ چىن جارچىسى دەپ چۈشىنىمەن. لېكىن، مەن زىتلىق ۋە بىدئەتلىك ئالۋاستىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا ھەم ئۇلارنى ساڭا ئوخشاش قىرتاق، رىياكارلىق، پۈچەك ھېس قىلىپ قالىمەن.

سىلەر قاۋاشنى ھەم قارشى تەرەپنى قۇم ئارقىلىق قانداق توراشنى بىلىسىلەر! سىلەر لاپقا ئەڭ ئۇستا، داشقال قاينىتىش ھۈنىرىنى تولۇق ئۆگىنىۋالدىڭلار.

سىلەر نەدە بولساڭلار، شۇ يەردە كېرەكسىز داشقاللار، چىرىندىلەر، كاۋاك ھەم مىجىق نەرسىلەر بار. ئۇلار ئەركىنلىككە ئېرىشمەكچى.

«ئەركىنلىك» سىلەرگە پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار كەبى چىللانغۇچى، لېكىن «كاتتا ئىشلار» نۇرغۇن قاراشلار ۋە ئىس - تۈتەكلەر ئىسكەنجىسىدە قالغاندا، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان بولدۇم.

سۈرەن - چۇقانچى دوستلار، ماڭا ئىشىنىڭلار! ئەڭ زور ئىش چۇقانلىق ۋاقتىمىزدا ئەمەس، بەلكى سۈكۈنات ۋاقتىمىزدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


بۇ دۇنيا يېڭى چۇقان كەشپىياتچىلىرىنى بويلاپ ئايلانمايدۇ. يېڭى قىممەت ياراتقانلارنى بويلاپ جىمجىت ئايلىنىدۇ.

تەن ئال، چۇقان ۋە تۇمانلىرىڭ بىسىققاندا ھېچنېمە قالمايدۇ. ناۋادا بىر شەھەر مۇمىياغا ئايلانسا، بىر تاش ھەيكەل لايغا غۇلىسا، يەنە نېمىتى؟

تاش ھەيكەلنى غۇلاتقان ئادەمگە يەنە بىر ئېغىز گەپ قىلاي: دېڭىزغا تۇز سەپ. تاش ھەيكەلنى لايغا غۇلىتىش ئەڭ زور ئەسەبىيلىك.

تاش ھەيكەل كەمسىتىش لېپىڭلارغا غۇلىدى، ئەمما بۇ دەل ئۇنىڭ ھاياتلىق قانۇنىيىتى، ئۇ كەمسىتىشتىن يېڭى ۋە جانلىق گۈزەللىك تاپماقچى!

ئەمدى ئۇ تېخىمۇ ئىلاھىي سىما بىلەن ئۆزىنى كۆرسەتتى، ئازاب چەككەنلىكىدىن تېخىمۇ جەلپكار بولۇپ كەتتى. راست، سىلەردەك بۇزغۇنچىلارنىڭ ئۇنى ئۆرۈۋەتكەنلىكىگە تەشەككۇر!

پادىشاھ، چېركاۋ ۋە بارلىق ياش، شۇنداقلا ئەخلاقى قېرىلارغا مەندىن دالالەتكى، ئۆزۈڭلارنى غۇلاتقۇزۇڭلار! شۇنداق قىلغاندىلا قايتا ھاياتقا ئېرىشەلەيسىلەر، ئەخلاقمۇ قوينۇڭلارغا قايتىدىن ئۆزىنى ئاتىدۇ!

ئاتەش ئىتتىغا شۇنداق دېدىم، ئۇ گېپىمنى غەزەپ بىلەن بۆلۈپ تاشلىدى ـ دە، سورىدى:

ــ چېركاۋ، قانداق نېمە ئۇ؟

ــ چېركاۋمۇ؟ ــ جاۋاب بەردىم مەن، ــ ئۇ بىر خىل ھۆكۈمەت تەشكىلاتى، ئەڭ ئۇستا ئالدامچى، لېكىن ئۇ توغرۇلۇق كۆپ سۆزلىمەي، ھەي، سەن ساختىپەز، رىياكار ئىت، ئەلۋەتتە ئۆز تېپىڭدىكىلەرنى ئېنىق تونۇشۇڭ كېرەك!

ھۆكۈمەت ساغلا ئوخشاش بىر ساختىپەز ئىت. ئۆز گېپىنىڭ ھەممە قەلبلەرگە تالىق ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇمۇ ساغلا ئوخشاش قاۋاش ۋە تۇمان ئارقىلىق ئىپادىلەشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ھۆكۈمەت ئۆزىنى يەر يۈزىدىكى ئەڭ مۇھىم جانلىقلا ئايلاندۇرماقچى، ئاۋامنى شۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

سۆزۈمنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاتەش ئىتى گويا ئىچى تارلىقى كېلىپ ئەسەبىيلەشكەندەك بولدى.

ــ نېمە؟ ــ خىرىس قىلدى ئۇ، ــ يەر يۈزىدىكى ئەڭ مۇھىم جانلىق، كۆپچىلىك قاراپ تۇرامدۇ؟ ــ ئۇنىڭ كانىيى خىرىلداپ كەتتى، ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىدى، بۇ مېنى شۇنداق ئويلاندۇردى، ئۇ غەزەپ ۋە ھەسەتتىن تۇنجۇقۇپ قالىدىغان بولدى.

ئاخىر، ئۇ پەسكويغا چۈشتى ھەم ئانچە ھەسرەتلىنىپمۇ كەتمىدى، جىمىپ تۇرۇشىغا، مەن كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدىم:

ــ تېرىكىپ كەتتىڭ، ئاتەش ئىتى! ساڭا بولغان قارىشىم خاتا ئەمەس ئىكەن.

كۆزقارىشىمنىڭ توغرىلىقىنى تېخىمۇ تەكىتلەش ئۈچۈن، باشقا بىر ئاتەش ئىتى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي، ئۇ ھەقىقەتەن زېمىننىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقان.

ئۇ زەر ۋە زەر يامغۇرلاردىن نەپەسلىنىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ شۇنىڭغا تەشنا. قۇملار، تۇمانلار ۋە قايناق داشقاللار ئۇنىڭغا ھېچنېمە ئەمەس!

كۈلكە سادالىرى ئۇنىڭ قېشىدىن چىرايلىق بۇلۇتتەك ئۇچۇپ كېلىدۇ. ئۇ سېنىڭ تۇتۇشۇڭغا، قۇسۇشۇڭغا، قورسىقىڭنىڭ ئاغرىشىغا قارشى!

لېكىن، ئۇنىڭ ئالتۇنى ۋە كۈلكىسى زېمىن قەلبىدىن كەلگەن. شۇنداق، ئۇ ساڭا يەنە شۇنى ئۆگىتىدۇ، زېمىننىڭ قەلبى زەردىن ياسالغان.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئاتەش ئىتى تاقەت قىلالمىدى.

خىجىللىقتىن قۇيرۇقىنى قىسىپ، بىرنەچچىنى كاۋشىپ قويدى ــ دە، ئۆۋۈسىغا كىرىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com



زوروئاستېر سۆزلىمەكتە ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا ماتروسلار، توشقان ۋە ئۇچار ئادەم ھەققىدىكى ئىشلارنى دېيىشكە ئالدىراۋاتقاندەك تۇراتتى.

— قانداق چۈشەندۈرسەم بولار! — دېدى زوروئاستېر، — مەن راستتىنلا ئەرۋاھمۇ؟

لېكىن، ئۇ مېنىڭ سايەم، سىلەر سەيياھ ۋە ئۇنىڭ سايىسى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغان بولساڭلار كېرەك!

قانداقلا بولمىسۇن، بىر ئىش ئېنىق، مەن ئۇنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇۋېلىشىم كېرەك، بولمىسا ئۇ مېنىڭ شەنىمگە چىچىدۇ.

زوروئاستېر گاڭگىرىغان ھالدا بېشىنى چايقايتتى:

— قانداق چۈشەندۈرسەم بولار! — دېدى ئۇ يەنە.

نېمىشقا ئۇ ئەرۋاھ «ۋاقتى بولدى! دەل ۋاقتى بولدى!» دەپ توۋلايدۇ، زادى نېمىنىڭ ۋاقتى بولدى؟

## 41. بېشارەتچى

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

مەن ئىنسانىيەت بېشىغا چۈشكەن پاجىئەنى كۆردۈم، ئەڭ مۇنەۋۋەر ئاشۇ كىشىلەر ئۆز ئىشىدىن زېرىكىشكە باشلىدى.

بىر تەلىمات ئوتتۇرىغا چىقىپلا، «ھەممىسى قۇرۇق، ھەممىسى ئوخشاش، ھەممىسى تۈگىدى!» دېگەن بىر خىل ئېتىقادمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

«ھەممىسى قۇرۇق، ھەممىسى ئوخشاش، ھەممىسى تۈگىدى!» تاغ ـ جىلغىلارمۇ ئەكس سادا قايتۇرماقتا.

توغرا، بىز مول ھوسۇل ئالغان، لېكىن مېۋىلىرىمىز نېمىشقا پۈتۈنلەي سېسىپ كېتىدۇ ياكى تۈنۈگۈن ئاخشام رەزىل ئايدىن بىر نېمە چۈشتىمۇ؟

جاپالىرىمىز بىكارغا كەتتى، شارابلىرىمىز ئوغىغا ئايلاندى، رەزىللىك ئېتىزلىرىمىزنى ۋە قەلبىمىزنى قاغجىراتتى.

ھەممىمىز قۇرغاق، يەنە ئاززاق ئوت يەتسىلا، كۈلگە ئايلىنىپ كېتىمىز. شۇنداق، ھەتتا بىز ئوتنىمۇ ھاردۇرۇپ قويدۇق.

بۇلاقلىرىمىز قۇرىدى، دېڭىزلىرىمىزمۇ تارايماقتا. يەر - زېمىن چاك - چاك، ئۇ دەزلەر بىزنى يۇتۇۋەتمەيدۇ.

— يا پەلەك، بىز چۆكەلىگۈدەك دېڭىز نەدە؟ — بىز شۇنداق نالە قىلماقتىمىز، ئاھ - زارىمىز سازلىقلارغىمۇ بېرىپ يەتتى.

راست، بىز ھەتتا ھۇرۇنلۇقتىنمۇ ئۆلۈپ كېتىمىز، ئەمدى بىز سەگەك بولايلى ھەم ھاياتىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى — لەھەتتە.

زوروئاستىر بىر بېشارەتچىنىڭ مۇنداق گەپلەرنى قىلغىنىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلەندى ھەم ئۆزىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ غەمكىنلىك ۋە ھارغىنلىق بىلەن ماڭاتتى. نەتىجىدە، بېشارەتچى ئېيتقان ھېلىقىدەك ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى.

— راست، — دېدى ئۇ مۇخلىسلىرىغا، — ئۇزاق ئۆتمەيلا زاۋال يېتىپ كېلىدۇ. ئاھ بۇ پەيتلەرنى! نۇرۇمنى ساقلاپ قېلىشىم ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

پىغانلىرىم ئۇنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويمىسۇن، چۈنكى ئۇ تېخىمۇ يىراقتىكى دۇنيا ۋە كېچىنىڭ نۇرى بولۇشى كېرەك!

شۇنداق، زوروئاستىر تۇمەن سەۋدا بىلەن كېتىپ باراتتى. ئۈچ كۈنگىچە يېمەي - ئىچمەي ماڭدى، ئارام ئالمىدى، ئېغىز ئاچمىدى، ئاخىر قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. مۇخلىسلىرى تۈنبويى ئۇنىڭ يېنىدا قاراپ تۇرۇشتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرۈپ، سۆز قىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى، ئازابتىن خالاس بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئەمدى زوروئاستىرنىڭ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ شاگىرتلىرىغا ئېيتقان ۋەزى، ئۇنىڭ ئاۋازى شاگىرتلىرىغا يىراقتىن ئۇچۇپ كەلگەندەك بىلىنەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ــ دوستلار، بايا كۆرگەن چۈشۈمگە قۇلاق سېلىڭلار ھەمدە ئۇنىڭ مەنىسىنى ماڭا يېشىپ بېرىڭلار.

بۇ چۈش يەنىلا بىر سىر، ئۇنىڭ مەنىسى ئىچىگە قاپسالغان، سىرتقا پەرۋاز قىلالمايدۇ.

مەن چۈشۈمدە پۈتۈن ھاياتىمدىن ۋاز كېچىپتىمەن، ئەزرائىل قەلئەسىدىكى يالغۇز تاغدا مىرشەپ ھەم گۆركار شەيخكە ئايلىنىپ قاپتىمەن.

مەن ئۇ يەردە ئەزرائىلنىڭ تاۋۇتىنى ساقلىماقتا ئىدىم. بەتبۇي خەندەك ئۆلجىلار بىلەن تولغان، بويسۇندۇرۇلغان ھايات ئەينەك تاۋۇت ئىچىدىن ماڭا تىكىلىپ قارايتتى.

مەن چاڭ ـ توزانلىق، مەڭگۈلۈك ھاۋادىن نەپەس ئالدىم، قەلبىم دىمىق ھەم دۇغ ھاۋا بىلەن تولماقتا ئىدى. بۇنداق مۇھىتتا كىممۇ ئۆز قەلبىنى سالقىنلىتالىسۇن؟

ئەتراپ قاپقاراڭغۇ، قېشىمدا تەنھالىق، يارىماس بىر دوستۇم خۇددى باشقا بىر ئادەمدەك دىمىنى يۇتۇپ مېنى كۆزەتمەكتە.

يېنىمدا نۇرغۇن داتلاشقان ئاچقۇچ بار، كونىراپ داتلىشىپ كەتكەن قۇلۇپلارنى قانداق ئېچىشنىمۇ بىلىمەن.

ئىشىك ئېچىلغان چاغدا، ئۇنىڭ غىچىلدىغان ئاۋازى ئۇزۇن كارىدورنى بىر ئالدى. بۇ ئۇيقۇسى بۇزۇلغان تۈن قۇشلىرىنىڭ كايىش سادالىرى ئىدى.

ئەمما، ئاۋازلار تىنغاندا، مەن يەنىلا شۇم سۈكۈنات ئىچىدە تەنھا ئولتۇردۇم، بۇ كىشىنى تېخىمۇ بۇرۇقتۇرما ۋە ۋەھىملىك ھېس قىلدۇراتتى.

شۇنداق، زامانلار ئۆتمەكتە. زامان مەۋجۇتلا بولسا، بىراق ئۇنى قانداق بىلەي! مېنى ئويغىتىدىغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى.

ئىشىك گۈلدۈرماما دەك ئۈچ مەرتەم ئۇرۇلدى، خەندەكتىن قۇرغاق ئەكس سادا ياڭرىدى، مەن ئىشىك ئالدىغا باردىم.

ــ هوي! ــ دېدىم مەن ۋارقىراپ، ــ ئۆزىنىڭ جەسەت كۆلىنى تاغقا ئاچىققان كىم، هوي! هوي! ئۆزىنىڭ جەسەت كۆلىنى تاغقا ئاچىققان كىم؟

ئاچقۇچنى بۇراپ ئىشىكنى ئاچماقچى بولدۇم، لېكىن ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىشقا ماجالىم يەتمىدى.

بۇ چاغدا كۈچلۈك شامال چىقىپ ئىشىكنى ئېچىۋەتتى، ئۇ گۈركىرىگەن هالدا ماڭا بىر قاراپ مېيىت ساندۇقىنى تاشلاپ بەردى.

بوراننىڭ غەزەپلىك هۇۋۇلىشىدا، قارا مېيىت ساندۇقى ئۇشتۇمتۇت يېرىلىپ، گۈلدۈرمامىدەك كۈلكە ئاۋازى ياڭرىدى.

يەنە نۇرغۇن باللار، پەرىشتىلەر، هەيۋەتلىك قۇشلار، ئەخمەقلەر هەمدە باللاردەك كېپىنەكلەرنىڭ شەيتانلارچە چىرايى مېنى مەسخىرە قىلماقتا هەم ۋارقىراشماقتا.

مەن قورقۇپ، يىقىلىپ چۈشتۈم ۋە ۋارقىرىۋەتتىم، مەن هېچقاچان ئۇنداق توۋلاپ باقمىغان.

بىراق، ۋارقىرىشىمدىن ئويغىنىپ كەتتىم، مەن ئويغاندىم.

زوروئاستېر چۈشىنى دەپ بولۇپ لام ـ جىم دېمىدى. چۈنكى، ئۇ چۈشىنى تېخى يېشىپ بولالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر بىر شاگىرتى دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ، زوروئاستېرنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ــ ئوهۇي، زوروئاستېر، بۇ چۈشنى هەرىكىتىڭ ئەڭ ياخشى شەرهلەپ بەردى.

ئەزرائىلنىڭ ئىشىكنى گۈركىرەپ ئېچىۋەتكەن بوران دەل سەن ئەمەسمۇ؟

تۈرلۈك نەپرەت ۋە هايات پەرىشتىسىنىڭ قورقۇنچلۇق چىرايى بىلەن تولغان قارا تاۋۇت دەل سەن ئەمەسمۇ؟

راست، زوروئاستېر گۆرلەرگە كىرىپ، جېسەكچىلەر، شەيخلەر ۋە ئاچقۇچلارنى شاراقشىتىپ تۇتۇپ تۇرغان ئىشىك باقارلارغا قاراپ خۇددى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بالىلار قاقاھلاپ كۈلگەندەك مەسخىرىلىك كۈلەتتى.

كۈلكەڭ ئۇلارنى ۋەھىمىگە سېلىپ يىقىتتى، ھوشسىزلىق ۋە ھوشىغا كېلىش ئۇلارنىڭ ئالدىدا قۇدرىتىڭنى ئىسپاتلايدۇ.

گەرچە سۆرەلمە گۈگۈم ۋە جانغا تېگىدىغان ھارغىنلىق يېتىپ كەلسىمۇ، سەن ھايات ھامىيسى ئاسمىنىمىزدىن غايىب بولمايسەن.

سەن بىزگە يېڭى يۇلتۇز ۋە كېچىلەرنى كۆرسىتىسەن. راست، سەن خەندانلىرىڭنى ئۈستىمىزگە رەڭدار لەمپىدە يايىسەن.

شۇ ئەسنادا، بالىلارنىڭ كۈلكىسى مېيىت ساندۇقىدىن ئۈزۈلمەي ياڭرايدۇ، بوران جانغا تېگىدىغان ھارغىنلىقنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن تىنماي چىقىپ تۇرىدۇ، سەن بۇلارنىڭ ھامىيسى ھەم ئەنبىياسى!

راست، سەن ئۇلارنى — دۈشمەنلىرىڭنى چۈشىدىڭ. بۇ سېنىڭ ئەڭ ئازابلىق چۈشۈڭ.

بىراق، سەن ئويغىنىپ ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئۆزۈڭگە قايتىپ كەلگەنىڭەنسەن، ئۇلارمۇ چۈشلىرىدىن ئويغىنىپ ساڭا ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ!

بۇ شاگىرت شۇنداق دېگەندىن كېيىن، باشقا شاگىرتلار زوروئاستېرنى ئورىۋېلىپ قولىنى تۇتۇشتى. ئۇنى قوپۇشقا، ھەسرەت چەكمەي بۇرۇنقى تۇرمۇشىغا قايتىشقا ئۈندىمەكچى بولدى. لېكىن، زوروئاستېر ئورنىدا ئولتۇرۇۋەردى، چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. ئۇ ئۇزاق يىللاردىن كېيىن، قايتىپ كەلگەن كىشىدەك شاگىرتلىرىغا تونۇيالمىغاندەك قارايتتى، ئۇلار ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن، كۆزى نۇرلاندى، ئۇ بايا يۈز بەرگەن ئىشلارنى چۈشەندى. ساقىلىنى سىلاپ ئۈنلۈك ئاۋازدا دېدى:

— ياخشى، بۇلار دەل ۋاقتىدا كەلدى، شاگىرتلىرىم. بەزمىمىزنى كېيىنگە قالدۇرۇشتىن ساقلىنايلى! بايىقى چۈشنىڭ سورىدىن ساقىت بولايلى!

لېكىن، ھېلىقى بېشارەتچى مەن بىلەن بىللە غىزالانسۇن، راست،

مەن ئۇنىڭغا ئۆزى چۆكەلەيدىغان دېڭىزنى دەپ بېرىمەن!
زوروئاستېر شۇنداق دېدى، ئاندىن ئۇ چۇشىگە تەبىر بەرگەن شاگىرتىغا قاراپ، بېشىنى چايقاپ قويدى.

## 42. قۇتقۇزۇش

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:
بىركۈنى، زوروئاستېر بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى، بىرمۇنچە مېيىپ ۋە تىلەمچىلەر ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىۋالدى، بىر دوك ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:
— قارا، زوروئاستېر، كۆپچىلىك سەندىن ئۆگىنىۋاتىدۇ ھەم تەلىماتلىرىڭدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئىشەندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، بىر ئىش بولمىسا بولمايدۇ. ئالدى بىلەن بىزدەك مەجرۇھلارنى قايىل قىلىشىڭ كېرەك. ھازىر ئالدىڭدا ناھايىتى ياخشى بىر تاللاش تۇرۇپتۇ. يەنى ئىنتايىن ئېسىل پۇرسەت! سەن ئەمالارنىڭ كۆزىنى ئاچالىشىڭ، توكۇرلارنى چاپتۇرالىشىڭ، ھەتتا زىممىسىدە يۈكى بار كىشىلەرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتەلىشىڭ كېرەك. مېنىڭچە، مانا شۇنىڭ ئۆزىلا مېيىپلارنى ئۆزۈڭگە ئىشەندۈرىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە!
— كىم دوكلارنىڭ يەلكىسىدىكى ئۆسمىنى ئېلىۋەتسە، — دېدى زوروئاستېر ئۇ ئادەملەرگە جاۋاب بېرىپ، — بۇ ئۇلارنىڭ روھىنى ئېلىۋەتكەنلىك بىلەن ئوخشاش، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق دەيدۇ. ئەگەر ئەمالارنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈرسە، ئۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن رەزىل ئىشلارنى كۆرۈپ، ئۆزىنى داۋالىغان كىشىنى قارغايدۇ. كىم توكۇرلارنى ساقايتسا، شۇنىڭغا ئەڭ قاتتىق زىيانكەشلىك قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ يۈگۈرەلىسە، رەزىللىك ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىدۇ. مانا بۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ مېيىپلارغا قىلغان سۆزى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆپچىلىك زورروئاستىردىن ئۆگەنگەن يەردە زورروئاستىر كۆپچىلىكتىن نىمىشقا ئۆگەنمىسۇن؟

مەن كۆپچىلىك بىلەن بىللە تۇرغان ۋاقىتتىن باشلاپ، ئەرزىمەس بىر ئىشنى بايقىدىم: بەزىلەردە بىر كۆز، بەزىلەردە بىر قۇلاق، بەزىلەردە بىر پۇتنىڭ يوقلۇقىنى كۆردۇم. ھەتتا بەزىلەر تىلىنى، بۇرنىنى، بېشىنى يوقىتىپ قويغان.

مەن يەنە بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئىشلارنى كۆردۇم. ئۇنى پۈتۈنلەي ئاشكارىلاشنى ھەم يوشۇرۇشنى خالىمايمەن. دېمەك، مەلۇم كىشىلەردە ھەممە نەرسە كەم. لېكىن، بىرلا نەرسە ئارتۇق. بەزىلەرنىڭ پەقەت چوڭ بىرلا كۆزى، ئاغزى، قورسىقى ياكى باشقا چوڭ ئەزاسى بار. مەن ئۇلارنى مېيىپلارنىڭ ئەكسى دەپ ئاتايمەن.

مەن تەنھا قەسرىمدىن چىقىپ، بىر كۆۋرۈكتىن تۇنجى ئۆتكەندە، ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. ئىنچىكىلەپ سەپسالغاندىن كېيىن: «ئۇ بىر قۇلاق! ئادەمدەكلا چوڭ قۇلاق!» دېدىم ئۆزۈمگە. مەن ئالدىغا بېرىپ، تېخىمۇ ئىنچىكە كۆزەتتىم، توغرا، قۇلاقنىڭ ئاستىدا يەنە نازۇك بىر نەرسەم بار ئىكەن. راست، بۇ بەھەيۋەت قۇلاق بولسا ئىنتايىن نازۇك غول ئۈستىدە ئىدى، بۇ غول بىر ئادەم ئىدى! كىمدە كىم كۆزئەينەك تاقاپ قارىسا، ھەسەت يېنىپ تۇرغان بىر كىچىككىنە چىرايىنى، شۇنىڭدەك يەنە تەكەببۇر بىر روھنىڭ غول ئۈستىدە ئىرغاڭشىپ تۇرغىنىنى كۆرەلەيدۇ. بىراق، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ بەھەيۋەت قۇلاق ئاددىي ئادەم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كاتتا ئادەم، تالانت ئىكەن. لېكىن، مەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئۇلۇغ ئادەمگە ئەسلا ئىشەنمەيمەن. مەن پەقەت «بىر يېرى ئارتۇق، لېكىن ھەممە يېرى كەمدەك تۇيۇلغان» ئاشۇ مېيىپلارغا ئىشىنىمەن.

زورروئاستىر، دوك ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان بىر توپ كىشىلەرگە سۆزىنى دەپ بولغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ھەسرەتلەنگەن ھالدا ئىخلاسمەنلىرىگە شۇنداق دېدى:

ــ تـوغـرا، دوستـلار، كـىشـلـەر ئـارىسـىـدا مـاڭـسـام، ئـىـنـسانلارنىڭ سۇنۇقلىرى ئارىسىدا ماڭغاندەك بولۇپ قالىمەن.

مەن ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ پارە ـ پارە بولغانلىقىنى، تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كـەتكەنلىكىنى بايقىدىم. بـۇ بەئەينى جەڭگاھ يـاكـى قۇشخانىنىڭ ئۆزى، كىشىنى بەكمۇ چۆچۈتىدۇ.

ئۆتمۈشكە نەزەر سېلىپ ئۇنىڭ هازىر بىلەن پەرقى يوقلۇقىنى بايقىدىم، ھەممە يەر تەن پارچىلىرى ھەم ۋەھىمە بىلەن تولغان. بىرمۇ ئادەم يوق!

بـۇ دۇنيانىڭ ھـازىرى ۋە ئـۆتمۈشى. ئـاھ! دوستـلار، مـەن ئـەڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئـىش. ئـەگـەر كـەلمىشلەرنى ئـالدىدىن كۆرەلمەيدىغان بولسام، بۇنىڭغا زادىلا چىدىمىغان بولاتتىم.

پەيغەمبەرلەر، ئىرادە قىلغۇچىلار، ياراتقۇچىلار، كېلەچەك ۋە كېلەچەككە ئاپىرىدىغان كـۆۋرۈك. ئـاھ، يـاكـى بـۇ كـۆۋرۈكتىكى مېيىپلار... بۇلارنىڭ ھەممىسى زوروئاستېردۇر.

سىلەر دائىم ئۆزۈڭلاردىن: «بىز ئۈچۈن زوروئاستېر قانداق ئادەم، بىز ئۇنى نېمىدەپ چاقىرىمىز؟» دەپ سورايسىلەر. سىلەر خۇددى ماڭا ئوخشاشلا بۇ سوئالنىڭ دەل ئۆزىنى ئـۆز ـ ئـۆزۈڭلارنىڭ جاۋابىغا ئايلاندۇرۇسىلەر.

ئـۇ بـىر ۋەدىچىمۇ ياكى كۆرسەتكۈچىمۇ، بـويسۇندۇرغۇچىمۇ، بويسۇنغۇچى ياكى ۋارىسلىق قىلغۇچىمۇ، ھوسۇلمۇ ياكى ساپانمۇ، دوختۇرمۇ ياكى شىپالانغۇچىمۇ؟

ئۇ شائىرمۇ ياكى ھەقىقەتچىمۇ، نىجاتچىمۇ ياكى ھۆكۈمرانمۇ، ياخشىمۇ ياكى ئەسكىمۇ؟

مەن كىشىلەر ئارىسىدا تۇرسام، خۇددى كېلەچەكنىڭ سۇنۇقلىرى ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن، بۇ مەن ئۈمىد قىلغان كېلەچەك.

مېنىڭ بارلىق تەسەۋۋۇرۇم ۋە تىرىشچانلىقىم ئاشۇ سۇنۇقلارنى، سىرلارنى ۋە ۋەھىمىلەرنى يالغۇز بىر گەۋدە قىلىپ قوپۇرۇپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



چىقىشتىن ئىبارەت.

ئەگەر ئادەم بىرلا ۋاقىت ئىچىدە ھەم قۇراشتۇرغۇچى، ھەم سىرلارنى ئاچقۇچى ۋە دەقىقىلەرنى تولدۇرغۇچى بولمىسا، ئۆزۈمنىڭ ئادەملىكىمگە قانداقمۇ چىداي!

ئۆتمۈشنى قايتۇرۇۋالىمەن، يەنى «بولغان»نى «بولىدىغان» قىلىمەن، مەن ئېيتقان قۇتقۇزۇش ئەنە شۇ!

ئىرادە كىشىلەر، نىجاتچىلار ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچىلەرنى ئەنە شۇنداق ئاتىشىدۇ. دوستلار، مەن سىلەرگە شۇنداق ئۆگەتكەن! ئەمدى بۇنى ئۆگىنىڭلار: ئىرادىنىڭ ئەسلىي ئۆزىمۇ مەھبۇس.

ئىرادە ھەممىگە نىجاتلىق بېرىدۇ. بىراق، نىجاتكارنى قەپەسكە مەھكۇم قىلغان نەرسە نېمە؟

«بولغان» — كىشىلەر ئىرادىنىڭ غەزەپلىك چىشلىرى ۋە ئەڭ زېرىكىشلىك ئازابلىرىنى ئەنە شۇنداق تەرىپلەيدۇ. ئىرادە بارلىق كۆرۈلمىشلەرگە ئامالسىز قالىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ئۆتمۈشنىڭ يامان نىيەتلىك كۆزەتچىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئىرادىدە چېكىنىش نىيىتى بولسا بولمايدۇ، ئۇ ۋاقىت ۋە زاماننىڭ ئىستەكلىرىنى پارچىلاشقا ئامالسىز قالىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ ئەڭ زېرىكىشلىك ئازابى.

ئىرادە ھەممىنى ئازاد قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى ئازابتىن قانداق قۇتۇلىدۇ ھەم قەپىسىنى مەسخىرە قىلىدۇ؟

ئاھ، ھەربىر مەھبۇس ساراڭغا ئايلاندى، مەھكۇم ئىرادىمۇ ئەسەبىيلىك بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇناقتا.

ئىرادە ۋاقىتنىڭ چېكىنمەسلىكىدىن غەزەپلىنىدۇ. «بولغان» لىق دەل ھەممە — ئۇ يەنىلا يۆتكەش مۇمكىن بولمايدىغان تاش.

شۇڭا، ئىرادە بۇ تاشنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرمەكتە، ئۇ ئۆزىدەك غەزەپلەنمىگەن كىشىلەردىن قىساس ئالماقچى.

شۇنىڭ بىلەن ئىرادە دېگەن بۇ نىجاتكار بىر ئىشتىبداتقا ئايلاندى،

ئۇ ئازابقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ھەممە نەرسىدىن قىساس ئالماقچى. چۈنكى، ئۇ چېكىنىشكە ئامالسىز.

توغرا، پەقەت مۇشۇلا قىساس: ئىرادىنىڭ ۋاقىت ۋە ۋاقىتنىڭ «بولمىشلىرى»غا بولغان ئۆچمەنلىكى.

راست، ئىرادىمىزدە قالتىس ئەسەبىيلىك بار. ئۇ روھقا ئېرىشكەندىن كېيىنلا، ئىنسانلارغا بولغان لەنەتكە ئايلىنىدۇ.

قىساس روھى: دوستلار، بۇ ھازىرغا قەدەر بولغان ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئېسىل ئويى، ئازاب بار يەردە، جازامۇ بار.

«جازا» مانا بۇ قىساسنىڭ ئۆز - ئۆزىگە قويۇۋالغان ئىسمى. ئۇ مۇشۇنداق ساختا نام بىلەن ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىدۇ — قەلبىگە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىرادىلىك كىشىلەر چېكىنمەسلىكتىن ئازابلىنىدىكەن، ئۇنداقتا ئىرادىنىڭ ئۆزىنى ۋە پۈتكۈل ھاياتنى بىر خىل جازا دەپ چۈشىنىش كېرەك.

پارچە - پارچە بۇلۇتلار روھ ئۈستىدە لەيلەپ، ئەسەبىيلىك بىلەن شۇنداق دەيدۇ: «ھەممە نەرسە ئۆلىدۇ. شۇڭا، ھەممىسى ئۆلۈشى كېرەك!»

«ۋاقىت قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزى ئادالەت. ئۇ چوقۇم ئۆز بالىسىنى يەۋېتىشى كېرەك.» ئەسەبىيلىك شۇنداق دەيدۇ.

«ھەممە نەرسە ئادالەت ۋە جازا بويىچە ئەخلاقىي يوسۇندا ئۆز ئورنىنى تاپقان. ئاھ، شەيئىلەر ئېقىنىنىڭ ئايلانمىسى بىلەن جازا ئوتتۇرىسىدىكى نىجاتگاھى قەيەردە؟» ئەسەبىيلىك شۇنداق دەيدۇ.

«ئەگەر راستتىنلا مەڭگۈلۈك ئادالەت بولسا، قۇتقۇزۇش مۇمكىنمۇ؟ ئاھ، بۇ تاشنى يۆتكەشكە بولمايدىكەن. ئۇنداقتا بارلىق جازامۇ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ!» ئەسەبىيلىك شۇنداق دەيدۇ.

«بارلىق ھەرىكەتنى يوق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. جازا ئەمەلىيەتنى قانداقمۇ يوق قىلالىسۇن! مانا بۇ جازادىكى مەڭگۈلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نەرسە. مەۋجۇتلۇق مەڭگۇ دەۋر قىلىدىغان پائالىيەت ۋە جىنايەت.»

ئىرادە، ئەڭ ئاخىردا ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ، غەيرىي ئىرادىگە ئايلىنالىسا ئىدى. بىراق، قېرىنداشلىرىم، سىلەر ئەسەبىيلىك ھەققىدىكى بۇ رىۋايەتنى بىلىسىلەر!

مەن سىلەرگە «ئىرادە يارانقۇچىدۇر» دېگىنىمدە، سىلەرنى ئاشۇ ئەپسانىدىن قۇتقۇزۇپ چىققانىدىم.

«بولغان»نىڭ ھەممىسى سۇنۇقلار، سىرلار ۋە ۋەھىمىلەر دەرگاھىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تاكى ئىجادىي ئىرادە: «لېكىن، مەن ئۇنى بولىدىغان قىلىمەن» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى قوشقۇچە. تاكى ئىجادىي ئىرادە: «لېكىن، مەن ئۇنى بولىدىغان قىلىمەن» دېگۈچە.

بىراق، ئۇ شۇنداق دېگەنمۇ، قاچان، ئىرادە ئۆزىنىڭ ئەسەبىيلىكىدىن قۇتۇلدىمۇ؟

ئىرادە ئۆزىنىڭ نىجاتچىسى ۋە رەسۇلىغا ئايلىنالىدىمۇ، ئۇ قىساس روھى ۋە غەزىپىنى ئۇنتۇدىمۇ؟

ئۇنىڭغا ۋاقىت بىلەن چىقىشىشنى ھەمدە چىقىشىشتىنمۇ ئۈتكۈر چارىنى كىم ئۆگەتكەن؟

ئىرادە ــ ھوقۇق دائىرىسى ــ چىقىشىشتىنمۇ ئۈتكۈر نەرسىگە چوقۇم ئىنتىلىدۇ. لېكىن، ئۇ قانداق ئىنتىلىدۇ، كىم ئۇنىڭغا ئىرادە باغلاشنى ئۆگىتىدۇ؟

سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، زوروئاستېر ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەن كىشىدەك، توساتتىنلا سۆزنى توختاتتى ـ دە، تىترەپ تۇرۇپ مۇخلىسلىرىغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى ۋە چۈشەنچىسىنى ئوقيادەك تېشىپ ئۆتتى. لېكىن، ئۇ بىرپەستىن كېيىن كۇلۇمسىرەپ، تىنچلانغان ھالدا:

ــ كىشىلەر ئارىسىدا ياشاش ئىنتايىن قىيىن. چۈنكى، سۈكۈت قىلىش ئاسان ئەمەس، بولۇپمۇ سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىغانلار ئۈچۈن، ــ دېدى.

زوروئاستېر شۇنداق دېدى. ھېلىقى دوك يەرگە تىكىلگىنىچە بۇ سۆزلەرنى تىڭشىدى، ئۇ زوروئاستېرنىڭ كۆلكە ساداسىنى ئاڭلاپ، ھەيرانلىق بىلەن بېشىنى كۆتۈردى:

— نېمە ئۈچۈن زوروئاستېرنىڭ بىزگە قىلغان سۆزى بىلەن مۇخلىسلىرىغا قىلغان سۆزى ئوخشاشمايدۇ؟

— بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نەرى بار! — دېدى زوروئاستېر جاۋابەن، — بىر دوك بىلەن دوكقا خاس ئۇسۇلدا پاراڭلىشىشىمىز كېرەك!

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى دوك، — بىزمۇ مەكتەپتىن قايتقان تالىپلارغا شۇنداق دەيلى.

بىراق، نېمە ئۈچۈن زوروئاستېرنىڭ مۇخلىسلىرىغا قىلغان گېپى بىلەن ئۆزىگە قىلغان گېپى ئوخشاشمايدۇ؟

## 43. پانىي دۇنيادىكى ئەقىل - پاراسەت

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

ئېگىز يەر قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى تىك بەل!

دۆڭدە تۇرغاندا، كۆزلەر پەسكە تىكىلىدۇ، قوللار ئۈستىگە يامىشىدۇ، بۇ ئىككى خىل ئىرادە مېنى گاڭگىرىتىدۇ.

ئاھ، دوستلار، سىلەر قەلبىمدىكى ئاشۇ ئىككى خىل ئىرادىنى تاپالامسىلەر؟

مېنىڭ دۆڭ ۋە خەۋپ - خەتەرلىرىم شۇ: كۆزلىرىم چوققىغا تىكىلگەن، قوللىرىم چوڭقۇرلۇقتا.

ئىرادەم ئىنسانىيەتنى چىرمىغان، ئىنسانلارنى ئۆزۈم بىلەن بىللە مەھكەم باغلىدىم. چۈنكى، مەن ئەۋلىيا تەرىپىدىن مەھلىيا قىلىنغان. شۇڭا، مېنىڭ يەنە بىر ئىرادەم ئاشۇ يەرگە قاراپ ماڭغان.

شۇڭا، مەن كىشىلەر ئارىسىدا قارىغۇلارچە تۇرۇۋاتىمەن، گويا مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇلارنى تونۇيدىغاندەك، شۇندىلا مېنىڭ قولۇم تايانغان نەرسىسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

مەن سىلەر ئىنسانىيەتنى تونۇمايمەن. بۇنداق مەيۇسلۇك ۋە تەسەللىلەر قەلبىمدە ھەمىشە پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ.

ناچار كىشىلەر ئۇچۇن بوسۇغىدا تۇرۇپ سورىدىم: كىم مېنى ئالدىماقچى؟

بۇ مېنىڭ پانىي دۇنيادىكى تۇنجى ئەقلىممۇ؟ ئالدىنىشقا رازىمەنكى، ئالدامچىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرمايمەن.

ئاھ، ئەگەر مەن كىشىلەردىن ھەر تەرەپلىمە ھەزەر ئەيلىسەم، ئۇنداقتا ئىنسانلار مېنىڭ ھاۋا شارىمغا قانداقمۇ لەنگەر بولالىسۇن! بولمىسا، مەن ئىگىز يەرگە ئاسانلا كۆتۈرۈلىمەن!

بۇ خىل ئىلاھىي ئىرادە تەقدىرىمنى بەلگىلىدى، ئۇنى ئالدىنئالا بىلىشكە قادىر ئەمەسمەن.

كىم كىشىلەر ئارىسىدا قاغجىراپ كەتمەسلىكنى ئويلايدىكەن، قاچا تاللىماي سۇ ئىچىشنى ئۆگىنىشى كېرەك. كىم كىشىلەر ئارىسىدا پاكلىقنى ساقلاپ قالماقچى بولىدىكەن، مەينەت سۇنى قانداق ئىشلىتىپ ئۆزىنى يۇيۇشنى بىلىشى كېرەك.

مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە دائىم شۇنداق تەسەللى بېرىمەن: «قەيسەررەك بول! تېتىكرەك بول! ئەي، سالماق قەلبىنىڭ ئىگىسى! ساڭا بەختسىزلىك كەلسىمۇ، ئۇنى بەخت دەپ ھۇزۇر قىل!»

بۇ مېنىڭ پانىي دۇنيادىكى ئىككىنچى ئەقىل ـ پاراسىتىم: تەشەببۇسكارلارغا قارىغاندا شۆھرەتپەرەسلەرگە بەكرەك يول قويىمەن. شىكەستىلەنگەن شۆھرەتپەرەسلىك تىراگېدىيەنىڭ ئانىسى ئەمەسمۇ؟ لېكىن، تەكەببۇرلۇقنىڭ جاراھىتىدىن تەكەببۇرلۇقتىنمۇ ياخشى نەرسىلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ھاياتلىق ئويۇنىنى ئالقىشقا ئېرىشتۈرىمەن دەيدىكەن، ياخشى رول ئوينىشى ھەم ياخشى رولچى بولۇشى كېرەك.

مېنىڭچە، ھەربىر شۆھرەتپەرەس ئىنتايىن ياخشى رولچى، ئۇلار بارلىق كۈچى بىلەن رول ئېلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل روھى شۇنىڭغا بېرىلگەن.

ئۇلار ئۆزىنىڭ رولىنى ئۆزى ئېلىپ، ئۆزىنى بايقايدۇ، مەن بىر تەرەپتە جىمجىت ئولتۇرۇپ ھاياتلىقنى تاماشا قىلىمەن، بۇنىڭ بىلەن تەشۋىشخورلۇقنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

مەن شۆھرەتپەرەسلەرگە يول قويىدۇم، چۈنكى ئۇلار مېنىڭ تەشۋىشخورلۇق كېسىلىمنى داۋالايدىغان دوختۇر، مېنى ئىنسانلار بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ. خۇددى تىياتىر بىلەن بىرلەشتۈرگەندەك.

شۆھرەتپەرەسلەرنىڭ كەمتەرلىكىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كىممۇ تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن! مەن ئۇلاردىن زوقلىنىمەن، كەمتەرلىككە ھېسداشلىق قىلىمەن.

ئۇ سىلەردىن ئۆزىگە ئىشىنىشنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇ سىلەرنىڭ كۆزۈڭلاردىن ئوزۇقلىنىدۇ، سىلەرنىڭ ئالقىشىڭلاردىن مەدھىيە ئالىدۇ.

سىلەر ئۇنى ئەتەي مەدھىيەلىگەندە، ئۇ شادلىنىپ ئاڭلايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىچىدە ئاھ ئۇرۇپ: «مەن ھېچنېمە ئەمەس» دەيدۇ.

ئەگەر ھەقىقي ئەخلاق ئۆزىنى بىلمەسلىك بولسا، ئۇنداقتا، شۆھرەتپەرەسلەر دەل ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكىنى بىلمەيدىغانلار.

بۇ مېنىڭ پاني دۇنيادىكى ئۈچىنچى ئەقىل ـ پاراستىم: مەن سىلەرنىڭ قورقۇنچاقلىقىڭلار ۋەجىدىن رەزىللەردىن يىرگىنمەن.

ئوتتەك قۇياش پەيدا قىلغان مۆجىزىلەرنى خۇشاللىق بىلەن كۆرىمەن. يولۋاس، زەيتۇن دەرىخى، شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلان.

كىشىلەر ئارىسىدىمۇ قۇياش گۈزەللىكىنىڭ تەڭداشلىرى بار، رەزىل كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ نۇرغۇن ئېسىللىك بار.

ئەمەلىيەتتە، ئاراڭلاردىكى دانىشمەنلەرمۇ ئۇنچىۋالا ئەقىللىق ئەمەستەك قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئىنسانىيەت ئاجىزلىقىنىڭ ئادەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېيتىلغانىدەك ئۇنچىۋالا ناچار ئەمەسلىكىنىمۇ بايقىدىم.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ ھەمىشە ئۆزۈمدىن سورايمەن: «شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلان، قۇيرۇقۇڭلاردىن نېمىشقا ئاۋاز چىقىدۇ؟»

راست، رەزىللىكنىڭمۇ كېلەچىكى بار! ئەڭ ئىسسىق جەنۇب تېخى بايقالمىدى.

رەزىللىكنىڭ چېكى دېيىلگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ چەكلىكتۇر! ھامان بىر كۈنى تېخىمۇ زور ئەجدىھا بۇ دۇنياغا كېلىدۇ.

ئەۋلىيالارنىڭمۇ ئەجدىھاسى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ماس ھالدىكى خاسىيەتلىك ئەجدىھاسى بولۇشى كېرەك! چوقۇم يەنە نۇرغۇن ئوتتەك قۇياش نەمخۇش ئىپتىدائىي ئورماندا ئىسسىق سەلتەنەتنى نامايان قىلىشى كېرەك!

ياۋا مۈشۈكۈڭلار يولۋاسقا ئايلانسۇن، زەھەرلىك پاقاڭلار تىمساھقا ئايلانسۇن، چۈنكى ياخشى ئوۋچىغا ياخشى ئوۋ بولۇشى كېرەك!

راست، ئاق كۆڭۈل ھەم ئادىل كىشىلەر، سىلەرنىڭ نۇرغۇن كۈلكىلىك يېرىڭلار بار، بولۇپمۇ ئاتالمىش «ئالۋاستى»دىن قورقۇشۇڭلار!

قەلبىڭلار ئۇلۇغ نەرسىلەرگە شۇقەدەر يوچۇنكى، ئەۋلىيا سەممىيلىك قىلغان چاغدىمۇ قورقۇپ كېتىسىلەر!

ئەي، دانىشمەنلەر ۋە ئەللامىلەر، سىلەر ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ھارارىتىدىن قاچماقچى بولۇۋاتىسىلەر، ئەۋلىيا ئۇ يەردە يالىڭاچلىنىپ خۇشال ـ خۇرام يۇيۇنماقتا!

ئەي، ئالدىمدىكى كاتتا ئادەملەر! مانا بۇ مېنىڭ گۇمانىم ۋە مەسخىرەم. مەن سىلەرنىڭ مېنىڭ ئەۋلىيارىمنى ئىبلىس دەيدىغانلىقىڭلارنى قىياس قىلالايمەن!

ئاھ، مەن بۇ كاتتا ۋە ئېسىل كىشىلەردىن ئىنتايىن بىزار

بولدۇم. مەن ئۇلارنىڭ «ئىگىز»لىكىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئەۋلىيا پەللىسىگە يېتىشكە تەشنامەن.

مەن ياخشى ئادەملەرنىڭ يالىڭاچلىقىنى كۆرۈپ، قورقۇنچلۇقتا چۆمدۈم، شۇڭا كېلەچەككە پەرۋاز قىلدىم.

تېخىمۇ يىراق كەلگۈسىگە قاراپ ئۇچتۇم، سەنئەتكارلارمۇ ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان جەنۇبنىڭ جەنۇبىغا قاراپ ئۇچتۇم. ئۇ يەردە ئىلاھلار كىيىنىشتىن نومۇس ھېس قىلىدۇ!

قوشنىلار ۋە ھەمراھلار، مەن سىلەرنىڭ ئاشۇ ئاق كۆڭۈل ۋە ئادىل كىشىلەردەك يۈزلۈك، مەغرۇر، ھۆرمەتلىك بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن بىرئاز ياسىنىپ ئاراڭلارغا كىرىۋالاي، شۇندىلا مەن سىلەرنى ياكى ئۆزۈمنى پەرق قىلالمايمەن. بۇ مېنىڭ پانىي دۇنيادىكى ئاداققى ئەقىل ـ پاراستىم.

## 44. ئەڭ جىمجىت دەقىقە

زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ:

دوستلار، مەن نېمە بولدۇم؟ سىلەر مېنىڭ ئىنتايىن ئازابلىق قىياپىتىمنى، ئۆزۈم خالىمىسامىمۇ مەجبۇرىي رەۋىشتە يىراققا كېتىۋاتقانلىقىمنى، ئاھ، سىلەردىن ئايرىلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى كۆردۈڭلار!

توغرا، زوروئاستىر ئۆز خىلۋىتىگە كېتىشى كېرەك. بىراق، ئېيىق بۇ قېتىم ئۇۋىسىغا ئانچە خۇشال قايتمىدى! مەن زادى نېمە بولدۇم، كىم ماڭا ھۆكۈمران؟ ئاھ، مېنىڭ غەزەپكار دىلبىرىم شۇنداق قىلدى. ئۇ ماڭا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مەن سىلەرگە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتمىغانمۇ؟

«مانا بۇ مېنىڭ دىلبىرىمنىڭ ئىسمى.» تۈنۈگۈن ئاخشام، مېنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەڭ جىمجىت دەقىقەم شۇنداق دېدى.

ئىشلار شۇنداق يۈز بەردى. سىلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېتىپ قالغان بۇ ئادەمنى چۈشىنىپ، ئەپۇ قىلىشىڭلار ئۈچۈن، مەن ھەممىنى سىلەرگە ئېيتىشىم كېرەك.

سىلەر ئۇيقۇدىكى ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى قورقۇنچنى چۈشىنەمسىلەر؟

ئۇ قورقۇپ كەتكەچكە تۇكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتتى. چۈنكى، زېمىن چۆكۈپ، چۈشلەر باشلىنىۋاتقان ئىدى.

سائەت تىلى ھەرىكەتتە، ھاياتىمنىڭ سائىتى نەپەس ئالماقتا. بۇنداق زېرىكىشنى زادىلا ھېس قىلالماپتىكەنمەن. شۇڭا، ناھايىتى قورقۇپ كەتتىم.

— زوروئاستېر، بىلەمسەن؟ — ئارقىدىنلا بىرى ماڭا ئۈنسىز پىچىرلىدى. پەس ئاۋازدا دېيىلگەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قورقۇپ توۋلىۋەتتىم. چىرايىم تاتىرىپ كەتتى، لېكىن تىنۇش چىقارمىدىم.

— زوروئاستېر، بىلەمسەن، پەقەتلا دېيىشنى خالىمايۋاتىسەن! — ھېلىقى ئۈنسىز ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى.

— راست، مەن بىلىمەن، لېكىن مەن دېيىشنى خالىمايمەن! — جۈرئەت قىلىپ ئاخىر جاۋاب بەردىم.

— خالامسەن، زوروئاستېر، راستىنلىمۇ؟ يالغاندىن باتۇر بولۇۋالما! — ھېلىقى ئۈنسىز ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى.

— ئاھ، مەن خالايمەن، — دېدىم مەن، خۇددى كىچىك بالىلاردەك ئېسەنگىرەپ، — لېكىن، مەن قانداق قىلىمەن؟ مېنى قىستىما! زادىلا قىلالمايمەن!

— بۇنىڭ سەن بىلەن نېمە ئالاقىسى، — ھېلىقى ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى، — زوروئاستېر، كۆڭلۈڭدىكىنى ئېيتقىن - دە، ئۆل!

— ئاھ، بۇ مېنىڭ سۆزۈممۇ، مەن دېگەن نېمىتىم؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن

ئۆلۈشكە تېخىمۇ ئەرزىيدىغان ئادەمنى كۆتۈۋاتىمەن، ئۇنداق قىلىش سالاھىيىتىممۇ يوق.

— ئۇنىڭ نېمە كارايىتى، — ھېلىقى ئۇنىسىز ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى، — مېنىڭچە، سەن تېخى كەمتەر ئەمەس، كەمتەرلىك دېگەن ئەڭ قېلىنلىق.

— كەمتەرلىكىمنىڭ تېرىسى نېمە ئىشلارنى كۆرمىدى؟ — دېدىم مەن، — ئېگىز تېغىمنىڭ ئېتىكىدە تۇرۇپ، چوققامنىڭ قانچىلىك ئېگىزلىكىنى ھېچكىم ئېيتىپ بەرمىدى. لېكىن، ئۆزۈمنىڭ جىلغىسىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىمەن.

— ھەي، زورۇئاستېر، تاغ يۆتكىمەكچى بولغان ئادەم جىلغا بىلەن ئېدىرنىمۇ قوشۇپ يۆتكىمىسە بولمايدۇ، — ھېلىقى ئۇنىسىز ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى.

— مېنىڭ قىلغان سۆزلىرىم تاغ يۆتكىمىدى، ئىنسانلارغا يەتمىدى، — دېدىم مەن، — توغرا، كىشىلەرگە قاراپ كېتىۋاتىمەن، تېخى ئۇلارغا يەتكۈزگۈدەك بولمىدىم.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ — ھېلىقى ئۇنىسىز ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى، — تۈننىڭ ئەڭ جىمجىت چېغىدا، ياپراقلارغا شەبنەم چۈشىدۇ.

— يولۇمنى تېپىپ ماڭغىنىمدا، — دېدىم مەن، — ئۇلار زاڭلىق قىلدى، پۇتلىرىم تىترەپ كەتتى.

— سەن ئىلگىرى يولۇڭنى تاپالمىدىڭ، — دېدى ئۇلار ماڭا، — ئەمدى قانداق مېڭىشنى بىلمەيۋاتىسەن!

— زاڭلىق قىلسا نېمە بوپتۇ! — ھېلىقى ئۇنىسىز ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى، — سەن بويسۇنۇشنى ئۇنتۇغان ئادەم، ئەمدى سەن بۇيرۇق چۈشۈرۈشۈڭ كېرەك!

سەن كىشىلەرنىڭ كىمگە موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ قوماندانلىق قىلالايدىغان ئادەمگە چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئاسان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەڭ جىمجىت دەقىقەم شۇنداق دېدى.

ئىشلار شۇنداق يۈز بەردى. سىلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېتىپ قالغان بۇ ئادەمنى چۈشىنىپ، ئەپۇ قىلىشىڭلار ئۈچۈن، مەن ھەممىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي.

سىلەر ئۇيقۇدىكى ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى قورقۇنچنى چۈشىنەمسىلەر؟

ئۇ قورقۇپ كەتكەچكە تۇكلىرى تىك تۇرۇپ ئۆرۈلۈپ كەتتى. چۈنكى، زېمىن چۆكۈپ، چۈشلەر باشلانماقتا ئىدى.

سائەت تىلى ھەرىكەتتە، ھاياتىمىنىڭ سائىتى نەپەس ئالماقتا. بۇنداق زېرىكىشنى زادىلا ھېس قىلالماپتىكەنمەن. شۇڭا، ناھايىتى قورقۇپ كەتتىم.

— زوروئاستېر، بىلەمسەن؟ — ئارقىدىنلا بىرى ماڭا ئۈنسىز پىچىرلىدى. پەس ئاۋازدا دېيىلگەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قورقۇپ توۋلىۋەتتىم. چىرايىم تاتىرىپ كەتتى، لېكىن تىنىش چىقارمىدىم.

— زوروئاستېر، بىلەمسەن، پەقەتلا دېيىشنى خالىمايۋاتىسەن! — ھېلىقى ئۈنسىز ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى.

— راست، مەن بىلىمەن، لېكىن مەن دېيىشنى خالىمايمەن! — جۈرئەت قىلىپ ئاخىر جاۋاب بەردىم.

— خالامسەن، زوروئاستېر، راستىنلىمۇ؟ يالغاندىن باتۇر بولۇۋالما! — ھېلىقى ئۈنسىز ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى.

— ئاھ، مەن خالايمەن، — دېدىم مەن، خۇددى كىچىك باللاردەك ئېسەنگىرەپ، — لېكىن، مەن قانداق قىلىمەن؟ مېنى قىستىما! زادىلا قىلالمايمەن!

— بۇنىڭ سەن بىلەن نېمە ئالاقىسى، — ھېلىقى ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى، — زوروئاستېر، كۆڭلۈڭدىكىنى ئېيتقىن - دە، ئۆل!

— ئاھ، بۇ مېنىڭ سۆزۈممۇ، مەن دېگەن نېمىتىم؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن

ئۆلۈشكە تېخىمۇ ئەرزىيدىغان ئادەمنى كۆتۈۋاتىمەن، ئۇنداق قىلىش سالاھىيىتىممۇ يوق.

— ئۇنىڭ نېمە كارايىتى، — ھېلىقى ئۇنىسىز ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى، — مېنىڭچە، سەن تېخى كەمتەر ئەمەس، كەمتەرلىك دېگەن ئەڭ قىيىنلىق.

— كەمتەرلىكىمنىڭ تېرىسى نېمە ئىشلارنى كۆرمىدى؟ — دېدىم مەن، — ئېگىز تېغىمنىڭ ئېتىكىدە تۇرۇپ، چوققامنىڭ قانچىلىك ئېگىزلىكىنى ھېچكىم ئېيتىپ بەرمىدى. لېكىن، ئۆزۈمنىڭ جىلغىسىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىمەن.

— ھەي، زورۇئاستېر، تاغ يۆتكىمەكچى بولغان ئادەم جىلغا بىلەن ئېدىرنىمۇ قوشۇپ يۆتكىمىسە بولمايدۇ، — ھېلىقى ئۇنىسىز ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى.

— مېنىڭ قىلغان سۆزلىرىم تاغ يۆتكىمىدى، ئىنسانلارغا يەتمىدى، — دېدىم مەن، — توغرا، كىشىلەرگە قاراپ كېتىۋاتىمەن، تېخى ئۇلارغا يەتكۈزگۈدەك بولمىدىم.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ — ھېلىقى ئۇنىسىز ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى، — تۈننىڭ ئەڭ جىمجىت چېغىدا، ياپراقلارغا شەبنەم چۈشىدۇ.

— يولۇمنى تېپىپ ماڭغىنىمدا، — دېدىم مەن، — ئۇلار زاڭلىق قىلدى، پۇتلىرىم تىترەپ كەتتى.

— سەن ئىلگىرى يولۇڭنى تاپالمىدىڭ، — دېدى ئۇلار ماڭا، — ئەمدى قانداق مېڭىشنى بىلمەيۋاتىسەن!

— زاڭلىق قىلسا نېمە بوپتۇ! — ھېلىقى ئۇنىسىز ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى، — سەن بويسۇنۇشنى ئۇنتۇغان ئادەم، ئەمدى سەن بۇيرۇق چۈشۈرۈشۈڭ كېرەك!

سەن كىشىلەرنىڭ كىمگە موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ قوماندانلىق قىلالايدىغان ئادەمگە چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئاسان

uyghurkitap.com


ئەمەس، قوماندانلىق قىلىش تېخىمۇ ئاسان ئەمەس.

مانا بۇ سىنىڭ كەچۈرگۈسىز تەرسالىقىڭ. سەندە يېتەرلىك هوقۇق بار، لېكىن هۆكۈمرانلىق قىلىشنى خالىمىدىڭ؟

— بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئۈچۈن شىرىنگىدەك ئاۋازىم كەم، — دېدىم مەن.

— ئەڭ سۈكۈتلۈك سۆز، — ھېلىقى ئۇنسىز ئاۋاز ماڭا يەنە پىچىرلىدى، — ھەمىشە بوران - چاپقۇن پەيدا قىلىدۇ. دۇنياغا رەھنامە ئىدىيەلەرنىڭ كۆپىنچىسى كەمتەرلىك ئارقىلىق كەلگەن.

ئاھ، زوروئاستېر، كەلگۈسى سايىلىرىدەك ئىلگىرىلە، شۇنداق قىلغاندىلا بۇيرۇق چۈشۈرەلەيسەن، قوماندانلىقىڭ بىلەن ئەبەدىلئەبەد سەپىنىڭ ئالدىدا ماڭىسەن.

— خىجىل بولىمەن، — دېدىم جاۋابەن.

— خىجىل بولۇشنى بىلمەيدىغان بالىلاردىن بول، — ھېلىقى ئۇنسىز ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى.

ئۇزاق ئويلاندىم، تىترىدىم، ئاخىر، تۇنجى جاۋابىمنى تەكرارلىدىم:

— خالىمايمەن.

پاراقلىغان كۈلكە ئاۋازى ياڭرىدى. ئاھ، بۇ كۈلكە سادالىرى ئىچ - باغرىمنى سۆكۈپ تاشلىدى، قەلبىمنى پارە قىلدى.

— ئاھ، زوروئاستېر، — ھېلىقى ئۇنسىز ئاۋاز ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە ئاڭلاندى، — مېۋىلىرىڭ ۋايىغا يەتتى. لېكىن، سەن تېخى خام!

— شۇڭا خىلۋەتىگە قايت، شۇ چاغدىلا ۋايىغا يېتىسەن.

يەنە بىرپەس پاراقلىغان كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا بىردىنلا غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىم جىمىپ كەتتى. خىلۋەتتىكى يەردە ياتتىم. سوغۇق تەر ئېقىشقا باشلىدى.

— سىلەر ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى تولۇق ئاڭلىدىڭلار ھەمدە

خىلۋەتتىمگە قايتىشىمنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشەندىڭلار، دوستلار، ھەممىنى سۆزلەپ بولدۇم، چالا قالمىدى.

سىلەر مەندەك مۇتەئەسسىپنىڭ ئاغزىدىن ھەممىگە ئېرىشتىڭلار.

ئاھ، دوستلار، مەن يەنە سىلەرگە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلاي، سىلەرگە ئاتىغان بەزى نەرسىلىرىم بار ئىدى! ئۇنى نېمىشقا سىلەرگە بەرمىدىم، پىخسىقلىقىمدىنمۇ؟

زورۇئاستېر گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، دوستلىرىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئازابلاندى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئۈن سالدى، كۆپچىلىك قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمىدى، كەچقۇرۇن ئۇ تەنھا كېتىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۈچىنچى قىسىم

*سىلەر ئۆرلەشكە تەشنا بولغان چېغىڭلاردا ئېگىزگە قارايسىلەر؛ ئەمما مەن تۆۋەنگە قارايمەن، چۈنكى مەن ئېگىزدە.*

*ئاراڭلاردا كىم كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆرلىيەلەيدۇ؟*

*ئەڭ ئېگىز چوققىغا چىققان ئادەم، كىشىلىك دۇنيادىكى راست ـ يالغان تىراگېدىيەلەرگە قاراپ كۈلىدۇ.*

ــ بىرىنچى قىسىم «ئوقۇش ۋە يېزىش»تىن

## 45. سەياھ

زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ:

زوروئاستىر ئەتىسى ئەتىگەندە ئارالنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ساھىلغا بېرىش ئۈچۈن، يېرىم كېچىدە ئارالدىكى تاغدىن يولغا چىقتى. چۈنكى، ئۇ ئاشۇ يەردىن كېمىگە چىقىشى كېرەك ئىدى. ئۇ يەردە ناھايىتى ياخشى بىر پورت بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن نۇرغۇن كېمىلەر شۇ يەردە توختايتتى. بۇ كېمىلەر شادلىق ئارىلىدىن كەتمەكچى بولغان كىشىلەرنى ئەكېتەتتى. زوروئاستىر تاغقا يامىشىپ چىقىۋېتىپ، بالىلىق دەۋرىدىكى سەرسانلىقنى، ئۆزى چىققان نۇرغۇن ئېگىز تاغلارنى ۋە چوققىلارنى ئەسلىدى.

«مەن بىر سەيياھ ھەم تاغقا چىققۇچى، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — تۈزلەڭنى ياخشى كۆرمەيمەن. قارىغاندا ئۇزاق ۋاقىت جىم ئولتۇرالمايدىغان ئوخشايمەن.»

قانداق قىسمەتلەرگە ئۇچرىماي، سەرسانلىق ۋە تاغقا چىقىش بەربىر زۆرۈر. ئەمما، بىر ئادەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىتىدىغىنى دەل ئۆزى.

پۇرسەتلىرىم ئۆتۈپ كەتتى. يەنە ئۆزۈمگە تېگىل ئەمەس نېمە ئىشلار يۈز بېرەركىن!

«ئۆزۈم» نۇرغۇن سەرسانلىق ۋە جاھانسازلىقنىڭ سىناقلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم.

مەن يەنە شۇنى بىلىمەن: ھازىر ئەڭ ئاخىرقى چوققىدا، ئەلمىساقتىن بېرى ماڭا ئاتالغان چوققىدا تۇرۇۋاتىمەن. ئاھ، ئۆزۈمگە تەۋە ئەڭ مۇشكۈل تاغ يولىغا يامىشىشىم كېرەك! ئاھ، ئەڭ تەنھا سەرسانلىقىمنى باشلىدىم!

لېكىن، ماڭا ئوخشاش ئادەملەر بۇنداق دەقىقىلەردىن ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


پەقەت قاچۇرمايدۇ. بۇ دەقىقە ئۇنىڭغا شۇنداق دەيدۇ:

ئۇلۇغلۇق يولۇڭغا مانا ئەمدى كىردىڭ! چوققا ۋە جىلغا، بۇلار ئارىلىشىپ كەتتى.

ئۇلۇغلۇق يولىغا كىردىڭ. ئەمدى بۇ يول جاسارىتىڭنىڭ ئىنئامچىسىغا ئايلاندى. ئۇ سېنى مەنزىلىڭگە ئىككىلەندۇرمەي ئاپىرىدۇ! ئۇلۇغلۇق يولىغا كىردىڭ، ئەمدى بۇ يولدا كەينىڭدىن ئوغرىلىقچە ئەگىشىدىغان ئادەم يوق! قەدەم ئىزىڭ يولۇڭدا قالدى. «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن سۆزنى ئۆچۈرۈپ ماڭىسەن.

ئەگەر شوتىلار مەنزىلىڭگە ئېلىپ بارالمىسا، ئۆزۈڭنىڭ بېشىغا يامىشىپ چىقىشنى ئۆگەن، بولمىسا قانداق بارىسەن؟

بېشىڭغا يامىشىپ چىق، قەلبىڭدىن ھالقىپ چىق، بۇ چاغدا مۇلايىملىقتىن ئۆزگىرىپ قەتئىي بولىسەن.

ئۆزىنى ئاۋۇندۇرغانلارنى كېسەل چىرمىۋالىدۇ. ئادەمنى قەتئىيلىككە ئۈندەيدىغان ھەرقانداق نەرسىنى مەدھىيەلەڭلار! مەن سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرغان يەرلەرنى مەدھىيەلىمەيمەن.

ئۆزىنى يوقىتىشنى بىلىش ھەممە نەرسىگە سىڭىپ كېتىشنىڭ ئېپى ــ سوغۇققانلىق ھەرقانداق تاغقا چىققۇچىدا كەم بولسا بولمايدۇ.

كىمنىڭ كۆزى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭكىدەك قىزغىن بولسا، نەرسىلەرنىڭ تېشىنىلا كۆرۈپ، ئىچىنى كۆرەلمەيدۇ.

بىراق، سەن، ئەي زوروئاستېر، نەرسىلەرنىڭ ئىچى - تېشىنى ھەم سەۋەبلىرىنى ئىزدىشىڭ كېرەك. شۇڭا، سەن ئۆزۈڭدىن ھالقىپ چىق، تىنماي ئۆرلە، يۇلتۇزلار پەگاھتا قالسۇن!

توغرا! ئۆزۈمگە ھەم يۇلتۇزۇمغا يۇكسەكتىن قاراي، شۇندىلا چوققىغا چىقتىم دېيەلەيمەن. ئەزەلدىن ماڭا ئاتالغان ئاشۇ چوققىغا!

زوروئاستېر يامىشىۋېتىپ، ئۆزىگە شۇنداق دەپ ئىلھامبەخش ھېكمەتلەر بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ قەلبى قاتتىق ئازابتا ئىدى، ئۇ تاغنىڭ چوققىسىغا يەتكەندە، بىر دېڭىز

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇ ئۇزۇنغىچە زوۋان سۈرمەي تىك تۇردى. بۇ ئېگىزلىك كېچىسى شۇنچىلىك سالقىن ۋە سۈزۈك ئىدى. ئاسمان يۇلتۇزلارغا تولغانىدى.

ــ تەقدىرىمنى ھېس قىلدىم، ــ دېدى ئۇ ھەسرەت بىلەن، ــ خوپ، مەن تەييار، ئاخىرقى تەنھالىقىم ئەمدى باشلاندى.

ئاھ، ئاستىمدىكى خىيالچان دېڭىز! پىغانلىق ھەسرەت! ئاھ، تەقدىر ۋە دېڭىز! سىلەرگە يول بولسۇن!

ئەڭ ئېگىز چوققام ۋە ئەڭ يىراق سەپىرىمنىڭ باشلىنىشىدا تۇرىمەن، شۇڭا ئالدى بىلەن چۆكمىگەن چوڭقۇرلۇقۇمغا چۆكىمەن.

تېتىمىغان ئازابلارنى تېتىپ، ئەڭ قاراڭغۇ ئېقىنغا شۇڭغۇيمەن! تەقدىر شۇنى كۆتكەن بولسا، خەير! مەن تەييار.

سورايدىغىنىم: ئاشۇ ئەڭ ئېگىز چوققا نەدىن كەلگەن؟ بىلدىم، دېڭىزدىن كەلگەن.

قىيالارغا ۋە چوققىلارغا دەلىللەر ئويۇلغان. ئەڭ ئېگىز چوققىغا چىقىش ئۈچۈن ئەڭ چوڭقۇر جىلغىدىن يولغا چىقىش كېرەك.

زورۇئاستېر تىك تاغدا كېتىپ بېرىپ شۇ گەپلەرنى قىلدى. ئۇ دېڭىز بويىغا كېلىپ قىيا تاشلار ئارىسىدا تەنھا تۇردى ـ دە، بىردىنلا ھارغىنلىق ھېس قىلدى. لېكىن، بۇ چاغدا ئۇ تېخىمۇ قىزغىن ئىنتىلىشتە ئىدى.

ــ ھەممە ئۇيقۇدا، ــ دېدى ئۇ، ــ دېڭىزمۇ چۈشكە غەرق بولدى. دېڭىز ئۇيقۇلۇق كۆزى بىلەن ماڭا غەلىتە نەزەردە قارىماقتا.

بىراق، ئۇنىڭ ئىللىق نەپەسلىرىنى، چۈش ئىلكىدە تۇرۇپ قىمىرلاشلىرىنى ھېس قىلالايمەن.

ئاڭلا! ئاڭلا! ئۇ دەھشەتلىك چۈشنى سۆزلەۋاتىدۇ! بەلكىم بۇ بىر يامان بېشارەتتۇر؟

ئاھ، سەن، ئەي پەرىشان مەخلۇق، مېنى شىكەستىلىدىڭ. شۇڭا، ئۆزۈمدىن رەنجىمەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاھ، قولۇم نېمىشقا شۇنچە جانسىز؟! راست، سېنى دەھشەتلىك چۈشتىن قۇتقۇزۇشنى شۇ قەدەر ئويلايمەن!

زوروئاستېر دەم سۆزلەيتتى، دەم ئۇنى، شەپقەتسىز ئۇنى سۆكەتتى:

ــ نېمە! زوروئاستېر، ــ دېدى ئۇ، ــ سەن تېخى دېڭىزغا تەسەللى بەرمەكچىمۇ؟

ئاھ، زوروئاستېر، ھەي، ساددا ئەخمەق، قارىغۇلارچە ئىشەنگۈچى! سەن دائىم قىلچىمۇ شەكلەنمىگەن ھالدا قورقۇنچلۇق نەرسىلەرگە يېقىنلىشىسەن.

سەن بارلىق غەلىتە مەخلۇقلارغا كۆڭۈل بۆلىسەن. ئەگەر ئۇنىڭدا ئاز ـ تولا ئىللىق نەپەس سېزىلسىلا، پۈت ـ قوللىرىدا ئاز ـ تولا يۇمشاق مويلار بولسىلا، ئالدىراپ ـ تېنەپ شەپقەت قىلىسەن.

مۇھەببەت يېگانىلەر ئۇچۇن خەۋپلىكتۇر، ئۇنىڭ سۆيگىنى تىرىك نەرسە بولسىلا! مېنىڭ ئەسەبىيلىكىم ۋە كەمتەرلىكىم مۇھەببەت ئىلكىدە نەقەدەر كۈلكىلىك ـ ھە!

زوروئاستېر شۇنداق دېدى ھەم يەنە كۈلۈپ كەتتى. ئەمما، ئۇ يەنە تەرك ئەتكەن دوستلىرىنى ئەسلىدى، گويا ئەسلىمە ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئالدىدا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك، ئەسلىمىسىدىن ئىنتايىن خاپا بولدى. لېكىن، ئۇ كۈلگەندە كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلدى ــ زوروئاستېر غەزەپ ۋە تەشنالىقتا يىغلايتتى.

## 46. قىيابەت ۋە سىر

### 1

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

«زوروئاستېر كېمىدە» دېگەن خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ماتروسلار قىزغىن ئىنتىلىش بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشتى. چۈنكى،

شادلىق ئارىلىدىن كەلگەن بىر كىشى ئۇلار بىلەن بىر كېمىدە دېڭىزدىن ئۆتۈۋاتاتتى. زوروئاستېر تويتوغرا ئىككى كۈن گەپ - سۆز قىلمىدى. ھەسرەت ئۇنى شۇك قىلىپ قويغانىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىغا پەرۋا قىلمايتتى ھەم ئۇلارنىڭ ھەرقانداق سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەيتتى. ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى، ئۇ ئېغىز ئاچمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قۇلىقى يېڭىباشتىن سەگەكلىشىشكە باشلىدى. چۈنكى، يىراقتىن كەلگەن ھەم تېخىمۇ يىراققا كېتىۋاتقان كېمىدە، ئاڭلاشقا ئەرزىگۈدەك نۇرغۇن غەيرىي قىسسىلەر بار ئىدى. زوروئاستېر ئىسسىق - سوغۇقلارنى كۆرگەن ئاشۇ كىشىلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. راھەت تۇرمۇشنى ياخشى كۆرمەيتتى. قاراڭلار، ئۇ ئاڭلىغاندا تىلى يۇمشىدى، دىلى ئېرىدى، شۇڭا مۇنداق دېدى:

— ئەي، باتۇر تەۋەككۈلچىلەر، مەككار كېمە ۋە ۋەھىمىلىك دېڭىزغا توختىماي ھەمراھ بولغۇچىلار.

سىلەر، ئەي، سىر مەستانىلىرى، گۇگۇم شەيدالىرى؛ ئەي، نەي مۇڭىدىن سېھىرلىنىپ ئاسىيلىق پىرىستانلىرىغا ئۇزاپ كەتكەنلەر، سىلەر ئاجىز قوللىرىڭلار بىلەن ئارقانغا ئېسىلىۋېلىشنى خالىمىغاچقا، قىياس قىلالىساڭلارمۇ ھۆكۈم چىقىرىشنى خالىمايسىلەر.

سىلەرگە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن سىرنى، ئەڭ يېگانە كىشىنىڭ خىيالىي تۈيغۇلىرىنى ئېيتىپ بېرەي.

يېقىندا، مەن دائىم خىرە - شىرە گۇگۇم ئىچىدە پەرىشانە سەيلە قىلدىم. مەن ئۈچۈن قۇياش ھەر كۈنى غەربكە پاتاتتى.

تاشلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ يۇقىرىغا كەتكەن بىر مۇشكۇل تەنھا چىغىر يول بار ئىدى. بۇ گىياھسىز تاغ يولىدىكى شېغىللار مەزمۇت قەدەملىرىم ئاستىدا يانجىلىپ تىنىمسىز ئاۋاز چىقىراتتى. مەن مەسخىرىلىك غىچىرلاۋاتقان شېغىللارنى دەسسەپ جىمجىت كېتىپ باراتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېيىلغاق تاشلارنىمۇ دەسسەپ

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



باراتتىم. مەن ئۇستىگە قاراپ زورمۇزور ماڭاتتىم.

ئاشۇ قەتئىي روھ شەيتانلىرىم ۋە كۈچلۈك دۈشمەنلىرىمنىڭ مېنى ھاڭغا غۇلىتىۋېتىشى بىلەن ھېسابلاشماي ماڭدىم.

گەرچە ئاشۇ قەتئىي روھ يېرىمى پاپاغا، يېرىمى تۇلۇمچاشقانغا ئوخشاشقان ھالدا ئۇستۇمدە ئولتۇرۇۋېلىپ، پۇت - قوللىرىمنىڭ ماجالىنى قويمىسىمۇ، يەنە قۇلىقىمغا، ھەتتا مېڭەمگە قوغۇشۇن قۇيۇۋەتسىمۇ ماڭدىم.

— ئاھ، زورۇئاستېر، — ئۇ مەسخىرە قىلىپ پەس ئاۋازدا دانە - دانە قىلىپ سۆزلىدى، — سەن، ئەي، ئەقىل تېشى! سەن ئۆزۈڭنى شۇنچە ئېگىزگە ھەم شۇنچە يىراققا ئاتتىڭ، لېكىن ئېتىلغان ھەرقانداق تاش يېنىپ چۈشىدۇ.

ئاھ، زورۇئاستېر، سەن، ئەي، ئەقىل تېشى، ئەي، ئېتىلغان تاش، ئەي، يۇلتۇزلارنى ۋەيران قىلغۇچى! سەن ئۆزۈڭنى شۇنچە ئېگىز ھەم شۇنچە يىراق تاشلىدىڭ. لېكىن، ئېتىلغان ھەرقانداق تاش يېنىپ چۈشىدۇ.

ئاھ، زورۇئاستېر، سەن ئۆزۈڭ ئاتقان تاش تۇپەيلى ئۆلۈمگە بۇيرۇلدۇڭ. سەن گەرچە تاشنى يىراق ئېتىۋەتسەڭمۇ، ئۇ يەنىلا قايتىپ بېشىڭغا چۈشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى پاپا پەسكويغا چۈشۈپ ئۇزاققىچە ئۈنچىقمىدى. بۇ ئېغىر كەيپىيات مېنى بۇرۇقتۇرما قىلىۋەتتى. راست، گەرچە بىز ئىككىمىز بىللە بولساقمۇ، يالغۇز چېغىمدىكىدىنمۇ بەك تەنھالىق ھېس قىلدىم.

يول بويى ئۆرلىدىم، چۈشەكىدىم، ئويلىدىم. لېكىن، ھەممە نەرسە مېنى باسماقتا ئىدى. خۇددى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەم قاتتىق ئاغرىقتىن ھالسىزلىنىپ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنا - ئىلىنمايلا يەنە ئويغىنىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدىم.

لېكىن، مەندە باتۇرلۇق دەپ ئاتىلىدىغان بىر نەرسە بار. ئۇ

باشتىن ـ ئاخىر مەندىكى غەمكىنلىك ۋە چۈشكۈنلۈكنى يوقىتىدۇ.

باتۇرلۇق مېنى توختىتىپ شۇنداق دېدى: «سەن پاپامۇ، مەنمۇ؟!»

ھۇجۇمچان باتۇرلۇق ئەڭ ئۇستا قاتىل، شۇڭا ھەربىر قېتىملىق ھۇجۇمدا غەلىبە ساداسى ئىچىدە بارلىق ئازابنى يەڭدى. لېكىن، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىكى ئازابلا ئەڭ چوڭ ئازابتۇر.

مەن ھاڭ گىرۋىكىدە تۇرغىنىمدا باتۇرلۇق باش قېيىشلىرىمنى تۈگەتتى. ئادەم ماڭغان قايسى يەر ھاڭ ئەمەس؟ ئۇ نەگىلا قارىسا ھاڭنى كۆرىدۇ!

باتۇرلۇق ئەڭ ئۇستا قاتىل. ئۇ ھېسداشلىقنىمۇ يوق قىلىۋېتەلەيدۇ. ھېسداشلىق ئەڭ چوڭقۇر ھاڭ. بىر ئادەمنىڭ ھاياتقا بولغان تونۇشى قانچە چوڭقۇر بولسا، ئازابقا بولغان چۈشەنچىسىمۇ شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ.

باتۇرلۇق ــ ھۇجۇمچان باتۇرلۇق ئەڭ ئۇستا قاتىل، ئۇ ئۆلۈمنىمۇ يوقىتالايدۇ. ئۇ دەيدۇ:

ئاشۇلار ھاياتلىقمۇ؟ خوپ! ئۇنداقتا بىز ئۇلارنى قايتا ياشىتىپ باقايلى!

بۇ سۆزلەر غەلىبە سادالىرىغا تولۇپ، قۇلىقى بار كىشىلەرگە ئاڭلىتىلاتتى.

## 2

ــ توختا، پاپا، ــ دېدىم مەن، ــ پاپا، مەن ياكى سەن بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، سەندىن مەن كۈچلۈك. سەن پىكىرلىرىمنىڭ تەكتىنى بىلىشكە ئامالسىز، بۇنىڭغا سەن تاقەت قىلالمايسەن!

شۇنىڭ بىلەن خېلى يەڭگىللەپ قالدىم. چۈنكى، بۇ پاپا ــ بۇ ئايغاقچى شەيتان مورەمدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئالدىمدىكى تاش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


ئۈستىدە ئولتۇردى. ئىككىمىزنىڭ يېنىدا بىر ئىشىك بار ئىدى.

ــ قارا، پاپا، بۇ ئىشىككە، ــ دېدىم مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ ئۇ ئىككى ياققا ئاپىرىدۇ. ئىككى يول بۇ يەردە تۇتىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا يەتكىلى بولمايدۇ.

بۇ چېكىنىش يولىنىڭمۇ ئاخىرى يوق. ئاۋۇ ئىلگىرىلەش يولىمۇ ئالدىغا قاراپ چەكسىز سوزۇلغان.

بۇ ئىككى يول بىر ـ بىرىنىڭ ئەكسىگە ماڭىدۇ. لېكىن، بىۋاسىتە ئۇچرىشىدۇ ــ ئىشىك دەل ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «دەقىقە» دېگەن خەت ئويۇلغان.

كىشىلەر بۇ يوللارنى بىرىنى بويلاپ مېڭىۋەرسە، پاپا، سېنىڭچە بۇ يوللار مەڭگۇ قارىمۇقارشىمۇ؟

ــ تۈزلۈكتە ساختىلىق بار، ــ دېدى پاپا پىسەنت قىلماي، ــ ھەرقانداق ھەقىقەت تۈز بولمايدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆزىمۇ ھالقىدەك بولىدىغۇ.

ــ سەن، ئەي، قەتئىي روھ، ــ دېدىم مەن كايىپ، ــ سەن سوئالىمغا ئۇنداق سەل قارىما، بولمىسا سەندەك مايماقنى ئولتۇرغان جايىڭدىلا قالدۇرىمەن، سېنى يۈكسەككە باشلاپ كەلگىنىمنى ئۇنتۇما!

قارا بۇ دەقىقىگە، بۇ دەقىقىدىن كەينىگە قاراپ چەكسىز سوزۇلغان يول بار، كەينىمىزدە بىر چەكسىزلىك بار.

شەيئىلەر ئىچىدە يۈگۈرۈپ ماڭالايدىغانلار ئاشۇ يولنى تاماملاپ بولدى ئەمەسمۇ، بولىدىغانلار بولۇپ بولدى ھەم ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ بولدى ئەمەسمۇ؟

ھەممە نەرسە مەۋجۇت بولغان بولسا، ئۇنداقتا، پاپا، سەن بۇ دەقىقە ئۈستىدە نېمىلەرنى ئويلايسەن، بۇ ئىشمۇ بولغان ئەمەسمۇ؟

نەرسىلەر ئاشۇنداق دەۋر قىلىپ، كەلگۈسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى مۇشۇ دەقىقە ئىچىدە ساقلىماقچى ئەمەسمۇ؟ ئەڭ ئاخىر،

ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق.

شۇڭا، نەرسىلەر ئىچىدە يوگورۇپ ماڭالايدىغانلار ئالغا قاراپ يوگورۇشى كېرەك.

بۇ يەردە ئاي شولىسى ۋە ئايدىڭدا ئۆمىلەپ يۈرگەن ئۆمۈچۈك، يەنە بۇ ئىشىكتە مەڭگۈلۈك توغرىسىدا پەس ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتقان سەن بىلەن مەن ئالللىقاچان مەۋجۇت بولۇپ بولغان ئەمەسمۇ؟

بىز يەنە كۆز ئالدىمىزدىكى يەنە بىر ئۇزۇن ھەم غەلىتە يولنى تۈگىتىشىمىز، ئۇنى دەۋر قىلىشىمىز كېرەكقۇ؟

مەن بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقان ئاۋازىم بىلەن شۇنداق دېدىم: مەن ئۆزۈمنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى پىكىرلىرىمدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇشتۇمتۇت ئەتراپىمدا بىر ئىتنىڭ قاۋىغىنىنى ئاڭلىدىم.

مەن ئىتنىڭ ئەنە شۇنداق قاۋىغىنىنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ئىدىيەلىرىم ئۆتمۈشنى ئەسكە ئالدى. ھەئە! يىراق بالىلىقىمدا شۇنداق بولغان. ئۇ چاغدا مەن گۆدەك ئىدىم.

ئۇ چاغدا، بىر ئىتنىڭ ئاشۇنداق قاۋىغىنىنى ئاڭلىغانىدىم ھەم ئاشۇ ئىتمۇ جىن بار دەپ ئويلايدىغان جىمجىت تۈن نىسپىدە ئىدى. ئۇنىڭ تۈكلىرىنىڭ دىردىيىپ تىترەپ تۇرغىنىنى كۆرگەنىدىم.

مەندە ھېسداشلىق پەيدا بولدى. ئۇ چاغدا تولۇن ئاي ئۆگزىدە جىمجىت يورۇپ تۇراتتى. گويا شۇ يەردە ئۇخلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ پارلاق سەييارە مەلۇم بىرىگە تەۋە جايدا جىمجىتقىنا ياتاتتى.

شۇڭا، ئىت قورقتى. چۈنكى، ئۇ جىن ۋە ئوغرىلارغا ئىشىنەتتى. مەن ئۇنىڭ توختىماي قاۋىشىنى قايتا ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭغا چەكسىز ھېسداشلىق قىلغانىدىم.

بۇ ۋاقىتتا پاپا نەگە كەتتى، ئىشىك، ئۆمۈچۈك ۋە بارلىق پىچىرلاشلارچۇ؟ مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىم، ئويغانىدىممۇ ـ يوق، ئۆزۈمنىڭ غەمكىن ئاي نۇرى ئاستىدىكى قورام تاشلار ئارىسىدا يېگانە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


تورغانلىقىمنى ئۇنتۇپتۇ بايقىدىم؟

بىراق، ئۇ يەردە بىر ئادەم ياتاتتى! ئوركوگەن ئىت ھەدەپ سەكرەپ قاۋايتتى. يېقىن كەلگىنىمنى كۆرۈپ، ئۇ يەنە قاۋاپ كەتتى، ئىتنىڭ قاۋاپ تۇرۇپ ياردەم تەلەپ قىلىشىنى ئاڭلاپ باققانمىدىم؟

راست، ئۇلارنى مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، مەن بىر ياش چوپاننىڭ ھاسىراشلىرىنى كۆرگەن. ئۇنىڭ چىرايى پۇرۇشۇپ، تولغىنىپ كەتكەندى. قاپقارا تۇم بىر يىلان ئۇنىڭ ئاغزىغا چىرماشقانىدى.

مەن بۇنداق ئاجايىپ، يىرگىنچلىك ۋە تاتارغان چىرايىنى كۆرگەنمۇ، ئۇ ئۇخلاپ قالدىمىكىن؟ يىلان ئۇنىڭ گېلىغا كىرىپ چاقتى.

مەن قولۇم بىلەن ئۇ يىلاننى تارتتىم. لېكىن، بۇ ھەرىكەت ئورۇنسىز بولۇپ چىقتى. مەن ئۇنى چوپاننىڭ گېلىدىن تارتىپ چىقىرالمىدىم. شۇڭا، مەن ۋارقىرىدىم: «چىشلە! چىشلە! ئۇنىڭ بېشىنى چىشلەپ ئۈزۈۋال! چىشلە!» مېنىڭ قورقۇنچۇم، ئۆچمەنلىكىم، يىرگىنچلىرىم ۋە ھېسداشلىقىم شۇنداق تۇۋلىدى. مېنىڭ ياخشىلىقىم ۋە يامانلىقىم ئوخشاش بىر ئاۋاز بىلەن چۇقان سالدى. يېنىمدىكى تەۋەككۇلچىلەر، سىلەر يىل بويى مەككار كېمە ۋە قورقۇنچلۇق دېڭىز بىلەن بىللە بولىدىغان كىشىلەر، ئەي، سىر مەستانىلىرى!

مەن كۆرگەن سىرلارنى يېشىپ بېرىڭلار. بۇ تەنھا كىشىنىڭ خىيالي تۈيغۇلىرىنى چۈشەندۈرۈڭلار!

بۇ پەقەت بىر خام خىيال، بىر بېشارەت. مەن بۇ تەسەۋۋۇردىن نېمىنى كۆرەلەيمەن، بۇ ئاخىر كېلىدىغان كىشى كىم؟

يىلان چىشلىۋالغان چوپان زادى كىم، ئۇ قارا ھەم تۇم نەرسىنىڭ گېلىنى ئىگىلىشىگە يول قويغان كىشى كىم؟ ۋاھالەنكى، ئۇ چوپان چۇقانلىرىم بويىچە ئىش كۆردى. ئۇ يىلاننى قاتتىق چىشلەپ ئۈلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىنى يىراققا تۈكۈرۈۋېتىپ چاچراپ

ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئەمدى ئۇ چوپانمۇ ئەمەس، ھەتتا بىر ئادەممۇ ئەمەس ئىدى، ئۇ بىر ئۆزگىرىشچان گەۋدىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ چۆرىسىدە نۇر گەردىشى، ئۇ ھەم كۈلۈپ تۇراتتى! ھېچكىم ئۇنىڭدەك كۈلۈپ باقمىغان. ئاھ، قېرىنداشلار، مەن ئىنسانلارغا يات كۈلكە ساداسىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ چاغدا بىر خىل تەشنالىق، مەڭگۈ قانائەتلەنمەيدىغان قىزغىنلىق مېنى يالمايتتى.

مېنىڭ ئاشۇ كۈلكىگە بولغان تەشنالىقىم مېنى يالمىماقتا ئىدى. ئاھ، مەن يەنە قانداقمۇ ياشارمەن؟ ئەمما، ھازىرلا ئۆلۈشكە قانداقمۇ رازى بولىمەن؟!

## 47. كۈتمىگەن بەخت

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

زوروئاستېر مۇشۇ سىر ۋە ھەسرەتلىرى بىلەن دېڭىزدىن ئۆتتى. لېكىن، ئۇ شادلىق ئارىلى ۋە دوستلىرىدىن ئايرىلىپ تۆت كۈن ئۆتۈپلا، بارلىق ئازابلىرىدىن غالىب كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى غالىبلارچە ھەم قەتئىي رەۋىشتە قايتا كۈتتۈۋالدى. ئاندىن زوروئاستېر ئۆزىنىڭ شادىيانە روھىغا شۇنداق دېدى:

«ئەمدى يەنە تەنھالىقىمغا قايتتىم، مېنىڭ ئىستىكىممۇ شۇ ئىدى. سۈزۈك ئاسمان ۋە تىنىق دېڭىز ئارا تەنھا سەيلە قىلدىم، ھالبۇكى، چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت مېنى يەنە ئورىۋالدى.

بىر چۈشتىن كېيىن، مەن تۇنجى قېتىم دوستلىرىمنى ئۇچراتقاندىم. ئىككىنچى قېتىمدىمۇ دەل چۈشتىن كېيىن ئۇچراتتىم. بۇ ۋاقىتتا ھەممە نەرسە شۇقەدەر تىمتاس ئىدى.

ئاسمان ۋە زېمىن ئارا كۆچۈپ يۈرگەن ھەرقانداق بەخت پارلاق بىر روھنىڭ قوينىدىن ئارامگاھ ئىستەيدۇ. بارلىق پارلاقلىق بەخت تۈپەيلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تېخىمۇ جىمجىت كېتىدۇ.

ئاھ، ھاياتىمىنىڭ چۈشتىن كېيىنى! مېنىڭ بەختىممۇ چوڭقۇر جىلغىلاردىن ئارامگاھ ئىزدىگەن، كېيىن ئۇ ئاشۇ زاھىرانە سەممىي روھنى تاپتى.

ئاھ، ھاياتىمىنىڭ چۈشتىن كېيىنى! مەن ھەممىنى تەرك ئەتتىم. بىرلا نەرسە ئۈچۈن، ئىدىيەمىنىڭ مۇنبەت بوستانلىرى ۋە ئەڭ يۇكسەك ئۇمىدىنىڭ سەھىرى ئۈچۈن!

يارائقۇچىمۇ ھەمراھ ۋە ئۆز ئۇمىدىنىڭ پەرزەنتىنى ئىزدەيدۇ. كېيىن ئۇ شۇنى بىلدىكى، ياراتماي تۇرۇپ ئۇنى تاپقىلى بولمايتتى.

شۇڭا، خىزمىتىم يېرىملاشقاندا، پەرزەنتلىرىمگە يۈزلىنىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتتىم. پەرزەنت ئۈچۈن، زوروئاستېر ئالدى بىلەن ئۆزىنى يىتتۈرۈشى كېرەك.

ئادەم ئۆز قەلبىدە پەقەتلا پەرزەنتى ۋە خىزمىتىنى سۆيىدۇ. ئۇلۇغۋار ئۆزلۈكنى سۆيۈش مەلۇم بىر نەرسىنى تەۋەللۇت قىلىشنىڭ بېشارىتى. مەن بۇنى بايقىدىم.

پەرزەنتلىرىم يەنىلا ئەمدىلا كۆكىرىۋاتقان نەۋ باھاردا، ئىللىق شامالنىڭ سىيپاشلىرىدىن ھۇزۇرلانماقتا. بېغىمدىكى ئەڭ ياخشى ئۆسكەن ئاشۇ دەرەخلەر.

راست، بۇك ـ باراقسان ئۆسكەن قويۇقلاشقان جاي شادلىق ئارىلىدۇر.

بىراق، ھامان بىر كۈنى، مەن ئۇلارنى قومۇرۇۋېلىپ يىراق ـ يىراق تىكىپ قويىمەن. شۇ چاغدىلا ھەربىر تۈپ دەرەخ تەنھالىق، قەيسەرلىك ۋە ئېھتىياتنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئۇ توم، سەل ئېگىلگەن، ئەۋرىشىم، مەزمۇت ھالدا ساھىلدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بەئەينى ھاياتلىقنىڭ سۇناس ماياكىدەك.

ئاشۇ چاپقۇن دېڭىزغا بېسىپ كىرگەندە، تاغنىڭ قاڭشىرى دېڭىزغا چىلاشقان يەردە، ھەربىر تۈپ دەرەخ كېچە ـ كۈندۈز نۆۋەت

ـلەن ساقلاپ تۇرىدۇ. ئۇنى ئۆزىنىڭ سىنىقى ۋە پاكىتى قىلىدۇ.

ھەربىر پەرزەنت سىناق ۋە ئىسپاتلاردىن ئۆتۈپ، كىشىلەرگە مېنىڭ پۇشتۇم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى كېرەك ھەم كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئىرادىنىڭ غوجايىنى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى كېرەك. سۆكۈت ئىچىرە بايان قىلىنغان رەت قىلىش بىرلە سەدىقە ئالغاندەك.

«شۇندىلا، مېنىڭ ھەمراھىم بولالايدۇ. زوروئاستېر بىلەن تەڭ يارىتىدىغان ھەم تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان ئادەمگە ئايلىنىدۇ» بۇ ئادەم ھەممىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ئىرادەمنى شەۋكىتىمگە يېزىپ قويىدۇ.

ئۇ ۋە ئۇنىڭ تەڭدىشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى پۈتكۈزۈشۈم كېرەك. شۇڭا، مەن ھازىر ھەممىلا يەردە ئۆزۈمنى بەختتىن قاچۇرۇپ بارلىق ئوڭۇشسىزلىق ۋە بەختسىزلىكلەرنى راۋا كۆردۈم. مەن بۇنى ئۆزۈمگە ئاخىرقى سىناق ۋە ئىسپات قىلىمەن.

راست، مېڭىشىم كېرەك. سەيياھلارنىڭ سايىسى ئۇزاق ھاياتلىقلار ھەمدە ئەڭ جىمجىت دەقىقىلەر. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى: «دەل ۋاقتى بولدى» دېيىشىدۇ.

شامال ئاچقۇچلارنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ ماڭا ئۇشقىتتى ـ «دە، كەل» دېدى. ئىشىك ھېيلىگەرلىك بىلەن ئېچىلىپ، ماڭا «بارغىن» دېدى.

پەرزەنت مۇھەببىتى ماڭا كىشەن بولدى. مۇھەببەت تەشنالىقىم خەندەك بولۇپ، مېنى بالىلارنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈمنى يوقاتتىم.

تەشنالىق مەن ئۈچۈن شۇ تاپتا ئۆزىنى يوقىتىش دېمەكتۇر. باللار، مەن سىلەرنى ئىگىلەيمەن! بۇنداق ئىگىلەشلەردە ھەممە بىخەتەر، ئىشەنچلىك ھەم تاماسىز بولۇش كېرەك.

لېكىن، سۆيگۈ قۇياشىم مېنى قاقلىماقتا. زوروئاستېر ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۈيىدە قاينىماقتا. ئاندىن بارلىق سايە ۋە گۇمانلار بېشىمنى ئەگىپ ئۇچۇپ كەتتى.

هازىر زىمىستان قىش ۋە قار - مۇزلارغا تەشنا بولماقتىمەن: «ئاھ، زىمىستان قىش ۋە قار - مۇزلار مېنى توڭلىتىپ چىشلىرىمنى كاراسلىتىۋەتسە دەيمەن.» مەن بىر تىنىۋالدىم، سوغۇق تۇمانمۇ پەيدا بولدى.

ئۆتمۈشۈم ئۆزىنىڭ قەبرىسىدىن بۆسۈپ چىقتى، كۆمۈلگەن ئازابلار ئويغاندى. ئۇلار كېپەنگە يۆگىنىپ قانغۇچە ئۇخلىغان.

شۇڭا، ھەممە نەرسە: ‹ۋاقتى كەلدى!› دەپ ماڭا بەلگە بەردى. بىراق، تاغ - جىلغىلىرىم تەۋرەپ، ئىدىيەلىرىم مېنى چىشلەپ ئاغرىتقاندىلا، بىراقلا ئويغاندىم.

ئاھ، تېرەن ئويلىرىم، مەن قاچانمۇ سېنىڭ قېزىشلىرىڭنى سېزىپمۇ تىترىمەيدىغان بولارمەن؟

قېزىشلىرىڭنى سەزگىنىمدە، يۈرىكىم ئاغزىمدىن چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كېتىمەن! ئەي، تەمكىن گاچا، مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويايلا دېدىڭ.

مەن سېنى ئەزەلدىن چاقىرىپ ئەكېلەلمىگەن. بولدى بەس، سېنى ئېلىپ يۈرمەسمەن! ئەڭ ئاخىرقى مەغرۇرلۇقۇم ۋە كەمستىنشلىرىمنى شىردەك كۆرسەتكۈچىلىكىم يوق.

سېنىڭ ئېغىرلىقىڭلا مېنى ۋەھىمىگە سالىدۇ، لېكىن ھامان بىر كۈن مەندە يېتەرلىك كۈچ پەيدا بولۇپ، شىردەك ھۆركىرەپ سېنى ئەكېلىمەن.

بۇ نۇقتىدا سېنى يەڭگەندىن كېيىن، يەنە تېخىمۇ چوڭ جەھەتلەردە ئۆزۈمنى يېڭىشىم كېرەك. غالىبىيەت ئۆز - ئۆزۈمنى يۇتكۇزۇشۇمنىڭ نىشانىسى!

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇدا دېڭىزدا لەيلەپ يۈردۈم. شېرىنسۇخەن پۈرسەت مېنى كۆپتۈردى. ئالدى ـ كەينىمگە قارىدىم، باش ـ ئاخىرىنى كۆرەلمىدىم.

ئەڭ ئاداققى ئېلىشىش ۋاقتىم تېخى يېتىپ كەلمىدى. بەلكىم مۇشۇ ۋاقىتتىدۇ؟ راست، دېڭىز ۋە هاياتلىق يامان غەرەزدىكى گۈزەللىك بىلەن ماڭا سەپسالماقتا.

ئاھ، هاياتىمنىڭ چۈشتىن كېيىنى! ئاھ، زاۋالدىكى بەخت ـ سائادەت! ئاھ، دېڭىزدىكى زەڭگەر ئاسمان! ئاھ، تىنچسىزلىق ئىچىدىكى جىمجىتلىق! مەن سىلەردىن نەقەدەر گۇمانلىنىمەن!

راست، سىلەرنىڭ يامان غەرەزلىك گۈزەللىكىڭلارغا ئىشەنمەيمەن! مەن ئاشىقلار كەبى زىيادە شېرىن تەبەسسۇمغا ئىشەنمەيمەن.

خۇددى بۇ ھەسەتخور ئۆز مەشۇقىنى نازۇكلۇق بىلەن بىردىنلا ئىتتىرىۋەتكەندەك. مەنمۇ كۆز ئالدىمدىكى بۇ بەختلىك دەقىقىنى ئىتتىرىۋەتتىم.

بەختلىك دەقىقە، نېرى كەتكىن! مەن ئۈچۈن سەن كۈتمىگەن بىر بەختنى ئەكەلدىڭ! ئەمما، مەن ئەڭ دەھشەتلىك ئازابنى قوبۇل قىلىشقا تەييار! بۇ تېخى ۋاقتى ئەمەس!

قۇتلۇق دەقىقە، نېرى كەتكىن! بالىلىرىم يېنىدىن ئارامگاھ ئىزدە! تېز بول! كۈنپېتىشتىن ئاۋۋال بەختىمنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا دۇئا قىل!

قۇياش پاتتى، تاڭ ئاتتى، بارغىن، بەختىم!»

ئۇ تۈنبويى ئوڭۇشسىزلىقنى كۈتتى، ئەمما بىكارغا كەتتى. كېچە يەنىلا سۈزۈك ھەم جىمجىت، بەخت بارغانسېرى يېقىنلىماقتا. لېكىن، تاڭ يورۇي دېگەندە، زورورئاستېر مىيىقىدا كۈلۈپ، مەسخىرە قىلغاندەك دېدى:

«بەختنىڭ مېنى قوغلىشىشىدىكى سەۋەب، مەن ئاياللارنى قوغلاشمايمەن. ئەمەلىيەتتە، بەخت ئايالدۇر.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 48. كۈن چىقىشتىن ئاۋۋال

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

ئاھ، ئۈستۈمدىكى ئاسمان، سۈزۈك ھەم چەكسىز ئاسمان! ئاھ، نۇر جىلغىسى! ساڭا ھەر قارىسام، ئىلاھىي تىلەكتىن لەرزىگە كېلىمەن. ئۆزۈمنى يۈكسەكلىكىڭگە تاشلىدىم. ئۇ مېنىڭ چوڭقۇرلۇقۇم! ئۆزۈمنى پاكلىقىڭغا يوشۇردۇم. ئۇ مېنىڭ سەبىيلىكىم.

تەڭرى گۈزەللىكىنى يوشۇرىدۇ، سەنمۇ يۇلتۇزلىرىڭنى يوشۇردۇڭ. گەپ قىلمايسەن، بۇ ئارقىلىق ئەقىل ـ پاراستىڭنى كۆرسەتتىڭ.

بۈگۈن سەن مەن ئۈچۈن غەزەپ دېڭىزىدىن ئاستا ئۆرلىدىڭ، سۆيگۈ ۋە نازاكىتىڭ بىلەن قوپال روھىمغا شىۋىرلىدىڭ؟

سەن گۈزەللىكىڭگە يوشۇرۇنۇپ، لاتاپەت بىلەن ماڭا قاراپ كەلدىڭ، سەن ئەقىل ـ پاراستىڭنى ئۇن ـ تىنسىز ئايان قىلدىڭ.

ئاھ، قەلبىڭدىكى شەپقەتنى نېمىشقىمۇ سەزمىگەندىمەن! سەن كۈن چىقىشتىن بۇرۇنلا مەندەك ئەڭ يېگانە ئادەمگە يېقىنلاپ كەلدىڭ.

ئىككىمىز ئەزەلدىنلا دوست ئىدۇق، ئىككىمىزدە ئورتاق ھەسرەت، ۋەھىمە ۋە چوڭقۇرلۇق بار، ھەتتا قۇياشمۇ ئىككىمىزگە مەنسۇپ.

ئىككىمىز پاراڭلىشىپ باقمىدۇق. چۈنكى، بىز بىر ـ بىرىمىزنى چۈشىنەتتۇق. ئۆزئارا بېقىشىپ، بىلىملىرىمىزنى تەبەسسۇملىرىمىز بىلەن يەتكۈزەتتۇق.

سەن يالقۇنۇمدىن چىققان نۇر ئەمەسمىدىڭ؟ ئەقىل ـ پاراستىمگە قانداش روھ ئەمەسمىدىڭ؟

ئىككىمىز بىللە ئۆگەنگەن، ئۆزىمىزدىن ھالقىشنى ھەم خۇشخۇي

كۆلۈشنى.

بارچە بوغۇلۇش، مەقسەت ۋە جىنايەتلەر ئاستىمىزدا يامغۇر بولۇپ ياغقاندا، بىز يىراقتا تۇرۇپ نۇرلۇق كۆزلىرىمىز بىلەن پەسكە قاراپ كۈلىمىز.

كېچىدە تەنھا كېتىۋاتقىنىمدا، قەلبىم زادى نېمىگە تەشنا بولغىيتتى، تاغقا سېنى دەپ چىقمىسام كىمنى ئىزدەيتتىم؟

سەرسانلىقىم ۋە تاغقا چىقىشىم ھاماقەتلىك. لېكىن، ئۇلار بولمىسا بولمايدۇ، پۈتكۈل ئىرادەم سېنى كۆزلەپ ئۇچىدۇ!

لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇت ۋە سېنى بۇلغىغان نەرسىلەردىنمۇ بەكرەك غەزىپىمنى قوزغايدىغان نەرسە بولالتىمۇ؟ مەن ھەتتا ئۆزۈمنىڭ ئۆچمەنلىكىگىمۇ غەزەپلىنىمەن. چۈنكى، ئۇمۇ سېنى بۇلغايدۇ.

لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلاردىن غەزەپلىنىمەن، ئۇلار ئىككىمىزنىڭ ئورتاق ئولجىمىزنى مۈشۈكتەك ئوغرىلاپ كەتتى، چەكسىز مۇقەررەرلىك ۋە ئامىن!

ھەر ئىككىمىز لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلاردىن غەزەپلەنگەندەك، ئاشۇ سالاگەرلەر ۋە ئايغاقچىلاردىن غەزەپلىنىمىز. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالا كۆڭۈل. قارغاش ۋە بەخت تىلەشلەرنىڭ ھەممىسى چىن يۈرەكتىن چىقىشى كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ.

چېلەككە ياكى ھاڭغا كىرىۋېلىپ، قۇياشنى پۈتۈنلەي كۆرمەسلىككە رازىمەنكى، سۈپسۈزۈك ئاسمىنىڭنىڭ لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلاردىن بۇلغىنىشىنى كۆرۈشكە رازى ئەمەسمەن!

چاقماقنىڭ ئالتۇن يىپلىرى بىلەن ئۇلارنى بەند قىلىپ، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى گۈلدۈرمامىدەك چالسام دەيمەن.

غەزەپلەنگەن دۇمباقچى، مۇقەررەرلىكنىڭ ۋە ئامىنىڭنى مەندىن بۇلاپ كەتتى! ئۈستۈمدىكى ئاسمان سۈپسۈزۈك ئاسمان! نۇر جىلغىسى! مېنىڭ مۇقەررەرلىكىم ۋە ئارمىنىمنى سەندىن بۇلاپ كەتتى.

مەن چۇقاننى، گۈلدۈرمامىنى ۋە بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قوپاللىقىنى چۆچۈگەك ۋە گۇمانخور مۇشۇكتەك ئۇخلاشتىن ياخشى كۆرىمەن ھەمدە كېشىلەر ئارىسىدا ئاۋايلاپ ماڭغانلاردىن ۋە ئالا كۆڭۈللەردىن غەزەپلىنىمەن، خۇددى لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلاردىن غەزەپلەنگەندەك.

«بەخت تىلەشنى بىلمىگەنلەر قارغاشنى ئۆگىنىشى كېرەك!» بۇ يارقىن ۋەھىي سۈزۈك ئاسماندىن ماڭا يەتتى. بۇ سەييارە قاراڭغۇ تۈندىمۇ ئاسمىنىمدا جىمجىت تۇراتتى.

بىراق، مەن بىر بەخت تىلىگۈچى ۋە مۇقەررەرچى. ئەگەر سەن، ئەي، سۈزۈك ئاسمان، نۇر جىلغىسى پەقەت يېنىمدىلا بولساڭ، ئۇنداقتا مەن قۇتلۇق تىلىكىم ۋە مۇقەررەرلىكىمنى بارلىق جىلغىلارغا يەتكۈزىمەن.

مەن بىر بەخت تىلىگۈچىگە ۋە مۇقەررەرلىككە ئايلاندىم، ئۇزاق ئېلىشىشلار ئارقىلىق كۆرەشچىگە ئايلاندىم، ھامان بىر كۈنى بارلىق نەرسىلەرگە ئۆز قولۇم بىلەن ئەركىن ھالدا بەخت تىلەش ئۈچۈن.

لېكىن، تىلىكىم ھەممىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇشى كېرەك. خۇددى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاسمىنى يۇمىلاق ئۆگزە، زەڭگەر سائەت ھەمدە مەڭگۈلۈكنىڭ كاپالىتى بولغان تەقدىردىمۇ ھەم بەخت تىلىگۈچىمۇ ئىزگۈ تىلەكلەرگە ئېرىشىدۇ!

ھەممىسى مەڭگۈلۈكنىڭ بۇلىقىدا يۇيۇندۇرۇلغان. ياخشى - يامان دېگەن بىر تايىنسىز سايە، چۈشكۈن ئازاب ۋە تۇراقسىز بۇلۇت.

راست، مەن ھەر قېتىم: «كۆللى مەۋجۇدات تاسادىپىيلىق ئاسمىنى، سەبىيلىك ئاسمىنى، تەۋەككۇل ئاسمىنى، بىشەملىك ئاسمىنى» دېگىنىمدە، ئۇنىڭ مەنىسى كۇپۇرلۇق ئەمەس، بەخت تىلەشتۇر.

«ھەممىنى دوغا تىكىش». مانا بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي شەرەپلىك نامدۇر، مەن ئۇنى مەقسەت ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بارلىققا تاپشۇرۇپ بەردىم.

مەن: «كۆللى مەۋجۇدات ياكى كۆللى مەۋجۇداتنىڭ ئۆزىدە

مەڭگۈلۈك ئىرادە مەۋجۇت ئەمەس» دېگىنىمدە، بۇ پەقەت مېنىڭ ئەركىن ۋە كۆك ئاسماندەك سۈزۈكلۈكنى بىر زەڭگەر سائەتنى قويغاندەك قويۇشۇمدۇر.

«كۆللى مەۋجۇداتتا بىرلا مۇمكىنسىز نەرسە ــ ئەقىل ـ پاراسەت بار» دېگىنىمدە، بۇ بىشەملىك ۋە ئەسەبىيلىكنى مەڭگۈلۈك ئىرادىنىڭ ئورنىغا قويغانلىقىمدۇر!

توغرا، ئاز ـ تولا ئەقىلنى، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ بىر تال ئۇرۇقىنى يۇلتۇزلارغا چاچقاندا، بۇ خېمىرتۇرۇچ ھەممىگە سىڭىپ كېلىدۇ. ئەسەبىيلىكنى دەپ ئەقىل ـ پاراسەت ھەممىگە ئارىلاشتۇرۇلدى.

ئاز ـ تولا ئەقىل ـ پاراسەت تېپىلىشى مۇمكىن. لېكىن، ھەممە نەرسىدىن تىلەنگەن كاپالەتنى ئىزدەپ تاپتىم. ئۇلار تەلەپ قەدەملىرى بىلەن ئۇسسۇل ئويناشنى خالايدىكەن.

ئاھ، ئۈستۈمدىكى ئاسمان، سۈزۈك ھەم يىراق ئاسمان! سەندە مەڭگۈلۈك ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئۆمۈچۈكى ۋە ئۇنىڭ تورى يوق. بۇ دەل سېنىڭ پاكلىقىڭ. مېنىڭ قارىشىمچە، سەن پەقەت ئىلاھىي پۇرسەتنىڭ سەھنىسى ياكى ئىلاھىي شىشخال ھەم مۇقەددەس قىمار پىرى.

سەن خىجىل بولدۇڭمۇ؟ مەن ناباب سۆزلەرنى قىلدىممۇ نېمە، تىلاۋەت قىلدىم دەپ، ساڭا بىھۆرمەتلىك قىلىپ قويمىغاندىمەن؟

ياكى پەقەت ئىككىمىزلا بولغانلىقتىن خىجىل بولۇپ قالدىڭمۇ؟ سەن مېنى ئۇنىسىز كېتىشكە ئەمر قىلدىڭ، تاڭغا ئاز قالغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟

بۇ دۇنيا ناھايىتى چوڭقۇر، كۈندۈزى كۆرگىنىمىزدىنمۇ چوڭقۇر. نۇرغۇن ئىشلارنى كۈندۈزى ئېيتىشقا بولمايدۇ. ھازىر تاڭغا ئاز قالدى. بىر دەمگە ئايرىلايلى!

ئاھ، ئۈستۈمدىكى ئاسمان، ئىللىق ھەم قىزغىن ئاسمان! سەن مېنىڭ كۈن چىقىشتىن بۇرۇنقى بەختىم! تاڭ ئاتتى، بىز ئايرىلايلى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 49. يېگىلىگەن ئەخلاق

### 1

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

زوروئاستېر قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن، تاغدىكى غارىغا بارماستىن، ئەتراپىنى ئايلاندى ھەم ھەر خىل ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭ سالدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە مەسخىرىلىك ھالدا شۇنداق دېدى: «قارا، بۇ يەردە ئەگىپ ـ ئەگىپ مەنبەسىگە قايتىدىغان دەريا بار!» چۈنكى، ئۇ ئۆزى ئايرىلغان ئاشۇ ۋاقىتتا كىشىلەر ئارىسىدا يەنە نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى بىلمەكچى، ئۇلار يۇكسەلدىمۇ ياكى ئەرزىمەس بىرنەرسە بولۇپ كەتتىمۇ؟ بىر قېتىم ئۇ يېڭى بىر يۈرۈش ئۆينى كۆرۈپ، تەئەججۇپلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

ــ بۇ ئۆيلەرنىڭ سېلىنىشى زادى قانداق ئىش؟ راست گەپنى قىلغاندا، بۇ ئۆيلەرنى ئۆزىنىڭ ھالىتى قىلىۋالىدىغان ئۇلۇغ ئادەم تېپىلمايدۇ!

بەلكىم، ئۇنى نادان بىر بالا ئويۇنچۇق ساندۇقىدىن ئېلىپ تىزىپ قويغاندۇ؟ مەن يەنە باشقا بىر كىچىك بالىنىڭ ئۇنى ئويۇنچۇق ساندۇقىغا سېلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

بۇ ئۆيلەرگە كىرىپ ـ چىققىلى بولامدۇ؟ مەن ئۇلارنى لاتا قورچاقلاردەك ياكى نەپسىگورلەر ئۇچۇن قىلىنمىغاندەك ھېس قىلىمەن.

زوروئاستېر جىمجىت خىيال سۈردى. ئاخىر ئۇ ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

ــ ھەممىسى ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ، ــ دېدى.

كۆرگەنلىرىم پاكار ئىشىكلەر، بويى مەن بىلەن تەڭ كىشىلەر ئۆتەلىسىمۇ، ئېگىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ!

ئاھ، مەن ئېگىلىش كەتمەيدىغان يورتۇم ئىشىكلىرىگە قاچانمۇ بارارمەن؟ ئەرزىمەس ئادەملەرگە ئېگىلىش كەتمەيدىغان يورتۇمغا؟ زوروئاستېر بىر خورسىندى ـ دە، يىراققا تىكىلدى.

شۇ كۈنى ئۇ يىگىلگەن ئەخلاق ھەققىدە بىرمۇنچە سۆزلىدى.

## 2

مەن ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئەتراپقا قارىدىم: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىغا ھەسەت قىلىمىغان ھالىتىمنى زادىلا كەچۈرەلمەيتتى.

ئۇلار مېنى بەس ـ بەس بىلەن چىشلىدى. چۈنكى، مەن ئۇلارغا:

ـــ ئەرزىمەس كىشىلەرگە ئەرزىمەس ئەخلاق كېرەك، ـــ دېگەنىدىم. چۈنكى، ئەرزىمەس كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتىنى چۈشەنمەيتتىم.

شۇ تاپتا مەن نامەلۇم مەھەللىگە كېلىپ قالغان خورازغا ئوخشاپ قالدىم. مېكىيان مېنى چوقۇشماقتا. لېكىن، ئۇلارغا قىلچىمۇ ئۆچلۇكۈم كەلمىدى.

مەن خۇددى ئەرزىمەس ئازارچىلىقنى بىر تەرەپ قىلغاندەك، ئۇلارغا ئاۋايلاپ مۇئامىلە قىلدىم. ھەرقانداق ئەرزىمەس ئىشلارغىمۇ ھوشيار بولۇپ نەيزە تەڭلەشنى كىرپىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، دەپ ھېس قىلىمەن.

ئۇلار ئوچاق ئەتراپىدا ئولتۇرغاندا، مېنىڭ گېپىمنى قىلىشاتتى. لېكىن، مېنى بىلمەيتتى.

مانا بۇ مەن ھېس قىلىۋاتقان يەنە بىر خىل سۈكۈت. ئۇلارنىڭ چۇقانلىرى خۇددى ئىدىيەمگە بىر قۇر كىيىم كىيدۈرۈپ قويۇلغاندەك مېنى ئورىۋالغان.

ـــ بۇ قارا بۇلۇت بىزنى نېمە قىلماقچى؟ پەخەس بولايلى، بۇ بىزگە كېسەل ئەكەلمىسۇن! ـــ ئۇلار بىر ـ بىرىگە توۋلاشتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



يېقىندا بىر ئايال ئۆزىنىڭ ماڭا يېقىنلاشماقچى بولغان بالىسىنى تۇتۇۋالدى ھەمدە «بالىلار يىراق كەتسۇن، بۇنداق كۆز بالىلارنىڭ روھىنى ئۆرتىۋېتىدۇ» دەپ ۋارقىرىدى.

مەن سۆزلىگەندە ئۇلار توختىماي يۆتىلەتتى. ئۇلارچە يۆتەل بورانغا بولغان قارشىلىق. ئۇلار مېنىڭ قالتىس خۇشال ئىكەنلىكىمنى ئويلاپ يېتەلمەيتتى.

— زوروئاستېر دەۋرىمىزگە ماس ئەمەس، — ئۇلار ئەنە شۇنداق قارشىلىق كۆرسىتەتتى. لېكىن، زوروئاستېرغا ماس كەلمىگەن دەۋر نېمىگە ئەرزىيتتى؟

ئۇلار ماختىنىغان ھالەتتىمۇ قانداق خاتىرجەم بولاي؟ ئۇلارنىڭ مېنى ماختىشى خۇددى تىكەنلىك كەمەردەك يېپىشىۋەتكىنىمدىمۇ سانجىلىدۇ.

مەن ئۇ ئادەملەردىن شۇنى يەنە ئۆگىنىۋالدىم: ماختىنىغۇچىلار ۋاپادار قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىشنى ئويلايدۇ.

پۇتۇمدىن سوراپ بېقىڭلار، پۇتۇم ئۇلارنىڭ مەدھىيەسى ۋە جەلپكار مېلودىيەسىنى ياخشى كۆرەمدۇ - يوق؟ راستىنى ئېيتقاندا، پۇتۇم سەنەمگە دەسسەشنى ياكى جىم تۇرۇشنى قىلچە خالىمايدۇ.

ئۇلار ئەرزىمەس ئەخلاق بىلەن ئالداپ ياخشىچاق بولماقچى ھەم ئەرزىمەس بەخت سەنىمى بىلەن پۇتۇمنى قايىل قىلماقچى.

مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئەتراپىمغا قارىدىم. ئۇلار ئەرزىمەس بولۇپ كەتكەنىدى ھەم شۇنداق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. سەۋەب ئۇلارنىڭ بەخت ھەم ئەخلاق قارىشىدا.

ئۇلار كەمتەرلىكلەرگە خاس ئەخلاقنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئۇلار خاتىرجەملىكنى خالايدۇ. پەقەت كەمتەرلىكلا خاتىرجەملىككە ماس كېلىدۇ.

توغرا، ئۇلار چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەشنى ئۆزىگە خاس

ئۇسۇل بىلەن ئۆگەنمەكتە. مەن ئۇنى ئاقساش دەپ قارايمەن. شۇڭا، ئۇلار يولۇچىلارغا بولغان كاشىلىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىرى كېتىۋېتىپمۇ قاتقان بويۇنلىرىنى تولغاپ، كەينىگە پات ـ پات قارايتتى. مېنىڭ ئۇلارنى ئىتتىرىۋەتكۈم كېلىدۇ.

پۇت بىلەن كۆز بىر ـ بىرىگە يالغان سۆزلىمەسلىكى ھەم بىر ـ بىرىنى ئالدىماسلىقى كېرەك. لېكىن، ئەرزىمەس كىشىلەر بارلىكى جايدا يالغان گەپ بار.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ئىرادە بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلماقچى؟ قالغانلىرى ئەتراپلاردا پايپېتەك، بەزىلىرى ئىنتايىن ياۋاش. نۇرغۇنلىرى چوپەي رولچى.

ئۇلارنىڭ كۆپلىرىدە ئەركەكلەرگە خاس مىجەز يوق، شۇڭا ئاياللار ئۆزلىرىنى ئەركەكلەشتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. پەقەت ھەقىقىي ئەرلەر ئاياللاردىكى ئاياللىقنى قۇتقۇزالايدۇ.

مانا بۇ ئۇلاردىن بايقىغان ئەڭ ناچار سەمىمىيلىك. بۇيرۇقۋاز ئادەم قەستەن مالاي بولۇۋالىدۇ.

«مەن، سەن، ھەممىمىز بىرلىكتە خىزمەت قىلايلى!» ھۆكۈمرانلار ياسالمىلىق بىلەن شۇنداق توۋلايدۇ. ئەڭ كاتتا غوجايىن، ئەڭ ئېسىل مالاينىڭ ئىشىنى قىلسا، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق!

ئاھ، نەزىرىم قىزىقىش بىلەن ئۇلارنىڭ ساختىلىقىغا چۈشتى. مەن ئۇلارنىڭ چىۋىندەك بەخت ـ سائادىتىنى ھەم كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرغان دېرىزىدىكى توختىماي پىرقىرىشىنى چۈشەندىم.

مۇلايىملىق قانچە بولسا، ئاجىزلىقمۇ شۇنچە بولىدۇ. ئادالەت ۋە ھېسداشلىق قانچە بولسا، ئوخشاشلا ئاجىزلىقمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

ئۇلار خۇددى قۇملاردەك بىر ـ بىرىگە سىپايە، ئادىل ۋە ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلىدۇ.

كەمتەرلىك بىلەن كىچىككىنە بەختكە ئېرىشىش ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



ئاتالمىش شۈكرىسى! ئۇلار يەنە دەل مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كىچىككىنە بىر بەختكە ئوغرىلىقچە كۆز سالىدۇ.

ئۇلار چىن كۆڭلىدىن خالايدىغان بىر ئىش: زىنتىغا تەگمەسلىك. شۇڭا، ئۇلار باشقىلار ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن باش قاتۇرىدۇ ھەم ئالاقىدە ئۇستا.

بىراق، بۇ ئاجىزلىق، ئۇلار بۇنى «ئەخلاق» دەۋالغان بولسىمۇ.

بۇ ئەرزىمەس كىشىلەر ۋارقىراپ ـ جارقىراشقاندا، مەن پەقەت بوغۇق ئاۋاز ئاڭلىغاندەك بولىمەن. چۈنكى، بىرەر نەپەسمۇ ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى بوغۇپ قويالايدۇ.

ئۇلار چېچەن، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ بىر جۈپ ئەپچىل قولى بار. لېكىن، مۇشتۇمى يوق. ئۇلارنىڭ بارماقلىرى تۈگۈلۈپ مۇشتقا ئايلىنىشنى بىلمەيدۇ.

ئۇلارچە ئەخلاق ھەممىنى كەمتەر بويسۇنغۇچىغا ئايلاندۇرالايدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۆرىنى ئىتقا، ئادەمنى ئىتائەتمەن ئۆي ھايۋىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ــ بىز ئورۇندۇقنى ھەممىنىڭ مەركىزىگە قويدۇق، ــ ئۇلار رازىمەنلىك بىلەن شۇنداق دېيىشتى، ــ ئۇنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى چىلىشچى ۋە تويۇش ئالدىدىكى چوشقا بىلەن بولغان ئارىلىقى ئوخشاش.

بىراق، ئۇلار«چەك» دەۋالسىمۇ بۇ بەك ئاددىي.

## 3

مەن كىشىلەر ئارىسىدا يۈرۈپ نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلدىم. لېكىن، ئۇلار بۇ سۆزلەرنى قوبۇل قىلىشنى ھەم قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ.

ئۇلار مېنىڭ ئۆزلىرى ئارىسىدىكى شەھۋانىيلىق ۋە گۇناھكەبىرلەرنى ئەيىبلىمىگەنلىكىمدىن ھەيران بولدى. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ كېلىشىم ئۇلارنى ئوغرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس!

ئۇلار مېنىڭ ئۇلاردىن تەربىيەلەنمىگەنلىكىم ۋە ئەقىل ـ پاراستىگە مەدەت بەرمىگەنلىكىمدىن ھەيران بولدى. گويا ئۇلار ئارىسىدا ئۆزۈمچىل كىشىلەر ئازدەك. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئادەمنىڭ چىشىنى قىرىشتۇرىدۇ!

ــ روھىڭلاردىكى زەئىپ ئالۋاستىلارنى چەكلەڭلار! ئالۋاستىلار ئۆكسۈپ يىغلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەممە نەرسىگە قول باغلاپ چوقۇنىدۇ، ــ دەپ مۇراجىئەت قىلدىم.

ــ زوروئاستىر روھقا ئىشەنمەيدۇ، ــ دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار.

پولۇپمۇ، ئۇلارنى تەقدىرگە تەن بېرىشكە دەۋەت قىلغان ئادەم تېخىمۇ ئۇنلۇك ۋارقىرىدى. ئەكسىچە، مەن ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ۋارقىراپ مۇنداق دېيىشنى ياخشى كۆرىمەن: «راست، مەن روھقا ئىشەنمەيدىغان زوروئاستىر!»

تەقدىرگە تەن بېرىشكە دەۋەت قىلغۇچىلار! پەسكەشلىك، كېسەللىك، مەينەتلىك بارلىكى يەردە، ئۇلار پىتتەك ئۆمىلەپ يۈرىدۇ، ئۇلارنى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىشنى كۆڭلۈم كۆتۈرمەيدۇ.

دۇرۇس! مانا بۇ مېنىڭ ئۇلارغا قاراتقان تەنبىھلىرىم: مەن دەل روھقا ئىشەنمەيدىغان زوروئاستىر، يەنە مەندىنمۇ ئۆتەر كىم بار؟ ئۇنىڭ تەلىملىرىنى ئاڭلاپ باقاي!

مەن دەل روھقا ئىشەنمەيدىغان زوروئاستىر، ماڭا شېرىكلەر بارمۇ؟ شېرىكلىرىم ئۆز ئىرادىسىنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىپ، تەقدىرنى كۆزگە ئىلمايدىغانلاردۇر.

مەن دەل روھقا ئىشەنمەيدىغان زوروئاستىر. مەن پۇرسەتلەرنى ئۆز قازىنىمدا قاينىتىمەن. پۇرسەتلەر پىشقاندىن كېيىن، مەن ئۇنى ياخشى غىزا ئورنىدا قوبۇل قىلىمەن.

راست، نۇرغۇن پۇرسەتلەر مەغرۇرلۇق بىلەن ماڭا كەلمەكتە. لېكىن، ئىرادەم ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك مەغرۇرلۇق بىلەن ئۇلارغا سۆزلىدى، ئۇلار تىز پۈكتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇلار مەندىن ئۆزلىرىگە لايىق قەلب ۋە تۇرالغۇ تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

ــ قارا، زورۇئاستېر، ــ دېيىشتى ئۇلار ماڭا خۇشامەت قىلىپ، ــ پەقەت دوستلارلا ئۆزئارا يېقىنچىلىق قىلالايدۇ!

تىگشايدىغان قۇلاق بولمىسا، كۆپ سۆزلىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟ شۇڭا مەن شامالغا تولۇلىدىم:

ــ سىلەر، ئەي، پەسكەشلەر، دائىم پەسكەشلىك قىلىسىلەر! سىلەردەك راھەتپەرەسلەر، ئاخىر كۇكۇم ـ تالقان بولىسىلەر.

چۈنكى، سىلەر ئەرزىمەس ئەخلاق، كۆپۈرلۈق ۋە تەقدىرگە تەن بېرىسىلەر!

سىلەر ئىنتايىن زەئىپ، يول قويغان، ئۆستۈرگەن تۇپراقنىڭ ئۆزى شۇنداق! ناۋادا بىر دەرەخ ئېگىز ئۆسمەن دەيدىكەن، ئۇ مەزمۇت يىلتىزى بىلەن قاتتىق تاشلارنى چىرمىۋېلىشى كېرەك!

سىلەر سەل قارىغان نەرسىلەر ئىنسانلارنىڭ كېلەچەك تورىنى توقۇماقتا، ھەتتا يوقلۇقۇڭلارمۇ بىر ئۆمۈچۈك تورى ۋە كېلەچەك قېنىنى شورايدىغان ئۆمۈچۈك.

سىلەر، ئەي، ئەرزىمەس كىشىلەر، ئېرىشسەڭلار ئوغرىلىغاندەك بولىسىلەر. بىراق، شان ـ شەرەپ ناكەسلەرگىمۇ شۇنداق دەيدۇ: «بۇلاش مۇمكىن بولمىسا، ئوغرىلىسا بولىدۇ!»

«ئۇ بىزگە بۇيرۇلغان!» بۇ باشقا بىر خىل تەقدىرچىلەرنىڭ گېپى. بىراق، مەن سىلەردەك راھەتپەرەسلەرگە شۇنى ئېيتىپ قوياي:

ئېرىشكەن بۇ نەرسەڭلار سىلەردىن نۇرغۇن نەرسىنى ئەكېتىدۇ!

ئاھ، سىلەر خۇددى ھەرىكەتكە بەل باغلىغاندەك بارلىق «تەۋرەنمە ئىرادە»دىن ۋاز كېچىڭلار، ھورۇنلۇققا بەل باغلاڭلار!

ئاھ، گېپىمنى چۈشىنىڭلار: بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىرادىلىك ئادەم بولۇڭلار.

ئۆزۈڭلارنى سۆيگەندەك باشقىلارنى سۆيۈڭلار. بىر شەرت، ئالدى

بىلەن ئۆزۈڭلارنى سۆيۈڭلار.
ــ ئالدى بىلەن ئۆزىنى سۆيەلەيدىغان ۋە ئۆزىدىن نەپرەتلىنەلەيدىغان ئادەم بولۇڭلار! ــ روھقا ئىشەنمەيدىغان زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ.
ئەگەر ئاڭلايدىغان قۇلاق بولمىسا، سۆزلەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھازىر تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ.
بۇ ئادەملەر ئارا، مەن ئۆز ـ ئۆزۈمنىڭ ئەۋلىياسى ۋە قاراڭغۇ كېچىدىكى خورازنىڭ چىللىشى.
بىراق، ئۇلارنىڭ پەيمانى توشتى، مېنىڭمۇ پەيمانىم توشتى! ئۇلار ھەربىر دەقىقىدە تېخىمۇ ئەرزىمەس، تېخىمۇ نامرات ۋە تېخىمۇ ناباب بولۇپ كېتىدۇ. بىچارە پور ياغاچ، بىچارە تۇپراق!
ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇلار قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەر دۆۋىسىدەك ئالدىمدا تۇرىدۇ. راست، ئۇلارمۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن بىزار. شۇڭا، سۇدىن بەكرەك ئوتقا تەشنا!
ئاھ، بەختلىك چاقماق پەيتلىرى! ئاھ، چۈشتىن بۇرۇنقى سىر! ھامان بىر كۈنى مەن ئۇلارنى ئاقار ئوتقا ۋە تىلىدىن ئوت ياغىدىغان بېشارەتچىگە ئايلاندۇرىمەن.
ھامان بىر كۈنى ئوتلۇق تىلىدىن خەۋەر بېرىدۇ: ئۇلۇغ چۈش ۋاقتى يېتىپ كەلدى! ئازلا قالدى!

## 50. زەيتۇن تېغىدا

زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ:
قىش دېگەن بۇ بىزەڭ مېھمان ئۆيۈمدە مەن بىلەن بىللە ئولتۇردى، قوللىرىم ئۇنىڭ دوستانە سىقىشلىرىدىن تاتىرىپ كەتتى.
گەرچە مەن بۇ مېھماننى ھۆرمەتلىسەممۇ، ئۇنى يېگانە قالدۇرۇشنى خالايتتىم. مەن ئۆزۈمنى قاچۇرسام دەيتتىم، كىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يۇگۇرۇشكە قادىر بولالىسا، قېچىپ قۇتۇلالايدۇ.

ئىسسىق يۇت ۋە پىكىرلىرىم بىلەن شامالسىز يەرگە، زەيتۇن تېغىنىڭ ئۈزۈمگە مەنسۇپ بولغان قۇياشلىق يېرىگە قاچتىم.

ئۇ يەردە، مەن ئۇ سورلۇك مېھماننى مەسخىرە قىلدىم. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆيۈمدىكى چىۋىنلەرنى يوقىتىپ، جىمجىتلىق ئاتا قىلغىنىغا رەھمەت ئېيتىمەن.

چۈنكى، ئۇ چىۋىنىنىڭ غوڭۇلداشلىرىنى ياخشى كۆرمىگەچكە، پۇتۇن كوچىنى جىمىقتۇرۇۋەتتى. شۇڭا، ئاي نۇرىمۇ ناھايىتى ۋەھىمىلىك بولۇپ قالدى.

ئۇ تاش يۈرەك مېھمان، ئەمما ئۇنى ھۆرمەت قىلىمەن. مەن بادالىڭ قورساق ئوت ئىلاھىغا چوقۇنۇشنىلا بىلىدىغان زەيپانىلەرگە ئوخشاشمايمەن.

قورقۇشتىن تىترەش مەبۇدلارغا بولغان چوقۇنۇشتىن ياخشىراق. مەن ئەۋجىۋاتقان شەھۋانىيەت ئىلاھىنى يامان كۆرىدىغان شۇنداق ئادەم.

مەن بىر ئادەمنى يازدىكىگە قارىغاندا قىشتا بەكرەك ياخشى كۆرىمەن. ئەگەر قىشتا ئۆيۈمدە بولسا، دۈشمىنىمنى تېخىمۇ مەسخىرە قىلالايمەن.

كارىۋاتتا ياتقىنىمدىمۇ قەلبىمگە يوشۇرۇنغان بەخت بەھۇزۇر كۈلۈپ يايرايدۇ. شۇ قەدەر قىزغىن، شۇ قەدەر سەمىمىي، ھەتتا سېھىرلىك چۈشلەرمۇ مەخپىي كۈلىدۇ.

مەن ئۆمىلىگۈچىمۇ؟ مەن تېخى ھوقۇقدارلارنىڭ ئالدىدا ئۆمىلىمىدىم. ناۋادا يالغان سۆزلىسەم، ئۇمۇ مۇھەببەت ئۈچۈن. شۇڭا، قىشتىكى كارىۋىتىمدىمۇ ئىنتايىن خۇشالمەن.

چۆلدەرىگەن بىر كارىۋات ماڭا كاتتا كارىۋاتتىنمۇ ئارتۇق ئىللىقلىق بېرەلەيدۇ. چۈنكى، مەن غېرىبلىقنى يوقىتىپ قويۇشتىن قورقىمەن. ئۇ قىش كۈنلىرىدە ماڭا بەكمۇ سادىق.

ھەربىر كۈنۈمنى ھەزىل بىلەن باشلايمەن. سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇش

ئارقىلىق قىشنى مەسخىرە قىلىمەن. شۇڭا، ھېلىقى سۇرلۇك دوستۇم غۇدۇرايدۇ.

مەن ئۇنى شامدا قىچقىرىپ، كۆل رەڭ سەھەردىن نۇر ئېلىشقا مەجبۇر قىلىمەن.

مەن سەھەردە تېخىمۇ قۇسۇر چىقىرىمەن. تاڭ يورۇماستىنلا، چېلەكلەر قۇدۇق بېشىدا ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئاتلار كوچىلاردا ھاياجان بىلەن كىشنەيدۇ.

مەن پارلاق تاڭغا تەشنا بولدۇم. قىش ئاسمىنى گويا ئاق چاچلىق بوۋاي ئىدى.

بۇ جىمجىت قىش ئاسمىنى قۇياشنى مۇز بىلەن بەند قىلىۋالدى.

بۇ ئۇزاققا سوزۇلغان تاڭ جىمجىتلىقىنى كىم ئەكەلدى ياكى بۇ ھەر ئىككىمىزنىڭ كەشپىياتىمۇ؟

گۇزەل نەرسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. ھەرقانداق شوخ، گۇزەل نەرسىلەر شادلىق ئۇچۇن مەۋجۇت بولسا، ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى تەكرارلانسا نېمە بولاتتى.

ئۇزاق جىمجىتلىقمۇ خۇددى قىشتىكى ئاسماندەك گۇزەلدۇر، ئۇ يوغان كۆزلىرى بىلەن يىراققا تىكىلگەندە!

قۇياش، جاسارەت ۋە قىزغىن ئىرادىنى خۇددى قىش ئاسمىنىدەك مۇزلىتىۋەتتى.

راست، مەن قىشنىڭ بۇنداق ھەزىلكەشلىكىنى ئىنتايىن پىششىق ئىگىلىۋالدىم.

مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھەزىل ۋە سەنئەت — سۇكۇتۇمنىڭ سۇكۇت ئىچىدە ھايات بولۇپ تۇرۇۋەرمەسلىكىدۇر.

مەن شىشىخال ۋە ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن بۇ سىرلىق قولدىشىمنى ئالدىدىم. سەمىمىي كۆزەتچىلەردەك ئۆزىنى قاچۇرۇش مېنىڭ ئىرادەم ۋە مەقسىتىمدۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بۇنداق ئۇزاق سۈرلۈك جىمجىتلىقنى كەشىپ قىلىشىم باشقىلارنىڭ قەلبىم چوڭقۇرلۇقىنى ۋە يۈكسەك ئىرادەمنى بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن.

مەن نۇرغۇنلىغان چېچەن كىشىلەرنى كۆرگەن. ئۇلار يۈزلىرىنى توسۇۋالاتتى ھەم سۈنى لېپىتىپ، سۈنىڭ تەكتىنى كىشىلەرگە كۆرسەتمەيتتى.

بىراق، تېخىمۇ چېچەنرەك گۇمانخورلار ۋە تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدىگۈچىلەر لاي سۇدىن بېلىق تۇتماقچى بولىدۇ.

ئاشۇ سۈزۈك، سەمىمىي ۋە تۈز كىشىلەر، ئەڭ چېۋەر سۈكۈت قىلغۇچىلار. ئۇلارنىڭ چوڭكەن چوڭقۇرلۇقىنى ئەڭ سۈزۈك سۇمۇ كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

ئەي، ئاق چاچلىق، جىمغۇر قىش ئاسمىنى، سەن قەلبىم ۋە مەيلىمنىڭ ئىلاھىي سىمۋولى!

روھىمنى كىشىلەرگە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، مەن ئالتۇن يۇتۇۋالغۇچىلاردەك ئۆزۈمنى يوشۇرۇۋالايمۇ؟

ھەسەتخورلار ۋە سۈيىقەستچىلەر ئۆزۈن پۇتۇمنى كۆرمىسۇن دەپ، پۇتۇمغا بالداق تېڭىپ ماڭماسلىقىم كېرەكمۇ؟

بەتبەشىرە، نىيىتى يامان كىشىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقى بەختىمگە قانداق بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟

شۇڭا، چوققىلىرىمدىكى زىمىستان ۋە قار - مۇزلارنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ، تاغقا باغلانغان قۇياش پوستىنى يوشۇرۇپ قالدىم!

ئۇلار پەقەت قىش بورانلىرىنىڭ ھۇۋلاشلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئەمما، مېنىڭ تاقەتسىز، سالماق، ئىسسىق جەنۇب شامىلىدەك ئىللىق دېڭىزدىن ئۆتكىنىمنى بىلمەيدۇ.

ئۇلار بىتەلەيلىكىمگە ھېسداشلىق قىلىدۇ. «مەندىكى ھەرقانداق بەختسىزلىكنى قوبۇل قىلىڭلار، ئۇلار بالىلاردەك گۇناھسىز» دېدىم مەن.

بەخت ئەتراپىغا پاجىئەلىك قىسمەتلەرنى، قىش ئازابلىرىنى، ئېيىق تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماق ۋە جوۋىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمىسام، ئۇلار ساپ بەختىمگە قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن!

ئاشۇ ھەسەتخورلار ۋە پىتنىخورلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشلىرىغا ئېرىپ كەتمىسەم دەيمەن!

مانا بۇ قەلبىمدىكى كەپسىزلىك ۋە سەمىمىي ئەقىل. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇششۇكلىرىنى يوشۇرمايدۇ.

مەلۇم كىشىلەرگە نىسبەتەن، تەنھالىق كېسەلمەنلەرنىڭ دەرگاھى. ھالبۇكى، يەنە بىر خىل كىشىلەر ئۈچۈن تەنھالىق كېسەللەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان جاي.

ئەتراپىمدا كۆز ئالايتىپ يۈرگەن بىچارىلەر مېنىڭ تىترەپ، چىشلىرىمنىڭ كاسىلداشلىرىنى ۋە پەريادلىرىمنى ئاڭلىسۇن! شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىللىق ئۆيىدىن قېچىپ چىقالايمەن.

ئۇلار ئۇششۇكلىرىگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئاھ ئۇرسۇن: «بىلىم مۇزلىرىدا توڭلاپ ئۆلىدىغان بولدى» دېيىشسۇن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسسىق پۇتلىرىم بىلەن ئۆزۈمگە تەۋە زەيتۇن تېغىدا ئايلاندىم ھەم تاغنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇۋلىدىم. ئىچىدىكىلەرنى ناخشام بىلەن مەسخىرە قىلدىم.

## 51. ئايرىلىش

زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ:

زوروئاستىر نۇرغۇن قوۋم ۋە شەھەرلەرنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، تاغدىكى غارىغا قايتماقچى بولدى. ئۇ چوڭ بىر شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىن خىيالىدىمۇ يوق ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىر ساراڭ غولاچلىرىنى كېرىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. بۇ ساراڭنى باشقىلار «زوروئاستىرنىڭ مايمۇنى» دەپ ئاتىشاتتى. چۈنكى، ئۇ زوروئاستىرنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئەقىل ـ پاراستىدىن پايدىلىنالاتتى. ئۇ سارالڭ زوروئاستېرغا شۇنداق دېدى:

ــ ھەي، زوروئاستېر، بۇ بىر چوڭ شەھەر، سەن بۇ يەردىن بىرنەرسە تاپماقتا يوق، ھەتتا بار نەرسىلىرىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالىسەن.

سەن نېمىشقا بۇ پاتقاقتا دەسسەيسەن؟ ياخشىسى پۇتۇڭنى ئايا، دەرۋازىسىغا بىرنى تۈكۈر ـ دە، كەينىڭگە قايت! بۇ يەر زاھىتلار ئىدىيەسىنىڭ دوزىخى، نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىدىيەلەر بۇ يەردە ئۇماچقا ئايلانغان.

بارلىق ئىدىيەلەر بۇ يەردە سېسىماقتا. بۇ يەردە ئۆلگۈر كانايلاردا ئاۋاز چىقىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ!

ئەجەبا، سەن روھنىڭ قۇشخانىسى ۋە گۆشخانىسىنىڭ ھىدىنى سەزمىدىڭمۇ، بۇ شەھەردە قەتل قىلىنغان روھلارنىڭ ئىسسىق ھورى كۆتۈرۈلۈۋاتامدۇ؟

بىر قەلبنىڭ تىترەپ تۇرغان ھالدا مەينەت دەسمالدەك ئېسىپ قويۇلغىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار مۇشۇ ئەسىردىكى لاتىلاردىن گېزىت چىقىرىدۇ.

بۇ يەردىكى روھلارنىڭ ئاللىبۇرۇن يېزىق ئويۇنىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلدىڭمۇ؟ ئۇ ئاشقازىنىدىكى ھەزىم بولماي قالغان قالدۇق تاماقلارنى قۇسۇۋەتتى! ئۇلار بۇ قۇسۇقلاردىن گېزىت چىقىرىدۇ!

ئۇلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدۇ. لېكىن، سەۋەبىنى ئۇقمايدۇ. ئۇلار مىس بىلەن ئالتۇننى ئارىلاشتۇرۇپ، قالايمىقان ئاۋاز چىقىرىدۇ!

مۇزلاپ كەتكەندە ئۇلار ئىسپىرتتىن ئىسسىقلىق ئىزدەيدۇ. لېكىن، ئازراق ئىسسىغاندىن كېيىن مۇزلىغان روھلاردىن سالقىن ئىزدەيدۇ؛ ئۇلار ئاۋامنىڭ پىكرىدىن ئاغرىپ قالىدۇ.

بارلىق شەھۋەت ۋە گۇناھكار بۇ يەرنى ماكان قىلىدۇ. ئەمما، بۇ يەردىمۇ دىيانەت ئىگىلىرى ۋە نۇرغۇن تاكامۇل ئەخلاق بار.

بارماقلىرى بىلەن خەت يازىدىغان ۋە جاھىللارچە سەۋر قىلىدىغان ئەخلاقلار ئەرزىمەس ئوردېنلارغا ۋە ئوروۇق قىزلارنىڭ ساغرىسىنى قويىدىغان تىلاۋەتكە ئېرىشتى. بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن ھېسداشلىق ۋە ئادەملەرنىڭ ساھىبى يەھۋانىڭ ئالدىدا شۈلگەيلىرىنى تازىلايدىغان نۇرغۇن ساداقەتمەنلىك بار!

ئوردېن ۋە شۈلگەيلەر «ئېگىز»لىكتىن چۈشىدۇ. شۇڭا، ئوردېنسىز ھەربىر كۆكرەك يۇقىرىغا تەلپۈنىدۇ.

ئايىنىڭمۇ ئۆز ئوردېنى بار، ئۇنى ھەمراھلار قوغدايدۇ. لېكىن، بۇ تىلەمچى خەلق ۋە تىلەمچىلىككە قابىل بۇ ئەخلاق ئاشۇ ئوردېنغا چوقۇنىدۇ.

«مەن، سەن، ھەممىمىز خىزمەت قىلايلى!» نازۇك كۆكرەكلىرىڭگە ئەرزىگۈدەك ئوردېنىنىڭ ئېسىلىشى ئۈچۈن، بارلىق قابىل ئەخلاق خاقاندىن شۇنداق ئۆتۈنمەكتە.

لېكىن، ئاي يەنىلا يەر ئەتراپىدا ئايلانماقتا. شۇڭا، خاقانمۇ ئەڭ بىدئەت نەرسىلەرنى ئايلىنىشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئۇ دەل سودىگەرنىڭ ئالتۇنى.

يەھۋا ئالتۇن ئىلاھى ئەمەس. خاقان پىكىر بېرىدۇ، ئىجرا قىلىش سودىگەردىن!

ئاھ، زورۇئاستېر، سەن پارلاق، جەسۇر ۋە گۈزەل مەۋجۇتلۇقۇڭ بىلەن بۇ سودىگەرلەر شەھىرىنى تەرك ئەتكىن!

بۇ تاجاۋۇزچىلار، نومۇسسىزلار، ئىغۋاگەرلەر ۋە قارا نىيەتلەر شەھىرىدىن كەتكىن!

بۇ ۋەيران، پاسكىنا، شاللاق، گۇمانخور، قالايمىقان ۋە رەزگى شەھەردىن كەتكىن!

بۇ چوڭ شەھەردىن ۋاز كەچ!

بۇ چاغدا زورۇئاستېر جاۋغىيىدا كۆپۈك قايناپ كەتكەن ساراڭنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى زوروئاستېر ۋارقىراپ، — مەن سەندىن بۇرۇنلا بىزار ئىدىم!

سەن نېمە ئۈچۈن سازلىقنىڭ بويىدا ياشاپ، ئۆزۈڭنى چارپاقىغا ئايلاندۇرۇۋالىسەن؟

ئەمدى كۆۋەجەپ تۇرغان سازلىق قېنى تومۇرۇڭدا ئېقىپ، سېنىمۇ كۆركىرايدىغان قىلىپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ؟

نېمىشقا ئورمانلىقتا كەتمەيسەن، نېمىشقا بىرەر پارچە يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلمايسەن، دېڭىزدا نۇرغۇن يېشىل ئاراللار بار ئەمەسمۇ؟

سېنىڭ كەمسىتىشىڭ بىلەن پەرۋايىم پەلەك، مېنى ئاگاھلاندۇرغان يەردە، ئۆزۈڭنى نېمىشقا ئاگاھلاندۇرمايسەن؟

پەقەت مېنىڭ مەسخىرە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش قۇشۇم سازلىقتىن ئەمەس، مۇھەببەتتىن چىققىنى ئۈچۈنمۇ؟

ئەي، ساراڭ، كۆپچىلىك سېنى مېنىڭ مايمۇنۇم قاتارىدا كۆرىدىكەن. لېكىن، مەن سېنى توختىماي خارقىرايدىغان توڭگۇز قاتارىدا كۆرىمەن. خارقىراشلىرىڭ مېنىڭ ئەسەبىيلىككە بولغان مەدھىيەمنى بۇزۇۋەتتى.

سېنى ئەڭ دەسلەپتە خارتىلداتقان كىم؟ ساڭا خۇشامەت قىلىدىغانلار بولمىغانلىقتىن، مەينەتچىلىك يېنىدا ئولتۇرۇپ توختىماي خارتىلداشلىرىڭغا باھانە ئىزدەۋاتامسەن؟

قىساس ئېلىشقا نۇرغۇن باھانەڭ بولسۇن! چۈنكى، قىساس ئېلىش سېنىڭ پۈتۈن ئەسەبىيلىكىڭ!

بىراق، بايىقى ئالجوقا سۆزلىرىڭ خاتا ئەمەس. لېكىن، ئۇلار يەنىلا ماڭا زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلەيدۇ! زوروئاستېرنىڭ سۆزى ھەرقانچە توغرا بولسىمۇ، سەن بەربىر خاتا چۈشىنىسەن!

زوروئاستېر شۇنداق دېدى. ئۇ چوڭ شەھەرگە قاراپ ئاھ ئۇردى، ئۇزاق سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، يەنە سۆزىنى باشلىدى:

— مەنمۇ بۇ چوڭ شەھەردىن ئىنتايىن سەسكىنىمەن، بۇ

ساراڭدىنلا ئەمەس، ھەممە يەر ئوخشاشلا بەك ياخشىمۇ ئەمەس، بەك ناچارمۇ ئەمەس.

بۇ چوڭ شەھەر پالاكەتكە يولۇقسۇن! پۈتۈن شەھەرنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان ئوتنى ھازىرلا كۆرسەم دەيمەن!

پەلەكنى قاپلىغان بۇ ئوت ئاشۇ ئۇلۇغ چۈش پەيتىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بار.

مەن بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى ساڭا ئايرىلىش ئالدىدا يادىكار قىلاي: بىر ئادەم بىر جاينى سۆيۈشكە قادىر بولالمىسا، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتسۇن.

زوروئاستىر شۇنداق دېدى ـ دە، ھېلىقى سازلىق ۋە شەھەر يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

## 52. مۇرتەد

### 1

زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ:

ئاھ، تېخى يېقىندىلا كۆپكۆك ياشناپ تۇرغان بۇ چىملىق ئەمدى سارغىيىپ كېتىپتۇ! مەن بۇ يەردىن تالاي ئۈمىد باللىرىنى يىغىپ ئۇۋامغا قايتقانىدىم!

ئاشۇ جۇشقۇن قەلبىگە ئەمدى قېرىلىق يەتتى. ئەمەلىيەتتە، قېرىغان ئەمەس، پەقەت ھېرىپ ـ چارچاپ، گىجىڭلىشىپ قالدى.

ــ بىز يەنە تەقۋادارلىشىپ كەتتۇق، ــ دەپ جاكارلاشتى ئۇلار.

يېقىندا مەن ئۇلارنىڭ ئەتىگەندە ھەۋەس بىلەن يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. لېكىن، ئۇلارنىڭ بىلىش قەدەملىرى ھالىدىن كەتتى، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەتىگەندىكى ھەرىكەتلىرىدىن رەنجىيدىغان بولۇپ قالدى!

راست، پاراستىم ئۇلارغا جىلمىيىپ قاراپ قويۇۋىدى، ئۇلار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆپىنچىلىرى پۈتلىرىنى ئۇسسۇلچىدەك كۆتۈرۈشۈپ كېتىشكەنىدى. كېيىن، ئۇلار چوڭقۇر ئويغا پېتىپ قالدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ كىرپىستقا قاراپ ئۆمىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

ئۇلارمۇ پەرۋانە ۋە ياش شائىرلاردەك، نۇر ۋە ئەركىنلىكنى چۆرىدەپ ئوينىغانىدى. لېكىن، ئاشۇ قېرىلىشىپ قالغان ۋە ياكى سوغۇققان كىشىلەرگە كەلسەك ئۇلار تەسەۋۋۇپچى، پىتنىخور ۋە توخۇ يۈرەك بولۇپ كەتتى.

ئېھتىمال، ئۇلار ئىنتايىن چۈشكۈندۇر. تەنھالىقنىڭ مېنى تۇتۇۋالغانلىقىدىنمۇ ياكى ئۇلارنىڭ بۇرغا ئاۋازىمنى ۋە پەيغەمبەرلەرچە ئىشارەتلىرىمنى ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلاقلىرىنى ئۇزارتىپ ئاۋارە بولۇشقانلىقىدىنمۇ؟

ئاھ، روھى مەزمۇت ۋە بېجىرىم كىشىلەر بەربىر كۆپ ئەمەس، قالغانلىرى توخۇ يۈرەكلەر.

قالغانلىرى مەڭگۈ كۆپ سانلىق ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرزىمەس ۋە ئارتۇقچە ئادەملەر، ھەممىسى توخۇ يۈرەكلەر!

مەندەك كىشىلەر ماڭا ئوخشاش تەجرىبىگە يولۇقىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تۇنجى ھەمراھلىرى جەسەت ۋە ھەزىلكەشلەردۇر.

لېكىن، ئۇنىڭ يەنە بىر تۈركۈم ھەمراھلىرى ئۆزلىرىنى مۇخلىس دەۋالىدۇ. ئۇلار مۇھەببەت، ئەسەبىيلىك ۋە سەبىي چوقۇنۇش ئەھلى.

ماڭا ئوخشاش كىشىلەر ئۆز قەلبىنى بۇ مۇخلىسلارغا بەخشەندە قىلىۋەتمىسۇن؛ ئىنسانىي ئاجىزلىقنى چۈشىنىدىغان ئادەم باھار جىلۋىسى ۋە ياپىپېشىل چىملىققا ئىشەنمەيدۇ!

ئەگەر بۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمىسە، ئۆز ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىمۇ ئامالسىز قالىدۇ. ئاشۇ ئاغمىخانىلار پۈتۈنلۈكنى بۇزۇۋېتىدۇ. ياپراقلار خازان بولۇپ كەتكەندە، بىز يەنە نېمىگە ئاھ ئۇرىمىز!؟

ئاھ، زوروئاستىر، قايغۇرما، ئۇلار تۆكۈلۈۋەرسۇن! ئەڭ ياخشىسى سەنمۇ ھۇۋۇلىغان شامالالار بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى تۆك!

گۈركىرە، زوروئاستىر، قۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ سەندىن بالدۇراق كېتىشى ئۈچۈن خازانلارغا قاراپ ئۇچۇۋەر!

## 2

— بىز يەنە تەقۋادارلىشىپ كەتتۇق، — دېيىشەتتى مۇرتەدلەر. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلەر قورقۇپ غىڭ قىلالمايتتى.

مەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئىچكىرىلەپ كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇلارنىڭ خىجىللىقتىن قىزارغان يۈزلىرىگە قاراپ شۇنداق دېدىم:

— سىلەر تىلاۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلەر!

تىلاۋەت شەرمەندىلىكتۇر! ھەممە ئادەملەر ئەمەس، پەقەت سەن ماڭا ئوخشاش سەگەكلەر ئۈچۈن شۇنداق. سېنىڭ تىلاۋىتىڭ بىر نومۇسسىز ئىشتۇر!

كۆڭلۈمدە ناھايىتى ئېنىقكى، ئىچىمدىكى قورقۇنچاق ئالۋاستى قول باغلاپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ سېنى ئالداپ:

— ئۇ يەردە تەڭرى بار، — دەيدۇ.

نەتىجىدە، سەن نۇردىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىڭ، سەن يورۇقلۇق ئىچىدە مەڭگۈ ئارام تاپمايسەن، ئەمدى سەن بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ، بېشىڭنى زۇلمەت ۋە تۇمانلار بىلەن چۈمكىۋالىدىغان بولدۇڭ!

راست، ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىڭ، چۈنكى تۈن قۇشلىرى تېزىپ كېتىشتى. نۇردىن قورقىدىغانلارنىڭ پەيتى — زاۋال ۋە ئارام پەيتى يېتىپ كەلدى. لېكىن، ئۇلار «ئارام» ئالالمايدۇ.

ئاڭلىدىم ھەم پۇرىدىم، ئۇلارنىڭ ئوۋ ۋە نامايىش پەيتى يېتىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ھايۋانلارنى ئەمەس، بەلكى بويسۇنغۇچىلارنى، ئاقساقاللارنى، غىڭشىقلارنى، تىمىسقىلاپ يۈرگەنلەرنى، پەس ئاۋازدا تىلاۋەت قىلىدىغانلارنى ئوۋلىماقچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەيۈسلۈك ئىزدەيدىغان ئەخمەق، قەلب ئوۋلايدىغان تاختىمۇشۇكلەر قۇرۇلدى! پەردىنى قايرىشىم بىلەنلا، بىر پەرۋانە ئۇچۇپ چىقتى.

بەلكىم، بۇ بايا باشقا بىر پەرۋانە بىلەن بىللە تۇرغاندۇ؟ مەن ھەممىلا يەردىن خىلۋەت ماكانلارنى ھېدلىيالايمەن. خىلۋەت ماكان بولسىلا، ئىمان ئېيتقۇچىلار ۋە ئۆلەرنىڭ پاراڭلىرى بولىدۇ.

ــ ئېھ، تەڭرى، بالىلىقتا قايتۇرغىن، ساڭا سىغىنىمىز دەپ خىتاب قىلايلى! ــ دېيىشىدۇ ئۆلار تونبويى بىر يەرگە تىقىلىشىپ، ئۆلەرنىڭ ئاشقازىنى ساداقەت شىرىنىسى تولۇپ يېلى بۇزۇلغان.

ياكى ئۆلار ئۇزاق كېچىلەردە ھېيلىگەر ھەم يوشۇرۇن چارمىخ ئۆمۈچۈكىگە قاراپ تۇرۇشقاندى. بۇ ئۆمۈچۈكلەرگە ئەقىل ـ پاراسەت ھەققىدە سۆزلەيتتى ھەم نەسىھەت قىلىپ:

ــ چارمىخنىڭ ئاستى تور توقۇيدىغان ئەڭ ياخشى جاي، ــ دەيتتى.

ياكى ئۆلار كۈنبويى سازلىق بويىدا قارماق تاشلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىچە ئۇ يەرنى چوڭقۇر دېيىشەتتى، كىم بېلىق يوق يەردىن بېلىق تۇتماقچى بولسا، مەن ئۇنى ھەتتا تېيىزمۇ دېمەيتتىم!

ياكى ئۆلار خۇشاللىق ۋە ساداقەت بىلەن ئىلاھىي كۈي ئېگىسىدىن چىلتار چېلىشنى ئۆگىنىشەتتى، قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. چۈنكى، ئۇ مومايلار ۋە ئۇنىڭ ماختاشلىرىدىن بىزار ئىدى.

ياكى ئۆلار دانىشمەن تەنتەكلەردىن تىترەشنى ئۆگىنەتتى، بۇ تەنتەكلەر قاراڭغۇ ئۆيدە ئەرۋاھلارنى كۈتەتتى. بىراق، ئەرۋاھ كېتىپ قالغانىدى.

ياكى ئۆلار سەرسان، مۇڭلۇق شامالغا تەقلىد قىلغان ياشانغان نەيچىلەرنىڭ نېيىنى ئاڭلىدى. ھازىر ئۇ (نەيچى) شامالدەك ئىڭرايتتى.

ئۆلەرنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلەر شەيخلەرگە ئايلىنىپ كېتەتتى:

ئۇلار بۇرغىنى قانداق چېلىشنى بىلىدۇ. كېچىلەردە چارلاشنى، غاپىل، كونا نەرسىلەرنى ئويغىتىشنى بىلىدۇ.

تۇنۇگۇن مەن هويلام تېمىنىڭ يېنىدا كونا نەرسىلەر توغرىسىدا بەش ئېغىز سۆز ئاڭلىدىم:

ــ ئۇ بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئاتا بولالمايدۇ، ئىنسانىيەت ئاتىسى ئۇنىڭدىن قادىر.

ــ ئۇ بەك قېرى! بۇنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئىسپاتلىيالمايدۇ! مەن ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئىسپاتلىشىنى كۈتتۇم!

ــ ئىسپات؟ گويا ئۇ بىر نەرسىلەرنى ئىسپاتلاپ باققاندەك ئىسپاتنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇ پەقەت كىشىلەرنى ئۆزىگە چوقۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

ــ دەل شۇ! ئۇ ئېتىقادنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ. ئۆزىگە بولغان ئېتىقادنى. بۇ قېرىلارنىڭ يولى، بىزگىمۇ مۇھىم، شۇنداق!

بۇ ئىككى جېسەكچى ۋە نۇر قورقۇنچاقلىرى ئەنە شۇنداق دېيىشتى ھەم بۇرغىلىرىنى ھەسرەت بىلەن پۈۋلىدى!

مانا بۇ تۇنۇگۇن هويلا تېمىنىڭ يېنىدا بولغان ئىش. لېكىن، يۈرىكىم قاتتىق كۈلكىدىن ئاغرىپ، يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ، دىيافراگما يېنىغا چۈشۈپ قالدى.

راست، ئۇ جېنىمنى ئالغىلى تاسلا قالدى. شۇڭا، كۈلكەمنى بېسىۋالدىم! ئېشەكنىڭ مەست بولۇشىنى كۆرۈپ، جېسەكچىنىڭ تەڭرى ھەققىدىكى گۇمانلىرىنى ئاڭلىدىم.

مۇشۇنداق گۇمانلارنىڭ بولغىنىغا ئۇزاق بولدى ئەمەسمۇ، ئەمدى كۈندۈزدە كىم بۇرۇندىنلا ئۇيقۇغا كەتكەن نۇر قورقۇنچاقلىرىنى ئويغىتالايدۇ؟

بارلىق قەدىمىي ئىلاھىي ئىلاھلار ئاخىرلاشتى. راست، ئۇلار بىر خىل ياخشىلىق ھەم شادلىقنىڭ ئىلاھىي خاتىمىسىگە ھامىي بولدى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇلاردا ئەزمە زاۋاللارنىڭ ئۆلۈمى يوق. گەرچە خەلق يالغان ئېيتقان بولسىمۇ! دەل ئەكسىچە، ئۇلار كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆلدى!

ئەڭ ۋەھشىي مۇرتەدمۇ تەڭرى دەرگاھىدىن كەلگەن. ئۇ:

— بىرلا ئىلاھ بار، مەندىن باشقا ئىلاھىڭ بولمىسۇن! — دەيدۇ.

بەتبەشىرە ئىلاھ، بىر ھەسەتخور، ئۇ ئۆزىنى شۇنداق ئۇنتۇدى.

شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئىلاھلار كۈلۈپ كەتتى ھەم تەختلەرنى تىترىتىپ تۇۋلاشتى:

— ئىلاھىيلىق بار بولۇپ، تەڭرىنىڭ يوق بولۇشى مۇقەددەسلىك ئەمەسمۇ؟ قۇلىقى بارلار ئاڭلىسۇن!

زوروئاستېر ئۆزى ياقتۇرىدىغان پېيىدگاۋ بازىرىدا شۇنداق دېدى. غار ۋە ھايۋانلىرى يېنىغا بۇ يەردىن ئىككى كۈنلۈك يول بار ئىدى. ئۇنىڭ روھى قايتىش قەرەلىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىدىن خۇشال ئىدى.

## 53. قايتىش

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

ئاھ، تەنھالىق، غېرىبلىق! ئەي، مېنىڭ ماكانىم، مەن يوچۇنلۇقۇم بىلەن ئۇزۇندىن بېرى قاقاس، يات يەرلەردە قالايمىقان ياشىدىم؛ ئەمدى ساڭا قايتىپ كەلگىنىمدە، قانداقمۇ ياش تۆكمەي تۇرالايمەن!

ئەمدى سەن بارماقلىرىڭ بىلەن خۇددى ئانامدەك ماڭا تەنبىھ قىل ھەم ئانامدەك ماڭا تەبەسسۇم قىل. ئەمدى ماڭا پەقەت مۇنداق دېگىن:

— ئىلگىرى ئاشۇ ئۆتكۈنچى شامالغا ئوخشاش ئالدىراپ - تېنەپ مەندىن يىراقلاپ كېتىپ قالغان كىم؟

— مەن تەنھالىق بىلەن ئۇزۇنغىچە بىللە تۇرۇپ سۈكۈتنى ئۇنتۇپ كەتتىم، — دېگەنىدى ئۇ ماڭا ئاۋاقتىدا ئۇنلۈك. ئەمدى ئېسىڭگە ئالدىڭمۇ؟

ئاھ، زوروئاستېر، مەن سېنىڭ بۇرۇن مەن بىلەن بىللە

تۇرغىنىڭدىنمۇ قاتتىقراق خورلۇققا قالغانلىقىڭنى بىلىمەن، ئەي، يېگانە!

خورلىنىش بىر گەپ، تەنھالىق باشقا بىر گەپ، چۈشەندىڭمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر ئارىسىدا، سەن ئەبەدىلئەبەد ياۋايى ۋە يوچۇنسەن.

ئۇلار سېنى ياخشى كۆرگەن ھالەتتىمۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە سەن بەربىر ياۋايى ۋە يوچۇن ئادەمسەن. چۈنكى، ئۇلار سېنىڭ يول قويۇشۇڭغا ئېرىشمەكچى!

لېكىن، بۇ يەر بەربىر سېنىڭ ماكانىڭ، بۇ يەردە بولۇشىغا سۆزلىسەڭ ۋە قەلبىڭنى ئىزھار قىلساڭ بولىدۇ. بۇ يەردە، سەن يوشۇرۇن ھېسلىرىڭنى ئاشكارا قىلىشتىن خىجىل بولمىساڭمۇ بولىدۇ.

بۇ يەردە، ھەممە سېنىڭ كۆزۈڭگە خۇشتار، سېنى تىنىماي ماختايدۇ، چۈنكى ئۇلار ساڭا مىنگىشىۋالماقچى. بۇ يەردە، سەن ھەربىر سىمۋولغا مىنگىشىپ ھەقىقەتكە يەتسەڭ بولىدۇ.

بۇ يەردە، سەن نەرسىلەرگە تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن سۆزلىسەڭ بولىدۇ. راست، ئۇلارغا بىرلا ئادەم سۆزلىسە، ئۇلار بىزنى ماختىدى، دەپ چۈشىنىدۇ.

ئومۇمەن، خورلىنىش باشقا گەپ. ئاھ، زورۇئاستېر، ئېسىڭدىمۇ؟ ئورمانلىقتا ئۆلۈكنىڭ يېنىدا گاڭگىراپ تۇرغىنىڭدا، بۈركۈتۈڭ باش ئۈستۈڭدە قىيقاس سالاتتى.

«بۈركۈت ۋە يىلانلىرىم، مېنى باشلاڭلار! ئادەم ئارىسى ھايۋان ئارىسىدىنمۇ خەتەرلىك» دېگەن چېغىڭدا، دەل كىشىلەر تەرىپىدىن خورلانغان بولىسەن!

ئاھ، زورۇئاستېر، ئېسىڭدىمۇ؟ ئۆز ئارىلىڭدا ئولتۇرغىنىڭدا، سەن بارلىق بوش هاراق تۇڭلىرىغا مەنبە بولىسەن، تەشنالار ئارىسىدا ساخاۋەت قىلىسەن.

ئۆزۈڭنى مەستلەر ئىچىدىكى بىردىنبىر تەشنايغا ئايلاندۇرغۇچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىرىشىش بىرىشتىن ياخشى ئەمەسمۇ، ئوغرىلاش قوبۇل قىلىشتىن ياخشى ئەمەسمۇ، دەپ كىچە ـ كىچىلەپ خورسىنىشىنىڭ دەل ئۆزۈڭنى خورلىغىنىڭ ئەمەسمۇ؟

ئاھ، زورۇئاستېر، ئېسىڭدىمۇ؟ ئويچانلىقىڭ سېنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇرغاندا، ئۇ ساڭا زەردە بىلەن پىچىرلاپ: «سۆزلە، ئاندىن ئۆل!» دېمىگەنمىدى؟

ئۇ سېنى ئۆز كۆتۈشلىرىڭ ۋە تەقەززالىقىڭدىن زېرىكتۇرگەندە، كىچىككىنە شىجائىتىڭنى يوقاتقىنىڭ دەل سېنىڭ ئۆزۈڭنى خورلىغىنىڭ ئەمەسمۇ؟

ئاھ، تەنھالىق، مېنىڭ ماكانىم! سەن ماڭا نەقەدەر خۇشال ۋە ئىللىق پىچىرلايسەن!

سورۇشتۇرمەي ھەم رەنجىتىشمەي، ئوچۇق ئىشىكتىن سەمىمىي ۋە ئەستايىدىل ئۆتتۇق.

سېنىڭ بارلىقىڭ ئەستايىدىللىق ۋە پارلاقلىق، ھەتتا بۇ يەردە ۋاقىتمۇ قەدىمىنى تېزلىتىدۇ. چۈنكى، ۋاقىت يورۇقلۇقىغا قارىغاندا قاراڭغۇ ئېغىر.

بۇ يەردە مەخلۇقلارنىڭ سۆزى ھەم ماڭا تەلپۈنىدۇ. بۇ يەردە مەۋجۇتلىكى نەرسىلەر ماڭا قەلبىنى تۆكمەكچى، ئۆزگىرىشچان نەرسىلەر مەندىن قانداق سۆزلەشنى ئۆگەنمەكچى.

بىراق، ئۇ يەردە ھەممە نەرسە قۇپقۇرۇق! ئۇنتۇش ۋە سەل قاراش يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت. مەن مۇشۇلارنى ئۆگىنىۋالدىم.

ئىنسانىيەتنى چۈشەنمەكچى بولغانلار ھەممىگە سىڭىپ كەتسۇن. ئەمما، شۇنداق قىلاي دېگەنىدىم، قولۇم زىيادە پاكىز كېلىپ قالدى.

ئۇلارنىڭ ھىدىنى پۇراپ قېلىشنى زادىلا خالىمايمەن! لېكىن، مەن ئۇلارنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى ۋە بەتبۇيلىرى ئىچىدە ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىم.

ئاھ، چۆرەمدىكى بەخت جىمجىتلىقى ۋە پاك خۇش پۇراق! بۇ

جىمجىتلىق باشلاپ كەلگەن پاك ھاۋا كىشىنى نەقەدەر سۆيۈندۈردۇ! بۇ جىمجىت بەخت سۈكۈناتنى شۇ قەدەر بېرىلىپ تىڭشىماقتا!

ئۇ يەردە زۇۋان سۈرمەيدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق، لېكىن ھېچنېمىنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. ناۋادا بىر ئادەم ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنى قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن جاكارلىسا، ئۇنى سودىگەرلەرنىڭ تەڭگە ئاۋازى بېسىپ كېتىدۇ.

بۇ يەردە زۇۋان سۈرمەيدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق، لېكىن ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ. ھەممە نەرسە قۇدۇققا ئەمەس، سۇغا چۈشۈپ كەتكەندەك.

ئۇ يەردە زۇۋان سۈرمەيدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. لېكىن، ھەممىسى ئۆزىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ. ھەممىسى توخۇدەك قاقاقلايدۇ. لېكىن، كاتەكتە قېلىپ ئۇنىڭدەك تۇخۇم بېسىشنى كىم ئويلىسۇن؟

ئۇ يەردە سۆزلەپ زۇۋان سۈرمەيدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. ھەممە گەپ سۆزلەپ بولۇندى. تۈنۈگۈنكى ۋاقىت ۋە ۋاقىت چىشلىرى ئىنتايىن قاتتىق دەپ قارىغان نەرسىلەر ھازىرقى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا تالقان بولدى.

ئۇ يەردە زۇۋان سۈرمەيدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق، ھەممىسى ئاشكارىلانغان. تۈنۈگۈن چوڭقۇر روھنىڭ سىرى دەپ ئاتالغان نەرسىلەر، بۈگۈن كوچىدىكى لاپچىلار ۋە لۈكچەكلەرگە ئايلاندى.

ئاھ، ئىنسانىيەت چۇقانى، قاراڭغۇ كوچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، سەن نېمىدېگەن غەلىتە! ئەمدى سەن كەينىمدە قالدىڭ. مېنىڭ ئەڭ زور خەۋپ - خەتەرلىرىم كەينىڭدە ئىدى!

ئەڭ زور خەۋپ - خەتەرلىرىم مېنىڭ مەردلىكىم ۋە ھېسداشلىقىمدا. پۈتكۈل ئىنسانىيەت چۇقانلىرى مەردلىكىم ۋە ھېسداشلىقىمغا ئېرىشمەكچى.

چوڭقۇرلۇققا يوشۇرۇنغان ھەقىقەت، ئەسەبىي قول، مەسخىرە قىلىنغان قەلب ۋە ساختا ھېسداشلىقلارغا تايىنىپ، كىشىلەر ئارىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ياشاپ كەلدىم.

مەن كېيىنىپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرىمەن ھەمدە ھەمىشە ئۆزۈمنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارغا تاقەت قىلىشقا تەييارمەن ھەم ئۆز - ئۆزۈمگە: «سەن ئەخمەق ئىنسانىيەتنى زادى چۈشەنمەيسەن!» دەيمەن.

بىر ئادەم كۆپچىلىك ئارىسىدا ياشىمىغاندا، كۆپچىلىكنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى بەك كۆپ. ئۇ يەردە يىراقنى كۆرەلەيدىغان كۆزلەرنىڭ قولىدىن نېمە كەلسۇن!

ئەگەر ئۇلار مېنى خاتا ھالدا سارالڭ دەپ چۈشەنسە، ئۇلارنى ئۆزۈمدىنمۇ بەكرەك ئەپۇ قىلىمەن. مەن ئۆزۈمگە رەھىمسىز بولۇپ كەلگەنمەن. شۇڭا، مەردلىكىم ئۇچۇن ئۆز - ئۆزۈمنى جازالايمەن.

زەھەرلىك چىۋىن ھەممە يېرىمنى چېقىپ بولدى. خۇددى سىيىق سۇ تامچىسى تېشىۋەتكەن تاش پارچىسىدەك بولۇپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق ئىدىم. «ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۆزىنىڭ ئەرزىمەسلىكى ئالدىدا گۇناھسىز» دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە.

بايىقىدىمكى، ئۆزىنى «رەھىمدىل» دەۋالغانلار زەھەرلىك چىۋىندۇر، ئۇلار پەقەت چېقىشنى، يالغان گەپ قىلىشنىلا بىلىدۇ. ئۇلار ماڭا ئادىل مۇئامىلە قىلسۇن!

رەھىمدىللار بىللە ياشايدىغانلارغا ھېسداشلىق قىلىپ يالغان سۆزلەشنى ئۆگىتىدۇ. ھېسداشلىق ئەركىن دىللارنى بىئارام قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى، رەھىمدىللارنىڭ ھاماقەتلىكىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ.

ئۆزىنى ۋە ھەممە نېمىسىنى يوشۇرۇشنى بۇ يەردىن بىلىۋالدىم. ئۇلارنىڭ خامۇشلۇقىنى چۈشەندىم. چۈشەندىم دېگىنىم، دەل ھېسداشلىق قىلىپ ئۇلارنى ئالداپ قويغىنىم.

ئۇلارنىڭ قانداق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشنى، قانداق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلالماسلىقىنى چۈشەندىم ھەم ھېس قىلدىم!

مېنىڭچە، ئاشۇ كەسكىن دانىشمەنلەرنىڭ چىچەنلىكى ئارتۇق، قەتئىيلىكى كەم، مەن سۆزمەنلىكنى ئاشۇنداق ئۆگەندىم.

گۆركار ئاغرىپ قالدى. چۈنكى، چىرىندىلەرنىڭ ئاستىدىن يىرگىنچلىك پۇراقلار چىقىپ تۇراتتى. بىز سازلىقنى قوچۇپ يۈرمەي، ئېگىز تاغدا ياشايلى.

ئاشۇ قۇۋناق بۇرنۇم تاغدىكى ئەركىن هاۋادىن يەنە نەپەس ئالدى! بۇرنۇم كىشىلەرنىڭ تۇتۇرۇقسىز كەيپىياتىدىن خالاس بولدى!

ساپ هاۋانىڭ غىدىقلىشىدىن، قەلبىم كۆۋەجىگەن مەينىڭ روهلاندۇرۇشىدىن چۈشكۈرۈپ كەتتى. ئۇ دەم چۈشكۈرەتتى، دەم ئۆزىگە تەنتەنە قىلىپ: «تېنىڭ سالامەت بولسۇن!» دەيتتى.

## 54. ئۈچ خىل رەزىللىك

### 1

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

بۈگۈن سەھەر كۆرگەن چۈشۈمدە، ئالەمنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ بۇ دۇنيانى تارازىغا تارتىپتىمەن.

ئاھ، بۇ سەھەر قانداق بالدۇر كەلگەن ـ هە! بۇ هەسەتخور مېنى پارلاق نۇرى بىلەن ئويغىتىۋەتتى! ئۇ هەمىشە سەھەردىكى چۈشۈمنىڭ نۇرىغا هەسەت قىلىدۇ.

ۋاقتى بار كىشىلەر ۋاقىتنى ئۆلچەيدۇ؛ تارازا تارتىدۇ؛ مەزمۇت قامەتى بارلار هەرقانداق يەرگە بارالايدۇ؛ ئىلاهىي ئامبۇر پال ئاچالايدۇ. چۈشۈمدىن شۇنداق دۇنيانى بايقىدىم.

چۈشۈم قەيسەر ماتروس، ئۇنىڭ يېرىمى كېمە، يېرىمى قاتتىق بوران، كېپىنەكتەك تىنچ، بۈركۈتتەك چەبدەس. بۈگۈن ئۇ قانداق بولۇپ دۇنيانى ئۆلچەپ قالدىكىنتاڭ؟!

مېنىڭ ئاشۇ خۇشخۇي ۋە سەگەك هەم پۈتكۈل «كائىنات»نى مازاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەيلىگۈچى ئەقلىم ئۇنىڭغا نېمە دېدىكىن؟ بەلكىم، ئۇ: «كۈچ غوجايىنى كۆپ ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ، شۇ چاغدا ئۇ تېخىمۇ كۈچلۈك كۆرۈنىدۇ» دېدى.

چۈشۈم بۇ دۇنيا توغرىسىدا تولىمۇ ئىشەنچ بىلەن ئويلانماقتا! ئۇ قىزىقمايدۇ، كونىغىمۇ يېپىشىۋالمايدۇ، قورقمايدۇ، تىلەپمۇ يۈرمەيدۇ.

خۇددى پىشقان ھەم سىپسىلىق بىر ئالتۇن ئالما ئالىقىنىمغا قويۇلغاندەك، دۇنيا ئالدىمدا يېيىلىپ تۇراتتى.

كىشىلەر سايىداپ ئۆتىدىغان باراقسان ھەم سايىدار، لېكىن ماڭا باش ئۇرمايدىغان مەزمۇت دەرەختەك دۇنيا يىراقتىن ماڭا روبىرو تۇراتتى.

خۇددى كەمتەر، نازۇك بىر قول كەمتەر ھەم ھۆرمەتلىك نەزەرلەرنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ئېچىلغان بىر قۇتىنى تۇتۇپ ماڭا يېقىنلاپ كەلگەنگە ئوخشاش دۇنيا ئۆزىنى ئاشكارىلىدى.

سىرلىق تىلسىمات بولمىغۇچە ئىنسانىيەتنىڭ كائىنات سىرىغا بولغان رىشتىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. سىرنى يەشمىگۈچە ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراستىنى ئاخىرلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۈگۈنلا شۇنى ھېس قىلدىمكى، گۈزەل ئەمەس دەپ قارالغان بۇ دۇنيا ئادىمىلىككە شۇنچە باي ئىكەن!

سەھەردىكى چۈشۈمگە رەھمەت. بۇ سەھەر مەن ئۇنىڭ بىلەن دۇنيانى ئۆلچىدىم. بۇ چۈش ۋە روھ تەسەللىچىسى ئادىمىلىككە باي گۈزەل نەرسە سۈپىتىدە ماڭا يېقىنلىدى!

كۈندۈزدىمۇ شۇنداق قىلىش ئۈچۈن ھەم ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى تەرەپلىرىنى قاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەڭ رەزىل ئۈچ ئىشنى تارازىغا قويۇپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ كۆزى بىلەن ئۆلچەپ باقماقچىمەن.

تايىنىشنى ئۆگەتكەن ئادەم قارغاشنىمۇ ئۆگىتىدۇ. بۇ دۇنيادا قارغاشقا تېگىشلىك ئۈچ ئىش قايسى؟ مەن ئۇلارنى تارازىغا قويماقچى.

ھاۋايى ـ ھەۋەس، ھوقۇق ھەۋىسى ۋە نەپس ــ بۇ ئۈچى ھازىرغا قەدەر قارغالغان ھەم دەتالاش قىلىنغان نەرسە. مەن بۇلارنى ئىنسانلارنىڭ كۆزى بىلەن ئۆلچەيمەن.

ئاھ، بۇ يەر دېڭىزىمنىڭ بۇرجىكى، ئۇياق بولسا دېڭىز. مەن ياخشى كۆرىدىغان قېرى ۋە ساداقەتمەن مىڭ باشلىق غەلىتە مەخلۇق قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ ماڭا يېقىنلاپ كەلمەكتە.

ئاھ، قايناق دېڭىزدا تارازا تۇتۇپ تۇرىمەن، گۇۋاھچىلىققا سېنى تاللىماقچىمەن. سېنى، ئەي، پىنھان دەرەخ، سېنىڭ باراقسان ياپراقلىرىڭ ۋە ئۆتكۈر خۇش پۇراقلىرىڭنى ياخشى كۆرىمەن!

ئەمدى، كېلەچككە قايسى كۆۋرۈكتىن مېڭىش كېرەك، قانداق چەكلىمە مەغرۇرلارنى بويسۇندۇرىدۇ، مەغرۇرلارنى تېخىمۇ مەغرۇر قىلىدىغان نەرسە نېمە؟

ئەمدى تارازا تەڭپۇڭ ھالەتتە توختاپ قالدى. بىر تەرەپتىكى پەللىگە ئۈچ چوڭ مەسىلىنى، يەنە بىر پەللىگە ئۈچ جاۋابىنى قويىمەن.

## 2

تەننى مەنسىتمەيدىغان دەرۋىشلەر ئۈچۈن ھاۋايى ـ ھەۋەس بىگىز سانجىلغاندەك ياكى ئوتقا دەسسىگەندەك قاتتىق ئازاب، شۇنىڭدىن «بۇ دۇنيا»غا ئوخشاش، زاھىتلارنىڭ قارغىشىغا قالىدىغان گەپ. چۈنكى، ھاۋايى ـ ھەۋەس خاتالىشىپ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان پىرلارنى مەسخىرە قىلىدۇ.

ھاۋايى ـ ھەۋەس تۆۋەندىكى ئاۋاملار ئۈچۈن ئۇلارنى قورقۇتىدىغان سۇس ئوت. لېكىن، قۇرت يېگەن ياغاچلار ياكى مەينەت لاتىلار ئۈچۈن ھاۋايى ـ ھەۋەس قىزىق مەشكە ئوخشايدۇ.

ئەركىن قەلب ئۈچۈن، ھاۋايى ـ ھەۋەس ساددىلىق ۋە ئەركىنلىك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھاۋايى ـ ھەۋەس زېمىن گۈلزارىنىڭ بەختى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلگۈسىنىڭ ھازىرغا بولغان مىننەتدارلىقى.

ئاجىزلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھاۋايى - ھەۋەس بىر خىل شېرىن زەھەر، لېكىن شىردەك ئىرادىلىك كىشىلەر ئۈچۈن مەدەتۇل ھايات ۋە ئۇزاق ساقلانغان شاراب.

ھاۋايى - ھەۋەس تەڭداشسىز بەخت ياكى شادلىقنىڭ سىمۋولى، چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھاۋايى - ھەۋەس نىكاھنىڭ ماھىيىتىنى نىكاھنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن قويىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىشمەيدىغانلىقىنى ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ھەممە ئىشلار بېسىپ چۈشىدۇ. ئەر - ئاياللارنىڭ بىر - بىرىنى شۇنچە چۈشەنمەيدىغانلىقىنى كىممۇ ھېس قىلسۇن!

لېكىن، مەن چوشقا ۋە سەيياھلارنىڭ بېغىمغا كىرىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئىدىيەم ۋە سۆزلىرىمنى قاشالىشىم كېرەك!

ھوقۇق ھەۋىسى رەھىمسىزلەرنىڭ ئوتلۇق قامچىسى ھەم رەھىمسىزلەرگە قارشى جازا، كىشىنى ئۆرتەيدىغان ئوت.

ھوقۇق ھەۋىسى پور، كاۋاك نەرسىلەرنى يوقىتىدىغان بىر خىل يەر تەۋرەش، ساختىپەزلەرنىڭ ھەشەمەتلىك قەبرىلىرىنى ۋەيران قىلغۇچى ھەم نامۇۋاپىق جاۋابقا بولغان گۇمان بەلگىسى.

ئىنسانلار ھوقۇق ھەۋىسىنىڭ زورىدا ئۆمىلەپ، چوشقا، يىلانلاردىنمۇ بەتتەر بولۇپ كېتىدۇ، تاكى دەھشەتلىك مەسخىرە ئىچ - ئىچىدىن چۇقان سالمىغۇچە.

ھوقۇق ھەۋىسى دەھشەتلىك مەسخىرىنىڭ ۋەھىملىك ئۇستازى، ئۇ شەھەر ۋە ئىمپېرىيە ئالدىدا «يوقال!» دەپ ۋارقىرايدۇ، تاكى ئۇلار سۈرەن سېلىپ: «خوپ، مەن كەتتىم!» دېگۈچە.

ھوقۇق ھەۋىسى يەنە ھەتتا كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈپ بىغۇبارلارنىڭ، يېگانىلەرنىڭ ۋە شۈكۈر - قانائەت بابىدىكى كاتتىلارنىڭ يەلكىسىگە چىقىۋالىدۇ ھەمدە ئۇپۇق لېۋىدە سۆسۈن رەڭ تۈس ئالغان

قۇتلۇق سۆيگۈدەك پارلايدۇ.

مەرتىۋىلىكلەر ئۇنىڭغا بويسۇنۇش تەقەززاسىدا تۇرغاندا، ھوقۇق ھەۋىسىنى كىممۇ قىزغىنلىق دېيەلىسۇن! راست، بۇنداق قىزغىنلىق ۋە بويسۇنۇشتا قىلچىلىك كېسەللىك ئالامىتى يوق!

تەنھالىق ئېگىزلىكلىرى مەڭگۇ تەنها ۋە قانائەتچان بولۇپ ئۆتۈپ كەتمىسۇن، تاغلار جىلغىلارغا چۈشسە، ئېگىزلىكتىكى شاماللار تۆزلەڭگە كەلسۇن.

ئاھ، بۇ خىل تەشنالىقنىڭ نامىشەرىپىنى كىممۇ ئېيتىپ بېرەلىسۇن؟ «ساخاۋەت ئەخلاق»، زوروئاستىر ئۇنىڭغا بۇرۇن ئاشۇنداق نام بەرگەنىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ تۇنجى قېتىم شەخسىي ھەۋەسنى، كۈچلۈك روھتىن كېلىپ تۇغۇلغان دىيانەتلىك، ياخشى ۋە ساغلام شەخسىي ھەۋەسنى ماختىدى.

بۇ كۈچلۈك روھ گۈزەل، شاد ـ خۇرام، ئالىيجاناب ۋۇجۇدقا ئىگە، بۇ ۋۇجۇدنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە ئەينەككە ئايلاندى.

بۇ مۇلايىم ۋە ئېپپەتلىك بەدەن، بۇ ئۇسسۇلچى، ئۇنىڭ سىمۋولى ۋە بارلىقى ئۆز ـ ئۆزىنى شادلاندۇرىدىغان روھ. تەن ۋە روھنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى شادلاندۇرۇشى «ئەخلاق» دېيىلىدۇ.

ئۆزىنى ئۆزى شادلاندۇرۇش خۇددى پاك پەلەي بىلەن قولىنى ئاسرىغاندەك ياخشى ۋە يامان سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى قوغدايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەسخىرىگە ئەرزىگۈدەك بارلىق نەرسىلەرنى بەختىنىڭ نامى بىلەن قوغدايدۇ.

ئۇ ھەم بارلىق ئاجىزلىقلارنى يوقاتتى. ئۇ «رەزىللىك — ئاجىزلىق!» دەيدۇ. ئۇنىڭچە، ھەمىشە تاما قىلىدىغان، قاقشايدىغان ۋە ئەرزىمەس نەپلەرنى كۆزلەيدىغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پەسكەش ۋە ئەرزىمەس نەرسىلەر.

ئۇ ئازاب ۋە شادلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەقىل ـ پاراسەتنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



مەسخىرە قىلىدۇ. راست، زۇلمەتتە ئېچىلغان ئەقىل ـ پاراسەتمۇ بار، لېكىن بۇ خىل ئەقىل ـ پاراسەت ھەمىشە «ھەممىسى بىكار» دەپ خورسىنىدۇ.

ئۇ خىجىلچان گۇماننى پەسكەش ھېسسىيات دەپ قارايدۇ. قەسەمنى ئۆزئارا تىكىش ۋە قول ئىشلىتىشتىنمۇ مۇھىم دەپ قارايدىغان ھەرقانداق ئادەم ئەقىل ـ پاراسەتتىن گۇمان قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ زەئىپ قەلبنىڭ نەمۇنىسى.

ئۇ يەردە يېتىپ قۇيرۇق شىپاڭلىتىدىغان، ھە دېسە خۇشامەت قىلىدىغان كىشىلەرنى تېخىمۇ پەسكەش دەپ قارايدۇ. ۋاھالەنكى، قۇيرۇق شىپاڭلىتىدىغان ئاشۇنداق ئەقىل ـ پاراسەتمۇ پەسكەش.

ئۇ يەنە ھەمىشە كەمسىتىلىپ ۋە خىجىللىقنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆزىنى قوغدىمايدىغان، ھەممىگە تاقەت قىلىپ رازى بولىدىغانلارغا ئۆچ ھەم بىزار. چۈنكى، بۇ قۇلنىڭ نەمۇنىسى.

مەيلى ئۇلار ئىلاھلارنىڭ مەسخىرىسىگە تىز پۈكسۇن ياكى ئىنسانلارنىڭ ھاماقەت پىكىرلىرىگە قۇل بولسۇن، بۇ دۇنياغا نائىل بولغان شەخسىيەتچى ھەۋەس بارلىق قۇللۇققا تۈكۈرىدۇ.

رەزىللىك ــ ئۇ بارلىق روھىي ئۆچۈش ۋە قۇللۇقنى شۇنداق ئاتايدۇ. يۇمشاقا مەجبۇرلانغان كۆز، ئېغىر بېسىمغا ئۇچرىغان يۈرەك، سۈنئىي سالاپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى زەئىپ، قېلىن كالپۇكلىرى بىلەن سۆيىدۇ.

ساختا ئەقىل ـ پاراسەت ــ قۇللارچە، قېرى ۋە زەئىپ دانىشمەنلەرنىڭ، بولۇپمۇ دىندارلارنىڭ بارلىق بىمەنە ئەسەبىي قىلمىشلىرىنى ئاشۇنداق ئاتايدۇ!

لېكىن، ئاشۇ ساختا دانىشمەنلەر، دىندارلار، تەركىدۇنيالار ئاياللاردەك نازۇكلۇق ۋە قۇللۇق تەبىئەتكە ئىگە كىشىلەر. ئاھ، ئۇلار شەخسىيەتكە باشتىن ـ ئاخىر زىيانكەشلىك قىلماقتا!

ئۇلار تېخى شەخسىي ھەۋەسكە بولغان زىيانكەشلىكنى ئەخلاق ۋە

پەزىلەت دەپ ئاتىششۋالىدۇ! «شەخسىيەتسىزلىك» ئاشۇ تەركىدۇنيا توخۇ يۈرەكلەر ۋە كىرىپىست ئاستىدىكى ئۆمۈچۈكلەر ئوچۇق ـ ئاشكارا باھانىلەر بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولغان نەرسە!

لېكىن، ئۇلارنىڭ كۈندۈزى، ئۆزگىرىشلىرى، ھۆكۈم شەمشىرى ۋە ئۇلۇغ چۈش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. ئەمدى نۇرغۇن نەرسىلەر ئاشكارىلىنىدۇ!

ئۆزلۈكنى تەلتۆكۈس ھەم مۇقەددەس كۆككە يۈزلەندۈرگۈچى ھەمدە شەخسىي ھەۋەسنى مەدھىيەلىگۈچى ـــ ئاشۇ بېشارەتچى بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى جاكارلىدى: «قاراڭلار، ئۇلۇغ چۈش پەيتى يېتىپ كەلدى! ئەنە ئازلا قالدى!»

## 55. قەتئىي روھ

### 1

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

مېنىڭ تىلىم ـــ ئاۋامنىڭ تىلى. مەن ئاشۇ تارتىنچاقلارغا سۆزلىگىنىمدە بەك قوپال ھەم تۈز سۆزلىدىم. ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئاڭلىسىمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلىدۇ.

مېنىڭ قولۇم ـــ ساراڭنىڭ قولى. ساراڭنىڭ يېزىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىدىغان شىرە، تام قاتارلىق بارلىق نەرسىلىرى نەقەدەر بەختسىز ـ ھە!

مېنىڭ ئاشقازىنىم ـــ راستتىنلا بۈركۈتنىڭ ئاشقازىنىمۇ؟ ئۇ پاقلان گۆشىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئەلۋەتتە قۇشنىڭ ئاشقازىنى.

ئاددىي ھەم ئازغىنە ئوزۇق بەدەنگە پايدىلىق، مەن قانات قېقىشقا دائىم تەييار، ئۆرلەشكە مۇشتاق، بۇ مېنىڭ تەبىئىتىم. تەبىئىتىمدە بەزى قۇشلارنىڭ مىجەزى نېمىشقا بولمىسۇن!

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولۇپمۇ، قەتئىيلىكتە بولغان ئۆچمەنلىكىم قوش تەبىئىتىمنىڭ ئىپادىسى. راست، چېكىدىن ئاشقان دۈشمەنلىكىم بولمىغان يەر يوق!

شۇڭا، كۆيلەيمەن — يەنە ئېيتىشىمنىمۇ خالايمەن، گەرچە ئايرىم بىر ئۆيدە يالغۇز تۇرساممۇ ئۆز ـ ئۆزۈمگە كۆيلەپ بېرىمەن.

ئەلۋەتتە، باشقا ھاپىزلار ئۆيگە لىق ئادەم تولغاندىلا ئاندىن گۈزەل ئاۋاز، نەپىس ھەرىكەت، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان نىگاھ ۋە سەگەك ئەقىللىگە ئىگە بولىدۇ، ئەمما مەن ئۇلارغا ئوخشاشمايمەن.

## 2

ئادەمگە ئۇچۇشنى ئۆگىتىدىغانلار ھامان بىر كۈنى بارلىق پاسىللارنى يوق قىلىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بارلىق پاسىل ئۆزى ئۇچۇپ كېتەلەيدۇ. ھېلىقى ئۇستاز بولسا زېمىننىغا باشقىدىن نام بېرىپ «يېنىك جىسىم» دەپ ئاتايدۇ.

تۆگىقۇشى ئاتتىنمۇ تېز. لېكىن، ئۇ بېشىنى ئېغىر تۇپراق ئىچىگە پاتۇرۇۋالىدۇ، ئۇچالمايدىغان كىشىلەرمۇ شۇنداق.

زېمىن ۋە ھايات ئىنسانلارغا نىسبەتەن يۈك، قەتئىيلىك شۇنداق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ! كىم قۇشتەك يەڭگىل بولىمەن دېسە، ئالدى بىلەن ئۆزىنى سۆيۈشى كېرەك. بۇ سىلەرگە دەپ قويىدىغىنىم.

كېسەل ياكى دەلدۈشلەرنىڭ مۇھەببىتىدەك مۇھەببەت بىلەن ئۆزىنى سۆيۈشكە مۇتلەق بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان سۆيگۈسىمۇ بەتبۇي!

ئادەم چوقۇم ئالدى بىلەن ئۆزىنى قانداق سۆيۈشنى ئۆگىنىشى كېرەك. مەن سىلەرگە دەپ قويىدىغىنىم، ئۆزىنى ساغلام، نورمال مۇھەببەت بىلەن سۆيۈش كېرەك، شۇندىلا ئادەم ئۆز ـ ئۆزى بىلەن چىقىشىپ، ئۆز روھىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ.

ئۆز روھىنىڭ سىرتىدا قالغانلار ئۆزىنى «چىقىشقاق» دەپ ئاتايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنى ئەڭ ساختا ۋە ياسىما سۆز بىلەن ئالدىغانلىق،

بولۇپمۇ دۇنيانى يوق دەپ قارايدىغانلارغا شۇنداق.

ئەمەلىيەتتە، بىزنى بوگۇن ياكى كەلگۇسىدىمۇ ئۆزىنى سۆيۈشنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلايدىغان كىشى يوق. ئۇ پەقەت بارلىق سەنئەت ئىچىدىكى ئەڭ نادىر، ئەڭ ئەپلىك ۋە ئەڭ ئەتراپلىق بىر تۈر.

قولىدىكى بارلىق نەرسىلەر ئۆز ئىگىسىگە نىسبەتەن يوچۇن، ئۆزىگە تەۋە بايلىق ھەمىشە ئەڭ ئاخىردا قېزىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەتئىيلىكتىن كېلىدۇ.

بىز تېخى زاكىدىكى چېغىمىزدىلا، بىزگە نۇرغۇن ئېغىر ئىسىملار ۋە قىممەتلەر يۈكلەنگەنىدى: «ياخشى» ۋە «يامان» — ئۇلار ئۆزىچە بۇنى تۇغمىلىق دەۋالغان. شۇڭا، بۇ ئىسىم ۋە قىممەت سەۋەبىدىن ھاياتلىقىمىز مەخپىرەتكە ئېرىشكەن.

شۇڭا، باللىق بولغان ۋاقتىمىزدا، ئۆزۈڭنى مۇۋاپىق سۆي دەپ چەكلەپ تۇرىمىز، بۇنىڭ ھەممىسىنى قەتئىيلىك روھى كەلتۈرۈپ چىققان.

بىز تۇغمىلىقىمىز ئاتا قىلغان بارلىق نەرسىلەرنى ساددىلىق بىلەن ئۆز ئۈستىمىزگە ئالدۇق، بىز ئۇنى يۈدۈپ خەتەرلىك تاغلاردىن ئۆتتۇق! تەرىمىز يامغۇردەك ئاققاندا، كىشىلەر: «راست، ھايات ئىنتايىن ئېغىر يۈك ئىكەن» دېيىشتى.

لېكىن، ئادەمنىڭ ئۆزىلا ئېغىر يۈك، چۈنكى ئۇنىڭ يەلكىسىدە تاشقىرىدىن كەلگەن نۇرغۇن نەرسىلەر بار. ئۇ خۇددى تۆگىدەك چۆكۈپ، كىشىلەرگە ئېغىر يۈكنى ئۆشنىسىگە ئارتقۇزىدۇ.

بولۇپمۇ، قاۋۇللۇقىدىن يۈك كۆتۈرەلەيدىغان ھەمدە قەلبىدە ھۆرمىتى بار كىشىلەرنىڭ يەلكىسىدىكى نام ۋە قىممەت تېخىمۇ كۆپ، شۇڭا ھايات ئۇلار ئۈچۈن باياۋان.

ئەمەلىيەتتە، ئەسلىدىنلا ئۆزىمىزگە تەۋە بولغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى يۈدۈپ مېڭىشمۇ ناھايىتى تەس! ئىنساندا قۇلۇلىگە ئوخشاش نۇرغۇن ئىچكە نەرسىلەر بار، غىلتاڭلىقىدىن كىشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۆيۈندۈرەلمەيدۇ.

شۇڭا، ئۇلارنىڭ قاملاشقان قىيپى بولۇش كېرەك. ئۇ گۈزەل زىننەتلىرى بىلەن ئۆزىنى ئاقلايدۇ. بىزمۇ مۇنۇ سەنئەتنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك: بىزدە بىر قاپ، بىر گۈزەل تاشقى قىياپەت ۋە زېرەك تەۋەككۈلچىلىك بولۇشى كېرەك!

يەنە كېلىپ نۇرغۇن ئىقابلار تازا چىرايلىق بولالمىغانلىقىدىن ئىنتايىن بىچارە. ئۇ پەقەتلا قاپتىن ئىبارەت بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر يوشۇرۇنغان، بىز ۋۇجۇدىمىزدا شۇنچە كۆپ ياخشىلىق ۋە كۈچنىڭ بارلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىدۇق. ساپ ئالتۇن زەرگەرنى تاپالمىدى.

ئەڭ ئېسىل ئايال ئۆز ھۆسنىنى قوغداشنى بىلىدۇ. ئاھ، تەقدىر قىسمىتى مانا مۇشۇنداق نازۇك پەرق تەرىپىدىن كېلىپ چىققان.

ئادەمنىڭ بايقىلىشى تەس، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن بايقىلىشى تەس، روھ ھەمىشە قەلبىگە كۆيۈنگەن بولۇۋالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قەتئىيلىك روھى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

لېكىن، ئۆزىنى بايقىغان كىشى «مانا بۇ مېنىڭ ياخشىلىقىم ۋە يامانلىقىم» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ھەممىسى ياخشى ـ يامان» دەپ ۋالاقلايدىغان قارىغۇلار ۋە پەتەكلەرنىڭ ئاغزى تۇۋاقلاندى.

دەرۋەقە، ھەممىسى ياخشى، بۇ دۇنيا ئەڭ ياخشى دەيدىغانلارنى مەنمۇ ياقتۇرمايمەن. مەن ئۇلارنى شۇكۇرچانلار دەپ ئاتايمەن.

قانائەتلىنىش قانداق تېتىشنى بىلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئەڭ ئېسىل تەم ئەمەس! مەن ئاشۇ جاھىل ۋە قۇسۇرچى تىل ۋە ئاشقازانلارغا بەكلا قايىلمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «مەن»، «ھە»، «ياق» دېيىشنى بىلىدۇ.

ئومۇمەن، يېيىش، ھەزىم قىلىش توڭگۇزنىڭ تەبىئىتى. ھەمىشە «ھەئە» دېيىش پەقەت ئېشەك ۋە ئېشەكتەك ئادەملەرنىڭ ئىشى.

مەن سېرىق ۋە قىزىل ئىككى خىل رەڭنى ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا، ھەمىشە قانغا ھەر خىل رەڭلەرنى ئارىلاشتۇرىمەن، بىر

كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ تېمىنى ئاقارتماقچى بولغىنى قەلبىنىمۇ ئاقارتماقچى بولغىنىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بەزىلەر مۇمىيالارغا مەستانە، بەزىلەر جىن ـ شاياتۇنلارغا، ھەر ئىككىسى قان بىلەن گۆشكە ئۆچ. ئاھ، بىزنىڭ ھەۋسىمىز نەقەدەر ئوخشاشمىغان ـ ھە! چۈنكى، مەن قاننى بەكلا سۆيىمەن.

مەن ھەممە ئادەم يىرگىنىدىغان تاشلاندۇق يەرلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن. مانا بۇ مېنىڭ ھەۋسىم. مەن ئوغرىلار ۋە ساختا گۇۋاھلار بىلەن بىللە تۇرۇشقا رازىمەن. ھېچقايسىسىنىڭ ئاغزىدا ئالتۇن يوق.

بىراق، باشقىلارنىڭ ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى يالايدىغانلارنىڭ قېنى ئادەمنى تېخىمۇ سەسكەندۈرىدۇ. مېنىڭچە، ئۇلار ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ يىرگىنچلىك مەخلۇقلار. مەن ئۇلارغا «پارازىت» دەپ ئات قويدۇم، ئۇلار مۇھەببەتنى كۆزلىسىمۇ، مۇھەببەتكە تايىنىپ ياشىماقچى بولىدۇ.

مۇنداق بىرلا خىل تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە كىشىلەر يىرتقۇچ بولالماي، ئۆي ھايۋىنى بولۇپ قالغانلار ئەڭ بەختسىزدۇر. مەن ئۆز چېدىرىمنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا تىكمەيمەن.

مەڭگۈ كۈتۈشكە گىرىپتار بولغان ئاشۇ كىشىلەر، مەن بۇلارنى ياقتۇرمايمەن، ئۇلار ئىنتايىن بەختسىز. ئۇلار باجگىرلار، سودىگەرلەر، سۇلتانلار، بايلار ۋە دۇكاندارلار.

راست، مەنمۇ كۈتۈشنى ئۆگىنىۋالدىم، بەلكى جان ـ دىلىم بىلەن. ئەمما، مەن پەقەت ئۆزۈمنىلا كۈتىمەن. يەنە تۇرۇشنى، ئالدىرىماي مېڭىشنى، يۈگۈرۈشنى، سەكرەشنى، يامىشىشنى ۋە ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىنىۋالدىم.

مانا بۇ مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇم، ئۇچماقچى بولغان ئادەم ئالدى بىلەن تۇرۇشنى، مېڭىشنى، يۈگۈرۈشنى، سەكرەشنى، يامىشىشنى ۋە ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك، بىراقلا ئۇچقىلى بولمايدۇ.

مەن شوتا، ئارغامچىلار بىلەن دېرىزىلەرگە يامىشىشنى، ئەپچىل

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



پۇتلىرىم بىلەن مومىغا چىقىشنى ئۆگىنىۋالدىم. مەن ئۇچۇن بىلىم ماچىتىسىنىڭ ئۇچىدا ئولتۇرۇش ئەرزىمەس بەختكە كىرمەيدۇ. ماچىتىنىڭ ئۇستىدە ئۇچقاندەك چاقناش گەرچە سۇس شولا تارتسىمۇ، ئوقۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان دېڭىزچىلار ۋە كېمىلەر ئۈچۈن ئەڭ زور تەسەللى!

مەن ئۆز ھەققىمگە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن بارىمەن. مەن كۆزلىگەن يۇكسەكلىك بىرلا شوتا بىلەن چىققىلى بولىدىغان يېقىن يەردە ئەمەس.

مەن باشقىلاردىن يول سوراشنى ياقتۇرمايمەن، بۇ ماڭا ياراشمايدۇ! يولنىڭ ئۆزىدىن سوراپ، سىناق قىلىپ مېڭىشقا ئامراقمەن.

سەپىرىمنىڭ ئۆزىلا سىناق ۋە ئىزدىنىش. راست، بىز يەنە مۇنداق مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك! بۇ مېنىڭ ھەۋىسىم!

بۇ پەقەت مېنىڭلا ھەۋىسىم، ياخشى ـ يامانلىق بىلەن ئالاقىسى يوق. بۇنىڭدىن خىجىل بولمايمەن ھەم ئۇنى يوشۇرمايمەن.

«بۇ مېنىڭ ھازىرقى يولۇم، سىلەرنىڭ قېنى؟» مەن «يول» سورىغانلارغا ئاشۇنداق جاۋاب بەردىم. چۈنكى، «ئۇ يول» مەۋجۇت ئەمەس!

## 56. كونا تىزىملىك ۋە يېڭى تىزىملىك

### 1

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

مەن بۇ يەردە كۈتمەكتىمەن. يىرتىلغان كونا جەدۋەل ۋە يېزىپ بولۇنمىغان يېڭى جەدۋەل ئەتراپىمدا چېچىلىپ ياتماقتا. مېنىڭ ۋاقتىم زادى قاچان توشىدۇ؟

مېنىڭ چۈشىدىغان ــ تاغدىن چۈشىدىغان ۋاقتىم قاچان يېتىپ كېلىدۇ؟ چۈنكى، مەن كىشىلەر ئارىسىغا قايتا بارماقچىمەن.

مەن شۇ ۋاقىتنى كۈتۈۋاتىمەن، ماڭا شۇ ۋاقىتتىن دېرەك بېرىدىغان سىگنال زۆرۈر، بۇ سىگنال دەل كۆلۈۋاتقان شىر ۋە كەپتەر.

كۈتۈش بىلەن بىللە، مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە سۆزلەپ راھەت ھېس قىلدىم. ماڭا يېڭى نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغان ئادىتىم يوق، شۇڭا مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە بەردىم.

## 2

بۇرۇن مەن كىشىلەر ئارىسىغا بارغىنىمدا، ئۇلارنىڭ قەدىمكى نەرسىلەرگە شەيدا بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىغانىدىم: ئۇلار نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇنلا سېزىپ بولغاندەك قىلاتتى.

ئۇلارچە، ئەخلاقتىن سۆز ئېچىش مەنىسىزلىك، ئەگەر كىم ياخشى ئۇخلاشنى ئويلايدىكەن، ئەلۋەتتە كارىۋاتقا چىقىشتىن بۇرۇن ياخشى ـ يامان ھەققىدە سۆزلىسۇن!

مەن ئۇلارغا بىر يارانقۇچىدىن باشقا ئادەم يوق دېگىنىمدە، ئۇلارنىڭ شېرىن چۈشىمۇ بەربات بولدى!

لېكىن، ئىنسانلار ئۇچۇن نىشان يارانقان ۋە زېمىنغا مەنە ھەم كېلەچەك ئاتا قىلغان ئاشۇ كىشىلا ياخشى ـ يامانىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

مەن ئۇلارنى كونا مۇنبەرنى ۋە بارلىق شەيدالىققا ئىگىلەنگەن بارلىق ئورۇنلارنى ئۆرۈۋېتىشكە دالالەت قىلغانىدىم؛ مەن ئۇلارنى ئەخلاق پىرلىرىنى، ئەۋلىيالارنى، شائىر ۋە ئىجادكارلارنى مەسخىرە قىلىشقا چاقىرغانىدىم.

مەن يەنە ئۇلارنى سۈرۈن پەيلاسوپلارنى، ھاياتلىق دەرىخىگە چىقىۋېلىپ مائارىپتىن گەپ ئاچىدىغان قاپقارا قارانچۇقلاردەك كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشقا چاقىرغانىدىم.

www.uyghurkitap.com



مەن ئۇلارنىڭ قەبرىسىدە ئولتۇرۇپ، ھەتتا جەسەتلەر ھەم قۇزغۇنلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە چىرىۋاتقان شان ـ شەرەپلىرىنى مەسخىرە قىلدىم.

راست، مەن تۇۋا ـ ئىستىغپارچىلار ۋە ساراڭلارغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە چاكىنىلىقىنى ئەيىبلىدىم. ئاھ، ئۇلارنىڭ دىيانىتىمۇ شۇقەدەر چاكىنا! ئاھ، ئىپلاسلىقىمۇ شۇقەدەر چاكىنا! شۇڭا، مەن ئۇلارنى مەسخىرە قىلدىم.

مېنىڭ ئاشۇ ئېگىز تاغدا تۇغۇلغان ئەقىل تەشنالىقىم قەلبىمدە پاراقلاپ كۆلدى. راست، ئۇ بىر خىل ياۋايى ئەقىل! ئۇ مېنىڭ پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلگەن تەشنالىقىم.

ئۇ ھەمىشە مېنى باشلاپ كۆلكە سادالىرى ئىچىدە پەرۋاز قىلدۇ. مەن ئاجايىپ بىر خۇشاللىق بىلەن ئوقيادەك تىترەپ ئۇچۇپ ئۆتمەكتىمەن.

ئۇ مېنى چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان يىراق كېلەچەككە، سەنئەتكارلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىنمۇ ئىسسىق جەنۇبقا ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان يالىڭاچ ئىلاھلار كىيىملەردىن نومۇس قىلاتتى.

تەمسىللەر بىلەن ئىپادىلەشنى ھەم شائىرلاردەك ئۆزىنى بېسىۋېلىشنى بىلسەم ئىدىم. مەن شائىر بولسام بولمايدىغانلىقىمدىن ھەقىقەتەن نومۇس قىلىمەن!

تۇيغۇمدا، ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئىلاھلارنىڭ يالىڭاچلىنىپ ئوينىغان ئۇسسۇللىرىدەك ۋە شاللاقلارچە يەڭگىلتەكلىرىدەك ئىدى، ھالبۇكى، توسقۇنسىز دۇنيادا ئۆزىنىڭ قىنىغا كىرىۋالغاندەكمۇ قىلاتتى.

گويا ئىلاھلارنىڭ ئەبەدىي تىنچىماس ئۆزلۈكى ئۆزىدىن قاچقاندەك ھەم ئۇنى يېڭىباشتىن ئىزدىگەندەك، ئىلاھلارنىڭ قۇتلانغان ئۆزلۈك توقۇنۇشلىرى ۋە يارىشىشلىرى ئۆزۈكسىز بولۇپ تۇرغاندەك.

تۇيغۇمدا، ئۇ يەردىكى پوتكول ۋاقىت پەقەت سانسىز دەقىقىلەر ئىچىدىكى قۇتلۇقلانغان بىر مەسخىرە، ئۇ يەردە ئېھتىياجنىڭ ئۆزى ئەركىنلىك، ئۇلار ئەركىنلىك زومىگەرلىرى بىلەن خۇشال ـ خۇرام ئوينايتتى.

مەن يەنە ئۇ يەردىن بۇرۇنقى رەھىمسىزلىك، رەزىللىك، قەتئىيلىك ۋە ئۇنىڭ ياراتمىشلىرى؛ چەكلىمە، ئېھتىياج، سەۋەب، نەتىجە، ئىراده ۋە ياخشى ـ يامانلىقلارنى ئۇچراتتىم.

ئۇ يەردە ئۇسسۇل ئويناپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن ھەرقانداق نەرسە زۆرۈر ئەمەسمۇ؟ يەڭگىللىك ۋە يەڭگىللەر ئۈچۈن ئاشۇ تولۇمچاشقان ۋە پالاكەت پەتەكلەر زۆرۈر ئەمەسمۇ؟

3

مەن «ئەۋلىيا» دېگەن بۇ سۆزنىمۇ شۇ يەردىكى يولدىن تېپىۋالغان، يەنە «ئادەم ھالقىشى لازىم» دېگەن سۆزمۇ بار.

ئىنسان پەقەت بىر كۆۋرۈك، مەقسەت ئەمەس. ئۇنىڭ چۈش پەيتى ۋە ئاخشىمى ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، چۈنكى ئۇلار يەنە بىر تاڭنىڭ ئەلچىلىرى.

زوروئاستېرنىڭ ئۇلۇغ چۈش پەيتى توغرىسىدىكى سۆزلىرى ۋە مەندەك ئىنسانلارنىڭ بېشى ئۈزرە ئېسىلغان ھال رەڭ كەچكى شەپەقنىڭ ئاداقىي نۇرلىرىغا ئوخشاش بارچە نەرسىدىن خۇشال بولۇڭلار.

راست، مەن ئۇلارغا يېڭى يۇلتۇزلارنى ۋە كېچە ئاسمىنىنى كۆرسەتتىم. خەندانلىرىمنى رەڭدار ساماۋى كۆنلۈك قىلىپ، بۇلۇتلار ئۆزرە كېچە ـ كۈندۈز يايدىم.

مەن ئۇلارغا بارلىق خىياللىرىم ۋە غايىلىرىمنى ئېيتتىم. ئۇ بولسىمۇ، پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بۆلەكلىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


سىرلارنى ۋە قورقۇنچلۇق تاسادىپىيلىقلارنى تەنها بىر ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش.

مەن قۇراشتۇرغۇچى، سىرلارنى يەشكۈچى ۋە تاسادىپىيلىقنى قۇتقۇزغۇچى سۈپىتىدە ئۇلارغا ئېيتتىم. كېلەچەكنى ۋە ئۆتمۈشتىكى بارلىق نەرسىلەرنى يارىتىش كېرەك، يارىتىش ئارقىلىق قۇتقۇزۇش كېرەك.

ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈشىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن «بولغان» بارلىقنى ياكى ئىرادە «شۇنداق بولدۇرماقچى ئىكەنمەن، چوقۇم بولىدىغان قىلىمەن!» دېگۈچە ئۆزگەرتىش كېرەك.

مەن بۇنى قۇتقۇزۇش دەپ ئاتايمەن ھەمدە ئۇلارغىمۇ پەقەتلا شۇنداق دەپ ئاتاشنى ئۆگەتتىم.

ئەمدى ئۆز نىجاتلىقىمنى كۈتمەكتىمەن، شۇندىلا مەن ئۇلارنىڭ قوينىغا ئاخىرقى قېتىم قايتىپ كېلەلەيمەن.

مەن كىشىلەر ئارىسىغا قايتىمەن، ئۇلارنىڭ قېشىدا ئاقىمەن. ئەڭ قىممەتلىك سوۋغامنى ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ئۇلارغا تەقدىم قىلىمەن!

مەن ئولتۇرغان قۇياش دېگەن بۇ دۆلەتمەندىن شۇنى ئۆگىنىۋالدىم: ئۇ بىھېساب ئالتۇنلىرىنى دېڭىزغا تۆكىدۇ.

شۇڭا، ئەڭ نامرات بېلىقچىمۇ ئالتۇن پالاق بىلەن كېمە ھەيدەيدۇ! مەن ئاشۇنداق مەنزىرىنى كۆرگەندىم، ھاياجانلىنىپ ياشلىرىمنى توختىتالماي قالغاندىم.

خۇددى ئاداققى قۇياشتەك زوروئاستېرمۇ غايىب بولىدۇ. ھازىر ئۇ بۇ يەردە كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ، ئەتراپىدا يىرتىلغان كونا تىزىملىك ۋە تېخى يېزىپ بولۇنمىغان يېڭى تىزىملىك تۇراتتى.

## 4

قاراڭلار، بۇ يېڭى تىزىملىك، لېكىن ئۇلارنى مەن بىلەن بىللە جىلغىلار ۋە ۋۇجۇدلار مەركىزىگە ئاپارغان قېرىنداشلىرىم قېنى؟

مېنىڭ ئۇلۇغۋار سۆيگۈم ئەڭ يىراقتىكى كىشىلەردىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇ: «قوشنىڭ ئۇچۇن باش قاتۇرۇپ كەتمە! ئادەم ھالقىشى كېرەك!»

ئىنسان ئۆزىدىن ھەر خىل يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق ھالقىپ بارىدۇ. گەپ تىرىشچانلىقتىدا! بىراق، پەقەت كاززاپلار شۇنداق ئويلايدۇ: «ئىنسان ئاتلاپ ئۆتىدۇ!»

ھەتتا، قوشنىڭ قەلبىدىكى سەندىنمۇ ھالقىشى كېرەك. ئۆزۈڭ ئېرىشەلەيدىغان ھوقۇق ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئىلتىپاتىغا ئايلىنىپ قالمىسۇن!

سەن باشقىلارغا قىلغاننى باشقىلار قايتۇرالمىسۇن. شۇ چاغدىلا ھەق مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇيرۇق قىلالمىغانلار بۇيرۇقنى كۈتسۇن. نۇرغۇن كىشىلەر گەرچە ئۆزىگە بۇيرۇق قىلالىسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا ئۆزىگە بويسۇنۇش ئىرادىسى يەنىلا ئىنتايىن كەم!

## 5

ئالىيجاناب قەلب شۇنى ئىستەيدۇ، ئۇلار مېھنەتسىز ئېرىشىشنى خالىمايدۇ، ھەتتا ھاياتلىقنىمۇ.

ئادەتتىكى كىشىلەر مېھنەتسىز ياشاشنى ئويلايدۇ. بىز ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، ھايات ئۆزىنى بىزگە تاپشۇرغانىكەن، بىز ھەر دائىم ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب قايتۇرۇشىمىزنى ئويلىشىمىز كېرەك!

شۇنداق بىر ھېكمەت بار: «ھاياتلىق لەۋزىنى قەدىرلە!» خۇشاللىق ئاتا قىلالمىغانلار خۇشاللىق سۈيىنى ئىچمىسۇن، ھالبۇكى، بىر ئادەمدە خۇشاللىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈش خىيالى بولمىسۇن!

شادلىق پەيزى بىلەن ساددىلىق ئەڭ نومۇس، ھەر ئىككىسى ئىنسانلارنىڭ ئىزدىنىشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئادەم ئۇلارغا ئەزەلدىنلا ئېرىشسە بولاتتى، لېكىن ئادەم گۇناھ بىلەن ئازابنى قوغلىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



6

ئەي، قېرىنداشلار، يولباشچىلار هامان قۇربان بېرىدۇ، مانا بىز يولباشچى!

قانلىرىمىز خىلقەت نەزىر - چىراغ سۇپىلىرىدا ئاقماقتا، بىز قەدىمىي مەبۇدلار ئۈچۈن ئىسرىققا ئايلاندۇق.

نەۋقىرانلىق بىزدىكى ئەڭ ياخشى شارائىت، بۇ ياشانغانلارنىڭ نەپسىنى قوزغايدۇ. گۆشىمىز ناھايىتى يۇمشاق، تېرىمىز قوزىنىڭ تېرىسى — بۇ مەبۇدلارغا چوقۇنىدىغان ئاشۇ قېرى دىندارلارنىڭ ھەۋسىنى نېمىشقا قوزغىمىسۇن!

مەبۇدلارغا چوقۇنىدىغان ئاشۇ قېرى يەنىلا قەلبىمىزدە، ئۇلار بىزنىڭ ئەڭ ياخشى نەرسىلىرىمىزدىن مەززىلىك غىزا تەييارلايدۇ. ئاھ، قېرىنداشلار، يولباشچىلار قۇربان بېرىشتىن قانداقمۇ ساقلىنالىسۇن!

بىراق، بىزنىڭ ئۆلگىمىزمۇ شۇنداق ئۈمىد قىلىدۇ، مەنمۇ يالغۇز ئۆزىنىلا ئويلىمايدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىمەن. مەن بارلىق سۆيگۈم بىلەن ئاشۇ قۇربان بەرگۈچىلەرنى سۆيىمەن. چۈنكى، ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتتى.

7

سەمىمىيلىك — ناھايىتى ئاز كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ! ئەمما، قولىدىن كېلىدىغانلار سەمىمىيلىك قىلىشنى خالىمايدۇ، ھېچبولمىغاندا ئاق كۆڭۈللەر شۇنداق!

ئەي، ئاق كۆڭۈل كىشى! ياخشى ئادەم مەڭگۈ راست گەپ قىلمايدۇ! بۇنداق ئاق كۆڭۈللۈك بىر خىل روھىي كېسەللىكتۇر.

ئاشۇ ئاق كۆڭۈللەر ئۆزگە تىز پۈكىدۇ. خەق نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى بويسۇنۇش، ئەمما كىشىگە بويسۇنغان ئادەم چوقۇم ئۆزگە ئىشەنمەيدۇ!

ئاق كۆڭۈللەر رەزىللىك دەپ قارىغان نەرسىلەر توپلىنىپ ھەقىقەتكە ئايلانسۇن. ئاھ، قېرىنداشلار، سىلەردە شۇ ھەقىقەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان يېتەرلىك رەزىللىك بارمۇ؟

قارامىلىق، گۇمانخورلۇق، رەھىمسىز ئىنكارچىلىق، بىزارلىق، كەسكىنلىك ــ مانا بۇلارنىڭ بىر گەۋدە بولۇشى شۇقەدەر ئاز ئۇچرايدۇ! لېكىن، پەقەت مۇشۇنداق ئۇرۇقتىنلا ھەقىقەت ئۈنۈپ چىقىدۇ!

بىلىم شۇملۇقنىڭ قېشىدىن ئۈنۈپ چىققان. يىرتىقلار! سىلەر، ئەي، تالىپلار، بارلىق كونا تىزىملىكلەرنى سۆكۈڭلار!

## 8

سۇدا تاختايلارنى يىغىپ كۆۋرۈك ياسىغاندا، راست، ئەگەر كىمدەكىم: «ھەممىسى ئاقماقتا» دېسە، ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ.

ھەتتا ساراڭنىڭمۇ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ: «نېمە؟ ھەممىسى ئاقماقتا؟ ياغاچ كۆۋرۈك دەريادا شۇ پېتى تۇرمامدۇ؟» دەيدۇ.

«دەريادىكى ھەممە نەرسە جايىدا، بارلىق قىممەت، كۆۋرۈك، مەن ۋە ‹ياخشى›، ‹يامان›لارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقىدەكلا!»

ئۇزاق ئۆتمەي، دەريا ئىستېلاچىسى ــ قەھرىتان قىش يېتىپ كەلدى. چېچەن كىشىلەرمۇ (ساراڭلار ئەمەس) گۇمان قىلىپ سورىدى: «ھەممە نەرسە، شۇ پېتى تۇرۇۋاتامدۇ؟»

«بىرىمۇ ئۆزگەرمىدى.» بۇ دەل قىشنىڭ ئېتىقادى، كىرىزىس دەۋرىدىكى ئىزگۇ بېشارەت، ئۇچەككە كىرگەنلەر ۋە ئوچاق ئالدىدىكىلەرنىڭ تەسەللىسى!

«بىرىمۇ ئۆزگەرمىدى.» لېكىن، چېچەك جۇدۇنى قارشىلىق كۆرسەتمەكتە.

چېچەك جۇدۇنى ساپاندىن يىراق بۇقا، تىرىتەك بۇزغۇنچى. ئۇ غەزەپلىك مۈڭگۈزلىرى بىلەن مۇزلارنى يېرىۋەتتى! مۇز پارچىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتتى!

ئاھ، قېرىنداشلار، ئەمدى ھەممىسى ئېنىقۋاتامدۇ، تاختاي ۋە سالاسۇنلارنىڭ ھەممىسى غۇلىدى ئەمەسمۇ، يەنە كىم «ياخشى»، «يامان» دا جاھىللارچە تۇرۇۋېرەر؟

«بىز نېمىدېگەن بىتەلەي ھەم نېمىدېگەن تەلەيلىك! ئېرىتكۈچى چېچەك جۇدۇنى كۆتۈرۈلدى! قېرىنداشلار، ياخشى ـ يامان ھەققىدە كوچا ـ كويلارغا خەۋەر قىلىڭلار!»

## 9

شۇنداق، بىر قەدىمىي خام خىيال بار. ئۇنىڭ ئوربىتىسى ھەمىشە مۇنەججىملەرنىڭ ئەتراپىدا پىرقىرايدۇ.

بۇرۇنقىلار پالغا ئىشىنەتتى، شۇڭا ئۇلار «ھەممە ئىش ئىختىيارىڭلاردا، قىلىمەن دېگىنىڭنى قىلالايسەن» دەپ قارايدۇ.

ئاھ، قېرىنداشلار، ھازىرغىچە بىز سەييارىلەر ۋە كېلەچەك ھەققىدىكى خام خىيالدىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمىدۇق: ياخشى ـ يامان توغرىسىدا ئىنگە بولغانلىرىمىزمۇ بىلىم ئەمەس، خام خىيال.

## 10

«تالان ـ تاراج قىلما ھەم قەتل قىلما!» بۇنداق ئاگاھلار بۇرۇن ئىلاھىي تەرزدە چۈشىنىلگەن، كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئۇرغان، ئاياغلىرىنى سېلىشقان.

لېكىن، دەپ بېقىڭلارچۇ، دۇنيادا ئاشۇ ئىلاھىي ئاگاھلاردىنمۇ قەبىھ بۇلاڭچىلىق ۋە قاتىللىق بارمۇ، ھاياتنىڭ ھەربىر دەقىقىسى بۇلاڭچىلىق ۋە قاتىللىققا تولغانمۇ، بۇ ئىلاھىي تەرزدە چۈشىنىلگەندە پەقەت زىيانكەشلىككە ئۇچرىمامدۇ؟

ياكى بۇ خىل ھاياتلىقتىن چەتلىگەن، ھاياتلىققا پۈتلىكاشاڭ بولغان ئىلاھىي ئاگاھلار ئۆلۈم ھەققىدىكى تەبىرمۇ؟

ئاھ، قېرىنداشلىرىم، يىرتىڭلار! مەن ئۇچۇن بۇ كونا تىزىملىكلەرنى يىرتىپ تاشلاڭلار!

## 11

مانا بۇ مېنىڭ ئۆتمۈشكە بولغان ھېسداشلىقىم، مەن ئۆتمۈشنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم.

پۈتكۈل ئۆتمۈش كېلەچەكتىكى ھەربىر دەۋرنىڭ سۆيگۈسىگە، روھىغا ۋە ئەسەبىيلىكىگە تاشلانغان ھەمدە كېلەچەكتىكى ھەربىر دەۋرنى ئۆزىنىڭ كۆۋرۈكى قىلغان!

بەلكىم، كاتتا ئەلەمدار ياكى پەمى بار قالتىس بىر ئادەم تارتۇقلاش ۋە جازالاش ئارقىلىق ئۆتمۈشنى ئۆزىنىڭ كۆۋرۈكىگە، بىر بېشارەتچى ئەلچىگە ياكى چاقىرىقىغا ئايلاندۇرالىشى مۇمكىن.

لېكىن، يەنە بىر خەۋپمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ يەنە بىر ھېسداشلىقىم. ئاددىي كىشىلەر پەقەت ئۆز ئاتا ـ بوۋىسىنى ئەسلەيدۇ. ئەمما، ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن بىللە كەلمەسكە كەتكەن.

پۈتكۈل ئۆتمۈش مانا مۇشۇنداق تاشلانغان، بەلكىم بىركۈنى ئاددىي كىشىلەر غوجايىنغا ئايلىنىپ، ۋاقىتنى تېيىز سۇدا تۇنجۇقتۇرۇۋېتەر.

شۇڭا، قېرىنداشلىرىم، بىزدە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بولۇشى زۆرۈر. ئۇلار ئاددىي كىشىلەر ۋە كۆكەرمىلەرنىڭ رەقىبىگە ئايلىنىدۇ ھەمدە «ئالىيجانابلىق» دېگەن سۆزنى يېڭى مۇقامغا كۆتۈرىدۇ.

يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۇچۇن ھەر خىل ئالىيجاناب كىشىلەرگە موھتاجمىز. مەن تەمسىل قىلغاندەك: «تەڭرى بولماي نۇرغۇن ئىلاھلارنىڭ بولۇشى دەل ئىلاھىيلىقتۇر!»

## 12

ئاھ، قېرىنداشلىرىم، مەن يېڭى ئاقسۆڭەك بولۇش سۈپىتىم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



بىلەن سىلەرگە يېڭى ئاقسۆڭەك بولۇش يوللىرىنى كۆرسىتىمەن. سىلەر كىلەچەكنىڭ ياراتقۇچىسى، يەر ھەيدىگۈچىسى ۋە تېرىمچىسى.

راست، سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ئاقسۆڭەك بولۇڭلار، چۈنكى، باھالىق نەرسە تايىنى يوق بولۇپ چىقىدۇ.

شانۇشەۋكىتىڭلار كەلگەن يېرىڭلاردا ئەمەس — بولغان يېرىڭلاردا! ئىراده ۋە ئۆزۈكىسىز ھالقىشىڭلار دەل سىلەرنىڭ شانۇشەۋكىتىڭلار!

راست، شانۇشەۋكىتىڭلار خاقانغا خىزمەت قىلغىنىڭلاردا ئەمەس (خاقان قانچىلىك نېمىتى؟) ھەم سىلەرنىڭ بار نەرسىلەرنى قوغدايدىغان ۋە تاكامۇللاشتۇرىدىغان قالقان بولۇشۇڭلاردا ئەمەس!

نەسەبىڭلارنىڭ خان ئوردىسىدىكى ئىمتىيازىدا ئەمەس ھەم سۇدا ئۆزاق تۇرىدىغان قىزىل تۇرنىدەك ھۆسن تۈزگىنىڭلاردىمۇ ئەمەس.

(تەخت ئالدىدا ئۆرە تۇرۇش ۋەزىرلەرگە قىلىنغان ئالاھىدە ئىلتىپات، ئولتۇرۇش بولسا ئۆلۈمدىن كېيىنكى بەخت!)

ھەتتا، «مۇقەددەس روھ» ئەجدادىڭلارنى تەگرى باشلاپ كىرىشنى ۋەدە قىلغان دىياردا ئەمەس. مەن بۇنى خالىمايمەن!

چۈنكى، رەزىللىك ئورمىنى — چارمىخ قەد كۆتۈرگەن جايلار مەدھىيەلەشكە ئەرزىمەيدۇ!

راست، «مۇقەددەس روھ» ئۆز چەۋەندازلىرىنى قەيەرگە باشلىمىسۇن، بەزىبىر قوزىچاقلار، ئۆردەكلەر، ساراڭلار ۋە غەيرىي كىشىلەر سەپىنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ!

ئاھ، قېرىنداشلار، ئاقسۆڭەك بولمىش سىلەر كەينىڭلارغا ئەمەس، ئالدىڭلارغا قاراڭلار. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ھەرقانداق ۋەتەن ۋە تۇپراقنىڭ سىرتىغا سۈرگۈن قىلىنغان دەپ قاراڭلار!

ئەۋلادلارنىڭ تۇپرىقىنى سۆيۈڭلار! بۇ سۆيگۈنى يېڭى ئالىيجانابلىقا ئايلاندۇرۇڭلار، يىراق دېڭىزدىكى بايقالمىغان جاينى مەڭگۈ توختىماي ئىزدەڭلار!

ئەۋلادىڭلار ئالدىدا بۇرۇنقىلارنىڭ ئەۋلادى بولغىنىڭلاردىن تۇۋا

قىلىڭلار، پۈتكۈل ئۆتمۈشنى ئەنە شۇنداق قۇتقۇزۇش كېرەك! مەن بۇ يېڭى تىزىملىكنى سىلەرگە قويدۇم!

## 13

بۇ دۇنيادا نېمىشقا ياشايمىز؟ ھەممىسى قۇپقۇرۇق! ياشاش ئوت - چۆپ ئورۇش ۋە ھارارەتسىز كۆيۈش ئۈچۈن.

مۇشۇنداق دەستەكلەر يەنىلا «ئەقىل - پاراسەت» دەپ قارالغان، پەقەتلا قەدىمىي بولغانلىقى ھەم بىخسىغانلىقى ئۈچۈنلا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. بىخسىشمۇ قىممەتنى ئاشۇرىدۇ.

بالىلار شۇنداق دېسە بولىدۇ: ئۇلار ئوتتىن قورقىدۇ، چۈنكى ئوت ئۇلارنى كۆيدۈرگەن! قەدىمكى ئەقىلنىڭ قەدىمىي كىتابلىرى ئەنە شۇنداق گۆدەكلىكلەر بىلەن تولغان.

چۆپ ئورۇيدىغانلار قوناق ئاقلىغانلارنى قانداق مەسخىرە قىلالىسۇن؟ بۇ ساراڭلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايلى! بۇلار ئوزۇق - تۈلۈك ئەكەلمىگەن، ھەتتا ئېچىرقىماي تۇرۇپلا شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ، «ھەممىسى قۇپقۇرۇق» دەپ جۆيلۈشكەن. قېرىنداشلار، قارنى يامانلىق ناشۇدلۇق سەنئىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ! يىرتىڭلار! ھايات پەيزىنى چۈشەنمىگەن بۇ كىشىلەرنىڭ تىزىملىكلىرىنى، مەنە ئۈچۈن يىرتىپ تاشلاڭلار!

## 14

— پاكلارنىڭ نەزىرىدە ھەممە نەرسە پاك، — دەيدۇ كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى. لېكىن، مەن سىلەرگە ئېيتسام، توڭگۇزنىڭ نەزىرىدە ھەممە نەرسە توڭگۇزغا ئايلىنىدۇ!

بۇ دۇنيا مەينەت بىر مەخلۇق، شۇڭا، ئاشۇ خىيالپەرەسلەر ۋە كەچكىچە باش كۆتۈرمەي ئويلايدىغانلار شۇنداق دەيدۇ.

بۇ ئاشۇ ئادەملەر روھىنىڭ ناپاكلىقىدىن، بولۇپمۇ دۇنيانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەكسىنى كۆرمىسە كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان زاھىتلار تۇپەيلىدىن بولغان!

گەرچە بۇ گەپ قۇلاققا ياقمىسىمۇ، يەنىلا شۇلارغا يۈزتۇرا ئېيتىمەن:

ــ بۇ دۇنيانىڭ خۇددى بىز ئادەملەرگە ئوخشاش، ئۇنىڭمۇ ئەكس تەرىپى بار. بۇ، قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت!

بۇ دۇنيادا نۇرغۇن مەينەت نەرسىلەر بار. بۇمۇ قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت! ئەمما، دۇنيانىڭ ئۆزى بۇ سەۋەبلەردىن ناپاك مەخلۇققا ئايلىنىپ كەتمەيدۇ!

«بۇ دۇنيادا نۇرغۇن سېسىق پۇراقلار بار» دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز بار، يىرگىنچنىڭ ئۆزى قاناتنى ۋە مەنبەنى ئىزدەيدىغان كۈچنى يارىتىدۇ.

ئەڭ ياخشى نەرسىلەر ئىچىدىمۇ يىرگىنچلىك ئامىللارنىڭ بولۇشىدىن ساقلىنىش تەس. شۇڭا، ئۇمۇ ھالقىتىلىشى كېرەك!

ئاھ، قېرىنداشلىرىم، «بۇ دۇنيادا نۇرغۇن مەينەت نەرسىلەر بار.» بۇ ناھايىتى ھېكمەتلىك بىر سۆز.

## 15

مەن تەقۋادار زاھىتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىشىنى ئاڭلىدىم، گەرچە ئاللىقانداق غەرەز بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق يامان ئىش بولماس!

دۇنيانى مۇشۇ خىل ھالەتتە ساقلايلى. بۇنىڭغا ئازراقمۇ قارشى تۇرمايلى! خەلقنى بوغماقچى بولغان، قىرماقچى بولغان، شىلماقچى بولغان ئاشۇ كىشىلەر شۇنداق قىلىۋەرسۇن، بىز ئۇنىڭغا باش چايقىمايلى! شۇ چاغدىلا ئۇلار بۇ دۇنيادىن قانداق ۋاز كېچىشنى بىلىدىغان بولىدۇ!

ئەقلىڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن بوغ. چۈنكى، ئۇ بۇ دۇنيانىڭ ئەقلى.

شۇ چاغدىلا سەنمۇ بۇ دۇنيادىن قانداق ۋاز كېچىشنى بىلىسەن.
ئاھ، قېرىنداشلىرىم، يىرتىڭلار! ئاشۇ ساداقەتمەنلەرنىڭ كونا تىزىملىكلىرىنى يىرتىڭلار! بۇ دۇنيانى قارىلىغۇچىلارنىڭ ھېكمەتلىرىنى يىرتىپ تاشلاڭلار!

## 16

كۆپنى بىلگەنلەر كۆچلۈك ھەۋەسنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، كىشىلەر قاراڭغۇ كوچىلاردا ئاشۇنداق كۇسۇرلاشماقتا.

ئەقىل ـ پاراسەت كىشىنى چارچىتىدۇ، ھەممىسى بىكار، ھېچقانداق ھەۋەس ۋەسۋەسىسىدە بولماڭلار! مەن رەستىلەرگە ئاشۇنداق يېڭى تىزىملىكلەرنىڭ ئېسىلغىنىنى كۆردۇم.

ئاھ، قېرىنداشلار، بۇ يېڭى تىزىملىكنىمۇ مەن ئۈچۈن يىرتىپ تاشلاڭلار! ئۇنى تەركىدۇنيالار، ئۆلۈم تەرغىباتچىلىرى ۋە گۇندىپايلار ئېسىپ قويۇشقان. بۇمۇ قۇللۇق ھەققىدىكى تەلىمات.

ئۇلار ياخشى نەرسىلەرنى ئۆگىنەلمىگەن، بەلكى بالدۇر ھەم تېز ئۆگىنىۋەتكەن! ئۇلار ياخشى ئوزۇقلانمىغاچقا ئاشقازىنى ۋە ئۇچەيلىرى بۇزۇلغان.

ئۇلار روھى كاردىن چىققان ئاشقازان. ئۇ ئۆلۈم تىلىمەكتە! راست، قېرىنداشلار، روھنىڭ ئۆزىلا ئاشقازاندۇر.

ھاياتلىق ئەسلىدە شادلىق بۇلىقى، لېكىن ئازابنىڭ ئانىسى بولغان بۇزۇق ئاشقازان بارلىق بۇلاقلارنىڭ سۈيى زەھەرلەنگەن دەپ قاقشىماقتا.

ئىزدىنىش ــ شىردەك ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقى. يىرىم يولدا ھېرىپ قالىدىغان كىشىلەر ئىرادىنىڭ خالىغانچە يېتەكلىشىگە قېلىپ، دولقۇنلاردا سەرسان بولىدۇ.

مانا بۇ ئاجىزلارنىڭ تەبىئىتى: ئۇلار ھەمىشە يېرىم يولدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ھارغىنلىق ئۇلاردىن شۇنداق سورايدۇ: «بۇ يولغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



نېمىشقا ماڭدۇق؟ ئەمەلىيەتتە ھەممىسى ئوخشاشقۇ!»

ئۇلار بۇ گەپنى ناھايىتى يېقىملىق ھېس قىلىدۇ: «ھەممىسى قۇپقۇرۇق! ئىرادە تىكلىشىڭلار ھاجەتسىز!» لېكىن، بۇ قۇللۇق ھەققىدىكى تەلىمدۇر.

ئاھ، قېرىنداشلىرىم، زورۇئاستېرىنىڭ كېلىشى، چارچىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن بەئەينى ئويغاتقۇچ بوران. بۇ تۇپەيلى نۇرغۇنلار تىنماي چۇشكۇرىدۇ!

ئاشۇ ئەركىن تىنىقلىرىم تۇرمە تاملىرىدىن ئۆتۈپ، ئەسىر روھلارغا يەتتى!

ئىرادە ھەممىنى ئازادە قىلالايدۇ، چۈنكى ئىرادە باغلاش ئىجادىي ھەرىكەت.

مەن شۇنداق جاكارلايمەن. سىلەر پەقەت يارىتىش ئۈچۈنلا ئۆگىنىڭلار!

بەلكى، پەقەت مەندىنلا ئۆگەنسەڭلار، ھەقىقىي ئۆگىنەلەيسىلەر! — ئاڭلاشقا قادىرلار ئاڭلىسۇن!

## 17

كېمە ئۇ يەردە، بەلكىم ئۇ چەكسىز يوقلۇققا قاراپ مېڭىشى مۇمكىن. بىراق، ئاشۇ نامەلۇم «ئېھتىماللىق» قا قاراپ مېڭىشنى كىم خالىسۇن؟

سىلەر بۇ ئۆلۈم كېمىسىگە چىقىشنى خالىمايسىلەر! ئۇنداقتا، دۇنيادىن نېمىشقا زېرىكىسىلەر؟

ئەي، تەركىدۇنيالار! سىلەر بۇ زېمىندىن تېخى چېكىنمىدىڭلار! بايقىشىمچە، سىلەر زېمىندىن يەنىلا تامادىسىلەر، ھەتتا، زېمىندىن زېرىكىشكە تەشنا!

لېۋىڭلار بىكار مىدىرلىغان ئەمەس، ئۇنىڭدا زېمىنغا تالىق كىچىككىنە بىر ئارزۇ بار! كۆزۈڭلاردا بولسا زېمىننىڭ پاراغىتىنى

تاشلاپ كېتەلمەيدىغان بىر پارچە بولۇت لەيلەپ تۇرامدۇ؟
زېمىندا نۇرغۇن ئاجايىپ كەشپىياتلار بار، ئۇنىڭ بەزىلىرى ئۇنۇمدار، بەزىلىرىگە دىلخۇمار. شۇڭا، زېمىن يەنىلا سۆيۈملۈك.
تېخىمۇ كۆپ كەشپىياتلار بار، ئۇلار ئايالالارنىڭ كۆكسىدەك ھەم ئۇنۇملۇك، ھەم كۆڭۈللۈك.
سىلەر، ئەي، تەركىدۇنيالار، ھورۇنلار، دائىم دەككە يەپ تۇرۇغلار! روھىڭلارنى پەقەت قامچىلا سەگەكلەشتۈرىدۇ.
سىلەر زېمىن تەرىپىدىن تاشلانغان كېسەلمەنلەر ياكى ئاجىزلاردىن بولمىساڭلارلا، ھىيلىگەر، ھورۇن ھايۋانلار ياكى يەپ ـ ئىچىپ ئويناشنىلا بىلىدىغان ھورۇن مۇشۇكلەر. ئەگەر، روھلۇق يۈگۈرۈشنى داۋاملاشتۇرمىساڭلار، شاللىنىپ قالىسىلەر!
قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان كېسەللەرنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالاش ھاجەتسىز. زوروئاستىر شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ، شۇڭا يەنىلا ئۆلگىنىڭلار تۈزۈك!
بىراق، ئاخىرلاشتۇرۇش شېئىر يېزىشتىنمۇ ئارتۇق جاسارەتنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنى دوختۇر ۋە شائىرلانىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.

## 18

ئاھ، قېرىنداشلىرىم، بەزى قىممەتنى بىزارلىق بىلەن چىرىك ھورۇنلۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان، گەرچە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە ھېچقانداق پەرق بولمىسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئوخشاشمايدىغان نۇقتىدىن ئاڭلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.
قاراڭلار، بۇ سولغۇن كىشىگە. ئۇ ئۆز نىشانىغا يېتىشكە بىر غېرىچ قالغاندا، بىزارلىق تۈپەيلىدىن ياتقان ئورنىدىن تۇرمىدى. ئۇ باتۇر كىشى!
ئۇ ئۆزىنىڭ يولىدىن، زېمىنىدىن، نىشانىدىن، ھەتتا ئۆزىدىن زېرىككەچكە توختىماي ئەسنەيتتى. ئالدىغا بىر قەدەم ئارتۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مېڭىشنىمۇ خالىمايتتى ــ ئۇ باتۇر كىشى!

ئەمدى، قۇياش نۇرى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇراتتى، ئىتلار تەرلىرىنى يالايتتى، لېكىن ئۇ چاڭقاپ ئۆلۈپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتسىمۇ ئورنىدىن تۇرالمايتتى.

ئىشانغا غېرىچ ئارىلىق قالغاندا چاڭقاپ ئۆلۈش! راست، ئۇنىڭ چېچىدىن سۆرەپ، جەننەتتىكە ئەكىرىپ قويۇڭلار بۇ باتۇر قەھرىماننى!

بىراق، سىلەر ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا تەگمەڭلار، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇيقۇ ئالۋاستىسى سالقىن يامغۇرلىرى بىلەن ئۇنى پەپىلەپ ئۇخلىتىپ قويىدۇ.

ئۇنى ياتقىلى قويۇڭلار، تاكى ئۆزى ئويغانغۇچە تاكى ئۇ بىزارلىققا ۋە بىزارلىق ئۆگەتكەن نەرسىلەرگە قارشىلىق قىلغۇچە!

لېكىن، قېرىنداشلار، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئىتلارنى، ھورۇنلارنى ۋە ئۆمىلەپ يۈرگەن پارازىتلارنى ئېھتىيات بىلەن ھەيدىۋېتىڭلار.

قەھرىماننىڭ قان ـ تەرىنى شوراپ ياشايدىغان مەلۇماتلىق پارازىتلارنى!

## 19

بىر مۇقەددەس پاسىل دەپ ئەتراپىمغا چەمبەر سىزدىم، تاغقا ئېگىزلەپ چىققانسېرى، ماڭا ئەگەشكۈچىلەر ئازىيىدۇ: شۇنىڭ بىلەن مەن نۇرغۇن ئىلاھىي تاغلارنى تۇتاشتۇرۇپ، تىزما ھاسىل قىلدىم.

ئاھ، قېرىنداشلىرىم، ماڭا ئەگىشىپ نەگە بارساڭلار مەيلى، بىراق پارازىتلارنىڭ ھەمراھلىقىدىن ساقلىنىڭلار!

پارازىت تۈگۈلۈپ تۇرىدىغان ئۆمىلىگۈچى، ئۇ ھەمىشە سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلار ۋە جاراھىتىڭلار ئارقىلىق ئۆزىنى سەمرىتىشنى ئويلايدۇ.

ئۇنىڭ ھۈنىرى قايسىبىر تاغقا چىققۇچىنىڭ بىزار بولۇشىنى

تېپىشتا، ئۇ سىلەرنىڭ ئازابىڭلارغا، چۈشكۈنلۈكۈڭلارغا ۋە سەزگۈر قورقۇنچۇڭلارغا كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئۆۋىسىنى قۇرىدۇ.

غالىبلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئالىيجانابلارنىڭ يۇمشاقلىقى ئۇلارنىڭ ئۇۋۇا ياسايدىغان جايى، پارازىتلارنىڭ نورغۇنلىرى كاتتىلارنىڭ جاراھىتىدە ماكان تۇتىدۇ.

جاندارلارنىڭ قايسىلىرى ئېسىل، قايسىلىرى پەس؟ ئەڭ پەس، ئەڭ ئېسىل جاندارلار نۇرغۇن پارازىتلارنى باقىدۇ.

چۈنكى، ئەڭ ئۇزۇن شوتىغا ئىگە روھلار كۆپ ھاللاردا ئەڭ پەس يەرگە چۈشەلەيدۇ، شۇڭا پارازىتلار قانداقمۇ ئۇنىڭغا يېپىشمىسۇن؟

ئاشۇ تاكامۇل روھ ئۆزىنى باشلاپ يۈگۈرەتتى، سەيلە قىلاتتى. ھەتتا ئېزىپ قالاتتى، ئاشۇ نامرات روھ خۇشاللىقتا ئۆزىنى تاسادىپىيلىققا تاپشۇراتتى.

ئاشۇ مەۋجۇت روھلار تۇراقسىزلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى، جىن چاپلاشقان ئاشۇ روھ ھەۋەس ۋە پىكىرگە ئېرىشمەكچى.

ئاشۇ ئۆزىدىن قېچىۋاتقان روھلار چوڭ چەمبەرنى ئايلىنىپ ئۆزىنى قوغلايدۇ، چېچەن روھلار بولسا دۆتلەرگە ئەڭ تەسىرلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەيدۇ.

ئۆزىنى ئەڭ سۆيىدىغان روھلارنىڭ ئىچىدە ھەممە نەرسىلەر ئۆز ئالدىغا ئۆرلەپ، ئۆز ئالدىغا چۆكىدۇ ھەم كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدۇ. ئاھ، ئەڭ يۈكسەك روھتا ئەڭ ناچار پارازىتلار قانداقمۇ بولمىسۇن؟

## 20

ئاھ، قېرىنداشلىرىم، مەن رەھىمسىزمۇ؟ بىراق دېمەكچىمەنكى: بۇزۇلغان نەرسىلەرنى تېخىمۇ بۇزايلى!

ھەممىسى بۇزۇلۇپ چىرىمەكتە، مەھكەم ئېسىلىۋېلىشنى كىم خالىسۇن! لېكىن، مەن تېخىمۇ بەك بۇزسام دەيمەن!

سىلەر تاشنى ھاڭغا غۇلىتىش شادلىقىنى ھېس قىلىپ باققانمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قاراڭلار، بۇ بۇگۈن كىشىلىرىگە! ئۇلار سىنىڭ ھاڭلىرىڭغا غۇلىماقتا!
ئاھ، قېرىنداشلىرىم، مەن ئەڭ ئۇستا رولچىنى سەھنىگە جەلپ قىلىدىغان مۇقەددىمە ھەم نەمۇنە! ماڭا ئەگىشىڭلار!
شۇنداق تەكلىپ بېرەي، سەن بىر ئادەمگە ئۇچۇشنى ئۆگىتەلمىسەڭ، ئۇنىڭغا تېزرەك چۈشۈشنى ئۆگەت!

## 21

باتۇرلارنى سۆيىمەن، لېكىن شەمشەرۋازلىقنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئەمەس — ئۇ يەنە ھۇنىرىنى قانداق يەردە ئىشلىتىشنى بىلىشى كېرەك!
بەزىدە ئەرزىگۇدەك دۈشمەننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قېشىدىن چاندۇرماي ئۆتۈپ كېتىشمۇ باتۇرلۇقتۇر!
نەپرەتلىك دۈشمىنىڭلار بولسۇنكى، كەمسىتىلگەن دۈشمەنلەر بولمىسۇن. سىلەر ئاشۇنداق دۈشمىنىڭلارنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنەلەيسىلەر. مەن سىلەرگە شۇنى دەۋەت قىلىمەن.
ئاھ، قېرىنداشلىرىم، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئەرزىگۇدەك دۈشمەننى ساقلاپ قېلىڭلار، شۇڭا، بەزىلەرگە قارىماي ئۆتۈپ كەتسەڭلارمۇ بولىدۇ.
بولۇپمۇ دۆلەت ۋە مىللەت ھەققىدە گەپ ساتىدىغان نادان ئاۋامغا.
ئۇلارنىڭ «ئاپىرىن» لىرى ۋە «قارشىلىق» لىرىغا نەزەر سالماي كۆزۈڭلارنىڭ پاكلىقىنى ساقلاڭلار! ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياندىكىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىغۇدەك نۇرغۇن ھەق ـ ناھەقلەر بار.
قاراپ تۇرۇش بىلەن قىرغىنچىلىقنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاش، شۇڭا ئورمانلىقتا كېتىپ شەمشىرىڭلارنى قىنىغا سېلىڭلار!
ئۆز يولۇڭلاردا مېڭىڭلار! دۆلەت ۋە مىللەتمۇ ئۆز يولىدا ماڭسۇن! راست، قاراڭغۇ يوللاردا ئۈمىد شولىسىنى زادىلا كۆرگىلى بولمايدۇ! سودىگەر ئۆز ئالتۇنى پارقىرىغان يەرنى باشقۇرسۇن! ئەمدى پادىشاھلىق

دەۋرى ئەمەس، ئۆزىنى خەلق دەۋالغان ئاۋامغا پادىشاھ زايە كېتىدۇ.

دۆلەتلەرمۇ ئوخشاش كۆزىتىدۇ ھەم ئۆزئارا سىر تۇتۇشىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «ئىناق قوشنىدارلىقى». ئۆتمۈشتىكى قۇۋناق يىراق دەۋردە بىر مىللەت شۇنداق دېگەن: «مەن بارلىق مىللەتكە ھۆكۈمران بولىمەن!»

شۇڭا، قېرىنداشلىرىم، بۇ دۇنيانى سەرخىللار ئىدارە قىلىشى كېرەك ھەم سەرخىللارنىڭ ئۆزىمۇ بۇ دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇشنى ئويلايدۇ! بۇنىڭغا يات پىكىرلەر بار يەردە چوقۇم سەرخىللارمۇ كەم.

## 22

ئەگەر ئۇلار تەييارتاپ بولسا، بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! ئۇلار يەنە نېمە تەلەپ قىلاركىن! ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى — ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىشرەتلىرىنىڭ كۆلپەتلىكلىكى ھەيران قالارلىق ئەمەس!

ئۇلار گۆشخور هايۋان. «ئۇلارنىڭ خىزمىتى»دە يەنە تالان ـ تاراجمۇ بار. «كىرىم قىلىش دەستۇرى»مۇ ھىيلىگەرلىكتىن خالىي ئەمەس. شۇڭا، ئۇلار كۆلپەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ!

ئۇلار بىرقەدەر ئۈستۈن، چېچەن، چاققان ھەمدە ئىنسانغا تېخىمۇ يېقىن گۆشخور هايۋانغا ئايلىنىشى كېرەك. چۈنكى، ئىنسانلار ئەڭ سەرخىل گۆشخور هايۋان.

ئىنسانلار ھەممە هايۋانلىقنى باشتىلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ مەخلۇقلار ئارىسىدىكى زىيادە ئازابىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. پەقەت، قۇشلارلا ئىنسان ئۈستىدە، ئەگەر ئىنسانلار يەنە ئۇچۇشنىمۇ ئۆگەنمەكچى بولسا، يا ھەزرەت، ئۇلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى قانچىلىك بولۇپ كېتەر!

## 23

شۇنى دەيمەنكى: ئەرلەر جەڭگە لايىق، ئاياللار تۇغۇتقا. لېكىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەر ئىككىسى بېشى ھەم پۇتلىرى بىلەن ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

ئۇسسۇلسىز كۆڭلەرنى زىيادە دەپ بىلىڭلار: خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلمىگەن ھەقىقەتنى ساختا دەڭلار!

## 24

ئاگاھ بولۇڭلار، تويۇڭلار ناچار بىرلىك بولۇپ قالمىسۇن! بىرلىشىشىڭلار تېز بولغاچقا، ئاجرىشىشىڭلارمۇ ناھايىتى تېز!

بىراق، نىكاھنىڭ بۇزۇلۇشى ئۇنىڭ زورلىنىشى ۋە ئالدىنىشىدىن ياخشى! بىر ئايال ماڭا شۇنداق دېگەن: «توغرا، مەن نىكاھنى بۇزدۇم، چۈنكى نىكاھ مېنى بۇزغان.»

ئەر - خوتۇنلارنىڭ قىساسخورلۇقى بەك كۈچلۈك، بۇرۇنقىدەك يالغۇز ئۆتكىلى بولمىغاچقا، ئۇلار ئازابنىڭ تەمىنى ھەممىگە تەڭ تېتىتىدۇ.

شۇڭا، سەمىمىي كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە شۇنى جېكىپ تۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلىمەن:

بىز بىر - بىرىمىزنى سۆيىمىز. بۇنى قەدىرلەيلى! ئۇنداق بولمىسا، قەسەملىرىمىز يالغان بولۇپ چىقمامدۇ؟

بىزگە مۆھلەت ۋە ئاز - تولا بىرلىك ئاتا قىل، تېخىمۇ زور بىرلىككە مۇۋاپىق كېلەمدۇ - يوق، بۇنى بىلىشىمىز كېرەك! چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ بىرلىششى ھەقىقەتەن چوڭ ئىش.

سەمىمىي كىشىلەرگە شۇنداق دەيمەن: شۇنداق دەۋەت قىلسام، ئەۋلىيا ۋە كېلەچەككە بولغان مۇھەببىتىمدىن گەپ ئاچقىلى بولامدۇ؟!

كۆپىيىشىڭلار ئالدىغىلا ئەمەس، ئۇستىگىمۇ بولۇشى كېرەك. ئاھ، قېرىنداشلىرىم، نىكاھ باغچىسى سىلەرگە ھىممەت ئاتا قىلسۇن!

## 25

قەدىمىي مەنبەنى چۈشەنگەن ئادەم كېلەچەكنىڭ بولىقى ۋە يېڭى مەنبەسىنى ئىزدەيدۇ.

ئاھ، قېرىنداشلار، يېڭى مىللەت گۈللەنمەكتە، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېڭى بۇلاقلار يېڭى چوڭقۇرلۇقتا قاراپ ئاقماقتا. يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن نۇرغۇن بۇلاقلار ئېتىلىپ قېلىپ، ئېغىر قۇرغاقچىلىق كېلىپ چىققان. ئەمما، ئۇ زېمىننىڭ ئىچكى كۈچى ۋە سىرى ئۈچۈن يورۇقلۇق ئەكەلگەن.

يەر تەۋرەش نۇرغۇن يېڭى بۇلاقلارنى ئاشكارىلىغان، ھەمىشە قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ ھالاكىتىدىن يېڭى بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقىدۇ.

«قاراڭلار، بۇ يەردە چاڭقىغانلار ئىچسە بولىدىغان بۇلاقلار بار، ئارمان ئىشقىدا كۆيگەنلەرگە تەسەللى بېرىدىغان قەلبلەر بار. قورال قىلسا بولىدىغان ئىرادە بار» دەپ كىم ۋارقىرىسا ۋارقىرىسۇن، بەربىر ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر مىللەت توپلىنىشىدۇ، يەنى سىناق قىلغۇچىلار.

ئەمىرلەر ئەمرنى قوبۇل قىلالىشى كېرەك. مانا بۇ ئۇلار قىلماقچى بولغان سىناق. ئاھ، ئۇ توختىماي ئىزدەش، يېشىش، يوقىتىش، ئۆگىنىش ۋە قايتا سىناق قىلىدىغان ئۇزاق جەريان!

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىلا بىر سىناق (مەن شۇنداق قارايمەن) ھەم ئۇزاق ئىزدىنىشتۇر. ئۇ ھۆكۈمران ئىزدەيدۇ.

قېرىنداشلىرىم، ئۇ سىناق، كېلىشىم ئۇنى يىرتىڭلار. ئاجىزلار ۋە ئالىقاپلارنىڭ ۋەزلىرىنى يىرتىپ تاشلاڭلار!

## 26

ئاھ، قېرىنداشلىرىم! ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكىگە ئەڭ زور خەۋپنى ئەكەلگەن كىم؟ دەل ئاشۇ ياخشىلار ۋە ئادىللار ئەمەسمۇ؟

ئۇلار ئىچىدە شۇنداق ئويلايدۇ: «بىز ياخشىلىق ۋە ئادالەتنى بۇرۇنلا بىلىپ بولغان، ئۇلار بىزدە. ئالدىراش ئىزدىنىۋاتقان ئاشۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن پاجىئەلىك!»

رەزىللىك قانچىلىك رەزىللىك قىلمىسۇن، ياخشىلارنىڭ زىيىنى ئۇلارغا قارىغاندا ئەبەدىي زور بولىدۇ.

ئاھ، قېرىنداشلىرىم، ياخشى ۋە ئادىل كىشىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىققان بىر ئادەم شۇنداق دېدى: «ئۇلارنىڭ ھەممىسى فارسەلەر» لېكىن، كىشىلەر بۇ گەپنى چۈشەنمىدى.

ياخشىلار ۋە ئادىللارمۇ چۈشەنمىدى، ئۇلارنىڭ روھى ئۆز ۋىجدانى تەرىپىدىن قامال قىلىنغان. ياخشىلارنىڭ ھاماقەتلىكى تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان چېچەنلىك.

لېكىن بۇ يالغان ئەمەس: ئاشۇ ياخشىلار چوقۇم فارسەلەر، ئۇلارنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتى يوق!

مانا بۇمۇ ئەمەلىيەت: ئاشۇ ياخشىلار چوقۇم ئۆز ئالدىغا ئەخلاق كەشىپ قىلغان كىشىلەرنى چارمىخ بىلەن مىخلايدۇ.

ياخشىلار ۋە ئادىللارنىڭ دۆلىتىنى، قەلبىنى، ئانا تۇپرىقىنى بايقىغان يەنە بىر ئادەم سورىدى:

— ئۇلار كىمگە ئەڭ ئۆچ؟

ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغىنى ياراتقۇچى ۋە كونا جەدۋەل، كونا جەدۋەلنى بەربات قىلغۇچى. ئۇلار ئەبەدىلئەبەد ئاخىرلىششىنىڭ باشلىنىشى.

ئۇلار يېڭى جەدۋەلگە يېڭى قىممەت يازغانلارنى چارمىخ قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن كېلەچەكنى قۇربان قىلىدۇ! ئۇلارنىڭ مىخلىنىشى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكى.

ياخشىلار — ئۇلارنىڭ ئاخىرلىششىنىڭ باشلىنىشى.

## 27

ئاھ، قېرىنداشلىرىم، بۇ گەپنى ۋە مەن بۇرۇن ئېيتقان «ئەڭ ئاخىرقى ئادەمنى» چۈشەندىڭلارمۇ؟

ئىنسانىيەت كېلەچىكىگە ئەڭ زور خەۋپنى ئەكەلگەن زادى كىم، دەل ئاشۇ ياخشىلار ۋە ئادىللار ئەمەسمۇ؟

قوغلاڭلار، ياخشىلار ۋە ئادىللارنى!

ئاھ، قېرىنداشلىرىم، چۈشەندىڭلارمۇ؟

## 28

سىلەر مەندىن قېچىۋاتامسىلەر، بۇ گەپنى ئاڭلاپلا سىلەرنى تىترەك باستىمۇ؟

ئاھ، قېرىنداشلىرىم، پەقەت مەنلا سىلەرنى ياخشىلارنى قوغلىۋېتىشكە، جەدۋەللىرىنى يىرتىپ تاشلاشقا ئۈندەپ، ئىنسانلارنى ئۆز دېڭىزىدا ماڭدۇرالايمەن.

بۇ چاغدا، قاتتىق ۋەھىمىلەر، ئەتراپلىق نەزەر، ئېغىر كېسەللىك، قەي قىلىش ۋە بېشى قېيىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ بېشىغا كەلدى.

ياخشىلار سىلەرگە نۇرغۇن ساختا دېڭىز ساھىللىرى ۋە بەختەرلىك ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتكەن، سىلەر بۇرۇندىنلا ياخشىلارنىڭ يالغان سۆزى ئىچىدە ياشىدىڭلار، ياخشىلار بارلىق نەرسىلەرنى ئاللىبۇرۇنلا بۇرمىلاپ تاشلىغان. «ئىنسانىيەت ئىقلىمىنى بايقىغانلار» «ئىنسانىيەت كېلەچىكى» نىڭ ئىقلىمىنىمۇ بايقىيالايدۇ. ئەمدى مېنىڭ قەيسەر ۋە ئىرادىلىك ماتروسۇم بولۇڭلار!

قېرىنداشلار، دەل ۋاقتىدا ئىلگىرىلەڭلار! دېڭىز ئەۋجىمەكتە، نۇرغۇنلار سىلەر ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزماقچى.

دېڭىز ئەۋجىمەكتە، ھەممىسى دېڭىزدا، روھلىرىڭلار! ئەي،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىرلىق يەتكەن ماتروس قەلبى!

ۋەتەن دېگەن نېمىتى! كېمىمىزنىڭ بېشى بالىلار ئىقلىمىغا يۈزلەنگەن! ئالغا، قايناق ئارزۇيىمىز ئەۋجىپ تۇرغان دېڭىزدىنمۇ جۇشقۇن!

## 29

— سەن نېمە ئۈچۈن بۇنچە قاتتىق! — دېدى كۆمۈر ئالماسقا، — بىز يېقىن تۇغقان ئەمەسمۇ؟

— سىلەر نېمە ئۈچۈن بۇنچە يۇمشاق، ئەي، قېرىنداشلار؟ — دەپ سورىدىم مەن، — سىلەر قېرىندىشىم ئەمەسمۇ؟

سىلەر نېمىشقا بۇنچە يۇمشاق، شۇنچە بويسۇنغان ۋە يول قويغان، قەلبىڭلاردا نېمىشقا شۇنچە كۆپ ئىنكار ۋە ئۆزىنى چەكلەش، كۆزۈڭلاردا تەقدىرنىڭ سايىسى نېمىشقا شۇنچە كەم؟

ئەگەر سىلەر تەقدىرنىڭ سىمۋولى ۋە تاش يۈرەك، رەھىمسىز بولالمىساڭلار، ئۇنداقتا، كەلگۈسىدىكى ئىستىلاچىلىقنى قانداقمۇ مەن بىلەن بىللە قىلالايسىلەر؟

ياراتقۇچى ئەزەلدىنلا قەتئىي. ناۋادا سىلەرنىڭ بارماق ئىزىڭلار مىڭلىغان يىللار ئىچىدىمۇ ئۆچمىسە ئۇنى بەخت دەپ بىلىڭلار.

ئىرادىنى مىڭلىغان يىللار ئىچىگە مىسقا خەت ئويغاندەك ئويساڭلار، بۇمۇ بىر خىل بەخت. ئەڭ قەتئىيلىك — ئەڭ ئالىيجانابلىق.

ئاھ، قېرىنداشلار، مەن بۇ يېڭى تىزىملىكنى باش ئۇستۇڭلارغا ئېسىپ قويدۇم. قەتئىي بولۇڭلار!

## 30

ئاھ، ھەي، ئىرادەم! بارلىق ھاجىتىمنى ئۆزگەرتتىڭ! ئەرزىمەس غالىبلىقتىن ساقلىدىڭ!

سەن روھىمنى باشقۇرىدىغان تەقدىر! سەن روھىم ئىچىدە ھەم سىرتىدا! سەن مەن ئۈچۈن ئۇلۇغ بىر تەقدىرنى ساقلاپ قوي!

ئىرادەم! ئۇلۇغلۇقۇڭنى ئەڭ ئاخىرىغا ئېلىپ قوي، شۇندىلا غالىبىيەت ئىچىدە سوغۇققان بولۇپ، ھاياجانلىنىپ كەتمەيسەن! ئاھ، كىممۇ ئۆز غەلىبىسىگە ئۇۋۇلىنىپ باقمىغان!

ئاھ، كىمنىڭ كۆزى كىشىنى مەست قىلىدىغان بۇ گۇگۇمدا خىرەلەشمىگەن! كىمنىڭ پۇتى غەلىبە ئىچىدە تىترەپ، ئۆرە تۇرۇشنى ئۇنتۇپ كەتمىگەن!

مەن ھامان بىر كۈنى ئۇلۇغ چۈش پەيتىدە قىيامىمغا يېتىمەن، بەئەينى پارقىرايدىغان ئالتۇندەك، گۈلدۈرلەشكە تەييارلانغان بۇلۇتتەك، تولغان ئەمچەكتەك!

ئۆزۈم ئۈچۈن ھەم ئەڭ پىنھان ئىرادە ئۈچۈن تەييارمەن، خۇددى كىرىچ ئوقياغا، ئوقيا ئۆز يۇلتۇزىغا ئالدىرىغاندەك، بىر چۈش پەيتىدە پىشىپ يېتىلگەن يۇلتۇز بەربات قىلىنغان قۇياش ئوقياسىدىن ئېتىلدى، ئۆتتى، قۇت تىلىدى.

قۇياش ۋە ئۇنىڭ رەھىمسىز ئىرادىسى غەلىبە ئىچىدە ئۆزىنى پارە قىلىشقا تەييار!

ئاھ، ئىرادەم، بارلىق ھاجەتلىرىمنى ئۆزگەرتىنىڭ! ماڭا ئۇلۇغ بىر غالىبىيەتنى ساقلاپ قوي!

## 57. ساقايغان كىشى

### 1

زورو ئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

زورو ئاستېر تاغقا قايتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، بىر كۈنى سەھەردە كارىۋاتتىن ساراڭدەك چاچراپ تۇردى ـ دە، خۇددى كارىۋىتىدا قوپقۇسى كەلمەي ياتقان يەنە بىر ئادەم باردەك ۋارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قورقۇنچلۇق ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بىركوتى ۋە يىلىنى قورقىنىچە يېنىغا كەلدى. ئەتراپتىكى جانىۋارلار يۈگۈرۈپ، ئۇچۇپ، ئۆمىلەپ، سەكرەپ دېگۈدەك ئۆز ئۇۋىسىنى تاشلاپ قاچتى. زوروئاستېر گەپ باشلىدى:

ــ تۇر، قەلبىم چوڭقۇرلۇقىدىكى تەگسىز پىكىرلەر! مەن سېنىڭ خورىزىڭ ۋە سەھىرىڭ. تۇر، ئەي، غايىل چەرەندە! تۇر! ئاۋازىمدىن بۇرۇنراق تۇرساڭ بولمامتى؟!

قۇلىقىڭدىن پاختىنى ئېلىۋېتىپ ئاڭلا! گېپىمنى دەيمەن! تۇر! تۇر! قەبرىلەرنى لەرزىگە كەلتۈرگۈچى گۈلدۈرماما ياڭرىدى.

كۆزۈڭنى ئۇۋۇلاپ، ئۇيقۇسىراش ۋە خىرەلىكنى يوق قىل! سۆزۈمنى كۆزۈڭ بىلەن ئاڭلا! ئاۋازىم توغما ئەمالارنى ساقايتىدۇ. ئويغىتىلساڭلار مەڭگۈ ئۇخلاپ قالمايسىلەر. مەن ئەجدادلارنى ئويغىتىپ، يەنە ئۇيقۇغا ئۇندەشكە كۆنمىگەن!

سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، كېرىلگەن هالدا پۇشۇلدىدىڭمۇ؟ تۇر! تۇر! پۇشۇلداپ تۇرۇۋەرمەي، ماڭا گەپ قىل! زوروئاستېر، دەھرى زوروئاستېر سېنى چاقىرىدۇ!

مەن ــ زوروئاستېر هاياتنىڭ ئاشىقى، كۈلپەتنىڭ ئاقلىغۇچىسى، قايتىشنىڭ ۋائىزى سېنى چاقىردىم، ئەي، ئۇلۇغ چوڭقۇر پىكىرلىرىم! يېقىنلىشىۋاتقان تىۋىشىڭنى ئاڭلىدىم! قەلبىمدە شادلىق چوڭقۇرلۇقۇم گەپ باشلىدى. چوڭقۇرلۇقۇمنىڭ يۈزلىنىشىنى ئۆزگەرتتىم!

خۇشالمەن! يېقىنراق كەل! قولۇڭنى بەر. ئاھ، بولدىلا! هەي! يىرگىنچ، يىرگىنچ، يىرگىنچ. مەن نېمىدېگەن غېرىب!

## 2

زوروئاستېر گېپىنى تۈگىتىپ، ئۆلۈكتەك يىقىلدى هەم ئۇزاققىچە تۇرمىدى. ئۇ هوشىغا كەلگەندە چىرايى تاتىرىپ كەتكەن

بولۇپ، توختىماي تىترەيتتى. ئۇ يەنىلا ياتاتتى. ئۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك تاماقتىن قالغان بولۇپ، ئاردىن يەتتە كۈن ئۆتتى، ئۇنىڭ بۆركۈتى ۋە يىلىنى كىچە ـ كۈندۈز قوغدىدى. بۆركۈت پات ـ پات ئۇزۇق ئىزدەپ چىقاتتى. ئۇ تېپىپ كەلگەن نەرسىلەرنى زورۇئاستېرنىڭ كارىۋىتىغا قوياتتى. شۇنداق قىلىپ، زورۇئاستېر بۈلجۈرگەن، ئۈزۈم، ئالما، قىزىلچا ۋە قارىغاي مېۋىسى دېگەندەك نۇرغۇن مېۋىلەرنىڭ ئارىسىدا قالدى. يەنە ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئىككى پاقلان ياتاتتى. بۇلارنى بولسا بۆركۈت چوپانلار يېنىدىن زور مۇشەققەت بىلەن ئوغرىلاپ كەلگەنىدى.

زورۇئاستېر يەتتە كۈندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بىر قىزىل ئالمىنى پۇراپ، ئىنتايىن خۇشبۇي ھېس قىلدى. بۆركۈت ۋە يىلان ئۇنىڭغا گەپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلدى.

ــ ئاھ، زورۇئاستېر، ــ دېدى ئۇلار، ــ سەن يەتتە كۈن ئۇخلىدىڭ، تۇرغۇڭ يوقمۇ؟

غارىڭدىن چىق، بۇ دۇنيا سېنى گۈلباغدەك ياسىنىپ كۈتمەكتە، شامال ھىدلىرىڭنى ئىزدەيدۇ، ئېرىقلار ساڭا ئەگىشىپ ئاقىدۇ.

بۇ يەتتە كۈن ئىچىدە ھەممە سېنىڭ غېمىڭدە. غارىڭدىن چىق، ئۇلار سېنى داۋالىماقچى!

بەلكىم، سەن ئۇيقۇ ئىچىدە يېڭى، ئازابلىق تونۇشلارغا كەلگەنسەن! سەن خۇددى بىر تەڭنە بولۇق خېمىردەك ياتتىڭ، روھىڭ كۆپتى.

ــ ئاھ، مېنىڭ بۆركۈت ۋە يىلىنىم، ــ دېدى زورۇئاستېر، ــ سۆزلەۋېرىڭلار، سۆزۈڭلاردىن تېتىكلىشىپ قالدىم. مېنىڭچە، پىكىر بار يەردە دۇنيا گۈلىستاندۇر.

بۇ سۆزلەر نەقەدەر سېھىرلىك، بۇلار مەڭگۈلۈكتە ھەممىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ھەسەن ـ ھۈسەن ۋە خىيالىي ساماۋى ئەمەسمۇ؟

ھەربىر روھنىڭ ئۆزىگە خاس دۇنياسى بار، ئۇ باشقا روھقا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



نىسبەتەن تامامەن باشقا دۇنيا.

ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتى كىشىلەرنى ئالدىيالايدۇ. چۈنكى، كۆپ ھاللاردا كىچىك ئىرىقلاردىن ئاتلاش ئەڭ تەسكە توختايدۇ. مېنىڭچە، مەندىن سىرتقى نەرسىلەرنىڭ بولۇشى قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ ياق، سىرتىمدا ھېچنېمە يوق!

لېكىن، بىز ئاۋازنى ئاڭلاپلا بۇنى ئۇنتۇپ قالىمىز، بۇ نېمىدېگەن گۈزەل ئۇنتۇش ـ ھە!

ھەرقانداق نەرسىدە نام ۋە سادانىڭ بولۇشى كىشىگە ئىلھام ئەمەسمۇ؟ سۆزلەش گۈزەل ئەسەبىيلىك. ئىنسان سۆز بىلەن ھەممىدىن يۇكسەك ساما سالىدۇ.

تىل ۋە سادالار نېمىدېگەن سۆيۈملۈك! سۆيگۈمىز سادا تۈپەيلى ھەسەن ـ ھۈسەن ئۇستىدە جەۋلان قىلىدۇ.

ــ ئاھ، زورۇئاستېر، ــ دېدى بۈركۈت بىلەن يىلان، ــ بىز بىلەن بىر پىكىردىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ھەممە نەرسە ئۆزىچە ساما سالىدۇ، ئۇلار قول تۇتۇشۇپ كېلىپ، كۈلكە بىلەن كېتىشىدۇ ـ دە، يېڭىباشتىن قايتىپ كېلىدۇ.

نەرسىلەر كېتىدۇ، كېلىدۇ، مەڭگۈلۈك چاقى مەڭگۈ ئايلىنىپ تۇرىدۇ، گۈللەر توزۇپ يەنە ئېچىلىدۇ، مەڭگۈلۈك چاقى توختىماي مېڭىپ تۇرىدۇ. نەرسىلەر بۆلۈنىدۇ، بىرلىشىدۇ. ئوخشاش بىر مەڭگۈلۈكنىڭ قەسرى توختىماي قۇرۇلۇپ تۇرىدۇ؛ ھەممىسى ئايرىلىدۇ، تېپىشىدۇ. مەڭگۈلۈك چەمبىرى ئۆزىگە باشتىن ـ ئاياغ سادىق بولىدۇ.

مەڭگۈلۈك ھەربىر دەقىقىدە باشلىنىپ تۇرىدۇ، ھەربىر ئاشۇ «يەر شارى» ھەربىر «بۇ يەر»نى ئايلىنىدۇ. مەركەزسىز يېرى يوق، مەڭگۈلۈكنىڭ كوچىسى ئەگرى ـ توقاي بولىدۇ.

ــ ئاھ، گەپ خالتىلىرى! ــ دېدى زورۇئاستېر كۈلۈپ، ــ يەتتە كۈن ئىچىدە نېمىلەر بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى قانداق چۈشىنىسىلەر؟

بۇ غەيرىي مەخلۇق قانداق كىرىپ نەپسىمنى بوغدىكىن؟ ئۇنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ پۈركۈپ تاشلىۋەتتىم.

سىلەر بۇنى تەسىرلىك ھېكايە قىلىپ توقۇدۇڭلارمۇ؟ مەن بايىقى كۆچەپ پۈركۈشلىرىمدىن ھالسىراپ، بۇ يەردە ياتىمەن، ئۆزۈمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كېسەل بولدۇم.

سىلەر قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇردۇڭلارمۇ؟ ئاھ، مېنىڭ بۈركۈتۈم ۋە يىلانلىرىم، سىلەرمۇ شۇنچە ۋەھشىيمۇ؟ سىلەرمۇ ئىنسانلاردەك ئازابقا غەرق بولغان ھالىتىمنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟ چۈنكى، ئادەم ئەڭ ۋەھشىي ھايۋان.

ئادەملەر ئۈچۈن، تىراگېدىيە، كالا سوقۇشتۇرۇش، ئۆلۈم جازاسى قاتارلىقلارنى كۆرۈش ئەڭ خۇشاللىق، بۇ ئۇلار ئۈچۈن قۇرۇپ چىققان دوزىخى، گوياكى بۇ دۇنيادىكى جەننىتى.

ئۇلۇغلار ۋارقىرىسا، پەسلەر نەپسانىيەت تىلىنى ساڭگىلىتىپ يۈگۈرۈپ بارىدۇ، ھالبۇكى بارلىق نەپسىگۇرلۇك ئۇلارنىڭ تىللىرىدىن سىرتقا سوزۇلۇپ، بۇ «رەھىمدىللىك» دېگەن ئاتاقنى ئالىدۇ.

پەسلەر، بولۇپمۇ شائىرلار قىزغىن مىسرالار بىلەن ھاياتتىن شىكايەت قىلىدۇ! زېھىن قويۇپ ئاڭلاڭلار. بىراق، ئۇنىڭ قارغاشلىرىدىكى شادلىق تۇيغۇسىنى نەزەردىن ساقىت قىلماڭلار.

ھايات ئۆزىنىڭ بۇ شىكايەتلىرىنى بىر ئىما بىلەنلا ئىختىيارىغا ئالىدۇ.

— مېنى سۆيەمسەن؟ — دەيدۇ بۇ تەمەنناچى، — توختا، ھازىرچە ۋاقتىم يوق.

ئىنسان ئۆزىگە قارىتا ئەڭ ۋەھشىي ھايۋان، بىراق ئۆزىنى «گۇناھكار»، «كىرېست يۈدۈپ يۈرگۈچى» ۋە «تەۋۋا قىلغۇچى» دەپ ئاتىۋالغان ئىنسانلارنىڭ شىكايەتلىرىدىكى ھاۋايى - ھەۋەسنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

مەنمۇ ئىنسانلار قارغايدىغان مەخلۇق بولۇپ قالدىممۇ؟ ئاھ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مېنىڭ بۇركۇت ۋە يىلانلىرىم، ھازىرغا قەدەر مەن پەقەت شۇنىلا ئۆگەندىم: ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىقى ئۇچۇن ئۇنىڭ رەزىللىكى كەم بولسا بولمايدۇ.

رەزىللىك ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي كۈچى ھەم ئەڭ ئالىي ياراتقۇچىنىڭ ئەڭ قاتتىق تېنى، ئىنسان مۇقەررەر ھالدا ئىنتايىن يامان بولىدۇ.

مەن تېخى چارمىخلانمىدىم، مەن ئىنساننىڭ تۇغما رەزىل ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. لېكىن، مەن ئېيتقاننى ھېچكىم ئېيتمىغان.

ئاھ، ئىنساننىڭ ياخشى ـ يامانلىقى نېمىشقا شۇنچە ئەرزىمەس؟ ئىنسان ھەققىدىكى ئۇچىغا چىققان يىرگىنچ گېپىمدا تۇرۇۋېلىپ بەكلا بىئارام قىلدى. ئەمما، پالچى شۇنداق دېدى:

ــ ئومۇمەن، ھەممە نەرسە ئوخشاش، ھېچقانداق نەرسىنىڭ قىممىتى يوق، بىلىم ئادەمنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ.

ئۇزاق بىر گۇگۇم ئالدىمدىن ئاقساپ ئۆتتى. جاننى ئالىدىغان ھارغىنلىق ۋە پەرىشان ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن دېدى:

ــ ئۇ كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئاشۇ پەس! ھەسرىتىم شۇنداق نىدا قىلىدۇ ۋە پۇتلىرىنى سۆرەپ ئۇخلىيالمايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ زېمىنى مەن ئۇچۇن بەجايىكى گۆرىستانغا ئايلاندى. ئۇنىڭ كۆكرەكلىرى ئولتۇرۇشۇپ، جاندارلار تۇپراققا، سۆڭەككە ۋە چىرىپ كەتكەن ئۆتمۈشكە ئايلاندى.

نىدالىرىم ئىنسانىيەت قەبرىسىدە ئولتۇرۇپ، ئورنىدىن تۇرالمىدى، نادامەت ۋە سوراقلار كېچە ـ كۈندۈز دەرد ئېيتاتتى.

ئاھ، ئىنسان كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ، پەسلەرمۇ شۇنداق!

مەن ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم بىلەن ئەڭ پەس ئادەمنىڭ كىيىمسىز تۇرقىنى كۆرگەنىدىم. ئۇلار بەكلا ئوخشاش، ھەممىسى زىيادە ئادەملىشىپ كەتكەن. ئاشۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئادەممۇ شۇنداق!

ئىنسانلار ئىمىدىگەن ئەرزىمەس ـ ھە ـ ھە، ھەتتا ئاشۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئادەممۇ (مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ يىرگىنچلىك يېرى!)، ئەڭ ئەرزىمەس ئادەممۇ كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ مەۋجۇتلۇقنىڭ مەن يىرگىنىدىغان يېرى!

ئاھ، يىرگىنچ! يىرگىنچ! يىرگىنچ! زورۇئاستېر شۇنداق دەيتتى ھەم توختىماي ئاھ ئۇرۇپ تىترەيتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ كېسىلىنى ئويلاپ قالدى. بۈركۈت بىلەن يىلان ئۇنىڭ سۆزلەۋېرىشىگە يول قويمىدى.

ــ سەن يېڭى ساقايغان ئادەم، ئەمدى سۆزلىمە، ــ دېدى ئۇنىڭ بۈركۈت ۋە يىلىنى، ــ دۇنيانىڭ سېنى كۈتۈۋاتقان گۈلىستانلىرىغا بار.

ئەتىرگۈللەر، بال ھەرىلەر ۋە قۇشلار ئارىسىغا بار! كۆيچى قۇشلاردىن ناخشا ئۆگەن!

چۈنكى، كېسەلدىن قوپقان كىشى ناخشىغا لايىق، پەقەت ساغلام كىشىلەرلا سۆزلىسۇن، ئەگەر ئۇلارمۇ ناخشا ئوقۇماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ ناخشىسى كېسەلدىن قوپقانلارنىڭ ناخشىسىدىن ئۆزگىچە بولسۇن.

ــ ئاھ، گەپ خالتىلىرى! تىنچلىنىڭلار! ــ دېدى زورۇئاستېر كۈلۈپ ئۇلارغا، ــ سىلەر مېنىڭ يەتتە كۈن ئىچىدە ئۆزۈمگە ئاتقان تەسەللىلىرىمنى ناھايىتى ئېنىق چۈشىنىسىلەر!

ئاشۇ تەسەللىلىرىمنى يەنە بىر ئېيتاي. مانا بۇ كېسىلىمنىڭ داۋاسى، سىلەرنىڭ يەنە بىر تەسىرلىك ھېكايە توقۇغۇڭلار بارمۇ؟

ــ بولدى سۆزلىمە، ــ دېدى بۈركۈت بىلەن يىلان، ــ سەن كېسەلدىن قوپقان ئادەم، ئۆزۈڭ ئۈچۈن يېڭى قالۇن تەييارلا!

ئاھ، زورۇئاستېر، قارا! يېڭى ناخشاڭ ئۈچۈن يېڭى قالۇن بولۇشى كېرەك.

ئاھ، زورۇئاستېر، ناخشاڭنى ئېيت، ناخشا قەلبىڭگە تەسەللى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولسۇن، باشقىلار كۆرمىگەن تەقدىرنى كۆرۈشۈڭ ئۈچۈن!

ئاھ، زوروئاستېر، سېنىڭ قانداقلىقىڭنى، قانداق بولۇشۇڭنى پەقەت بىزلا چۈشىنىمىز، قارا، سەن مەڭگۈلۈك قايتىشنىڭ ئۇستازى. مانا بۇ سېنىڭ تەقدىرىڭ!

سەن مۇشۇ خىل تەلىماتنى ئۆگەتكۈچى تۇنجى كىشى. بۇ ئۇلۇغ تەقدىر قانداقمۇ سېنىڭ خەۋپىڭ ۋە ئاجىزلىقىڭ بولسۇن؟!

قارا، ئۆگەتكەنلىرىڭنى بىلىمىز. ھەممە نەرسە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ، بىزمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، بىز سانسىز كەلگەن ئۆلارمۇ ھەم.

سەن يەنە ئۆزگىرىشچان چەكسىز زاماننى، بىر زامان مەخلۇقىنى تىلغا ئالغان، ئۆزىنى بوشىتىش ئۈچۈن، ئۇنى خۇددى قۇم سائىتىدەك ئۆرۈپ تۇرۇش زۆرۈر.

شۇڭا، بارلىق مۇقەددەسلەر ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەرقسىزدەك كۆرۈنىدۇ، ھەتتا ھەربىر زاماندا، ئۆزىمىزمۇ زامانلار ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىمىز.

ئاھ، زوروئاستېر، سەن ھازىر ئۆلمەكچى بولساڭ ئۆزۈڭگە قارىتا نېمە دېيىشىڭنى بىلىمىز. لېكىن، بىز يەنىلا ئۆلمەسلىكىڭنى تىلەيمىز!

سەن تىترىمەي سۆزلەيسەن، كۆڭلۈڭمۇ ئازادە، چۈنكى سەن ئېغىرچىلىق ۋە بېسىمدىن ئازادسەن، سەن ئەڭ سەۋرچان!

ــ ئەمدى مەن ئۆلىمەن، ئىزلىرىم ئۆچىدۇ، ــ سەن ئاشۇنداق دەيسەن، ــ بىردەمدىن كېيىنلا مەن يوق، روھىم ۋە تېنىم تەڭلا يوقىلىدۇ.

لېكىن، مەن سەۋەب ـ نەتىجىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالىمەن. ئۇ مېنى قايتا يارىتىدۇ! مەن شۇ سەۋەبتىن مەڭگۈلۈك قايتىشنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىلىرىگە غەرق بولىمەن.

مەن قۇياش، زېمىن، بۈركۈت، يىلانلارغا ھەمراھ بولۇپ، قايتا

تۇغۇلىمەن، لېكىن يېڭى بىر ھايات ياكى تېخىمۇ ئەۋزەل ھايات ئۈچۈن ئەمەس.

مەن كۆلىمى ئوخشىشىپ كېتىدىغان تۇرلۇك ھايات قوينىدا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىمەن ھەم مەڭگۈلۈك قايتىشنى ئۆگىتىمەن. يەنە زېمىن ۋە ئىنساننىڭ ئۇلۇغ چۈش پەيتىدىكى خىتابىنى تەكىتلەپ، ئىنسانلارغا ئەۋلىيانىڭ كېلىشىدىن بېشارەت بېرىمەن.

بۇ سۆزلەر مېنى چارچاتتى. مەڭگۈلۈك تەقدىرىم مەندىن ئەسەبىيلەرچە ئۆلۈشنى تەلەپ قىلىدۇ!

ئۆلۈم گىردابىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بەخت تىلەيدىغان دەقىقىسى يېتىپ كەلدى. بۇ زوروئاستىرنىڭ ئۆلۈمىنى تاماملايدۇ.

بۇركۇت بىلەن يىلان سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، زوروئاستىرنىڭ ئىپادىسىنى جىمجىت كۈتۈپ تۇرۇشتى. زوروئاستىر بۇنى ئۇقماي ئۇخلاپ قالغاندەك قىمىر قىلماي يېتىۋەردى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئويغاق ئىدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ روھى بىلەن سۆھبەتتە ئىدى. بۇركۇت بىلەن يىلان ئۇنىڭ سۈكۈتىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، ئاستا چىقىپ كېتىشتى.

## 58. ئۇلۇغ تەشنالىق

زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ:

ئاھ، قەلبىم، مەن ساڭا «بۈگۈن»، «ئۆتمۈش» دېگەنلەرنى ئۆگەتكەنگە ئوخشاش، «بۇگۇن» دېگەننى ھەممىدە ھەربىر «ئۇ يەر»، «بۇ يەر» ۋە «يىراق» لاردا ئۆزۈڭگە خاس ساما سېلىشنىمۇ ئۆگەتتىم.

ئاھ، قەلبىم، «مەن سېنى بارلىق بۇلۇڭلاردىن قۇتقۇزدۇم. ئۈستۈڭدىكى توزانلارنى، تورلارنى ۋە سايىلەرنى سۈرتتۈم.

ئاھ، قەلبىم، سېنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە خىجىلچانلىقىڭ ۋە خىلۋەتتىكى مىجەزىڭنى پاكىز يۇيۇپ تاشلاپ، سېنى قۇياشقا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىيپالىڭاچ كۆرۈنۈشنى خالايدىغان قىلىمەن.

ئاتالمىش «روھ» بورانلىرى بىلەن تەۋرەپ تۇرغان دېڭىزغا ھۇجۇم قىلىمەن. ئاسماننى قاپلىغان بۇلۇتلارنى پارچىلاپ، ئاتالمىش «رەزىل» قاتىلنى بوغۇپ ئۆلتۇردۇم.

ئاھ، قەلبىم، ساڭا بوران ـ چاپقۇن كەبى ۋە سۈزۈك ئاسمان كەبى ھەممىنى تەستىقلايدىغان ھەرقانداق ھوقۇقنى بەردىم. شۇ تاپتا سەن قۇياش نۇرىدەك جىمجىت ۋە تەمكىن ھالدا ئىنكار بورانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتمەكتىسەن.

ئاھ، قەلبىم، يارىتىلغان ۋە تېخى يارىتىلمىغان بارلىق ئەركىنلىكنى ساڭا قايتۇردۇم، كېلەچەك ئىستەكلىرىنى كىممۇ سەندەك بىلسۇن؟

ئاھ، قەلبىم، مەن ساڭا قۇرت چۇشكەن سۆيگۇ مەسخىرىسىنى ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس سۆيگۇ مەسخىرىسىنى ئۆگەتتىم. بۇ مەسخىرە مەسخىرە قىلىنغانلارنى بەك سۆيىدۇ.

ئاھ، قەلبىم، مەن ساڭا قايىل قىلىدىغان باھانە ـ سەۋەبلەرنى ئۆگەتتىم، خۇددى قۇياش دېڭىزنى قايىل قىلىپ، ئۆز ساماسىغا كۆتۈرگەندەك.

ئاھ، قەلبىم، ۋۇجۇدۇڭدىكى بويسۇنۇش، ئۆز ـ ئۆزىنى كەمسىتىش ۋە قۇللۇقنى ئېلىپ تاشلىۋەتتىم. مەن سېنى كۆزگە ئىلماي «قىسمەت» ۋە «تەقدىر» دەپ قاراپ كەلدىم.

ئاھ، قەلبىم، مەن ساڭا نۇرغۇن ئىسىملارنى ۋە رەڭدار ئويۇنچۇقلارنى ھەدىيە قىلدىم. مەن سېنى «تەقدىر»، «ھالقىنىڭ ھالقىسى»، «ۋاقىتنىڭ كىندىكى» ۋە «زەڭگەر قوڭغۇراق» دەپ ئاتىغانىدىم.

ئاھ، قەلبىم، يېڭى شاراب تەمىنى تېتىغۇچى ئەقىل ـ پاراسەتنى ۋە مۇددەتسىز ساقلانغان ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ كونا شارابلىرىنى ساڭا بەردىم.

ئاھ، قەلبىم، بارلىق كۈندۈز - كېچە، جىمجىتلىق ۋە ئۈمىدنى ساڭا تۆكتۈم، ئاندىن تالدەك ئۆسكىنىڭنى بىلدىم.

ئاھ، قەلبىم، سەن خۇددى زەر ئۈزۈملەرگە تولغان ھەم ئەمچەكلىرى چىقىپ كەتكەن ئۈزۈم تاللىرىغا ئوخشىشىسەن. سەن ئېغىر شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەيدىغان دەرەختەك بەختكە تولغان، باياشاتلىق ئىچىدە كۈتكەن، كۈتۈشلەر ئارا خىجىللىق تارتقان ھالدا تۇرىسەن.

ئاھ، قەلبىم، ئەمدى تېخىمۇ مۇھەببەتلىك، سەۋرچان، بىپايان قەلبنىڭ قايتا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، كەلگۈسى بىلەن ئۆتمۈش يەنە قەيەردە ساڭا يېقىنلىشار؟

ئاھ، قەلبىم، ھەممىنى ساڭا بەردىم، قوللىرىم قۇپقۇرۇق — خوپ بولدى! لېكىن سەن ھەسرەتلىك كۈلۈپ تۇرۇپ ماڭا مۇنداق دېدىڭ: «كىم كىمگە رەھمەت ئېيتىشى كېرەك؟»

بەرگۈچى ئالغۇچىغا رەھمەت ئېيتىشى كېرەك ئەمەسمۇ، بېرىش زۆرۈر ئەمەسمۇ، ئېلىش بىچارىلىك ئەمەسمۇ؟

ئاھ، قەلبىم، ھەسرەتلىك كۈلكەڭنى چۈشىنىمەن، سېنىڭ بايلىقىڭ تەشنا قوللىرىنى سوزدى!

باياشاتلىقىڭ تىترەپ تۇرغان دېڭىزغا تىكىلمەكتە. كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىڭدىن ئۈمىد نۇرلىرى چاقنىماقتا.

راست قەلبىم، كۈلكەڭدىن كىممۇ تەسىرلىنىپ ياش تۆكمىسۇن؟ پەرىشتىلەرمۇ كۈلكەڭدىكى رەھىمدىللىكتىن ياش تۆكىدۇ.

ياخشىلىقىڭ ۋە شەپقىتىڭ ئىچىدە قىلچىمۇ نارازىلىق ۋە قايغۇ يوق. لېكىن، قەلبىم! كۈلكەڭ كۆز يېشىغا تەشنا، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىڭ يىغىغا تەشنا.

«يىغا نارازىلىق ئەمەسمۇ، نارازىلىق قارغاشمۇ؟» دېدىڭ سەن ئۆز -

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۆزۈڭگە. شۇڭا، قەلبىم، سەن كۆلۈشكە رازىسەنكى، دەرد تۆكۈشنى خالىمايسەن.

سەن ھەتتا، ئېتىلىپ چىققان كۆز يېشىڭ ئارقىلىق باياشات ھەسرىتىڭنى ۋە ئۆزۈم تاللىرىنىڭ قايچىغا تەشنا ئازابىنى تۆكۈشنى خالىمايسەن.

لېكىن، قەلبىم! سۆسۈن ھەسرىتىڭنى يىغلاپ ئىزھار قىلساڭ، ناخشا ئېيت، قارا، مەنمۇ ساڭا كۈلۈپ تۇرۇپ بېشارەت بەردىم:

قىزغىن، شوخ كۈيلىرىڭنى ئېيت، دېڭىزدىن ئۆتكۈچە، بارلىق ياخشى، رەزىل ۋە نەپىس نەرسىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا جەۋلان قىلغۇچە.

يەنە چوڭ ـ كىچىك جانىۋار، گۈللەر قاپلىغان يوللاردا يەڭگىل پۇتلىرى بىلەن پەرۋاز قىلىدىغان نەرسىلەر زەر مۆجىزىگە، تەبىئىي كېمە ۋە ئۇنىڭ غوجايىنىغا ھەمدە ئالتۇن قاچىدا ئۆزۈم ئۆزمەكچى بولغان ئادەمگە قاراپ كەلمەكتە.

ئاھ، قەلبىم، ئاشۇ نامسىز كىشى سېنىڭ نىجاتكارىڭ.

پەقەت شۇلا كېلەچەك ناخشىسىنىڭ نامىنى بىلىدۇ! راست، نەپەسلىرىڭدە كېلەچەك ناخشىسىنىڭ خۇشبۇي ھىدى بار.

ئۆرتەنمەكتىسەن، چۈشمەكتىسەن، تەسەللى ئويلاۋاتقان قۇدۇق سۈيىگە تەشناسەن، ھەسرىتىڭ كېلەچەك ناخشىسىنىڭ قۇتلاشلىرىدا ئارام تاپماقتا.

ئاھ، قەلبىم، بارلىقىمنى، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى نەرسەمنى ساڭا بەردىم. قوللىرىم قۇرۇق ــ كۈيلە، مانا بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ھەدىيەم!

كۈيلە ــ ئېيتقىن ئەمدى: ئىككىمىزدىن كىم كىمگە تەشەككۈر دەيدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى مەن ئۈچۈن كۈيلە قەلبىم! ساڭا تەشەككۈر بىلدۈرەي!

# 59. ئىككىنچى ئۇسسۇل كۈيى

## 1

ئاھ، ھايات، يېقىندا نۇرانە كۆزلىرىڭگە قاراپ تۇندەك قارا كۆزلىرىڭدە چاقنىغان ئالتۇن نۇرلارنى كۆردۈم، يۈرىكىم خۇشاللىقتىن سوقۇشتىن توختاپ قالدى.

مەن كېچە سۈيىدە چاقناپ تۇرغان بىر ئالتۇن قولۋاقنى، ئۇسسۇلچىدەك يېنىك داۋالغۇپ تۇرغان ئالتۇن بۆشۈكنى كۆردۈم.

سەن مېنىڭ ئۇسسۇلچان پۇتلىرىمغا گۇمانسىرىغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدۇڭ.

ئەپچىل قوللىرىڭ بىلەن داپنى ئىككى رەت ئەپچىل ئۇرۇپ قويۇۋىدىڭ، پۇتلىرىم ئەسەبىي ئۇسسۇلغا تەشنا بولدى.

تاپىنىمنى ئېگىز كۆتۈردۈم، بارماقلىرىم تىڭشىدى ــ ئۇلار سېنى چۈشىنىدۇ. چۈنكى، ئۇسسۇلچىنىڭ قۇلىقى پۇتىنىڭ بارماقلىرىدا!

مەن ساڭا قاراپ ئوينىدىم، بۇرۇلۇپ قاچتىڭ، يەلپۈنگەن چاچلىرىڭ گويا مېنى ئىشارەتلەيتتى!

ئويناپ ـ ئويناپ سەندىن ۋە يىلان چاچلىرىڭدىن قاچتىم. سەن دەرھال توختاپ كەينىڭگە قارىدىڭ، كۆزلىرىڭدە غەمگۇزارلىق.

قىيا نەزىرىڭ بىلەن مۇرەككەپ قەدەملەرنى ئۆگەتتىڭ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن مىكىرلەرنى ئۆگەندىم.

يېقىنلاشساڭ قورقۇپ كېتىمەن؛ يىراقلاشساڭ تەلپۈنۈپ كېتىمەن؛ قېچىشلىرىڭ دىلرەبا، قوغلاشلىرىڭ ۋەھىم ــ ئازابلاندىم، لېكىن سەندىن نېمىنى ئايايمەن!

سوغۇقلۇقۇڭ مەدەت، نەپرەتلىرىڭ ئېزىتقۇ، قېچىشلىرىڭ ئۇۋلايدۇ، مەسخىرەڭ ئېرىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۆزۈڭگە. شۇڭا، قەلبىم، سەن كۇلۇشكە رازىسەنكى، دەرد تۆكۈشنى خالىمايسەن.

سەن ھەتتا، ئېتىلىپ چىققان كۆز يېشىڭ ئارقىلىق باياشات ھەسرىتىڭنى ۋە ئۇزۇم تالليرىنىڭ قايچىغا تەشنا ئازابىنى تۆكۈشنى خالىمايسەن.

لېكىن، قەلبىم! سۆسۈن ھەسرىتىڭنى يىغلاپ ئىزھار قىلساڭ، ناخشا ئېيت، قارا، مەنمۇ ساڭا كۇلۇپ تۇرۇپ بېشارەت بەردىم:

قىزغىن، شوخ كۈيلىرىڭنى ئېيت، دېڭىزدىن ئۆتكۈچە، بارلىق ياخشى، رەزىل ۋە نەپىس نەرسىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا جەۋلان قىلغۇچە.

يەنە چوڭ ـ كىچىك جانىۋار، گۇللەر قاپلىغان يوللاردا يەڭگىل پۇتلىرى بىلەن پەرۋاز قىلىدىغان نەرسىلەر زەر مۆجىزىگە، تەبىئىي كېمە ۋە ئۇنىڭ غوجايىنىغا ھەمدە ئالتۇن قاچىدا ئۇزۇم ئۇزمەكچى بولغان ئادەمگە قاراپ كەلمەكتە.

ئاھ، قەلبىم، ئاشۇ نامسىز كىشى سېنىڭ نىجاتكارىڭ.

پەقەت شۇلا كېلەچەك ناخشىسىنىڭ نامىنى بىلىدۇ! راست، نەپەسلىرىڭدە كېلەچەك ناخشىسىنىڭ خۇشبۇي ھىدى بار.

ئۆرتەنمەكتىسەن، چۈشمەكتىسەن، تەسەللى ئويلاۋاتقان قۇدۇق سۈيىگە تەشناسەن، ھەسرىتىڭ كېلەچەك ناخشىسىنىڭ قۇتلاشلىرىدا ئارام تاپماقتا.

ئاھ، قەلبىم، بارلىقىمنى، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى نەرسەمنى ساڭا بەردىم. قوللىرىم قۇرۇق ـــ كۈيلە، مانا بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ھەدىيەم!

كۈيلە ـــ ئېيتقىن ئەمدى: ئىككىمىزدىن كىم كىمگە تەشەككۈر دەيدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى مەن ئۈچۈن كۈيلە قەلبىم! ساڭا تەشەككۈر بىلدۈرەي!

# 59. ئىككىنچى ئۈسسۈل كۈيى

## 1

ئاھ، ھايات، يېقىندا نۇرانە كۆزلىرىڭگە قاراپ تۇندەك قارا كۆزلىرىڭدە چاقنىغان ئالتۇن نۇرلارنى كۆردۇم، يۈرىكىم خۇشاللىقتىن سوقۇشتىن توختاپ قالدى.

مەن كېچە سۇيىدە چاقناپ تۇرغان بىر ئالتۇن قولۋاقنى، ئۈسسۈلچىدەك يېنىك داۋالغۇپ تۇرغان ئالتۇن بۆشۈكنى كۆردۇم.

سەن مېنىڭ ئۈسسۈلچان پۇتلىرىمغا گۇمانسىرىغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدۇڭ.

ئەپچىل قوللىرىڭ بىلەن داپنى ئىككى رەت ئەپچىل ئۇرۇپ قويۇۋىدىڭ، پۇتلىرىم ئەسەبىي ئۈسسۈلغا تەشنا بولدى.

تاپىنىمنى ئېگىز كۆتۈردۈم، بارماقلىرىم تىڭشىدى ــ ئۇلار سېنى چۈشىنىدۇ. چۈنكى، ئۈسسۈلچىنىڭ قۇلىقى پۇتىنىڭ بارماقلىرىدا!

مەن ساڭا قاراپ ئوينىدىم، بۇرۇلۇپ قاچتىڭ، يەلپۈنگەن چاچلىرىڭ گويا مېنى ئىشارەتلەيتتى!

ئويناپ - ئويناپ سەندىن ۋە يىلان چاچلىرىڭدىن قاچتىم. سەن دەرھال توختاپ كەينىڭگە قارىدىڭ، كۆزلىرىڭدە غەمگۈزارلىق.

قىيا نەزىرىڭ بىلەن مۈرەككەپ قەدەملەرنى ئۆگەتتىڭ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن مىكىرلەرنى ئۆگەندىم.

يېقىنلاشساڭ قورقۇپ كېتىمەن؛ يىراقلاشساڭ تەلپۈنۈپ كېتىمەن؛ قېچىشلىرىڭ دىلرەبا، قوغلاشلىرىڭ ۋەھىم ــ ئازابلاندىم، لېكىن سەندىن نېمىنى ئايايمەن!

سوغۇقلۇقۇڭ مەدەت، نەپرەتلىرىڭ ئېزىتقۇ، قېچىشلىرىڭ ئوۋلايدۇ، مەسخىرەڭ ئېرىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



سەندەك ئوۋچىدىن، بۇدۇشقاقتىن، ئېزىتقۇدىن، قوغلىغۇچىدىن، بايقىغۇچىدىن كىممۇ نەپرەتلەنمەس! سەندەك ساددا، تەنتەك، شامالدەك لەرزان، كىچىك بالىدەك سەبىي قاراپ تۇرىدىغان گۇناھكارنى كىممۇ سۆيمىسۇن!

ئەي، شوخ، كەپسىز بالا، مېنى باشلاپ نەگە بارسەن؟ ئەمدى بولسا يەنە مۆكۈنۈۋېلىپ مېنى كولدۇرلىتىپ ئوينايسەن، ئەي، سۆيۈملۈك شەيتان!

ساڭا ئەگىشىپ ئوينىدىم، خىرە ئىزلىرىڭنى بويلاپ، قەيەردە سەن؟ قولۇڭنى بەر ياكى بارمىقىڭنى.

بۇ يەر ساپلا غار، ئۆڭكۈر ۋە ئورمان، يولىمىزدىن ئادىشىپ قالدۇق! بولدى، ئەمدى ماڭمايلا قويايلى! بايقۇش ۋە شەپەرەڭلەرنىڭ ھۆركىرىشىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

ئەي، شەپەرەڭ، ئەي، بايقۇش! مېنى ئەخمەق ئېيتىۋاتامسىلەر، ئىتتەك قاۋاش ۋە ھۆركىرەشنى سەن زادى نەدە ئۆگەنگەن؟

مېنى ئاپئاق چىشلىرىڭ بىلەن ئەركىلەپ چىشلىدىڭ، يامان غەرەزلىك كۆزۈڭ، ئەگرى كىرپىكلىرىڭ ئارىسىدىن ماڭا ئېگىلىدۇ!

بۇ دەرەخ ۋە تاشلار ئۇستىدىكى بىر مەيدان ئۇسسۇل. مەن ئوۋچى، سەن ماڭا ئوۋ ئىتلىرى بولۇشنى ياكى بۆكەن بولۇشنى خالامسەن؟

ئەمدى يېنىمدا تۇر! ياخشى، تېز ئوينا! ئۆرلە! تاقلاپ ئۆت، راستىنلا بىتەلەيمەن، تاقلاپ ئۆتىدىغان چاغدا يىقىلدىم!

ئاھ، كەپسىز، قارا مېنىڭ قانداق يىقىلغانلىقىمغا ۋە ياخشىلىق تىلىگەنلىكىمگە! ساڭا خۇشال ـ خۇرام ئەگىشىمەن يەنە ــ سۆيۈملۈك يەرلەردە.

مۇھەببەت يولىدا رەڭدار، تىنچ، رەتلىك، تەكشى دەرەخزاردىن ئۆت ياكى كۆل ياقىلاپ ماڭ، ئۇ يەردە ئالتۇنبېلىقلار ئۇسسۇل ئويناپ ئۈزۈشۈپ يۈرىدۇ!

چارچىدىڭمۇ؟ ئۇ يەردە قوي ۋە كەچكى شەپەق، پادىچىنىڭ نېيى

خاتىرجەم ئۇخلىشىمىزغا دالالەت ئەمەسمۇ؟

راستتىنلا چارچىدىڭمۇ؟ سېنى يۆدەي، قولۇڭنى قويۇپ بەر! ئۇسسىدىڭمۇ؟ مەندە ئۇسسۇزلۇق بار. ئەمما، سەن ئىچىشنى خالىماسلىقىڭ مۇمكىن!

ئاھ، قارغىش تەگكۈر، چاققان ھەم سىلىق يىلان، يوشۇرۇنۇشقا ئۇستا ئايال پېرىخون، سەن نەگە مۆكۈندۈڭ؟ يۈزلىرىمدە قولۇڭنىڭ ئىزى ۋە قىزىللىقى باردەك سېزىمەن!

يەنە پادىچىنىڭ بولۇشىنى خالىمايمەن. ئايال پېرىخون، سېنى تىنماي كۈيلىسەم، سەن ماڭا قاراپ خىتاب قىل!

قامچامنىڭ رىتىمىغا كەلتۈرۈپ ئوينا! قامچىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىغاندىمەن؟ ياق.

## 2

شۇنىڭ بىلەن ھايات قولىقىنى ئېتىۋېلىپ شۇنداق جاۋاب بەردى:

ـــ ئاھ، زورۇئاستېر، قامچاڭنى ئۇنچە ۋەھىملىك ئوينىتما. تەرتىپسىز غىژ ـ غاژلارنىڭ پىكىرنى بوغىدىغانلىقىنى بىلگىن! شۇ تاپتا كاللامدا گۈزەل پىكىرلەر تۇغۇلماقتا.

ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا يوق جۆپلەردىنمىز، بىز ياخشى ـ يامانىنىڭ تېشىدىن ئۆزىمىزگە مەنسۇپ ئارال ۋە چىملىقنى تاپتۇق ـــ پەقەت ئىككىمىزلا! بىز ئىناق ئۆتۈشىمىز كېرەك!

سەممىمىي سۆيۈشمىسەكمۇ ياكى پۈتۈنلەي سۆيۈشەلمىسەكمۇ نەپرەتلىنىشىمىز كېرەكمۇ؟

سېنى سۆيىمەن، قەۋەتلا چوڭقۇر سۆيىمەن، بۇنى بىلىشىڭ كېرەك. چۈنكى، مەن سېنىڭ پاراستىڭگە ھەسەت قىلىمەن. ئاھ، «پاراسەت»، ئالجىغان قېرى!

بىر كۈنى پاراستىڭ تاشلاپ كېتىپ، سۆيگۈمۇ سېنى تەرك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىلىدۇ!

هايات ھەر تەرەپكە سىنچىلاپ باقتى ـ دە، يەنە پىچىرلاپ ئېيتتى:

ــ ئاھ، زوروئاستېر، ساداقىتىڭ ماڭا كۇپايە ئەمەس!

مېنى ئۆزۈڭ دېگەندەك سۆيمىدىڭ. بىلىمەن، تېز ئايرىلىپ كەتسەم دەيسەن.

ئۇ يەردە، كونا، ئېغىر، ياڭراق قوڭغۇراق ئاۋازى تۇنبويى غارنىڭنى قاپلاپ تۇردۇ.

تۇن نىسپىدە، قوڭغۇراق ئۇنى ئاڭلانغاندا ئاشۇ ئىشنى ئويلايسەن.

ئاھ، زوروئاستېر، ئاشۇ بىر ئىشنى ئويلايسەن. بىلىمەن، مېنىڭدىن تېز ئايرىلىپ كەتسەم دەيسەن.

ــ توغرا، ــ ئىككىلەنگەن ھالدا جاۋاب بەردىم، ــ لېكىن، سەنمۇ بىلىسەن، ــ مەن ئۇنىڭ پاخپايغان چاچلىرى يېپىشىۋالغان قولىقىغا يېقىن بېرىپ دېدىم.

ــ ئاھ، زوروئاستېر، بىلەمسەن؟ ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بىز بىردەم تىكىلىشتۇق، سالقىن كېچە قەدەم تەشرىپ قىلىۋاتقان چىملىقتا قاراپ، ئۆزىمىزنى تۇتالماي يىغلىدۇق. توساتتىن، مەن ھاياتنىڭ ھېچقانداق ھازىرقىدەك ئەقىل ـ پاراسەت نۇرى بىلەن يېقىنلاشمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

3

! 1

ئاھ، ئىنسان! پەخەس بول!

! 2

بۇ تىمتاس كېچە نىمە دەۋاتقاندۇ؟

3 !

ئەمدىلا ئۇخلىدىم —

4 !

چۈشەكەپ ئويغىنىپ كەتتىم —

5 !

بۇ دۇنيا چوڭقۇر.

6 !

كۇندۇزى كۆرۈلگەندىنمۇ بەك چوڭقۇر —

7 !

ئۇنىڭ ئازابى چوڭقۇر.

8 !

خۇشاللىق ئازابتىنمۇ چوڭقۇر.

9 !

«كەت! كەتكىن!» دەيدۇ ئازاب.

10 !

خۇشاللىق مەڭگۈلۈكنى تەلەپ قىلىدۇ.

11 !

مەڭگۇ چوڭقۇر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

## 60. يەتتە ئىز

**1**

ناۋادا مەن بىر قۇرئەنداز بولسام ھەم ئىككى دېڭىز ئارىسىدا سەيلە قىلىپ يۈرگەن تاغ چوققىسىدىكى قىساس روھىغا تولسام، گويا پەسكە ئەسكىگەن بۇلۇت كەبى ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك ئارىسىدا لەيلەپ يۈرىمەن. بۇرۇقتۇرما ۋە ھۇرۇنلۇق ھەم يا ئۆلمەي، يا تىرىلمەي يۈرگەن چالا نەرسىلەردىن نەپرەتلىنىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇلۇتلارنىڭ قاراڭغۇ كۆكسىدە چاقماق چاقتۇرۇشۇڭغا ۋە گۇناھتىن ساقىت قىلغۇچى نۇر چاقنىتىشىڭغا، «مۇقەررەرلىك» بىلەن «ئىنكار» چاقمىقىنى ئۇلغايتىپ، پەرەز جۇلالىرىنى ياندۇرۇشۇڭغا تەييارمەن.

ئۆزىنى ئاشۇنداق كۆچلەندۇرگەنلەرنى قۇتلۇقلايلى! راست، تاغ چوققىسىدىكى ئۇزاق تۇرغان بۇلۇتقا ئوخشاش ئاشۇ ئادەم ھامان بىر كۈنى كېلەچەك مەشئىلىنى ياندۇرىدۇ!

ئاھ، مەڭگۈلۈك ۋە نىكاھ چەمبىرى ــ يارىلىش - ئۆلۈش چەمبىرى (قايتىش چەمبىرى ) ئۇچۇن قانداقمۇ كۆيمەي تۇرالايمەن؟

مەن ئىنتايىن سۆيىدىغان بۇ ئايالدىن باشقا، مېنى پەرزەنتلىك بولۇشقا ئىنتىلدۇرىدىغان بىرمۇ ئايالنى كۆرمىدىم، سەۋەبى: مەن سېنى سۆيىمەن، ئاھ، مەڭگۈ!

ئاھ، مەڭگۈلۈك، مەن سېنى سۆيىمەن!

## 2

ناۋادا، قەھرىمدىن قەبرىلەر يېرىلىپ، مەقبەرىلەر يۆتكىلىپ، يىرتىلغان كونا جەدۋەللەرنى خەتەرلىك ھاڭلارغا ئۇچۇرۇۋەتسە.

ناۋادا، مەسخىرە بارلىق چىرىك ئىبارىلەرنى پۇرلەپ سوپۇرسە، زاھىرلىقىم ئۆمۈچۈك تورلىرىنى تازىلايدىغان سۇپۇرگە ھەم كونا سۆڭەك كۆللىرىنى تازىلايدىغان شامال بولسا.

ناۋادا، مەن ئىلگىرىكى ئىلاھلار دەپنە قىلىنغان يەرلەردە خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرسام ھەم ئىلگىرى دۇنيانى قارىلىغانلارنىڭ قەبرە بېشىدا دۇنيانى قۇتلۇقلىسام ۋە دۇنيانى سۆيسەم.

چۈنكى، مەن ئىبادەتخانا بولغان ۋە ئىلاھلار قەبرىسىنى سۆيىمەن، ئاسمان تىنىق كۆزلىرى بىلەن يىرتىلغان ئۆگزىلىرىدىن ئۇلارغا قارىغاندا، مەن بۇ خارابە ئىبادەتخانا يېنىدا ياۋا ئوت ـ چۆپلەردەك خۇشال ئولتۇرىمەن.

ئاھ، مەن بۇ مەڭگۈلۈك ۋە نىكاھ چەمبىرى ــ يارىلىش ـ ئۆلۈش چەمبىرى ئۇچۇن قانداقمۇ كۆيمەي تۇرالايمەن؟
مەن چوڭقۇر سۆيىدىغان بۇ ئايالدىن باشقا مېنى پەرزەنتلىك بولۇشقا ئىنتىلدۇرەلەيدىغان بىرمۇ ئايالنى كۆرمىدىم، چۈنكى مەن سېنى سۆيىمەن. ئاھ، مەڭگۈلۈك!
ئاھ، مەڭگۈلۈك، مەن سېنى سۆيىمەن!

3

ناۋادا، مەن يارىتىش ھاۋاسىدىن نەپەس ئالالىسام ھەمدە تاسادىپىيلىقنى يۇلتۇزلار ئۇسسۇلىنىڭ ئىلاھىي ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرالىسام.
ناۋادا، مەن يارىتىش چاقماقلىرىنىڭ خەندانلىرىدەك قاقاھلاپ كۈلەلىسەم ھەم ھەرىكەت گۈلدۇرمامىسى مەجبۇرىي ھالدا ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ سوڭدىشىپ كەلسە.
ناۋادا، مەن زېمىننىڭ مۇقەددەس شىرەسىدە ئىلاھلار بىلەن بىللە شىششىخال تاشلاپ، زېمىننى تەۋرىتىپ، يىراقلاردىن ئوت چىقىرىۋېتەلىسەم.
زېمىن دېگەن بۇ مۇقەددەس شىرە، يېڭى ئىجادىي ھېكمەت ۋە ئىلاھلارنىڭ شىششىخال كۈچىدە توختىماي تىترەيدۇ.
ئاھ، مەن بۇ مەڭگۈلۈك ۋە نىكاھ چەمبىرى ــ يارىلىش ـ ئۆلۈش چەمبىرى ئۇچۇن قانداقمۇ كۆيمەي تۇرالايمەن؟
مەن چوڭقۇر سۆيىدىغان بۇ ئايالدىن باشقا، مېنى پەرزەنتلىك بولۇشقا ئىنتىلدۇرەلەيدىغان بىرمۇ ئايالنى كۆرمىدىم. چۈنكى، مەن سېنى سۆيىمەن، ئاھ، مەڭگۈلۈك!
ئاھ، مەڭگۈلۈك، مەن سېنى سۆيىمەن!

4

ناۋادا، مەن ۋە ھەممە نەرسە ئارىلاشتۇرۇلغان، كۆۋجەپ تۇرغان

uyghurkitap.com



شەربەتنى ئىچەلىسەم.

قولۇم ئەڭ يىراق ۋە ئەڭ يېقىنقى بارلىق نەرسىلەرنى، ئوت بىلەن روھنى، شادلىق بىلەن قايغۇنى، ياخشى بىلەن ياماننى تەڭشىيەلىسە.

ئۆزۈمۇ ھەممە تەملەرنى تەڭشىگۈچى نىجاتلىق تۇزى بولسام.

ياخشى - ياماننى تەڭشەيدىغان تۇزنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق يامان نەرسىنىڭ تەمىنى ئاشۇرۇپ كۆپچۈتۈۋېتىدۇ.

ئاھ، مەن بۇ مەڭگۈلۈك ۋە نىكاھ چەمبىرى — يارىلىش - ئۆلۈش چەمبىرى ئۈچۈن قانداقمۇ كۆيمەي تۇرالايمەن؟

مەن چوڭقۇر سۆيىدىغان بۇ ئايالدىن باشقا، مېنى پەرزەنتلىك بولۇشقا ئىنتىلدۈرەلەيدىغان بىرمۇ ئايالنى كۆرمىدىم. چۈنكى، مەن سېنى سۆيىمەن. ئاھ، مەڭگۈلۈك!

ئاھ، مەڭگۈلۈك، مەن سېنى سۆيىمەن!

## 5

ناۋادا، مەن دېڭىز ۋە دېڭىزسىمان ھەممىنى سۆيسەم، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ غەزەپلىك قارشىلىقلىرى مېنى تېخىمۇ سۆيۈندۈرسە.

ناۋادا، قەلبىم ئىزدىنىش شادلىقىغا تولسا، لېكىن بۇ شادلىق كېمەمنى نامەلۇم بىر ساھىلغا ئاپىرىپ تاشلىسا؛ ناۋادا، قەلبىم ماتروس شادلىقىغا تولسا.

ناۋادا، مەن: «قىرغاق غايىب بولدى، ئەڭ ئاخىرقى زەنجىرىممۇ ئۈزۈلدى، يەرۇئاسمان، ھەممە نەرسە ئەتراپىمىزدا ئۇشقىرتماقتا، ماكان ۋە زامان يىراقتىن چاقنىماقتا. روھلان، يېڭى قەلبىم! دەپ توۋلىسام.»

ئاھ، مەن بۇ مەڭگۈلۈك ۋە نىكاھ چەمبىرى — يارىلىش - ئۆلۈش چەمبىرى ئۈچۈن قانداقمۇ كۆيمەي تۇرالايمەن؟

مەن چوڭقۇر سۆيىدىغان بۇ ئايالدىن باشقا مېنى پەرزەنتلىك

بولۇشقا ئىنتىلدۇرەلەيدىغان بىرمۇ ئايالنى كۆرمىدىم. چۈنكى، مەن سېنى سۆيىمەن، ئاھ، مەڭگۈلۈك!

ئاھ، مەڭگۈلۈك، مەن سېنى سۆيىمەن!

## 6

ناۋادا، مېنىڭ ئەخلاقىم رەققاسلارغا نەمۇنە بولسا ھەم ئالتۇن كەبى ئېسىل شادىيانىلىك قويىنغا شۇڭغۇپ تۇرسا.

ناۋادا، رەزىللىكىم يەنىلا كۈلۈپ تۇرۇپ قوپاللىق قىلسا، ئۇ چاغدا ئەتىرگۈللەر ئارىسىدا، پىياز گۈللىرى ئاستىدىكى قاشا يېنىدا ئۆزىنى ئىنتايىن ئەركىن ھېس قىلىدۇ.

ياكى جەندانلىرىدا بار رەزىللىكلىرىنى ئاشكارىلايدۇ، لېكىن ئۆز تىلىكى ئىجابىتىدىن خالاس بولۇپ پاكلىنىدۇ.

ناۋادا، «ئېغىر نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يەڭگىل نەرسىلەرگە، بارلىق شەيئىلەر ئۇسسۇلچىغا، ھالبۇكى ھەربىر روھ قۇشقا ئايلانسا» — مانا بۇ مېنىڭ باشلىنىشىم ۋە ئاخىرلىششىم. راست بۇنىسى مېنىڭ ئىشقىم!

ئاھ، مەن بۇ مەڭگۈلۈك ۋە نىكاھ چەمبىرى — يارىلىش ـ ئۆلۈش چەمبىرى ئۈچۈن قانداقمۇ كۆيمەي تۇرالايمەن؟

مەن چوڭقۇر سۆيىدىغان بۇ ئايالدىن باشقا مېنى پەرزەنتلىك بولۇشقا ئىنتىلدۇرەلەيدىغان بىرمۇ ئايالنى كۆرمىدىم. چۈنكى، مەن سېنى سۆيىمەن، ئاھ، مەڭگۈلۈك!

ئاھ، مەڭگۈلۈك، مەن سېنى سۆيىمەن!

## 7

ناۋادا، ئۆزۈم ئۈچۈن جىمجىت بىر پارچە ئاسماننى ياراتسام ھەم ئۇنىڭدا قانات قېقىپ پەرۋاز قىلسام.

ناۋادا سىرلىق ھەم پارلاق يىراقلىقتا سەيلە قىلسام، ئەركىنلىكىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قۇشلار ئەقلىگە ئايلانسا.

قۇشنىڭ ئەقلى دەيدۇكى:

ــ قارا، ئېگىز ئاسمانمۇ يوق، پەس يەرمۇ يوق! سەن، ئەي، يەڭگىل ئادەم، ئالدى ـ كەينىڭ ۋە ئوڭ ـ سولۇڭغا قاراپ پەرۋاز قىل، كۈيلە! كۆپ سۆزلىمە!

بارلىق سۆزلەر ئېغىر ئادەملەر ئۈچۈن يارالغان ئەمەسمۇ؟ بارلىق سۆزلەر يەڭگىل كىشىلەرنى ئالداۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟ كۈيلە! كۆپ سۆزلىمە!

ئاھ، مەن بۇ مەڭگۈلۈك ۋە نىكاھ چەمبىرى ــ يارىلىش ـ ئۆلۈش چەمبىرى ئۈچۈن قانداقمۇ كۆيمەي تۇرالايمەن؟

مەن چوڭقۇر سۆيىدىغان بۇ ئايالدىن باشقا مېنى پەرزەنتلىك بولۇشقا ئىنتىلدۈرەلەيدىغان بىرمۇ ئايالنى كۆرمىدىم. چۈنكى، مەن سېنى سۆيىمەن، ئاھ، مەڭگۈلۈك!

ئاھ، مەڭگۈلۈك، مەن سېنى سۆيىمەن!

# تۆتىنچى قىسىم

ئاھ، دۇنيادا ھېسداشلىق قىلىشتىنمۇ ئارتۇق ئەخمەقلىق بارمۇ؟ ھېسداشلىق قىلغۇچىنىڭ ھاماقەتلىكىدىنمۇ بەك ئادەمنى ئازابلايدىغان ئىشنى يەنە كىم قىلار؟

مۇھەببەتلىك كىشى ئۆزىنىڭ خەيرخانە قەلبىدىن ھالقىپ كېتەلمىسە ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

ئالۋاستى ماڭا شۇنداق دېگەن: «تەڭرىنىڭمۇ چۈشىدىغان دوزىخى بار — بۇ ئۇنىڭ ئىنسانلارغا بولغان مۇھەببىتى.»

يېقىندا يەنە ئۇنىڭ مۇنداق دېگىنىنىمۇ ئاڭلىدىم: «تەڭرى ئۆلدى — ئىنسانلارغا بولغان مۇھەببەت ئۇنى ئۆلتۈردى.»

— ئىككىنچى قىسىم «ھېسداشلىق قىلغۇچى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 61. شەربەت نەزىرىسى

زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ:

يىللار زوروئاستىرنىڭ قەلبىدىن ئۆتتى، لېكىن ئۇ سەزمىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كەتتى. بىركۈنى، ئۇ غار ئالدىدىكى تاش ئۇستىدە جىممىدە ئولتۇرۇپ يىراققا تىكىلدى. بۇ يەردە ئەگرى ـ بوگرى جىلغىلاردىن دېڭىزنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇركۇت ۋە يىلىنى ئۇنىڭ ئەتراپىدا غەمكىن ئايلىنىپ ئالدىدا توختىدى.

ــ ئاھ، زوروئاستىر، ــ دېدى ئۇلار، ــ سەن ئۆز بەختىڭنى سىناۋاتامسەن؟

ــ بەختىم نېمىگە ئەرزىيتتى! ــ دېدى ئۇ جاۋابەن، ــ ئۇنى ئىزدىمەيدىغان بولغان، پەقەت تىرىشىپ ئىشلەيمەن.

ــ ئاھ، زوروئاستىر، ــ دېدى ئۇلار، ــ كېيىنكىگە قارىغاندا، سەن نۇرغۇن ياخشىلىققا سازاۋەر بولغاندەك قىلىسەن، ئۇنداقتا سەن بەخت كۆلىدە چۆمۈلگەن ئوخشىمامسەن؟

ــ سىلەر تەمسىل قىلىشقا نېمىدېگەن ئۇستا، ــ دېدى زوروئاستىر كۈلۈپ، ــ ئەمما بىلىشىڭلار لازىمكى، بەختىم ئېقىن سۇدەك شوخ ئەمەس، بەلكى ئېغىر. ئۇ ماڭا ئېرىگەن مومدەك چاپلىشىۋالدى.

ئارقىدىنلا بۇركۇت بىلەن يىلان يەنە ئۇنىڭ ئەتراپىدا غەمكىن ئايلىنىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى:

ــ ئاھ، زوروئاستىر، ــ دېدى ئۇلار، ــ گەرچە چاچلىرىڭ ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، كېيىن رەڭگىرويىڭنىڭ بارغانسېرى سارغىيىپ ۋە قارىداپ كېتىشىنىڭ ۋەجى شۇ ئىكەن ـ دە؟ قارا، سەن بەئەينى موم ئىچىدە تۇرغاندەكلا بولۇپ قاپسەن!

ــ بۇركۇت ۋە يىلانلىرىم، سىلەر نېمە دەۋاتىسىلەر؟ ــ دېدى

زوروئاستېر كۈلۈپ تۇرۇپ، — مومنى تىلغا ئالغىنىڭلاردا ئۈنىڭدىن ئازراق ھاقارەت مەنىسى بار ئىدى. مەندە يۈز بەرگەن ئىشلار ھەرقانداق پىشقان مېۋىلەردە يۈز بەرگەن. تومۇرلىرىمدىكى شەربەتلەر قېنىمنى قويۇقلاشتۇرۇپ، روھىمنى تىنچىتتى.

— ئاھ، زوروئاستېر، ئىشلار ئەسلىدىن شۇنداق، — دېدى بۆركۈت بىلەن يىلان ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، — بىراق، بۈگۈن سەن ئېگىز تاغقا چىقىشنى خالامسەن؟ شۇ تاپتا ھاۋا ئىنتايىن ساپ، بىز دۇنيانى بۇرۇنقىدىنمۇ روشەن كۆرەلەيمىز.

— توغرا، مېنىڭ مەخلۇقلىرىم، — دېدى زوروئاستېر جاۋابەن، — دۇرۇس، سۆزۈڭلار ماڭا يارىدى. مەن بۈگۈن ئېگىز تاغقا چىقىشنى نىيەت قىلدىم! بىراق، سىرىق، ئاپئاق، ئېسىل، قويۇق ھەسەللەردىن تەييارلىۋېلىشىم كېرەك. چۈنكى، مەن تاغدا ئىستىقامەت قىلىپ، شەربەت نەزىرى بېرىمەن.

ئەمما، زوروئاستېر چوققىغا چىقىپ مەخلۇقلىرىنى قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز قالدى-دە، ئىچ-ئىچىدىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ھەمدە ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ دېدى:

— مەن بايا تىلغا ئالغان شەربەت نەزەرى پەقەت بىر ھىيلە. ئېھتىمال، ئىنتايىن ئەسقاتىدىغان بىر تەلۋىلىك! بۇ چوققىدا زاھىتلارنىڭ غارى ياكى ئۆي مەخلۇقلىرى ئالدىدا تۇرغاندىنمۇ بەكرەك بىمالال سۆزلىگىلى بولىدۇ.

نەزىر-چىراغ دەمسەن! ئەمەلىيەتتە مەن كىشىلەرنىڭ مەدھىيەسىنى ئىسراپ قىلىۋاتىمەن. ماڭا ئوخشاش مىڭ قولى بار ئىسراپخور بۇ ئىشنى قانداقمۇ ساخاۋەت دېيەلىسۇن؟

شەربەتكە موھتاجلىقىم پەقەتلا ئۇنى يەمچۈك قىلىپ، يېپىشقاق نەرسىلەر ئارقىلىق ھۆركىرەپ تۇرغان ئېيىق ۋە بەتبەشىرە قۇشلارنى قولغا چۈشۈرۈش.

ماڭا بېلىقچىلار ياكى ئوۋچىلار ئىشلىتىدىغان ئەڭ ياخشى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



يەمچۈك كېرەك. چۈنكى، ئەگەر دۇنيا راستتىنلا تۇرلۇك ھايۋانلارغا تولغان خىلۋەت ئورمانغا ۋە شىكارگاھقا ئايلانسا، مەن ئۇنى رەڭگارەڭ، تەگسىز دېگىنىز قىلىمەن.

بىلىق ۋە قىسقۇچپاقىغا تولغان دېڭىزغا، ھەتتا ئىلاھلارمۇ يېقىنلاشسام دەيدۇ ھەم بېلىق تۇتۇشقا ھەۋەس قىلىدۇ. دۇنيا ئاشۇنداق ئۆلۈغ ۋە ئەرزىمەس ئاجايىبات بىلەن تولغان.

بولۇپمۇ بۇ ئادەمزات دۇنياسى ياكى ئادەم دېڭىزىغا — مەن ئۇنىڭغا ئالتۇن قارمىقىمنى تاشلىدىم - دە، شۇنداق دېدىم:

— ئاچ قوينۇڭنى، ئىنسان ھاڭلىرى! ئاچ باغرىڭنى، بېلىقلىرىڭ ۋە يالتىراق قىسقۇچپاقىلىرىڭنى ماڭا تاپشۇر! بۈگۈن مەن ئەڭ ئېسىل قارماق بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئاجايىپ بېلىقلىرىنى تۇتىمەن!

بەختىمنى يىراقلارغا چاچتىم. قارا، ئاشۇ ئىنسانلار ئاجايىپ بېلىقلىرى ئۇنىڭغا يېپىشامدۇ ھەم بەختىمنى تالىشامدۇ - يوق؟

تاكى ئۇلار يوشۇرۇنغان ئۆتكۈر قارماققا ئىلىنغۇچە، يۈكسەكلىكىمگە كۆتۈرۈلۈشكە مەجبۇر بولىمەن، رەڭدار ھاڭ ئاستىدىكى بېلىقلار زەھەرخەندە بېلىقىمغا يېقىنلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

مەن سەممىمي ھالدا ئىشنى شۇنداق باشلىدىم. قارماقنى تارتىش، يېقىنلىشىش، ئېگىز كۆتۈرۈش، قويۇۋېتىش. بىر قارماق تارتقۇچى ياكى ھايۋان كۆندۈرگۈچى ماڭا سەممىمي شۇنداق دېدى: «ئۆزۈڭدەك بول».

شۇنداق ئىكەن، ئىنسانلار يېنىمغا چىقسۇن. چۈنكى، چۈشۈش سىگنالىنىلا كۈتۈۋاتىمەن. گەرچە، مەن ئاخىر كىشىلەر ئارىسىغا قايتىشىم كېرەك بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۆزلۈكۈمدىن ئۇنداق قىلىشنى خالىمىدىم.

شۇڭا، مەن ھىيلە ۋە مەسخىرە بىلەن ئېگىز تاغنىڭ مۇشۇ جايىدا كۈتۈۋاتىمەن، ئالدىرىمايمۇ تۇرمىدىم، ئالدىراپمۇ كەتمىدىم، بەئەينى

سەۋر ـ تاقەتنى ئۈنتۈپ كەتكەندەك. چۈنكى، ئۇ ئەمدى «ئازاب»لانمايتتى.
تەقدىرىم ئالدىراتمىدى. بەلكىم، ئۇ مېنى ئۈنتۈپ كەتكەندۇ. ئۇ بىر تاشنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرۇپ چىۋىن تۇتۇش بىلەن ئاۋارىدۇر.

راست، مەڭگۈلۈك تەقدىرىمنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت. ئۇنىڭ ھىممىتىدىن شۇ تاپتا خۇشال ـ خۇرام يۈرمەكتىمەن ھەم بۈگۈن بۇ چوققىغا كېلىپ بېلىق تۇتۇۋاتىمەن.

تاغ چوققىسىدا بېلىق تۇتۇپ باققان كىم بار؟ گەرچە قىلماقچى بولغانلىرىم بىر خىل ساراڭلىق بولسىمۇ، شۇنىڭغا رازىمەنكى، تاغدىن چۈشۈشكە رازى ئەمەسمەن. چۈنكى، كۈتۈۋېرىپ ھاڭۋاقتىلىشىپ كېتىشنى ھەم تاتىرىپ كېتىشنى خالىمايمەن.

چۈنكى، كۈتۈش تۈپەيلى مەغرۇر ھەم قوپال ئادەمگە ئايلىنىپ، گويا تاغدىن كەلگەن ئىلاھىي بوراندەك، جىلغىلارغا تاقەتسىز گۈركىرەيمەن: «قۇلاق سال، بولمىسا سېنى تەڭرىنىڭ جازاسى بىلەن جازالايمەن!»

شۇ سەۋەبتىن مەن بۇ غەزەپلىك كىشىلەردىن نەپرەتلەنمەيمەن، بەلكى كۈلكىلىك ھېس قىلىمەن! ئۇلار چوقۇم بىئارام بولۇۋاتىدۇ، ئاشۇ ئاۋازلىق دۇمباقلار ھازىر ئىچىنى بوشاتمىسا، كېيىن پۇرسەت يوق!

مەن ۋە تەقدىرىم ئىككىمىز «ھازىر» بىلەن سۆھبەت تۈزمەيمىز ھەم «مەڭگۈسىزلىك» بىلەن پاراڭلاشمايمىز.

تەمكىن سۆزلىشىش ئۈچۈن بىزدە يېتەرلىك ۋاقىت بار. چۈنكى، ئۇ بەرىبىر كېلىدۇ، ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ.

ئوغرىلىقچە كېتەلمەي، بەرىبىر كېلىدىغىنى زادى نېمە؟ ئۇ دەل بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى «تىككەن دورىمىز»، يەنى بىزنىڭ ئۇلۇغۋار ھەم يىراق ئىنسانىيەت خانلىقىمىز، نەچچە مىڭ ئەسىرلىك زوروئاستىر دىيارى.

ئۇ دىيارنىڭ قانچىلىك يىراق بولۇشى مەن بىلەن ئالاقىسىز. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



يىراق بولغاچقىلا رېئاللىق ئەمەس دەپ ئىنكار قىلالمايمەن. پۈتلىرىم مەزمۇت ھالدا مۇشۇ تۇپراققا دەسسەپ تۇرىدۇ.

بۇ مەڭگۈلۈك تۇپراق، ئىپتىدائىي قورام تاش، ئەڭ يۇكسەك، ئەڭ تەۋرەنمەس ئىپتىدائىي تاغدا شامالىلار جەم بولدى، ئاندىن كەلگەن يەرلىرى ۋە مەنزىللىرى ئۈستىدە ئۆزئارا سۆزلەشتى، گويا بۇ يەر شامالىلارنىڭ ھېيتگاھىدەك.

ئەي، مېنىڭ ساغلام شۇملۇقۇم. كۈل، كۈلگىن! ئاشۇ پارلاق مەسخىرىلىك كۈلكەڭنى ئېگىز تاغدىن پەسكە تاشلا! پارلاقلىقىڭ بىلەن مەن ئۈچۈن ئىنسانىلارنىڭ ئەڭ ئېسىل بېلىقلىرىنى تۇتۇپ كەل!

دېڭىزدىكى ماڭا خاس نەرسىلەر، نەرسىلەر ئارىسىدىكى ئۆزلۈكىم ماڭا ئاشۇ كىشىلەرنى قارماققا چۈشۈرۈپ ئالدىمغا ئەكېلىپ بېرىڭلار. مەن ئاشۇ ئەڭ ھەيلىگەر بېلىقچىلارنى كۈتۈۋاتىمەن.

بېرىڭلار، بېرىڭلار! قارماقلىرىم! سۇغا چۆكۈڭلار، بەخت يەمچۈكلىرىم! ئەڭ ئەزىز شەربەتلىرىڭنى تېمىت. ئەي، روھىم شەربىتى! بارلىق قاپقارا ئازابلارنىڭ ئىچ ـ باغرىنى چېقىڭ چىشلە، قارمىقىم!

قارا، مېنىڭ كۆزلىرىم، ئەتراپىمدا قانچىلىغان دېڭىز مېنى ئوراپ تۇرىدۇ، ئاجايىپ ياخشى ئىنسانىيەت كېلەچەكنىڭ سەھىرى! بىراق، ئۈستۈمدە قىزغۇچ جىمجىتلىق، بۇلۇتسىز چەكسىز جىمجىتلىق!

## 62. قۇتقۇزۇش ئىلتىجاسى

ئىككىنچى كۈنى، زوروئاستېر يەنە ئاشۇ غار ئالدىدىكى تاش ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مەخلۇقلىرى سىرتقا چىقىپ، يېڭى ئوزۇق ۋە شەربەت ئىزدەيتتى. چۈنكى، زوروئاستېر ئەڭ ئاخىرقى بىر تېمىم شەربەتنىمۇ ئىشلىتىپ بولغانىدى. ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ، قولىدىكى تاياق

بىلەن يەردىكى كۆلەڭگىنىڭ شەكلىنى سىزىۋېتىپ (ئۆزى ياكى كۆلەڭگىسى ھەققىدىكى خىيال ئەمەس) خىيالغا غەرق بولغاندا ۋەھىمە بېسىپ تىترەپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ سايىسىنىڭ يېنىدىكى يەنە بىر سايىنى كۆرگەندى. ئۇ دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى ھەمدە ئورنىدىن تۇردى. شۇندىلا ئۆزى بىلەن ھەمتاۋاق بولغان بىر بېشارەتچىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى سەزدى. ئۇلۇغۋار زېرىكىشنىڭ بۇ جاكارچىسى شۇنداق دېگەنىدى:

— ھەممىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش، ھەممىسىنىڭ قىممىتى يوق، بۇ دۇنيانىڭ قىلچە مەنىسى يوق. بىلىم ئادەمنى بوغۇۋېتىدۇ.

بىراق، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى، زوروئاستېر ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قورقۇنچ ھېس قىلدى. نۇرغۇن شۇم بېشارەتلەر ۋە خۇنۇك چاقماقلار ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتتى.

ئۇ بېشارەتچى زوروئاستېرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەن بولسا كېرەك، گويا يۈزلىرىدىكى ئالامەتلەرنى ئۆچۈرمەكچى بولغاندەك يۈزلىرىنى دەرھال سىيپىۋەتتى. زوروئاستېرمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇلار كۆڭلىنى ئۇن ـ تىنسىز ھالدا ئارامىغا چۈشۈرۈپ، روھىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن تېخىمۇ چۈشىنىشكە بولغان ئىنتىلىشلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

— بۇ يەرگە كەلگىنىڭنى قارشى ئالىمەن، — دېدى زوروئاستېر، — سەندەك ئۇلۇغ زېرىكىش بېشارەتچىسى، بەلكىم بۇرۇن ماڭا مېھمان بولۇپ، غىزا يېگىنىڭنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟ بۈگۈن بىز يەنە بىرلىكتە غىزالىنايلى. ھېسسىياتچان بىر قېرىنىڭ سەن بىلەن بىللە غىزالانغانلىقىنى ئەيىب قىلمىغىن!

— ھېسسىياتچان قېرى! — دېدى ھېلىقى بېشارەتچى بېشىنى چايقاپ، — ھەي، زوروئاستېر، كىم بولۇشۇڭ ياكى كىم بولماقچى

www.uyghurkitap.com



بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر، سەن بۇ تاغدا تۇرغىلى ئىنتايىن ئۇزاق بولۇپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن كېمەڭ قورۇقلۇقتىن ئۇزاپ كېتىدۇ، تېغىڭ ئاستىدىكى دېڭىز سۈيى ئۆرلىمەكتە، ئېغىر ئاپەت ۋە ئازاب دولقۇنلىرى كېمەڭنى تېزلا كۆتۈرۈپ، سېنى ئەكېتىدۇ، — زوروئاستېر چۆچۈگەن هالدا تۇرۇپ قالدى، — تېخى هېچنېمىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دېدى بېشارەتچى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەنە، ئاۋۇ جىلغىلارنىڭ تۇۋلاشلىرى ۋە گۈركىرىشى ئەمەسمۇ؟ زوروئاستېر يەنىلا گەپ ـ سۆز قىلماي دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ ئۇزاق ئۇشقىرتىشنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ ئاۋاز جىلغىلار ئارىسىدا ئەكس سادا پەيدا قىلدى. چۈنكى، تاغلار ئاۋازنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇ ئاۋاز ئاڭلىماققا شۇملۇقتەك تۇيۇلاتتى.

— هەي، قارا نىيەت بېشارەتچى، — زوروئاستېرنىڭ ئاغزى ئېچىلدى، — مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، بۇ قۇتقۇزۇش ئىلتىجاسى، ئىنسانلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان. ئۇ بەلكىم قاراڭغۇ دېڭىزدىن ئۇچۇپ كەلگەندۇ. لېكىن، ئىنسانلار ئاپەتكە يولۇقسا، بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى! ئالىلىقاچان ماڭا قالدۇرۇلغان ئاشۇ گۇناهنى بىلىشىڭ مۇمكىنمىدۇ؟

— هېسداشلىق! — دېدى بېشارەتچى تۇزلۇك بىلەن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ئاھ، زوروئاستېر، مەن ئاشۇ ئەڭ ئاخىرقى گۇناهنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەلدىم! — گەپ تېخى تۈگىمەيلا، هېلىقى ئۇشقىرتقان ئاۋاز يەنە كۆتۈرۈلدى، هەم ئۇزاق، هەم ئەنسىز ئاڭلاندى، — ئاھ، زوروئاستېر ئاڭلا، ئاڭلىدىڭمۇ ـ يوق؟ — دېدى بېشارەتچى تۇۋلاپ تۇرۇپ، — ئۇ ئاۋاز سېنى چىللاۋاتىدۇ، تېز، تېز، تېز بول! ئەمدى ۋاقتى كەلدى. هازىر دەل ۋاقتى!

زوروئاستېر گاڭگىراپ قالدى. سەلدىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىدىن پىچىرلاپ سورىدى: «مېنى چاقىرىۋاتقان كىمدۇ؟»

— ئەمەلىيەتتە كۆڭلۈڭگە ئايان، — دېدى هېلىقى بېشارەتچى

رەنجىپ، ــ يوشۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇ دەل يوكسەك ئادەمنىڭ سىنى چاقىرىشى!

ــ يوكسەك ئادەم، ــ زوروئاستىر ئەنسىز تووۋلىۋەتتى، ــ ئۇ نېمە قىلماقچى، ئۇنىڭغا نېمە كېرەك، ئاشۇ يوكسەك ئادەم بۇ يەرگە كېلىپ زادى نېمە قىلماقچى؟ ــ ئۇنى پۈررىدە سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى.

لېكىن، ھېلىقى بېشارەتچى زوروئاستىرنىڭ ھولۇققان ھالىتىگە دىققەت قىلماي، قەددىنى ئەگكەن ھالدا قۇلاق سالاتتى. ئەتراپ جىمىپ خېلى ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ بېشىنى بۇراپ، زوروئاستىرنىڭ بەزگەكتەك تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ــ ئاھ، زوروئاستىر، ــ ھەسرەتلەنگەن ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى بېشارەتچى، ــ سەن بەختتىن ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغان كىشىگە ئوخشىشىدىكەنسەن. يىقىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇسسۇل ئويناش كېرەك!

ئەگەر ئالدىمدا ئۇسسۇل ئويناپ، بار ھۈنىرىڭنى كۆرسەتسەڭ، قاراڭلار، ئەڭ ئاخىرقى شادلانغۇچى بۇ يەردە ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ، دەيدىغان ئادەم چىقمايدۇ.

مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئېگىز تاغقا چىقىپ ئاشۇ شادلانغۇچىنى ئىزدىمەكچى بولىدىكەن، ئۇ ھېچنېمىگە ئېگە بولالمايدۇ. پەقەت بەزى غارلار ۋە غار ئىچىدىكى غارلار، غايىبلارنىڭ پاناھگاھىدىن باشقا، ھېچقانداق بەختنىڭ كانى، مەخپىي خەزىنىلەر ۋە بەختنىڭ يېڭى ئالتۇن كانلىرىنى تاپالمايدۇ.

بەخت ــ بىر ئادەمنىڭ تىرىك كۆمۈلگەن ۋە تەنھا قالغان كىشىلەر ئارىسىدىن بەخت تاپالىشى مۇمكىنمۇ؟ يىراق ھەم ئۇنتۇلغان دېڭىز سىرتىدىكى شادلىق ئارىلىدىن ئاخىرقى بەختنى ئىزدىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

لېكىن، ھەممە نەرسە ئوخشاش. ھەممىنىڭ قىممىتى يوق،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بارلىق ئىزدىنىشنىڭ ھەممىسى بىكار. شادلىق ئارىلى مەۋجۇت ئەمەس!

ھېلىقى بېشارەتچى ئاشۇنداق ھەسرەتلىنەتتى. ئۇ دەردىنى تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن، خۇددى قاراڭغۇ غاردىن چىقىپ قۇياشنى قايتىدىن كۆرگەندەك:

ــ ياق! ياق! ياق! ــ ئۇ بورۇتىنى تولغاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى، ــ بۇ ئىشنى سەندىن ئېنىقراق بىلىمەن! شادلىق ئارىلىنىڭ يوقالغىنى يوق! شۇڭا، ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرۇشۇڭ ھاجەتسىز!

سەن، ئەي تويۇنغان بولۇت، يامغۇر بولۇپ ياغما! ھەسرەتلىرىڭدىن ھۆل بولۇپ، سۇغا چۈشكەن ئىتتەك بولۇپ كەتكىنىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟

ئەمدى مەن بېشىمدىكى سۇلارنى قېقىشتۇرۇپ، سەندىن يىراقلاپ كېتەي، تېزرەك قۇرۇشۇم ئۈچۈن، ئۇنچىلىك ھەيران بولما! مېنى قوپال ھەم قائىدىسىز دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ بىراق، بۇ يەر ئۆزۈمنىڭ ئوردىسى.

بايىقى يۇكسەك ئادەمگە كەلسەك، خوپ، مەن ئۇنى ھازىرلا ئورمانغا بېرىپ ئىزدەي ــ ئۇنىڭ قۇتقۇزۇش ئىلتىجاسى شۇ يەردىن كەلگەن. بەلكىم، ئۇ ھازىر دەل ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ خىرىسىغا ئۇچراپ، خەتەر ئىچىدە قالغاندۇ.

مەن ئۇنىڭ ماڭا خاس زېمىندا خەتەرگە يولۇقۇشىنى خالىمايمەن! راست، ئەتراپىمدا نۇرغۇن ۋەھشىي ھايۋانلار بار.

زوروئاستېر گېپىنى تۈگىتىپلا نېرى كەتتى.

ــ ئاھ، زوروئاستېر، سەن دېگەن بىر كۆكەرمە! ــ دېدى ھېلىقى بېشارەتچى.

ياخشى چۈشىنىمەنكى، سەن باشتىن ـ ئاخىر مەندىن قېچىپ كەلدىڭ. سەن پەقەت ئورمانلاردا ۋەھشىي ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا رازى.

ئۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ كەچ بولۇش بىلەن تەڭلا يېنىمغا قايتىپ كەلدىڭ. سەن پەقەت ئورمانلاردا ۋەھشىي ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا رازى.

ــ ئىختىيارلىق، ــ زورۇئاستىر مېغىشتىن بۇرۇن شۇنداق دېدى، ــ غارىمدىكى ھەممە نەرسە ساڭىمۇ تەۋە، ئەزىز مېھمىنىم!

ئەگەر سەن، توختىماي ھۆركىرەيدىغان ئېيىق، ئاز ـ تولا شەربەت تاپالىساڭ، ئۇنى يالاپ تۈگەت! ئاندىن كېيىن قەلبىڭنىمۇ پاكلا. چۈنكى، بۈگۈن كەچ بىز شادلىققا بىر قېتىم ئۇلپەت بولىمىز.

چۈنكى، بىركۈن ئاخىرلاشتى! سەن ماڭا ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئوينا.

گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتامسەن، بېشىڭنى لىڭشىتتىڭمۇ؟ تېتىك بول، قېرى ئېيىق! مەنمۇ بىر بېشارەتچى!

## 63. پادىشاھ بىلەن سۆھبەت

### 1

زورۇئاستىر شۇنداق دەيدۇ:

زورۇئاستىر تاغ ۋە ئورماندا بىر سائەتتەك ماڭدى. ئۇ تۇساتتىن غەلىتە بىر سەپنى ئۇچراتتى. ئۇ ئالدىغا كېتىۋاتقىنىدا، قارشى تەرەپتىن بېشىغا تاج كىيگەن، سۆسۈن زۇننار چىگىپ، پۈزۈر كىيىنگەن ئىككى شاھنى ئۇچراتتى. ئۇلار يۈك ئارتىلغان بىر ئېشەكنى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى: «بۇ ئىككى پادىشاھ زېمىنىمدا نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟» زورۇئاستىر ھەيرانلىق بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى ۋە دەرھال پاكار دەرەخلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. ئۇلار يېقىنلاشقاندا، ئۇ «تۇۋا! تۇۋا! بۇ قانداق بولغىنى؟ پادىشاھ ئىككى، ئېشەك بىر!» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە.

ئىككى پادىشاھ توختاپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى، ئاندىن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈلۈپ كەتتى:

ــ بىزنىڭ ئۇ يەردىكىلەرمۇ شۇنداق ئويلايدۇ، ــ دېدى ئوڭ تەرەپتىكىسى، ــ لېكىن، ئاشكارىلىمىدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ئۇ بەلكىم، — دېدى سول تەرەپتىكىسى مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ، — قويچىدۇر ياكى ئورمانلاردا ئۇزاق ۋاقىت يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن زاھىتتۇر. چۈنكى، يالغۇزلۇق كىشىنى قائىدىسىز قىلىپ قويىدۇ.

— قائىدە، — يەنە بىر پادىشاھ زەردە بىلەن دېدى، — بىز زادى نېمىدىن قېچىۋاتىمىز، دەل ئاشۇ «قائىدە» ۋە «گۈزەل جەمئىيەت» تىن ئەمەسمۇ؟

راست، ئەڭ ياخشىسى ئاشۇ زاھىت ياكى قويچىلارنىڭ ئارىسىدا ياشاپ تېشى پال - پال چاقنا كىشىلەردىن يىراقراق بولايلى. گەرچە ئۇلار ئۆزىنى «ئېسىل كىشىلەر» دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ.

گەرچە ئۇلار ئۆزىنى «ئاقسۆڭەك» دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى ساختىپەز ھەم ئىپلاس، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قان — بىز ئاشۇ ناچار كونا كېسەللەرگە ۋە ناچار تېۋىپلارغا تەشەككۇر دەيلى.

مەن ساغلام دېھقاننى ئەڭ ياخشى ۋە سۆيۈملۈك ھېس قىلىمەن. قوپال، چېچەن، جاھىل، تەۋرەنمەس كىشىلەر ئالىيجانابلارنىڭ ئۈلگىسى.

دېھقان كۆز ئالدىمىزدا ئەڭ ياخشى ئادەم، بۇنداقلار بەگنىڭ ئورنىدا تۇرۇشى كېرەك! لېكىن، ھازىرقى ۋاقىت چاقنا كىشىلەرنىڭ زامانى بولۇپ قالدى. مەن بۇرنۇمدىن يېتىلەشنى خالىمايمەن. چۈنكى، ئاۋام ئەسكى - تۇسكىلەرنىڭ دۆۋىسى.

بۇ توپتا ھەممە نەرسە بار. ئەۋلىيا بىلەن ئالدامچى، مۆتىۋەر بىلەن كاززاپ ھەمدە نوھنىڭ كېمىسىدىكى بارلىق جانىۋارلار.

قائىدە! ھەممە نەرسىمىز ساختا ھەم مەينەت. ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان كىشىلەر قالمىدى. بىز دەل مۇشۇلاردىن قاچىمىز. ئۇلار بىر ئوچۇم ئاچ كۆز ئىتلاردۇر. ھەتتا پالما ياپراقلىرىغىمۇ ھەل بەرگەن.

مېنى زېرىكىش چىرمىۋالدى. بىز پادىشاھلارمۇ ساختا ھەم

ياسالما بولۇپ كەتتۇق. ئەجدادلىرىمىزنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن شان ـ شەرەپلىرىگە پېتىپ قېلىپ، ئەڭ ھاماقەت، ھىيلىگەر، مەنسەپپەرەس كىشىلەرنىڭ مېدالىغا ئايلىنىپ قالدۇق.

بىز ئەڭ ئېسىل كىشىلەردىن بولمىساقمۇ، ئەمما شۇ خىل قىياپەتكە كىرىۋېلىشىمىز كېرەك. بىز بۇ خىل ئادەم ئالدايدىغان ئويۇندىن زېرىكتۇق.

بىز توپتىن ئايرىلىپ كەتتۇق. بارلىق قالايمىقانچىلىق ۋە مەمەدانلىقتىن، ھىيلىگەر سودىگەر ۋە غايىپپەرەس تەنتەكلەردىن، ئىپلاس ھاۋالاردىن ئۆزىمىزنى تارتتۇق.

تۇفى! چاكىنىلار ئارىسىدىكى ھايات! تۇفى! چاكىنىلار ئىچىدىكى ساختا ئۈستۈنلۈك! يىرگىنچ! يىرگىنچ! يىرگىنچ! بىز پادىشاھلارنىڭ ھۆرمەت قىلغۇدەك نەرىمىز قالدى!

ــ كونا كېسىلىڭ قوزغالدى، ــ دېدى سول تەرەپتىكى پادىشاھ، ــ يەنە غۇدۇراشقا باشلىدىڭ، بىچارە قېرىندىشىم، بىراق بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاۋاتقان ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك.

بۇ ئويۇننى كۆرگەن زوروئاستىر مۆكۈنگەن يېرىدىن چىقىپ، پادىشاھلارنىڭ يېنىغا باردى ھەم شۇنداق دېدى:

ــ گېپىڭلارنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولغان كىشى زوروئاستىردۇر. «پادىشاھلارنىڭ ھۆرمەت قىلغۇدەك نەرى بار» دېگەن گەپنى قىلغان زوروئاستىر دېگەن كىشى مەن بولىمەن. مەن سىلەرنىڭمۇ شۇنداق دېگىنىڭلاردىن خۇشالمەن. مېنىڭ بىھۆرمەتلىكىمنى كەچۈرۈڭلار!

بۇ يەر مېنىڭ. سىلەر بۇ يەردىن نېمە ئىزدەمەكچى ياكى سىلەر مەن ئىزدەۋاتقان يۇكسەك ئادەمنى تاپتىڭلارمۇ؟

پادىشاھلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قورسىقىدىكى گەپنى يوشۇرالماي: «پاش بولۇپ قالدۇق!» دېيىشتى.

تىل خەنجىرىڭ يۈرىكىمىزنىڭ چوڭقۇر يېرىگە پاتتى. سەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىزنىڭ ئازابىمىزنى بىلىۋالدىڭ. بىز ھەقىقەتەن يۈكسەك ئادەمنى ئىزدىگەنىدۇق.

گەرچە بىز شاھ بولساقمۇ، ئۇ ئادەم يەنىلا بىزدىن ئۈستۈن. شۇڭا، بىز ئۇ ئىشەكنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلماقچى بولدۇق. چۈنكى، يۈكسەك ئادەم زېمىندىكى ئەڭ يۈكسەك ھۆكۈمران بولۇشى لازىم.

ئىنسان تەقدىرىدە، غالىبلارنىڭ ئەڭ ئېسىل كىشىلەردىن بولماسلىقىدىنمۇ ئارتۇق بەختسىزلىك بولماس. ئۇ چاغدا ھەممە نەرسە ساختا، بۇرمىلانغان، بىمەنە بولۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر ئۇلار ئەڭ ئاخىردا مەۋجۇت بولغان ھەم ھايۋانىيلىقى ئىنسانىيلىقتىن ئارتۇق بولغان ئىنسانلاردىن بولسا، ئاۋامنىڭ دەرىجىسى ئۆرلەپ كېتىدۇ. ئاخىردا، ئاۋام ئەخلاقى شۇنداق دەيدۇ: «قارا، پەقەت مەنلا بار!»

— مەن بايا نېمە ئاڭلىدىم، — دېدى زوروئاستېر جاۋابەن، — ئۇ پادىشاھقا تەۋە قانداق ئەقىل - پاراسەت؟ مەن بەكلا خۇرسەن بولدۇم. راست، مەن ئۇلارنى شېئىر قىلىپ يېزىپ چىقاي.

گەرچە، شېئىرلىرىم ئاۋامغا ياقمىسىمۇ، خېلى بۇرۇنلا ئاددىي ئۇسلۇبلارنى كۆڭلۈمگە ئالمايدىغان بولغان. ئۇنداقتا، يازاي:

(بىراق، بۇ چاغدا ئېشەك غەزەپ بىلەن «ھاڭ - ھاڭ» دەپ ھاڭرىدى.)

نىجاتىم تۇغۇلغان ئاشۇ بىر يىلى،
ئىچمەيلا مەست بولغان پېرىخون دېدى،
ھەممىسى شۇ قەدەر رەزىل، كۆرۈمسىز!
بار بۇندا ئەزەلدىن بولمىغان چىرىش!
پاھىشىخانىغا ئايلاندى رىممۇ،
شاھ بولدى ياۋايى، تەڭرى يەھۇدىي!

2

ئىككى پادىشاھ شېئىرنى ماختاپ كېتىشتى:

— ئاھ، زوروئاستېر، — دېدى ئوڭ تەرەپتىكى پادىشاھ، — بىزنىڭ يولىمىز بىكارغا كەتمەپتۇ!

چۈنكى، دۈشمەنلىرىڭ ئۆزىنىڭ ئەينىكى ئارقىلىق بىزگە سۈرىتىڭنى كۆرسىتىپ قويغان. بىز ئەينەكتىن سېنىڭ ئالۋاستىدەك مەسخىرىلىك چىرايىڭنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەنىدۇق!

• لېكىن، ئۇنىڭ نېمە كارايىتى! سەن پاراسەتلىك سۆزلىرىڭ بىلەن بىزنى باشتىن ـ ئاخىر غىدىقلىدىڭ. شۇنىڭ بىلەن بىز: «ئۇنىڭ چىرايىنىڭ كارى چاغلىق!» دېيىشتۇق.

«تىنچلىقنى سۆيۈڭلار» دېگەن ئۇ، بىز ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باقايلى، «ھەم ئۇنى كېلەچەكتىكى ئۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسىگە ئايلاندۇرۇڭلار. قىسقا مۇددەتلىك تىنچلىقنى ئۇزاق تىنچلىقتىن ئەلا بىلىڭلار!»

بۇنداق جەڭگىۋار سۆزنى ھېچكىم دەپ باقمىغان، «نېمە ياخشى؟ باتۇرلۇق ياخشى، ئۇرۇش ھەرقانداق پىكىرنى ئىلاھىيلاشتۇرۇۋېتەلەيدۇ.»

ئاھ، زوروئاستېر، سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ، گويا كونا كۈيلەردىكى باھار ساداسىدەك ئەجدادلارنىڭ قېنى تومۇرلىرىمىزدا قايناشقا باشلىدى.

شەمشەرلەر نەشتەرگە ئايلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز ھاياتلىقنى قەدىرلەشنى ئاندىن چۈشەنگەن، ئۇلارچە، تىنچلىقنىڭ ھەربىر قۇياشى تاتىراڭغۇ ھەم ئىلمان. ئۇزاق تىنچلىقتىن ئۇلار نومۇس قىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز قورۇقتىكى شەھەرلەرنىڭ توپا بېسىپ ياتقىنىنى كۆرگىنىدە ھەسرەتلىنەتتى! ئۇلار بەئەينى شەمشەر كەبى ئۇرۇشخۇمار ئىدى. ئۇلار قان ئىچىشكە، ھەۋەس ئوتلىرىنىياندۇرۇشقا ئالدىرايتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



پادىشاھلار ئەجدادلىرىنىڭ سائادىتىنى خۇشال ـ خۇرام سۆزلەۋاتقىنىدا، زوروئاستېر ئۇلارنى مەسخىرە قىلماقچى بولدى، چۈنكى بۇ پېشقەدەم رايىش پادىشاھلار تىنچلىقنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، لېكىن نىيىتىدىن ياندى.

— خوپ، — دېدى ئۇ، — ئاۋۇ يەر زوروئاستېرنىڭ ماكانى، بۇ يول دەل شۇ يەرگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇگۈن كېچە ئۇزۇن بولىدۇ. شۇ تاپتا قۇتقۇزۇش ئىلتىجاسى مېنى ئالدىرىتىۋاتىدۇ.

ئەگەر، سىلەر غارىمدا بىرپەس ئولتۇرۇپ تۇرۇشنى خالىساڭلار، پاخال كەپەم نۇرلىنىپ كېتەتتى. بىراق، ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ؟

خەير! ھېچقىسى يوق، شۇ تاپتا كۈتۈشنى ئۆگىنىشكە ئوردىدىنمۇ بەك مۇۋاپىق كەلگۈدەك يەنە نە بولسۇن، پادىشاھلار ئۆزىنىڭ سالاپىتىنى ساقلىدى — ھازىر «سەۋر ـ تاقەت» دەپ ئاتالغان گۈزەل ئەخلاق دەل ئاشۇ ئەمەسمۇ؟

## 64. سۇلۇك

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

زوروئاستېر ئورمان ۋە دالالاردا خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. توساتتىن ئۇ بىر ئادەمنى دەسسىۋېلىپ:

— بۇ ھەربىر خىيالچان ئادەمدە بولىدىغان بەختسىزلىك، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ـ دە، قوپال گەپ ـ سۆزلەر بىلەن تىللاپ ئەندىككەن ھالدا ھاسىسى بىلەن ئۇنى ئۇرماقچى بولدى. بىراق، دەررۇ ئېسىگە كېلىپ، بايىقى ساراڭلارچە قىلىقلىرىدىن كۈلدى.

— كەچۈرگىن، — دېدى ئۇ ھېلىقى ئادەمگە قاراپ، ئۇ ئادەم غەزەپ بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، يەنە ئولتۇرۇۋالدى، — مەن ناماقۇل، ئالدى بىلەن تەمسىلىمگە قۇلاق سال.

گـويا يـىراقنـى ئـويـلاپ تـەنهـا كـېتـىۋاتقـان سـەرگـەردان ئېھتىياتسىزلىقتىن يولدا ئاپتاپسىنىپ ياتقان ئىتنى دەسسىۋالغاندەك، گويا ئۆركۈپ كېتىپ بىر ـ بىرىنى تىللاشقان ۋە قاۋاشقان ئاشۇ ئادەم بىلەن ئىت بىردىنلا رەقىبلەردەك ئۆچلىشىپ، يەنە سوكۇتلىشىپ، ئاخىردا خىرىس قىلىشقاندەك، بىزمۇ بايا شۇنداق قىلىشتۇق.

بىراق، ئاشۇ ئىت بىلەن ئادەم ئۆزئارا كۆيۈندۈرىدىغان كىچىككىنە نەرسىگە نەقەدەر موھتاج! ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەنها ئەمەسمۇ؟

ــ كىم بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر، ــ دېدى دەسسەلگەن ئادەم ئاچچىقىدىن يانماي، ــ تەمسىلىڭ بىلەن پۇتۇڭنىڭ ھەر ئىككىلىسى مېنى دەسسىدى! قاراپ باق، مەن ئىتمۇ؟ ــ ئۇ ئادەم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، سازلىقتا كەتكەن بىلەكلىرىنى تارتتى. ئۇ ئەسلىدە ئوۋچىغا ئوخشاش سازلىقتا تۈپتۈز يېتىۋالغانىكەن.

ــ سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ ــ زوروئاستېر قورققىنىدىن ۋارقىراپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ بىلىكىدىكى قانلارنى كۆرگەنىدى، ــ سېنى زەخىملەندۈرگەن زادى نېمە؟ سەن بىچارىنى يىرتقۇچ ھايۋانلار چىشلىۋالمىغاندۇ؟

ھېلىقى ئادەم پىسەنتسىز كۈلۈپ قويدى، ئەمما غەزىپى تېخى يانمىغانىدى.

ــ بۇنىڭ سەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ ــ دېدى ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ماڭماقچى بولدى ـ يۇ، يەنە توختاپ قالدى، ــ بۇ يەر مېنىڭ ماكانىم. سورايدىغانلار سوراۋەرسۇن. لېكىن، مەن سارائلارغا جاۋاب بېرىپ يۈرمەيمەن.

ــ خاتالاشتىڭ، ــ دېدى زوروئاستېر ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىققىنىچە، ــ خاتالاشتىڭ، بۇ يەر سېنىڭ ئەمەس، مېنىڭ. بۇ يەردە ھېچكىم زەخىملەنمەسلىكى كېرەك.

مېنى نېمە دېسەڭ مەيلى، مەن شۇنداق ئادەمكى، ئۆزۈمنى زوروئاستېر دەپ ئاتايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ياخشى! بۇ يول ئانچە ئۇزاققا بارمايلا زوروئاستېرنىڭ غارىغا بارىدۇ، ھۇزۇرۇمدا ياراڭنى تېگىشۋېلىشنى خالىمامسەن؟

سەن ھەقىقەتەن پالاكەت باسقان بىتەلەي ئىكەنسەن. باشتا يىرتقۇچ ھايۋانلار چىشلىۋاپتۇ. ئاندىن باشقىلار دەسسىۋاپتۇ!

ئۇ ئادەم زوروئاستېرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ چىرايى دەرھال ئۆزگەردى.

— مەن زادى نېمە بولدۇم! — دېدى ئۇ توۋلاپ، — بۇ ھاياتىمدا زوروئاستېر ۋە قان ئىچىپ ياشايدىغان سۈلۈكتەك كۆڭلۈمنى ئالغان كىم بار؟

مەن سۈلۈك ئۈچۈن سازلىق بويىدا بېلىقچىدەك يېتىپ، قولۇمنى سۇنۇپ نۇرغۇن قېتىم چاققۇزدۇم. ئەمدى بولسا تېخىمۇ سەرخىل سۈلۈك قېنىمنى شورىماقتا. ئۇ دەل زوروئاستېر!

ئاھ، بەخت! ئاھ، مۆجىزە! مېنى سازلىققا باشلاپ كەلگەن بۇ كۈنگە ھەشقاللا! ھازىرمۇ تىرىك تۇرغان ئەينەك نەيچىگە ئاپىرىن، ۋىجدانسىز ئۇلۇغ سۈلۈك! زوروئاستېرغا بەخت يار بولسۇن!

دەسسەلگەن ئادەم شۇنداق دېدى. زوروئاستېر ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى ھۆرمەت ۋە ئالىيجانابلىقتىن رازى بولدى.

— سەن كىم؟ — زوروئاستېر ئۇنىڭغا قوللىرىنى سوزۇپ سورىدى، — ئارىمىزدا ئېنىقلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار. ئۇ كۈنلەرمۇ كېلىپ قالدى.

— مەن روھىي بىلگۈچى، — دېدى ھېلىقى ئادەم جاۋابەن، — روھىي ئىشلار توغرىسىدا ئۇستازىم زوروئاستېردىن باشقا كامالەت ئىگىلىرى يوق.

نۇرغۇن ئىشلارغا نىسبەتەن بىلمەسلىك چالا بىلگەندىن ياخشى! ئۆزى ئۈچۈن ساراڭ بولۇش باشقىلار بەرگەن ئەقلىيالىقتىن ياخشى! مەن يىلتىز ئىزدەپ چوڭقۇرلايمەن.

— مەنبەنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن نېمە چاتىقىم، ئۇنىڭ

سازلىق ياكى ئاسمان دېيىشى بىلەن نېمە كارىم؟ ماڭا كىچىككىنە يىلتىزنىڭ ئۆزى كۇپايە. راستىنىلا يىلتىز بولسا!

ئالىقانچىلىك بولسىلا، بىز ئۇنىڭ ئۇستىدە تۇرالايمىز. ھەقىقىي بىلىمدە چوڭ ـ كىچىكلىكنىڭ پەرقى يوق.

ــ قارىغاندا، سەن سۇلۇكشۇناس ئوخشىمامسەن؟ ــ زوروئاستېر سورىدى، ــ سەن، ئەي، بىلىم ئىگىسى، سۇلۇكنىڭ مەنبەسىنى تەتقىق قىلىۋاتامسەن؟

ــ ھەي، زوروئاستېر، ــ دېدى ھېلىقى ئادەم، ــ ئۇ ئىنتايىن جاپالىق ئىش. ئۇنىڭغا قانداقمۇ جۈرئەت قىلاي!

بىلىدىغىنىم ۋە ئىشەنچ قىلىدىغىنىم پەقەتلا سۇلۇكنىڭ مېڭىسى. ئۇ مېنىڭ دۇنيايىم!

ئۇ راستىنىلا بىر دۇنيا! ئەگەر مەن بۇ جەھەتتە ئاز ـ تولا مەغرۇر كۆرۈنسەم، بۇنى كەچۈرگىن. چۈنكى، بۇ جەھەتتە ھېچكىم مېنىڭ تەڭدىشىم ئەمەس، شۇڭا مەن «بۇ يەر مېنىڭ» دېگەنىدىم.

مەن ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، سۇلۇكنىڭ مېڭىسىنى تەتقىق قىلدىم. شۇڭا، ئاشۇ سىلىق ھەقىقەت قولۇمدىن سىيرىلىپ قېچىپ كېتەلمەيدۇ! بۇ يەر مېنىڭ ئىلكىمدە!

ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەممىدىن ۋاز كەچتىم. ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەممىدىن سوۋۇدۇم. شۇڭا، بىلىم جەھەتتە نادانمەن.

پاراستىم شۇنداق ئۆگەتتى. بىرلا نەرسىنى بىلسەڭ كۇپايە، باشقىسىنى بىلىشىڭ ھاجەتسىز. مەن روھى چالىلارنى ــ مۇجمەل، گالۋاڭ، خىيالپەرەسلەرنى ئۆچ كۆرىمەن.

ئەگەر مەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىمىسەم، ئىنتايىن خامۇشلىشىپ كېتىمەن، بۇنىڭغىمۇ شۇكۇر، ئەكسىچە، تەتقىق قىلىشنى ئويلىسام، ئەستايىدىللىشىپ كېتىمەن. قىلچە بىخەستەلىك قىلمايمەن.

ئاھ، زوروئاستېر، سەن: «روھ ھاياتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئوپېراتسىيە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قىلىشى، شۇڭا مەن سىزنىڭ تەلىماتىڭىزغا بىرىلگەن، راست، قېنىم ئارقىلىق بىلىمىمنى ئاشۇرۇشنى ئۆگەندىم!» دېگەنىدىڭ.

— ئەمەلىيەت شۇنداق، — زوروئاستېر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى. چۈنكى، سۇلۇكلەر چېقىۋالغان بىلەكلىرى قانسىراۋاتاتتى: ئاھ، غەلىتە ئىنسان، بۇ ئىش (ياكى ئۆزۈڭ) ماڭا نۇرغۇن ئىلهام بەردى! لېكىن، سىزنىڭ ئەستايىدىل قۇلىقىڭىزنىڭ ھەممە سۆزۈمنى ئاڭلىشى ناتايىن!

ئۇنداقتا، بىز خوشلىشايلى! يەنە كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ يولنى بويلاپ ماڭسائى غارىمغا بارىسەن. ئۇيلىسام، سەن بۇگۈنكى ئەزىز مېھمىنىم ئىكەنسەن! مەن زوروئاستېر سېنى دەسسىۋېلىپ كەلتۈرگەن زىياننى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن تولۇقلايمەن — شۇنداق ئويلايمەن. بىراق، ھازىر بەزىلەر مەندىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. تېززەك يېتىپ بېرىشىم كېرەك.

## 65. سېھىرگەر

### 1

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

زوروئاستېر قىيا تاشتىن ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ساراڭلاردەك ساما سېلىۋېتىپ يىقىلىپ كەتكەن بىرىنى كۆردى.

— توختا، — دېدى زوروئاستېر پىچىرلاپ، — ئۇ چوقۇم ھېلىقى يۈكسەك ئادەم. قۇتقۇزۇڭلار دېگەن ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئاۋازنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇنى قۇتقۇزالامدىم، سىناپ باقاي.

ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ، كۆزلىرى قېتىپ قالغان، تەنلىرى تىترەپ تۇرغان بىر چالىنى كۆردى. زوروئاستېر ئۇنى ھەرقانچە يۆلەپمۇ تۇرغۇزالمىدى. ئۇ گويا دۇنيانى ئۇنتۇپ كەتكەن ئادەمدەك، يېنىدىكى ئادەمنى كۆرمىگەندەك تۆت ئەتراپقا قارايتتى ۋە ھەر خىل ئىشارەتلەرنى قىلاتتى. ئەڭ ئاخىر ئۇ بىر پۈتى تىترەش، پېيى تارتىشىش ۋە

تولغىنىشلاردىن كېيىن ھەسرەتلىك نەزمىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

كىم مېنى ئىللىتار، سۆيەر ئۆز پېتى؟
سۇندۇ قىزغىن ھەم ئوتلۇق قولىنى!
ئاتەشلەر ئەۋجگە قىزىق ئوچاقنى!
پۈتلىرى ئىسسىققا موھتاج ئۆلگۈردەك
تىترەيمەن زېمىنىنىڭ ئۈستىدە چۈنكى —
يوچۇن بىر ھارارەت تەۋرىتەر مېنى،
ئۆتكۈر، سوغ قىرووۋلار چۆچۈتەر دىلنى.

سەن مېنى قوغلايسەن، لېكىن مەن يەنە —
ياتىمەن كۆرگەنچە شېرىن چۈشۈمنى!
تىل ئاجىز ئېيتىشقا نامىڭنى سېنىڭ،
ۋەزنىڭنى ئۆلچەشكە يوق ھېچبىر مىزان.
بۇلۇتلار كەينىگە مۆككەن ئەي، ئوۋچى!
مەسخىرە كۆزۈڭدە كۆزىتىپ پىنھان،
يىقىتتىڭ چاقمىقىڭ بىلەن سەن مېنى —
مەن بۇندا ياتىمەن تاشلاپ ئۆزۈمنى.
تەنلىرىم تولغىنار، بۇرۇنلار تىنماي
ئەي، ۋەھشىي شىكارچى، نامەلۇم تەڭرى ...
تىنىمسىز كۆلپەتلەر كەلگەچكە سەندىن ...

دەھشەتلىك زەربىلەر!
كەلگىن يەنە بىر!
تاشلىغىن قەلبىمنى قىلىپ سەدپارە!
نەقىشلەر ئويۇلغان گال ئوقلار
كېلىپ جانلارنى ئۆرتەيدۇ قايسى مەقسەتتە؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قىلىشى، شۇڭا مەن سېنىڭ تەلىماتىڭغا بېرىلگەن، راست، قېنىم ئارقىلىق بىلىمىمنى ئاشۇرۇشنى ئۆگەندىم!» دېگەنىدىڭ.

— ئەمەلىيەت شۇنداق، — زوروئاستېر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى. چۈنكى، سۆلۈكلەر چېقىشقان بىلەكلىرى قانسىراۋاتاتتى: ئاھ، غەلىتە ئىنسان، بۇ ئىش (ياكى ئۆزۈڭ) ماڭا نۇرغۇن ئىلھام بەردى! لېكىن، سېنىڭ ئەستايىدىل قۇلىقىڭنىڭ ھەممە سۆزۈمنى ئاڭلىشى ناتايىن!

ئۇنداقتا، بىز خوشلىشايلى! يەنە كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ يولنى بويلاپ ماڭساڭ غارىمغا بارىسەن. ئۆيلىسام، سەن بۇگۈنكى ئەزىز مېھمىنىم ئىكەنسەن! مەن زوروئاستېر سېنى دەسسىۋېلىپ كەلتۈرگەن زىياننى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن تولۇقلايمەن — شۇنداق ئويلايمەن. بىراق، ھازىر بەزىلەر مەندىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. تېزرەك يېتىپ بېرىشىم كېرەك.

## 65. سېھىرگەر

### 1

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

زوروئاستېر قىيا تاشتىن ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ساراڭلاردەك ساما سېلىۋېتىپ يىقىلىپ كەتكەن بىرىنى كۆردى.

— توختا، — دېدى زوروئاستېر پىچىرلاپ، — ئۇ چوقۇم ھېلىقى يۇكسەك ئادەم. قۇتقۇزۇڭلار دېگەن ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئاۋازنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇنى قۇتقۇزالامدىم، سىناپ باقاي.

ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ، كۆزلىرى قېتىپ قالغان، تەنلىرى تىترەپ تۇرغان بىر چالنى كۆردى. زوروئاستېر ئۇنى ھەرقانچە يۆلەپمۇ تۇرغۇزالمىدى. ئۇ گويا دۇنيانى ئۇنتۇپ كەتكەن ئادەمدەك، يېنىدىكى ئادەمنى كۆرمىگەندەك تۆت ئەتراپقا قارايتتى ۋە ھەر خىل ئىشارەتلەرنى قىلاتتى. ئەڭ ئاخىر ئۇ بىر پۈتى تىترەش، پېيى تارتىشىش ۋە

تولغىنىشلاردىن كېيىن ھەسرەتلىك نەزمىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

كىم مېنى ئىللىتار، سۆيەر ئۆز پېتى؟
سۇندۇ قىزغىن ھەم ئوتلۇق قولىنى!
ئاتەشلەر ئەۋجگە قىزىق ئوچاقنى!
پۇتلىرى ئىسسىققا موھتاج ئۆلگۈردەك
تىترەيمەن زېمىننىڭ ئۈستىدە چۈنكى —
يوچۇن بىر ھارارەت تەۋرىتەر مېنى،
ئۆتكۈر، سوغ قىرووۋلار چۆچۈتەر دىلنى.

سەن مېنى قوغلايسەن، لېكىن مەن يەنە —
ياتىمەن كۆرگەنچە شېرىن چۈشۈمنى!
تىل ئاجىز ئېيتىشقا نامىڭنى سېنىڭ،
ۋەزنىڭنى ئۆلچەشكە يوق ھېچبىر مىزان.
بۇلۇتلار كەينىگە مۆككەن ئەي، ئوۋچى!
مەسخىرە كۆزۈڭدە كۆزىتىپ پىنھان،
يىقىتتىڭ چاقمىقىڭ بىلەن سەن مېنى —
مەن بۇندا ياتىمەن تاشلاپ ئۆزۈمنى.
تەنلىرىم تولغىنار، بۇرۇنلار تىنماي
ئەي، ۋەھشىي شىكارچى، نامەلۇم تەڭرى ...
تىنىمسىز كۆلپەتلەر كەلگەچكە سەندىن ...

دەھشەتلىك زەربىلەر!
كەلگىن يەنە بىر!
تاشلىغىن قەلبىمنى قىلىپ سەدپارە!
نەقىشلەر ئويۇلغان گال ئوقلار
كېلىپ جانلارنى ئۆرتەيدۇ قايسى مەقسەتتە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com


سېنىڭ شۇ ھەسرەتلىك، نۇرلۇق كۆزلىرىڭ
زېرىكمەس ئىنساننىڭ دەردىدىن نېچۈن؟
مەقسەتسىز قىينايسەن، قىيىنىشىڭ نېچۈن؟
ئايا، سەن ھەسەتخور نامەلۇم تەڭرى!

ھا ـ ھا ـ ھا!
كۆرۈمسىز تۈن نىسپى ئارا،
كەلدىڭ سەن، تۇيدۇرماي ماڭا يېقىنلاپ،
سۆزلىگىن مۇددىئا — مەقسەتلىرىڭ نە؟
كەلدىڭ سەن،
ئاھ، مېنى قىستىدىڭ ئاجايىپ يېقىن!
ھەسەتخور نېمىگە قىلىسەن ھەسەت!؟
تىڭشىدىڭ يۈرىكىم سوقۇشلىرىنى!
ھەسەتخور نېمىگە قىلىسەن رەشك.
كەت نېرى، نېرى كەت! مەندىن نېرى كەت!
بۇ شوتا سەن ئۈچۈن نېمىگە كېرەك؟
قەلبىمنىڭ تۆرىگە كىرمەكچىمۇسەن
ھەم يوچۇن پىكرىمنىڭ قەۋەتلىرىگىمۇ؟
نومۇسسىز! ئەي، يوچۇن نامەلۇم ئوغرى!
سەن زادى نېمىنى ئالماقچى، ئېيتقىن؟!
قۇلىقىڭ نېمىدە، بىلمەك نېمىنى؟
ئەي، جاللات، زوراۋان، زومىگەر تەڭرى!
ئالدىڭدا ئىت كەبى ئېغىنايمۇ يا
قۇيرۇق شىپپاڭشىتىپ قىلايمۇ ئىزھار،
بىر ساڭا سۆيگۈمنى، ئۇنتۇپ ھەممىنى!
ھاجەتسىز!
چوڭقۇر سانجىغىن مەيلى!

رەھىمسىز يالمانلىق تىكەنلىرىنى!
مەن ساڭا ئىت ئەمەس — ئولجاڭمەن پەقەت،
بىلسەڭ گەر سەن بۇنى رەھىمسىز ئوۋچى!
مەن تەكەببۇر مەھبۇسۇڭدۇرمەن،
بۇلۇتنىڭ كەينىدە تۇرغان قاراقچى!
ئېيتقىنا، چاقماققا يوشۇرۇنغۇچى،
ئېيتقىنا نە كېرەك ساڭا ئەي، تەڭرى!
نە كېرەك؟ تۆلەممۇ؟
قانچىلىك كېرەك؟
غۇرۇرۇم: باھانى ئۈستۈن قوي! دېدى.
يەنە بىر غۇرۇرۇم: ئىتتىك بول دېدى.
ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا!
مەن ساڭا
كېرەكمۇ پۈتۈن؟...
ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا ـ
مېنىلا قىيناشقا تۇرغان ئەي، سارالق،
غۇرۇرۇم بارىنى قىلامسەن تارمار؟
سۆيگۈ بەر — ئىللىقلىق بېرەر كىم ساڭا؟
كىم مېنى سۆيىدۇ بۇرۇنقىدەكلا؟
سۇنىدۇ قىزىغان قوللىرىنى كىم،
ئاتەشلەر ئەۋجگە قىزىق ئوچاقنى،
مەندەك تەنھاغا بېرەر كىم مۇزنى
(يەتتە قات مۇز كۈچلۈك قوزغار دۈشمەنلىك)
ئاتاقلىق بىر كۈچلۈك دۈشمەننى ماڭا!
پەقەت ئۆزۈڭنى —
ئاداققى ھەمراھىم كەتتى يىراققا،
ئەڭ كۈچلۈك دۈشمىنىم ناتونۇش ماڭا
شۇ جاللات — تەڭرى!...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ياق! كەلگىن!
ئازابىڭ ئېلىپ بۇياققا!
ئاداققى، ئەڭ تەنھا مەندەك كىشى يېنىغا،
ئاھ، تېزدىن قايتىپ كەل!
كۆز يېشىم دەريا بوپ ئاقماقتا ساڭا!
ھەرقانداق ئاداققى ھېسسىيات ئوتى
پەقەت سەن ئۈچۈنلا كۆيەر يالقۇنلاپ.
ئاھ، تېزدىن قايتىپ كەل!
ئەي، يوچۇن تەڭرى!
ئازابىم — ئاداققى شادلىقىم چۈنكى!

## 2

زوروئاستېر يەنە ئاڭلاۋېرشكە تاقەت قىلالمىدى. ئۇ قولىدىكى ھاسىسى بىلەن بايىقى ھاپىزنى ئۇردى.

— بولدى، ئېيتما، — دېدى ئۇ غەزەپلىك كۈلۈپ، — ئېيتما، ھاپىز! ساختا پۇل ياسىغۇچى! قىپقىزىل يالغانچى! مەن سېنى چۈشەنمەمتىم!

مەن پۇتۇڭنى تېزلا ئىسسىتىپ قويىمەن. ئەي، رەزىل سېھىرگەر، سەندەك ئادەملەرنىڭ پۇتىنى ئىسسىتىپ قويۇشقا مەن بەك ئۇستا!

— بولدى، ئۇرما، — دېدى ھېلىقى قېرى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — ئۇرما، زوروئاستېر! چاقچاق قىلىپ قويغانىدىم!

بۇلار ئەسلىي مېنىڭ ھېيلەم، بۇ ئارقىلىق سېنى سىناپ باقاي دېگەنىدىم. بىراق، سەن سېزىۋالدىڭ!

لېكىن، سەن، ئۆزۈڭمۇ ئاز - تولا چاندۇرۇپ قويدۇڭ. ئەي، چېچەن زوروئاستېر، سەن ئەسلىدە رەھىمسىز ئىكەنسەن! سەن ئۆز «ھەقىقىتىڭ» بىلەن مېنى بولۇشىغا ئۇردۇڭ، ھاساڭ بىلەن ئىقرارغا

كەلتۈردۈڭ!

— ئۈنچىلىك تەسىرلىك سۆزلەپ كەتمە، — دېدى زوروئاستېر ئاچچىقى بىلەن، — سەن ئۇستا رەڭۋاز ئىكەنسەن، گەپ قىلمىسام، ئۆزۈڭچە ھەقىقەتتىن گەپ ئاچىسەنا!

ھەي، توز، ساختا دېڭىز، نېمىدەپ كولدۇرلىتىۋاتىسەن؟ بايىلا راستتەك نەزم ئوقۇغىنىڭدا، قانداق ئادەمدۇ، دەپ قاراپ قېلىشىمنى كۈتكەن بولغىيدىڭ؟

— روھ ئىستىغپارچىسى، — دېدى چال، — مەن بايا مۇشۇنداق ئادەمنىڭ رولىنى ئوينىغانىدىم. ئۆزۈڭ ياراتقان بۇ ئىسىمنى ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەن شائىر ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا تاڭدىڭ، ئاشۇ ئۆزگەرگۈچى ئاخىر ۋىجدان ۋە ئاڭ كىرىزىسىدىن توڭلاپ ئۆلۈپ قالىدۇ.

راست گەپ قىل، زوروئاستېر، سەن مېنىڭ ھىيلەمنى دەرھاللا سېزىۋالغان ئەمەس! بېشىمنى يۆلىگىنىڭدە، مېنى قۇتقۇزغىلى بولمايدىكەن دەپ ئويلىغانىدىڭ.

مەن سېنىڭ ھەسرەت بىلەن «بىز ئۇنى تاشلىۋەتتۇق. پەقەتلا كارىمىز بولمىدى!» دېگىنىڭنى ئاڭلاپ، ھازىرغا قەدەر چانمىغانلىقىم ئۈچۈن ئىچىمدە خۇشال بولدۇم.

— سەن مەندىنمۇ زېرەك ئادەملەرنى ئالدىيالايسەن، — دېدى زوروئاستېر سوغۇققىنا، — مەن ئەزەلدىن ئالدىنىشتىن ئېھتىيات قىلىپ كەتمەيمەن.

تەقدىرىمدە ئالدىنىئالا بىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق. بىراق، سەن مېنى ئالدىمىساڭ بولمايدۇ. سېنى چۈشەندىم! قەلبىڭگە نۇرغۇن سىرلار يوشۇرۇنغان! ھەتتا، بايا ئىقرار قىلغانلىرىڭمۇ راست بولۇشى ناتايىن.

سېنىڭدەك ئىپلاس، ساختا پۇل ياسىغۇچىنىڭ قولىدىن يەنە نېمە كېلەتتى؟ سەن دوختۇرنىڭ ئالدىدا كىيىمىڭنى سېلىۋەتسەڭمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېسەلنىڭنى يوشۇرالايسەن.

شۇڭا، بايا سېنىڭ «مەن چاقچاق قىلىپ قويغانىدىم» دېگىنىڭ ئالدىمدا ئۆزۈڭنى يوشۇرغىنىڭ، چاقچاقتىن باشقا يەنە راست نەرسىلەرمۇ بار. ئەمەلىيەتتە، سەن ئەسلىدىنلا روھىي ئىستىغپارچىغا بېقىنىسەن!

خاتا پەرەز قىلمىسام، سەن پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئىززەتلىشىغا ئايلاندىڭ، لېكىن سەندىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ ھەم سېنى ئازدۇرالمايدۇ.

يىرگىنچلىرىڭ ھەقىقەتنىڭ، گەپلىرىڭ يالغان. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئاغزىڭدىن ئېنىق يىرگىنچلىك چىقىپ تۇرىدۇ.

— سەن زادى كىم؟ — دېدى چال ۋارقىراپ، — سەن قانداقلارچە بۇنداق دېيىشكە پېتىندىڭ! مەن دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم! — ئۇ مەغرۇر ھالدا زوروئاستېرغا بىر قاراپ قويدى. لېكىن، چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ ھەسرەت بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاھ، زوروئاستېر، مەن ئويۇنۇمدىن ئىنتايىن بىزار بولدۇم. ھەرقانداق ئويۇندىن زېرىكتىم. ئەمەلىيەتتە، مەن ئۇلۇغ ئەمەس. يالغاندىن شۇنداق بولۇۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى! لېكىن، مېنىڭ ئۇلۇغلۇق ئىزدىگىنىمنى سەنمۇ بىلىسەن!

مەن ئۇلۇغ قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، كۆپچىلىكنى ئىشەندۈرەي دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، قۇربىم يەتمىدى. شۇڭا، ھالىمدىن كەتتىم.

زوروئاستېر، مەن ئۆزۈمنى ئالداۋاتىمەن. شۇڭا، ئاخىر مۇشۇ كۇنگە قالدىم، بۇنىسى راست!

— سەن گەرچە مەغلۇپ بولغان بولساڭمۇ، يەنىلا شەرەپلىكسەن، — زوروئاستېر ئىككى تەرىپىگە قاراپ دېدى، — سەن ئۇلۇغلۇق ئىزدىگەچكە، شان ـ شەرەپ سېنى قىممەتلىك يولغا سالدى ھەم خاتا

باشلىدى. ئەسلىدىمۇ سەن ئۇلۇغ ئەمەس ئىدىڭ.

سەن ناچار سېھىرگەر، قىلمىشلىرىڭدىن بىزار بولدۇڭ ھەم ئاشكارا ھالدا «ئەمەلىيەتتە مەن ئۇلۇغ ئەمەس» دېدىڭ. مانا بۇ سېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە سەمىمىي يېرىڭ.

شۇڭا، مەن سېنى روھىي ئىستىغپارچى دەپ ھۆرمەتلىدىم. ساڭا بىر قاراپلا، سەمىمىيلىكىڭنى شۇ ھامان بايقىدىم.

قېنى، ئېيتقىنا، ئورمىنىمدىن نېمە ئىزدەۋاتىسەن، سەن يەنە ئۆتەر يولۇمدا يېتىۋېلىپ، ماڭا نېمىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكچى، سەن مېنى قانداق سىنىماقچى؟

زورۇئاستېر كۆزلىرى نۇرلانغان ھالدا شۇنداق دېدى.

— مەن سېنى سىنىدىممۇ؟ — دېدى ھېلىقى سېھىرگەر چال بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن، — پەقەتلا بىرىنى ئىزدەۋاتىمەن.

ئاھ، زورۇئاستېر، مەن بىر ئادالەتچىنى، بىر ساددا ئادەمنى، بىر ديانەتچىنى، مۇتلەق راستچىل كىشىنى، ئەقىل - پاراستى دېڭىزدەك مول ئادەمنى، بىلىم ئەۋلىياسىنى، ئۇلۇغ ئادەمنى ئىزدەۋاتاتتىم!

ئاھ، زورۇئاستېر، چۈشەنمىدىڭمۇ؟ مەن زورۇئاستېرنى ئىزدەۋاتىمەن!

ئىككىسى ئۇزاققىچە ئۈندىمىدى، خىيالغا چۆكۈپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەن زورۇئاستېر بىرپەستىن كېيىن يەنە رېئاللىققا قايتىپ، سېھىرگەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇستىلىق بىلەن دېدى:

— ياخشى! مۇشۇ يولنى بويلاپ ماڭساڭ، زورۇئاستېرنىڭ غارىغا بارىسەن. ئۇ يەردىن ئىزدىمەكچى بولغان كىشىڭنى تاپالايسەن.

مەخلۇقلىرىمدىن ياردەم تىلىسەڭمۇ بولىدۇ، ئۇلار ئىزدىشىپ بېرىدۇ. چۈنكى، غارىم ئىنتايىن چوڭ.

مەن ئۇلۇغ ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان. ھازىر ئەڭ ئۆتكۈر كۆزلەرمۇ ئۇلۇغ نەرسىلەرنى تونۇيالمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئاۋام دەۋرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەن كېرىلىۋاتقان، خورەك تارتىۋاتقان نۇرغۇن ئادەمنى كۆردۈم. لېكىن، ئاۋام تۈۋلاپ: «قاراڭلار، بۇ ئۇلۇغ ئادەمنى!» دېيىشتى. كۆرەكنىڭ نېمە پايدىسى! يەل بەربىر قېچىپ كەتتىغۇ.

پاقىنىڭ قورسىقى زىيادە كۆپۈپ كەتسە ئېتىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەلمۇ قېچىپ كېتىدۇ. سېمىزلەرنىڭ قورسىقىدىن تۆشۈك ئېچىش ياخشى ئويۇن. ئەستە تۇتۇڭلار، باللار!

بۇ ئاۋام دەۋرى. ئۇلۇغ ۋە ئەرزىمەس ئادەملەرنى كىم پەرق ئەتسۇن؟ كىممۇ ھەقىقىي ئۇلۇغلۇقنى ئىزدەپ تاپسۇن؟ بەلكىم، ساراڭلارلا ــ پەقەت ساراڭلار ھەقىقىي ئۇلۇغلۇقنى ئىزدەپ تاپالايدۇ.

ھەي، غەلىتە ساراڭ، ئۇلۇغ ئادەمنى ئىزدەۋاتامسەن، ئۇنى ئىزدەشنى كىم ئۆگەتتى، ھازىر ئۇنى ئىزدەش ۋاقتىمۇ، ھەي، ئەخمەق ئىزدىگۈچى، نېمىشقا مېنى سىناپ باقماقچى بولدۇڭ؟

زورو‌ئاستېر شۇنداق دېدى ۋە خۇشال ـ خۇرام يولىنى داۋام قىلدى.

## 66. ئىشسىزلىق

زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

زوروئاستېر ھېلىقى سېھىرگەردىن ئايرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئېگىز بوي، قارامتۇل، يۈزلىرى جۇدەڭگۈ ۋە تاتىراڭغۇ ئادەمنىڭ يولدا ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى غەش بولدى.

«نەس باستى، ــ دېدى ئۇ ئىچىدە، ــ يەنە ساختىا ئازاب، بەلكىم ئۇ دىن تارتقاتقۇچى تىپىدىكى ئادەمدۇر. بۇلار زادى مېنىڭ بۇ يېرىمدە نېمە قىلىدىغاندۇ؟ ئۇ ھۇنەر ئىشلىتىدىغان پىرخونغا ياكى تەڭرىدىن شەپقەت تىلەيدىغان چۈشكۈن مۆجىزىكارغا ۋە خاسىيەتلىك ماي سۈرتۈۋالغان دۇنيا ھاقارەتچىسىگە ئەجەب ئوخشىشىدىكەنە. ھۇ، جىن ئۇرغۇر!»

لېكىن، ئالۋاستى ھەمىشە ئۇ بار چاغدا كۆرۈنمەيدۇ. بۇ ئۆلگۈر پاپا ۋە توكۇر ھەمىشە كېچىكىپ كېلىدۇ!

زوروئاستىر تىت ـ تىت بولۇپ ئاشۇنداق تىللىدى ھەم قاپقارا ئادەمدىن قانداق قېچىشنى ئويلىدى. لېكىن، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇنى كۆرۈپ قالغانىدى. كېيىن، ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي زوروئاستىرنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بۇ يولۇچىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، — دېدى ئۇ، — يول ئىزدەپ ئىزىپ قالغان قېرىنغا ياردەم قىل. ئۇ يەردە خەۋپكە ئۇچرىشى مۇمكىن!

بۇ يەر مەن ئۇچۇن يوچۇن ھەم يىراق، ھايۋانلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدىم. مېنى قوغدىغان ئادەم ئۆلۈپ كەتتى.

مەن ئەڭ ئاخىرقى تەقۋادارنى، ھۆكۈما ۋە زاھىتنى ئىزدەۋاتىمەن. ئۇ ئورماندا تەنھا تۇرىدۇ. ئۇ پۈتكۈل دۇنيا بىلىپ كەتكەن ئاشۇ ئىشنى تېخى بىلمەيدۇ.

— ئۇ نېمە ئىش ئىدى؟ — سورىدى زوروئاستىر، — ئىلگىرى پۈتكۈل دۇنيا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئاشۇ تەڭرى ئۆلدىمۇ ـ يا؟

— توغرا، — دېدى چال كۆڭلى بۇزۇلۇپ، — مەن تېخى بۇرۇنقى تەڭرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەپسىگىچە خىزمىتىدە بولدۇم.

ھازىر ئىشسىز، غوجايىنسىز قالدىم، لېكىن يەنىلا ئەركىسىز يۈرىمەن، ئەسلىمە ئىچىدە ئىزدەشتىن باشقا كۆڭلۈم بىردەممۇ ئېچىلمىدى.

ئۆزۈمگە مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، خۇددى ئۆزۈم ئاخىر بىر پاپاغا ياكى دىن ساھىبىغا ئايلانغاندەك تەنتەنە قىلىش ئۈچۈن بۇ تاغقا كەلدىم. ساڭا ئېيتاي، مەن ئاخىرقى پاپا! شۇڭا، مەن تەقۋادارلىق ئەسلىمىسى ۋە ئىلاھىي تەبرىك مۇراسىمى ئۆتكۈزىمەن.

بىراق، ئەمدى ئۇ — ئاشۇ ساداقەتمەن كىشى، ئورماندا تۇرىدىغان ھۆكۈما ھەم ھەمىشە تەڭرىنى مەدھىيىلەيدىغان ئادەم ئۆلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەن ئۇنىڭ كەيپىدىكە ئىزدەپ بىرىپ سايىسىنىمۇ كۆرمىدىم. لېكىن، ئۇ يەردە ئىككى بۆرىنى كۆردۈم. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۇچۇن توختىماي ھۇۋلايتتى. چۈنكى، بارلىق جانىۋارلار ئۇنى سۆيەتتى. شۇڭا مەن دەرھال كېتىپ قالدىم.

بۇ قېتىمقى ئورمان سەپىرىم مۇشۇنداق ئاخىرلاشتىمۇ؟ ياق، مەن باشقا دەھرىيلەر ئىچىدىن ئەڭ تەقۋادار كىشىنى ئىزدەپ تېپىش — زوروئاستېرنى ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كەلدىم.

چال شۇنداق دېگەچ، ئالدىدا تۇرغان كىشىگە ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى. زوروئاستېر پاپانىڭ قولىنى قىستى ھەم ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قارىدى.

— قارا، ئەي، ھۆرمەت ئىگىسى، — دېدى ئۇ كېيىن، — بۇ نېمىدېگەن ئەپچىل ھەم ئۇزۇن قول. بۇ قول ھەمىشە كىشىگە بەخت ئاتا قىلىدۇ. ئەمدى بولسا سەن ئىزدىمەكچى بولغان كىشى، زوروئاستېر مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرىدۇ.

مەن دەل ئاشۇ دەھرىي زوروئاستېر بولىمەن، ئىلگىرى: «كىم مەندىنمۇ بەتتەر بولسا، مەن شۇنىڭ تەلىماتىنى ئۆگىنىمەن» دېگەندىم.

زوروئاستېر شۇنداق دېدى - دە، ئۆتكۈر نەزەرلىرى ھېلىقى پاپانىڭ كۆڭلىدىكى ئويلار ۋە پىكىرلەرنى كۆرۈپ يەتتى. ئەڭ ئاخىر ھېلىقى پاپا دېدى:

— تەڭرىگە بەك ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە تەڭرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشمەكچى بولغان ئادەم ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

قارا، مەن سەندىنمۇ ئۆتە دەھرىي، لېكىن بۇنىڭ پەخىرلەنگۈدەك نەرى بار؟

— سەن ئاخىرقى دەقىقىگىچە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدۇڭ، — بىرپەس قاتتىق سۈكۈتتىن كېيىن، زوروئاستېر ئويچان جاۋاب بەردى، — سەن ئۇنىڭ قانداق ئۆلگىنىنى بىلەمسەن؟ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ھېسداشلىق تۇنجۇقتۇرغان دېيىشىدۇ. خاتا ئەمەستۇ؟

چۈنكى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ كىرپىستىكى مىخلىنىشىغا قاراپ تۇرالمايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا بولغان مۇھەببىتى ئۇنىڭ دوزىخى بولۇپ، ئاخىر ئۇنى ئۆلۈم يولىغا باشلىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ھېلىقى پاپا تۆت تەرەپكە قورققاندەك قاراپ قويۇپ ئۇندىمىدى ھەمدە ئىنتايىن ئازابلىق ۋە مەيۇس قىياپەتكە كىردى.

— ئۇ كەتسۇن، — زوروئاستېر ئۇزاق ئويلىنىپ، كۆزلىرىنى ھېلىقى پاپاغا تىكىپ تۇرۇپ دېدى، — ئۇنىڭغا يول بېرىڭلار، ئۇ ئۆلدى. گەرچە سەن باشتىن - ئاخىر پۈتۈن ھېسسىياتىڭ بىلەن ئۆلگۈچىنى مەدھىيەلەپ، كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىساڭمۇ، لېكىن سەن ماڭا ئوخشاشلا ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ئېنىق بىلىسەن. ئۇنىڭ ئۆلۈمىمۇ ئادەتتىكىچە ئەمەس.

— ئۈچ كۆز بىلەن قارىغاندا، — دېدى ھېلىقى پاپا ھاياجانلانغان ھالدا (چۈنكى، ئۇنىڭ بىر كۆزى كۆرمەيتتى)، — تەڭرىنىڭ ئىشلىرىنى مەن زوروئاستېرغا قارىغاندا ئېنىق بىلىمەن ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك.

مۇھەببىتىم ئۆزۈندىن بۇيان ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كەلدى ھەم ئىرادەممۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندى. بىراق، بىر ياخشى مۇلازىم ھەممە ئىشلارنى ھەتتا غوجايىنىنىڭ كۆڭلىدىكى مەخپىيەتلەرنىمۇ بىلىشى كېرەك.

ئۇ كۆڭلىگە تۇرغۇن نەرسىلەرنى يوشۇرغان تەڭرى ئىدى، راست ئۇنىڭ تەڭرىنىڭ ئوغلى سۈپىتىدە دۇنياغا كېلىشىمۇ بىر سىر. ئۇنىڭ ئېتىقاد ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ناشايان ئىشلار بار.

ئۇنى مۇھەببەت تەڭرىسى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى چوقۇم مۇھەببەتنىڭ ئۆزىنى ئانچە ھۆرمەت قىلىپ كەتمەيدۇ. شەرقتىن كەلگەن ئاشۇ تەڭرىنىڭ سودىيە بولغۇسى يوقمۇ؟ ئۇ ئەسەبىي كىشىلەرنىڭ خىيالىغا ئاللىقانداق تارتۇقلاش، جازالاش ۋە قىساسلار كىرىپ چىقمايدۇ. تەڭرى ياش چېغىدا قاتتىق قول ئىدى ھەم قىساسنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قولدىن بەرمەيتتى. ئۇ يەنە ئۆز ئىخلاسمەنلىرىگە دورا سۈپىتىدە دوزاخ بەرپا قىلغان.

كېيىن ئۇ قېرىپ كەتتى، ئاجىز ھەم رەھىمدىل بولۇپ كەتتى. دادىغا ئەمەس، بوۋىغا، بولۇپمۇ ئاران ماڭىدىغان چوڭ مومىغا ئوخشىشىپ قالدى.

ئۇ ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ئاجىز پۇتلىرى سەۋەبىدىن شادلىنالمايتتى، ھەتتا بۇ دۇنيا ۋە ئىرادىدىن بىزار بولدى. بىركۈنى ئۆزىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ھاسىراشلىرىدىن تۇنجۇقۇپ ئۆلدى.

ــ پاپا، ــ زوروئاستېر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، ــ ھەممىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەنمۇ؟ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋال مۇشۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئىلاھلار ئۆلگەندە ھەر خىل ئۆلىدۇ.

ــ ياخشى، قانداقچە ئۆلسۇن، بەربىر ئۇ ئۆلدى! ئۇ مەن بىلەن چىقىشىپ كېتەلمەيتتى، شۇڭا ئۇنى ئەيىبلەپ ئولتۇرمايمەن.

مەن ئاددىي، ئېنىق نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىمەن. بۇنى سەندەك دىن تارقاتقۇچىمۇ بىلىسەن. ئۇ سەن بىلەن بىر تىپتىكى ئىنتايىن مۇجمەل ھەم غۇۋا نەرسە.

يەنە كېلىپ ئۇمۇ ئانچە ئېنىق ئەمەس. پەقەت بىز ئۇنى چۈشىنەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا، ئۇ سەپرا بەكلا خاپا بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن، ئۇ نېمە ئۈچۈن بىزگە ئېنىقنى ئېيتمايدۇ؟

ئەگەر گۇناھ قۇلىقىمىزدا بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى چۈشەنمەيدىغان قۇلاقنى بېرىدۇ، ئەگەر قۇلىقىمىزدا كىر بار دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇنى كىم سېلىپ قويغان؟

ساپال بۇيۇملار نېمە ئۈچۈن ياخشى ياسالمىغان. ئۇ ساپالچى تېخى ھۈنەرنى تۈزۈكرەك ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئاچچىقىنى ئۆزىنىڭ ساپال بۇيۇملىرىدىن ئالدى. مانا بۇ گۈزەللىكنى ھېس قىلالماسلىقتىن

كەلگەن گۇناھ.

ھېسداشلىق ئىچىدىمۇ بىر خىل ياخشى ھەۋەس بولىدۇ. بۇ ھەۋەس ئاخىر ئېغىزىنى ئاچتى:

ــ بۇنداق تەڭرىنى ئەكېتىڭلار. بىزگە تەڭرى بولمىسىمۇ بولىدۇ؛ تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىزلا ئۇستىمىزگە ئالايلى! ساراڭ بولساقمۇ مەيلى، ئۆز ـ ئۆزىمىزگە تەڭرى بولايلى!

ــ بۇ قانداق گەپ؟ ــ دېدى ھېلىقى پاپا، ــ زوروئاستېر، ئىشەنمىگىنىڭ ئىشەنگىنىڭدىنمۇ تەقۋا ئىكەن! كۆڭلۈڭدە بىر ئىلاھ بار ئىكەن. ئۇ سېنى دەھرىيلىككە بويسۇندۇرىدىكەن.

مانا بۇ سەندىكى تەقۋادارلىقنىڭ سېنى تەڭرىگە ئىشەندۈرمىگەنلىكى ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ ئاشۇ ھەددىدىن ئاشقان سەمىمىيلىكىڭ سېنى ھامان ياخشى ـ ياماندىن ھالقىتىدۇ!

قېنى، ساڭا نېمىنى قالدۇردى؟ كۆزۈڭ، قولۇڭ، ئاغزىڭ بار، مانا بۇلار مەڭگۈلۈك تىلاۋەت ئۈچۈن بېرىلگەن، ئادەم پەقەت قولى بىلەنلا تىلاۋەت قىلمايدۇ.

سەن ئۆزۈڭنى ئەڭ دەھرىي ھېسابلىساڭمۇ، ئەمما سەندىن ئۇزۇن يىللىق تىلاۋەتنىڭ كۈچلۈك، پاك پۇرىقىنى سەزدىم، بۇ مېنى ھەم خۇشال قىلدى، ھەم مەيۈسلەندۈردى.

ئاھ، زوروئاستېر، بۇگۈن كەچتە مېھمىنىڭ بولاي، دۇنيادا سەن بىلەن دەرقەمتە بولۇشتىنمۇ ئارتۇق كۆڭۈللۈك ئىش بولماس!

ــ ئامىن! شۇنداق بولغاي، ــ دېدى زوروئاستېر تەئەججۈپ بىلەن، ــ مۇشۇ يولنى بويلاپ ماڭساڭ زوروئاستېرنىڭ غارىغا بارىسەن.

راست، سەندەك ھۆرمەت ساھىبىغا يول باشلاشنى مەنمۇ خالايمەن. چۈنكى، تەقۋادارلارنى سۆيىمەن. لېكىن، شۇ تاپتا بىرى قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. مەن سەندىن تېزرەك ئايرىلمىسام بولمايدۇ.

زېمىندا ھېچكىم زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىماسلىقى كېرەك، غارىم خەۋپ ـ خەتەردىن ساقلايدىغان پاناھلىق جاي. مۇھىمى، ھەربىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىچارىنىڭ مەزمۇت تۇپراقتا قايتا باش كۆتۈرۈشىگە تىلەكداشمەن.

لېكىن، غەم ـ ھەسرەتلىرىڭنى ئۆشنەڭدىن كىممۇ ئېلىۋېتەلىسۇن؟ تېنىم بەكلا ئاجىز، ئۇنى قىلالمايمەن! راست، يەنە ئۇزاق كۇتۇشىمىز كېرەك تاكى تەڭرىڭنى تىرىلدۈرىدىغان كىشى كەلگۇچە.

چۈنكى، بۇرۇنقى ئۇ تەڭرى يوق، ئۇ راستىنلا ئۆلدى.

## 67. بەتبەشىرە ئادەم

زوروئاستېر يەنە تاغ ۋە ئورمانلاردىن ئۆتتى، كۆزلىرى توختىماي بىر نەرسىلەرنى ئىزدەيتتى. بىراق، ئىزدىمەكچى بولغان ئادەم ـــ خەتەردە قېلىپ قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلغان ئادەمنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرمىدى. لېكىن، يول بويى ئۇنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن ياخشى بولدى ۋە تەشەككۇر ھېسسىياتىغا تولدى.

ــ بۈگۈن ئېرىشكەنلىرىم ھەقىقەتەن ياخشى، ــ دېدى ئۇ، ــ باشتىكى ناچارلىقنى تولۇقلىيالايدۇ! بىرقانچە غەلىتە سۆھبەتداشنى ئۇچراتتىم! مەن ئەمدى ئۇلارنىڭ قىلغان گەپلىرىنى ياخشى نەرسە يېگەندەك ئالدىرىماي چاينايمەن، چىشلىرىم ئۇلارنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋېتىپتۇ، ئاخىردا ئۇلار قەلبىمگە سۈتتەك ئېقىپ كىرىدۇ!

ئۇ بىر قىيا تاشتىن ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. زوروئاستېر گويا ئۆلۈم ئىقلىمىغا كىرىپ قالغاندەك بولدى.

بۇ يەردە قارا ياكى قىزىل قىيا ئورمانلىرى بار ئىدى. نە گۈل ـ گىياھلارنى كۆرگىلى بولمايتتى، نە قۇشلار ناۋاسىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. چۈنكى، بۇ يەر بارلىق جانىۋارلار، ھەتتا ۋەھشىي ھايۋانلارمۇ قاچىدىغان جاي ئىدى. پەقەتلا سەت، تۇم يېشىل يىلانلار قېرىغىنىدا بۇ يەرگە كېلىپ ئۆلۈم كۇتەتتى. شۇڭا، پادىچىلار بۇ يەرنى «يىلانقازا»

جىلغىسى دەيتتى.

لېكىن، زورۇئاستېر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەسلىمەكتە. چۈنكى، ئۇ گويا بۇ يەرگە كېلىپ باققاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى خىرەلەشتى، قەدەملىرىمۇ ئاستىلىدى. ئاخىر توختىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ئۇ بېشىنى توساتتىنلا كۆتۈرۈپ، يول بويىدىكى بىر نەرسىنى كۆردى. ئادەمگە ئوخشىمىدىغاندەك ياكى ئوخشاشمايدىغاندەك، زادى نېمىلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر نەرسىنى كۆردى، زورۇئاستېر ئۇ نەرسىگە كۆزىنى ئۇزمەي تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، ئالمان ـ تالمان بۇرۇلۇپ، مېڭىشىنى داۋاملاشتۇردى ۋە شۇملۇق پۇراپ تۇرغان بۇ جايدىن تېزرەك كەتمەكچى بولدى. توساتتىن، خۇددى كېچىلىرى سۇ تۇرۇبىسىنىڭ يوللىرى ئېتىلىپ قېلىپ غورۇلدىغاندەك، بۇ جىمجىت چۆلدىن بىر ئاۋاز كەلدى، ئۇ ئاخىر ئادەم ئاۋازىغا ئايلاندى ـ دە، دېدى:

ــ زورۇئاستېر! زورۇئاستېر! تېپىشمىقىمغا جاۋاب بەر! ئېيتە! گۇۋاھچىدىن قىساس ئېلىش دېگەن نېمە؟

كەينىگە يان، چۈنكى ئۇ يەردە غىلتاڭ مۇز بار! پەخەس بول، تەكەببۇرلۇقۇڭنىڭ پۇتى سۇنمىسۇن!

ھەي، مەغرۇر زورۇئاستېر، سەن ئۆزۈڭنى ئىنتايىن ئەقىللىق ھېسابلايسەن! ئۇنداق بولسا تېپىشماقلىرىمغا جاۋاب بەر!؟ ئېيتە، مەن كىم؟

زورۇئاستېر بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ دەيدىغانسىلەر! شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھېسداشلىقى ئىختىيارسىز قوزغالدى ھەم شۇئانلا يەرگە يىقىلدى، خۇددى ئورمان كەسكۈچىلەر كەسكەندىن كېيىن بىردىنلا غۇلاپ چۈشكەن دۇب دەرىخى ئورمان كەسكۈچىلەرنىمۇ قورقۇتۇۋەتكەندەك بولدى. لېكىن، ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قەتئىي تۇسكە كىردى:

ــ سەن ماڭا ئىنتايىن تونۇش، ــ دېدى ئۇ قەتئىي تەلەپپۇزدا، ــ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سەن تەڭرىنىڭ قاتىلى! ماڭا يول بەر. سەن ئۆزۈڭنى ئىپنىق كۆرگەن ئادەمگە تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن. سەن بەتبەشىرە ئۇنىڭدىن قىساس ئالماقچى بولۇۋاتىسەن!

زوروئاستىر شۇنداق دېدى ـ دە، ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇ غەلىتە مەخلۇق ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋېلىپ كاسىلداشقا باشلىدى.

ــ توختا! ــ دېدى ئۇ ئاخىر.

ئالدىرىما! سېنى قانداق پالتىنىڭ يىقىتقانلىقىنى بىلدىم. سېنى تەبرىكلەيمەن، زوروئاستىر، سەن يەنە تۇرالىدىڭ!

مەن سېنىڭ ئاشۇ تەڭرى قاتىلىنىڭ تۇيغۇسىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغىنىڭنى چۈشىنىمەن. كەتمە، قېشىمدا ئولتۇر! مەن سېنى مۇنداقلا تۇتۇۋاتقىنىم يوق.

سەندىن باشقا كىمدىن مەسلىھەت ئالاتتىم. كەتمە، ئولتۇرغىن! بىراق، ماڭا قارىما! سەتلىكىمگە ئېتىبار قىل!

ھەممىسى ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقتا، شۇ تاپتا، سەن مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاناھگاھىم. ئۇلار ئۆچمەنلىكتىن ياكى قازى سوپىتى بىلەن زەھەرلىك قول سالغان ئەمەس، بۇنداق زىيانكەشلىكنى مەسخىرە قىلىمەن، ئۇنىڭدىن شەرەپ ھەم خۇشاللىق ھېس قىلىمەن.

بارلىق نەتىجىلەر ھازىرغا قەدەر كۆپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرگە تەۋەغۇ؟ سۈيىقەستچىلەر بويسۇنۇشنى تېزلا ئۆگىنىۋالدۇ، ئۇ ھەمىشە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرىدۇ. ئۇلار ھېسداشلىق قىلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ قېشىڭغا كەلدىم. زوروئاستىر، مېنى ھىماتىڭغا ئال، سەن مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاناھگاھىم، مېنى بىردىنبىر سېزىۋالغان كىشى.

سەن تەڭرى قاتىلىنىڭ تۇيغۇسىنى بىلىپ بولدۇڭ، ماڭما! چوقۇم ماڭماقچى بولساڭ، سەن تەنتەك مېنىڭ يولۇمدا ماڭما، چۈنكى ئۇ يول مۇشەققەتلىك!

سەن گەپلىرىمدىن بىزار بولدۇڭمۇ ياكى ۋاقىتەگكۈرلىكىمدىنمۇ؟ لېكىن، سەن تەنتەك مېنىڭ يولۇمدا ماڭما، چۈنكى ئۇ يول مۇشەققەتلىك!

يېنىمدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغىنىڭدىن خىجىل بولغىنىڭ ماڭا ئېنىق. شۇڭا، سېنىڭ زورۇئاستېر ئىكەنلىكىڭنى بىلىۋالدىم.

باشقىلار سۆز ياكى كۆز بىلەن ماڭا ساخاۋەت قىلىدۇ ياكى ھېسداشلىقىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن، سەن تىلەمچى ئەمەسلىكىمنى سېزىۋالدىڭ.

ئەسلىي مەن ئىنتايىن دۆلەتمەن ئىدىم، ئاشۇ بەھەيۋەت، ۋەھىمىلىك، كۆرۈمسىز، تەسۋىرلىگۈسىز نەرسىدىنمۇ باي ئىدىم.

ئاھ، زورۇئاستېر، خىجىل بولۇشۇڭ ماڭا شەرەپ ئاتا قىلدى!

مېنىڭ ھېسداشلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلاردىن مىڭبىر جاپادا قېچىپ چىقىشىم، ئاشۇ «ئىچ ئاغرىتىش زىيانلىق» دەپ جار سالالايدىغان ئاشۇ بىردىنبىر ئادەمنى تېپىش ئۈچۈن ــ ئۇ دەل سەن، زورۇئاستېر!

مەيلى ئۇ خىل ئىچ ئاغرىتىش تەڭرى ياكى ئىنساندىن كەلگەن بولسۇن، پېقىرلىققا نىسبەتەن بىر خىل ھاقارەت. ھىممەتسىزلىك ھىممەتتىن كۆپ ئەلا!

ئەمما، ھازىرقىلار ئىچ ئاغرىتىشنى ئەخلاق دەپ تونۇيدۇ. ئۇلار ئاجايىپ بەختسىزلىك، كۆرۈمسىزلىك ۋە مەغلۇبىيەتلەرنى ھۆرمەت قىلىشنى قىلچە بىلمەيدۇ.

مەن گويا پادىلارغا قارايدىغان ئىتنىڭ كۆزى مىغىلداپ تۇرغان قويلارنىڭ دۈمبىسىدىنمۇ يۇقىرىنى كۆرگەندەك، ئۇلاردىنمۇ يىراقنى كۆرىمەن. ئۇلار پەقەت بىر ئوچۇم ئاجىز تۇكلۇك، مۇلايىم، سىدام ئىنسانلاردۇر.

تېيىز سازلىققا ئېرەنسىز ھالدا قاراپ تۇرغان ئاق لەيلەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇشىدەك، مەنمۇ شۇنىڭدەك خۇنۇك، ئەرزىمەس دولقۇنلارغا، ئەرزىمەس ئىراده ۋە روھلارغا تىكىلدىم.

ئىلگىرى بىز ئاشۇ ھەقىر، ئەرزىمەسلەرنى تۇغرا دەپ قارىغانىدۇق. شۇڭا، كېيىن ئۇلارغا ھوقۇقنىمۇ تاپشۇرۇپ بەردۇق. ئۇلار «پەقەت ئەرزىمەسلەر ياخشى دېگەن نەرسىلا ياخشىدۇر» دەپ بار ئاۋازى بىلەن جار سالماقتا!

كۆز ئالدىمىزدىكى ھەقىقەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى، ئاشۇ ئەرزىمەسلەرنىڭ پىرىدىن قالغان دەۋەتلەردۇر. غەلىتە ھۆكۈما ۋە ئەرزىمەسلەرنىڭ قانۇنى ئۆزىنى «مەن ھەقىقەت» دەپ ئاتايدۇ.

ئۇ تەلۋە ئەرزىمەسلەرنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈۋەتتى. ئۇ: «مەن ھەقىقەت» دەپ توۋلىغاندا چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنىدى.

بىر تەكەببۇر كىشى بىلەن ئەدەپ ـ ئىكرام قىلىشقا بولامتىمۇ؟

ئاھ، زوروئاستېر، سەن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن ھەم «ياق، ياق، ياق!» دېگەن.

سەن كىشىلەرنى خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىشقا ئۈندىگەن ــ ئالدى بىلەن ساقلىنىدىغىنى ئىچ ئاغرىتىش، بۇ سۆزۈك باشقىلارغا ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭ ۋە ئۆزۈڭگە ئوخشاشلارغا قارىتىپ ئېيتىلغان.

سەن ئۆزۈڭنىڭ ئۇلۇغ شور پېشانىلىكىڭدىن نومۇس قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن خىجىل بولىسەن. راست، «ئىچ ئاغرىتىش بۇلۇت پەيدا قىلىدۇ، پەخەس بول ئىنسان!» دېگەنىدىڭ.

سەن: «بارلىق ياراتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى رەھىمسىز، مۇقەددەس سۆيگۈ ئۆزىدىكى ھېسداشلىقتىن ھالقىپ كەتكەن» دېگىنىڭدە، ئەي، زوروئاستېر، مەن سېنى ھاۋانىڭ خۇيىنى ياخشى بىلىدىكەن، دەپ ئويلىغانىدىم!

لېكىن، ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىدىن ساقلان! چۈنكى، نۇرغۇن جاپاكەشلەر، گۇمانخورلار، ئۈمىدسىزلەر، ھەۋەسكارلار

ۋە ئاچ ـ زېرىنلەرنىڭ ھەممىسى قېشىڭغا كېلىۋاتىدۇ.
شۇڭا، سېنى مەندىنمۇ بەكرەك پەخەس بولۇشقا ئاگاھلاندۇرىمەن. سەن مېنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ يامان تېپىشماقلىرىمغا (مەن كىم ۋە گۇناھلىرىم نېمە دېگەنگە) جاۋاب بەردىڭ، مەنمۇ سېنىڭ قانداق پالتىدىن يىقىلغانلىقىڭنى بىلىمەن.
بىراق، تەڭرى ئۆلمىسە بولمايدۇ! چۈنكى، ئۇ ئۆتكۈر كۆزى بىلەن كۆزىتىدۇ. ئۇ ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى ۋە يىلتىزىنى كۆرۈپ يەتتى، ئىنسانلارنىڭ نومۇسسىزلىقى ۋە رەزىللىكىنىمۇ كۆرۈپ يەتتى.
ئۇنىڭ ھېسداشلىقى خىجىللىقتىن خالىي. شۇڭا، ھەتتا ۋۇجۇدۇمدىكى ئەڭ مەينەت يەرلەرگىمۇ ئۆمىلەپ باردۇ. مارىلىغان ۋە ئارتۇقچە ھېسداشلىق قىلىدىغان ئاشۇ ئادەم چوقۇم ئۆلۈشى كېرەك.
ئۇ باشتىن ـ ئاياغ ماڭا تىكىلمەكتە. شۇڭا، قىساس ئېلىشىم كېرەك. ئۇ ئۆلمىسە، مەن ئۆلىمەن.
ئاشۇ ھەممىنى ۋە ئىنسانلارنى ئېنىق كۆرىدىغان تەڭرى ئۆلمىسە بولمايدۇ! ئىنسانىيەت بۇ گۇۋاھچىنى تىرىك قويماسلىقى كېرەك! ھېلىقى ئەڭ بەتبەشىرە ئادەم شۇنداق دېدى.
زوروئاستىر ئورنىدىن تۇرۇپ، يولىنى داۋام قىلماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچ ـ باغرىنى قېتىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.
ــ سەن غەلىتە مەخلۇق، ــ دېدى ئۇ، ــ مېنىڭ يولۇمدا ماڭما دېدىڭ. ئۆزۈمگە شۇنداق تەكلىپ بېرىمەنكى، ئۆز يولۇمدا مېڭىپ ساڭا رەھمەتىمنى ئىپادىلەيمەن. قارا، مۇشۇ يولنى بويلاپ ماڭساڭ، زوروئاستىرنىڭ غارىغا بارىسەن. غارىم ناھايىتى كەڭ، نۇرغۇن خىلۋەت بۇلۇڭلار بار، ئەڭ يوچۇن ئادەملەرمۇ ئۆزىنى يوشۇرالايدىغان يەر تاپالايدۇ، غار يېنىدا يەنە جانىۋارلار يوشۇرۇنىدىغان نۇرغۇن جايلارمۇ بار.
ئۆز ـ ئۆزۈڭدىن ۋاز كەچكەن ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن سەن كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشلىرى ئىچىدە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياشاشنى ئويلىمامسەن؟ ئۇنداق بولسا مەندىن ئۆگەن! شۇنداق، سەن مەندىن پەقەت ئەمەلىيەتچىلەر ئۆگىنەلەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيسەن.

سەن ئالدى بىلەن مەخلۇقلىرىم بىلەن پاراڭلاش. ئاشۇ ئەڭ زېرەك ۋە مەغرۇر مەخلۇقلىرىم ئىككىمىزگە ئەڭ ياخشى مەسلىھەتچى بولالايدۇ!

زوروئاستېر شۇنداق دەپ يولىنى داۋام ئەتتى، قەدەملىرى ئاستا، ئوي ـ پىكىرلىرى زىيادە ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىگە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى قويىدى. لېكىن، قانداق جاۋاب بېرىشنى ئۇقالمىدى.

«ئىنسانلار نېمىدېگەن بىچارە ۋە خۇنۇك، ـــ دېدى ئۇ ئىچىدە، ـــ يەنە ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەردلىرى ۋە دېگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ئار ـ نومۇسلىرى بار ـ ھە!

ھەتتا، بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولغان سۆيگۈسى بىلەن نەپرىتىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. بەلكىم ئۇ بۇيۇك سۆيگۈ ۋە نەپرەت ئىگىسىدۇر.

مەن تېخى ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتەر ئۆزىنى كەمسىتىدىغان ئادەمنى ئۇچراتمىدىم. بەلكىم بۇمۇ بىر يۈكسىلىشتۇر. ۋادەرىخ، مەندىن قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلغان يۈكسەك ئادەم شۇمىكىن؟

مەن بۇ ئۇلۇغ مەسخىرىۋازنى ياخشى كۆرىمەن. ئىنسان ئۆزىدىن ھالقىشى زۆرۈر.»

## 68. تىلەمچىلىكنى راۋا كۆرۈش

زوروئاستېر ھېلىقى بەتبەشىرە ئادەمدىن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئىنتايىن غېرىبلىق ۋە تەنھالىق ھېس قىلدى، ئىچ ـ ئىچىدىن غۇربەتچىلىك ۋە سوغۇقلۇق پەيدا بولۇپ، پۇت ـ قوللىرى مۇزلاپ كەتتى. ئەمما، ئۇ يەنىلا مېڭىۋەردى. گاھ دۆڭگە چىقسا، گاھ پەسكە

چۈشەتتى، يېشىل ئوتلاقلار، قاقشال تاشلىق جىرالاردىن ئۆتتى. بۇ جىرا ئەسلىدە شىددەتلىك بىر ئېقىننىڭ ئورنى بولسا كېرەك. ئۇ يەنە ئىللىقلىق ۋە خۇشاللىق ھېس قىلدى.

«مەن زادى نېمە بولدۇم؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن، — مېنى ئىللىق ۋە جانلىق بىر نەرسە ئويغاتقاندەك قىلىدىغۇ، بەلكىم، ئۇ قېشىمدىلا بولسا كېرەك.

ئەمدى يالغۇز ئەمەسمەن، خىيالىمدا نۇرغۇن ھەمراھلىرىم ۋە قېرىنداشلىرىم ماڭا ھەمسەپەر. ئۇلارنىڭ ئىللىق نەپسى قەلبىمنى تىترەتتى.»

لېكىن، ئۇ ئەتراپىغا قاراپ، تەنھالىقىغا تەسەللى بەرگەنلەرنى ئىزدىگىنىدە، كۆرگەنلىرى پەقەت دۆڭدىكى بىر توپ كالا بولدى. ئەسلىدە دەل ئاشۇلارنىڭ نەپەسلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىللىتقانىدى. بىراق، ئۇ كالىلار بىرىنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاۋاتقاچقا، يېقىنلاپ كېلىۋاتقان زوروئاستېرغا دىققەت قىلىشمىدى. زوروئاستېر ئۇلارنىڭ يېنىغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن، بىر ئادەمنىڭ كالىلارنىڭ ئارىسىدا سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىدى. كالىلار ناتىققا قاراپ تۇرۇشاتتى.

زوروئاستېر يۈگۈرۈپ بېرىپ كالىلارنى قوغلىدى. چۈنكى، ھېلىقى ئادەمنىڭ خەۋپكە قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ناۋادا ئۇ خەۋپكە يولۇقسا، كالىلارنىڭ ھېسداشلىقى ھېچنېمىگە دال بولمايتتى. لېكىن، ئۇ خاتالاشتى. چۈنكى، قاراڭلار، ئۇ ئادەم يەردە ئولتۇرۇپ، كالىلارنى ئۆزىدىن ئۈركۈمەسلىككە ئۈندەيتتى. ئۇ يېقىملىق ئېگىز ئادەم تاغ تەرغىباتچىسى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى مېھرىبانلىققا تولغانىدى.

— بۇ يەردىن نېمە ئىزدەۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى زوروئاستېر ئىنتايىن ھەيرانلىق بىلەن.

— مەن نېمە ئىزدەيتتىم؟ — دېدى ئۇ جاۋابەن، — سەن ئىزدىگەنگە ئوخشاش نەرسىنى ئىزدەۋاتىمەن. سەن، ھەي، كەيپ دۈشمىنى، زېمىننىڭ سائادىتىنى ئىزدەۋاتقانسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇڭا، بۇ كاللىلاردىن ئۆگىنىمەن. بىلەرسەن، ئۇلارغا ئەتىگەندىن بېرى بىر ئاش پىشىم ۋاقىتقىچە سۆزلىدىم. ئۇلار سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرمەكچى بولۇپ تۇراتتى. سەن نېمىشقا ئۇلارنى قوغلىۋېتىسەن؟

ئەگەر بىز كاللىغا ئوخشاش بولمىساق، جەننەتكە مەڭگۈ كىرەلمەيمىز. چۈنكى، بىز ئۇلاردىن كۆشەشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

راست، ئەگەر بىر ئادەمنى پۈتكۈل دۇنياغا ئىگىرىشتى دېسەك، لېكىن ئۇ كۆشەشنى بىلمىسە، ئۇنىڭ نېمە پايدىسى! ئۇ بەرىبىر ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ! ئۇنىڭ ئازابى ئاتالمىش يىرگىنچتۇر. ھازىر كىمنىڭ قۇلىقى، ئاغزى ۋە كۆزلىرىگە يىرگىنچلەر تولمىغان؟ سەنمۇ شۇنداق، لېكىن، بۇ كاللىلارغا قاراپ باق!

ئاشۇ تاغ تەرغىباتچىسى شۇنداق دېدى ـ دە، ئۆرۈلۈپ زوروئاستېرغا قارىدى (چۈنكى، ئۇ بايا كاللىلارغا قاراپ تۇراتتى)، ئەمما ئۇنىڭ چىرايى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەردى.

ــ بايا مەن كىمگە سۆزلىدىم؟ ــ ئۇ چاچراپ ھودۇقۇپ ۋارقىرىغىنىچە تۇرۇپ كەتتى.

مانا بۇ ھېچنېمىدىن بىزار بولمايدىغان زوروئاستېر، بىزارلىقنى يەڭگۈچى. مانا بۇ ئۇنىڭ كۆزى، مانا بۇ ئۇنىڭ قەلبى.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن سوۋغا ۋە گۆھەرلەرنى تېپىۋالغان ئادەمدەك، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا زوروئاستېرنىڭ قوللىرىغا سۆيدى. كاللىلار بىر چەتتە تۇرۇپ بۇ ئىشلارنى ھەيرانلىق بىلەن كۆزىتىشتى.

ــ بولدى، مەن تۇغرۇلۇق گەپ ئاچما، ئەي، غەلىتە، سۆيۈملۈك كىشى، ــ دېدى زوروئاستېر ھاياجىنىنى بېسىپ، ــ گەپنى ئۆزۈڭدىن باشلىغىن، زور بايلىقتىن ۋاز كېچىپ، تىلەمچىلىكنى راۋا كۆرگۈچى سەن ئەمەسمۇ؟ سەن بايلىقىڭدىن خىجىل بولۇپ، نامراتلار ئارىسىغا كىرىپ، قەلبىڭ ۋە ھەممە نەرسەڭنى نامراتلارغا بېغىشلىغان ئەمەسمۇ؟

لېكىن، ئۇلار سېنى رەت قىلدى.

— ئۇلار ھەقىقەتەن مېنى قوبۇل قىلمىدى، — دېدى ئۇ تىلەمچىلىكنى راۋا كۆرگۈچى، — سەن بۇنى بىلىسەن، شۇڭا مەن ئاخىر مۇشۇ كالىلارنىڭ ئارىسىغا كەلدىم.

— بۇنىڭدىن سەن مۇۋاپىق بېرىشنىڭ مۇۋاپىق ئېرىشىشتىن تەسلىكىنى چۈشەندىڭ، — دېدى زورۇئاستېر، — سەدىقە بېرىش بىر خىل سەنئەت. ئۇ ئەڭ نازۇك، ئەڭ ۋايىغا يەتكەن ياخشىلىق سەنئىتى.

— بولۇپمۇ ھازىر، — دېدى تىلەمچىلىكنى راۋا كۆرگۈچى، — يەنى پەستىكى ھەممە نەرسە ئىسيانكارچىلىق، جەدىدلىك، مەغرۇرلۇقتا ئايلىنىپ، پۈتۈن ئاددىي كىشىلەرگە ئومۇملىشىپ كەتكەن ۋاقىتتا، سەنمۇ بىلىسەن، ئاۋام ۋە قۇللارنىڭ ئۇزاق ۋە ئاستا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان دەۋرى يېتىپ كەلدى. بەلكى، بۇ ھازىر كېڭەيمەكتە!

ھازىر، ھەرقانداق شەپقەت ۋە ئەرزىمەس ساخاۋەتلەر پەستىكى ئاۋاملارنىڭ زىتىغا تېگىدۇ. شۇڭا، بايلارنىڭ ئېھتىيات قىلغىنى تۈزۈك!

كۆز ئالدىمىزدا بوينى ساپاقتەك، قورسىقى باداڭدەك كىشىلەر بار. بىراق، ئۇنىڭ بوينىدىن ئۇزۇۋەتسەم دەيدىغان كىشىلەرمۇ بار.

نەپسى يامان، ھەسەتخورلۇق، چېكىدىن ئاشقان ئۆچمەنلىك، ئاۋامنىڭ تەكەببۇرلۇقى... بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى چۆچۈتىدۇ. ئاچ كۆزلەر باي بولالمايدۇ، جەننەت كالىلارنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ كەتكەن!

— نېمىشقا جەننەت بايلار بىلەن بىر يەردە ئەمەس، — زورۇئاستېر ئەتەي سورىدى ھەم كالىلارنىڭ بۇ مېھرىبان كىشىنى پۇراپ يېقىنچىلىق قىلىشىنى توسىدى.

— سەن نېمىشقا مەندىن گەپ ئالىسەن؟ — دېدى ھېلىقى ئادەم، — بۇنى مەندىنمۇ ئېنىق بىلىسەن، زورۇئاستېر، مېنى نامراتلارنىڭ قويىنىغا ئاتقان نەرسە نېمە؟ دەل ئاشۇ بايلارغا بولغان بىزارلىق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


ئەمەسمۇ؟

دەل ئاشۇ بايلىقنى دەپ گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن يىرگەنگەنلىكىم ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ــ بەتبۇي ئۆرلەپ تۇرىدىغان سېسىق ئاۋام پەسكەشلىك ۋە سوغۇققانلىق بىلەن ئەخلەتخانىلاردىن تەمەچ تەرمەكتە.

دەل ئاشۇ ھەل بېرىلگەن ساختا ئاۋامدىن يىرگەنگەنلىكىم ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ پېشۋالىرى ساپلا يانچۇقچى، قاغا ياكى ئەسكى - تۈسكىلەرنى يىغقۇچى. ئۇلارنىڭ جورىلىرى ئىنتايىن مۇلايىم، يەڭگىل ۋە ئۇنتۇغاق، ئۇلار پاھىشىلەردىن پەرقسىز.

ئاشۇ ئۇستۇنكى ئاۋام بىلەن تۆۋەنكى ئاۋامنىڭ باي - نامرات بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ پەرقى بارلىقىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇدۇم. شۇڭا، مەن بارغانسېرى ئۇلاردىن نېرى قېچىپ، بۇ كاللىلارنىڭ ئارىسىغا كەلدىم.

ھېلىقى يىقىملىق كىشى شۇنداق دېدى، كەيپىياتى شۇنداق ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ھاسىراپ ۋە تەرلەپ كەتكەنىدى. كاللىلار يەنە ھەيران بولۇشتى. بىراق، زورۇئاستىر كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارايتتى ھەم جىمجىت ھالدا بېشىنى چايقايتتى.

ــ ئەي، تاغ تەرغىباتچىسى، سېنىڭ بايىقى رەھىمسىز تەنقىدىڭ، ئۆزۈڭ بىلەن چىقىشالمىغانلىقىڭدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، ئاغزىڭ بىلەن كۆزۈڭ بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن يارالغان ئەمەسمۇ. ئاشقازىنىڭمۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس، چۈنكى ئۇ بۇ خىل غەزەپ ۋە نارازىلىقلارنى ياقتۇرمايدۇ. ئاشقازىنىڭ يۇمشاقراق نەرسىگە موھتاج، سەن قاسساپ ئەمەس.

مېنىڭچە، سەن گۆشسىز تاماققا ئامراق، بەلكىم گاھىدا پۇرچاق يەپ قويىدىغانسەن. لېكىن، گۆشكە زادى خۇشۇڭ يوق، ھەسەلگە ئامراق!

ــ توغرا دېدىڭ، ــ دېدى تىلەمچىلىكنى راۋا كۆرگۈچى، ــ مەن

ھەسەلگە ئامراق. بەزىدە پۇرچاقلارنىمۇ يەپ قويىمەن. چۈنكى، تېتىملىق ھەرقانداق نەرسىلەرنى ھەممە ھورۇنلار ۋە بىكار تەلەپلەر كۆنلەپ، ئايلاپ كويىدا بولۇپ يۈرگەن نەرسىلەرنى ئىزدەپ يۈرىمەن.

روشەنكى، كالىلار بۇ جەھەتتە بىزدىن ئەۋزەل. ئۇلار كۆشەش ۋە ئاپتاپتا يېتىشنى ھەممە روھىغا يۇك بولىدىغان ئېغىر ئىدىيەلەرنى چەكلەشنى ئادەتلەندۇرۇۋالدى.

— دەل ھەق، — دېدى زوروئاستېر، — سەن مېنىڭ مەخلۇقلىرىمغا قاراپ باق، ئۇلار ھازىرقى ئادەتتىكى جانىۋارلارغا ئوخشاشمايدۇ.

• بۇياققا قارا، بۇ يولنى بويلاپ ماڭساڭ غارىمغا بارىسەن، بۈگۈن ئاخشاملا كېلىپ مېھمان بولغىن. ئۆيۈمگە قايتىشتىن بۇرۇن.

سەن ئالدى بىلەن مەخلۇقلىرىم بىلەن جانىۋارلارنىڭ بەخت - سائادىتى ھەققىدە پاراڭلىشىپ تۇرغىن. چۈنكى، شۇ تاپتا بىرى مەندىن قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا بارمىسام بولمايدۇ. ئەگەر سەن غارىمدىن سوغۇق، ساپسېرىق ھەسەلگە ئېرىشسەڭ يەپ تۇرغىن.

ئەمدى، بۇ قىزغىن دوستلىرىڭ ۋە ئۇستازلىرىڭدىن كۆزۈڭ قىيمىسىمۇ، ئۇلار بىلەن خوشلاشقىن، ئەي غەلىتە، سۆيۈملۈك كىشى!

— لېكىن، ئامراق يەنە بىر ئادىمىم بار، — دېدى تىلەمچىلىكنى راۋا كۆرگۈچى، — سەنمۇ يامان ئەمەس ئىكەنسەن، زوروئاستېر. ھەتتا كالىدىنمۇ ياخشىكەنسەن!

— يوقال! تېز يوقال! ئەي، رەزىل خۇشامەتچى! — زوروئاستېر قاتتىق ۋارقىرىدى، — سەن نېمىشقا بۇ خىل مەدھىيەلەش ۋە ماختاش، ئۇچۇرۇشلار بىلەن مېنى ھەددىمدىن ئاشۇرىسەن؟

— يوقال! يوقال! — دېدى ئۇ يەنە ۋارقىراپ، ھاسىسىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى يېقىملىق تىلەمچىنى ئۇرماقچى بولدى. لېكىن، ئۇ تىلەمچى غىپپىدە قېچىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



## 69. سايە

زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ:

ھېلىقى تىلەمچىلىكنى راۋا كۆرگۈچى كەتكەندىن كېيىن، يەنە تەنھا قالغان زوروئاستىر كەينىدىن ناتونۇش بىر ئاۋازنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

— توختا، زوروئاستىر، توختاپ تۇر! مەن ئەمەسمۇ، زوروئاستىر، مەن سېنىڭ سايەڭغۇ!

ئەمما، زوروئاستىر توختىمىدى. چۈنكى، ئۇ تاغقا يېتىپ كەلگەن كىشىلەردىن بىئارامлиق ھېس قىلىۋاتاتتى. «مېنىڭ تەنھالىقىم نەگە كەتتى؟» دەيتتى ئۇ.

«تاش ئۈستى ئادەم بىلەن تولدى، بۇلار مەن ئۈچۈن زىيادە. بۇ يەر ئەمدى ماڭا مەنسۇپ ئىقلىم بولماي قالدى. يېڭى تاغ تېپىشىمغا توغرا كەلدى.

مېنى سايەم چاقىرىۋاتامدۇ؟ سايەم نېمىتى! ئۇ قوغلاۋەرسۇن! مەن ئۇنى تاشلاپ كېتىۋېرەي.»

زوروئاستىر كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىدى ھەم يۈگۈردى. لېكىن، سايىسىمۇ كەينىدىن قوغلىدى. ئۈچى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوغلىدى. ھېلىقى تىلەمچىلىكنى راۋا كۆرگۈچى ئالدىدا، زوروئاستىر كەينىدە، ئۇنىڭ كەينىدە سايىسى ئىدى. كۆپ ئۆتمەي، ساراڭلىقىنى ھېس قىلغان زوروئاستىر ئۈستىبېشىدىكى خاپىلىق ۋە بىزارلىق توزانلىرىنى قېقىشتۇردى.

— قارا! — دېدى ئۇ، — ئەڭ كۈلكىلىك ئىشلارنى ھەمىشە بىزدەك قېرى زاھىت ۋە پەيلاسوپلار قىلىدىكەنمىز ئەمەسمۇ؟

راست، مەن تاغدا تۇرۇپ بەكلا ئالجىپ كېتىپتىمەن! ئەمدى مەن ئۈچ جۈپ ساراڭ قېرى پۇتنىڭ بىر - بىرىگە ئەگىشىپ پالاقشىغىنىنى

ئاڭلىدىم.

لېكىن، زوروئاستېر ئۆز سايىسىدىن قورقاتتىمۇ؟ يەنە كېلىپ، سايەمنىڭ پۇتى مېنىڭكىدىن ئۇزۇن ـ دە!

زوروئاستېر شۇنداق دېدى ھەم ئىچ ـ ئىچىدىن كۈلدى. ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ، تېزلا كەينىگە بۇرۇلدى. قاراڭلار، ئۇ كەينىدىكى سايىسىنى يىقىتىۋەتكىلى تاسلا قالدى. چۈنكى، سايە ئىنتايىن يېقىن ئەگىشىپ ماڭغان ۋە بەكلا ئاجىز ئىدى. زوروئاستېر ئۇنىڭغا بىر قاراپلا، گويا جىن دارىغاندەك ئالاقزەدە بولۇپ كەتتى. سايە شۇ قەدەر ۋىجىك، قارا، ناشۇد ۋە ئاجىز ئىدى.

ــ كىم سەن، ــ دەپ سورىدى زوروئاستېر ھاياجان بىلەن، ــ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن، قانداقچە مېنىڭ سايەم بولۇۋالدىڭ؟ ھىممىتىمگە ئېرىشمەن دەپ خام خىيال قىلما.

ــ كەچۈرگىن، ــ دېدى سايە جاۋابەن، ــ مەن سېنىڭ سايەڭ. ئەگەر سەن مېنى ياقتۇرمىساڭ، ئۇنداقتا، زوروئاستېر، مېنىڭ سېنى ۋە سېنىڭ گۈزەل تەبىئىتىڭنى ياخشى كۆرۈشۈمگە يول قويغىن.

مەن ساڭا ئەگىشىپ يۈرگەن بىر سەيياھ، توختىماي چېپىپ يۈرىمەن. ئەمما، مۇددىئايىم يوق، پاناھگاھىممۇ يوق. راست، مەن ئۆلمەسلەردىن ۋە يەھۇدىيلاردىن بولمىسامىمۇ، مەڭگۈ سەرسان يەھۇدىي بولۇپ قېلىشقا تاسلا قالدىم.

نېمە، تىنماي يۈگۈرەمدىم، بورانلاردا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈپ ئارام تاپالامدىم؟ ئاھ، يەر شارى، سەن گويا ھاردۇق يەتكەن چاڭ ـ توزانلاردەك بەكلا يۇمىلاق ئىكەنسەن!

مەن زېمىننىڭ ھەممە يېرىدە تۇرۇپ باققان، بارلىق سىنئەينەك ۋە ئەينەكلەرنىڭ ئۈستىدە شېرىن ئۇخلىدىم. مەن بەردىمكى، ئالمىدىم. شۇڭا، كۈنسايىن جۇدەپ كەتتىم، ھەتتا سايىگە ئايلىنىپ قالدىم.

ئاھ، زوروئاستېر، ساڭا ئەگەشكىنىمگە ئۇزاق بولدى. مەن سەندىن باشتىن ـ ئاخىر ئۆزۈمنى يوشۇرغان بولسامىمۇ، لېكىن مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىزنىڭ ئەڭ ياخشى سايەڭ، سەن بارلىكى جايدا مەنمۇ بار.

گويا قارلىق ئۆگزىدە يورۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئەرۋاھلاردەك، مەن ساڭا ئەگىشىپ ئەڭ يىراق سوغۇق جايلارغا بارغان.

مەن ساڭا ئەگىشىپ ئەڭ قاراڭغۇ ۋە ئەڭ چەكلەنگەن يەرلەرگە كىرگەن. ئەگەر ئالاھىدىلىكىم بار دېيىلسە، ئۇ دەل ھېچقانداق چەكلىمىدىن قورقماسلىق.

مەن ساڭا ئەگىشىپ، ھۆرمەت قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىلىرىمنى كۆكۈم ـ تالقان قىلىپ تاشلىدىم. بارلىق پاسىل ۋە ھەيكەللەرنى ئۆرۈۋەتتىم. ئەڭ خەتەرلىك ئارمانلارنى قوغلاشتىم. راست، مەن تۆرلۈك جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدۈم.

ساڭا ئەگەشكىنىم تۇپەيلى قىممەت ۋە ئاتاقلارغا بولغان ئېتىقادىمنى يوقاتتىم. ئالۋاستى ئۆزىنىڭ نىقابىدىن چىققاندا، ئۇنىڭ نام ـ ئاتاقلىرىمۇ تەڭ يوقالدى ئەمەسمۇ؟ نام ـ ئاتاق بىر خىل نىقاب. بەلكىم ئالۋاستىنىڭ ئۆزىمۇ ئەسلىدە قۇرۇق قاپتۇ.

«ھەقىقىي نەرسە يوق، ھەممىسى ساختا» دېدىم مەن ئۆزۈمگە ھەمدە بېشىم ۋە قەلبىمنى ئەڭ سوغۇق سۇغا تىقتىم. ئاھ، مەن بۇ يەردە يالىڭاچ خۇددى قىزىل راكتەك قانچىلىك تۇرغاندىمەن!

ئاھ، ئاق كۆڭۈللۈكۈم، خىجىللىقىم ۋە ئاق كۆڭۈللەرگە بولغان ئىشەنچلىرىمنىڭ ھەممىسى نەگە كەتتى! ئاھ، يەنىلا ئاشۇ يالغان سەمىمىلىكىم، ساپ سەمىمىلىكىم ۋە ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب يالغانچىلىقىدىكى سەمىمىلىك نەگە كەتتى؟!

راست، مەن دائىم ھەقىقەتكە تەقلىد قىلىمەن، ئۇ مېنى كاچاتلايدۇ. بەزىدە يالغان سۆزلىمەكچى بولىمەن، لېكىن ھەقىقەتنى ئاشكارىلاپ قويىمەن.

ھازىر بىلىدىغانلىرىم ناھايىتى كۆپ، شۇڭا بىرىنى دەپ يەنە بىرىنى قولدىن بېرىپ قويىمايمەن. مەن سۆيىدىغان ھەممە نەرسە يوقالدى، يەنە نېمىدەپ ئۆزۈمدىن قىيالمايمەن؟

«خالىغىنىمچە ياشاي ياكى ئۆلەي!» مەن شۇنداق ئۈمىد قىلىمەن، ئەڭ مۇقەددەس كىشىلەرمۇ شۇنداق. ئەمما، مەندە ئۈمىد نېمە قىلسۇن.

مەندە يەنە ئارزۇ ـ ئۈمىد بارمۇ، كېمەم توختايدىغان پورت بارمۇ، شامالغا باقامدۇ؟ ئاھ، پەقەت قەيەرگە ھەيدەشنى بىلگەن كىشىلا نېمىنىڭ شامالغا باقىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

مەندە يەنە نېمە بار؟ ھالسىرىغان كەپسىز قەلب، تۇراقسىز ئىرادە، پەس ئۇچالايدىغان بىر جۈپ قانات، سۇنۇپ كەتكەن ئومۇرتقىلا بار.

زوروئاستىر، سەن مېنىڭ پاناھگاھ ئىزدەشلىرىمنىڭ بىر خىل ئۆي كېسەللىكى ئايلانغانلىقىنى بىلىسەن. بۇ كېسەل مېنى يەپ تۈگەتمەكتە.

«مېنىڭ ئۆيۈم قەيەردە؟» دەپ ئۆزۈمدىن توختىماي سورايمەن ۋە ئىزدەيمەن، لېكىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيمەن. ئاھ، ئەبەدىي سەرسانلىق! ئەبەدىي ماكانسىزلىق! ئەبەدىي ئاۋارىچىلىك!

سايە شۇنداق دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، زوروئاستىرنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ كەتتى.

ــ ئەسلىدە سەن مېنىڭ سايەم ئىكەنسەن ـ دە! ــ دېدى ئۇ ئاخىر ھەسرەتلىنىپ.

ــ ئەي، ئەركىن سەرگەردان، شۇ تاپتا خەۋپ ئىچىدە سەن! قەبىھ بىر كۈننى ئۆتكۈزدۈڭ، تېخىمۇ قەبىھ كېچىدىن ئېھتىيات قىلغىن!

سەندەك تىنىمسىز ئادەم، بىر مەھبۇس چېغىدىمۇ تەلەيلىك ئىكەنلىكىنى ئاخىر ھېس قىلىسەن. سەن مەھبۇسلارنىڭ ئۇخلىغان ۋاقتىنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇلار جىمجىت ئۇخلاپ، يەنە بىر خىل بىخەتەرلىكتىن يەتكۈچە بەھرىمەن بولىدۇ.

قاتتىق ئېھتىيات قىل، تار ئەقىدە ياكى رەھىمسىز خام خىياللارنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالما! چۈنكى، ھازىر تار ۋە مۇقىم نەرسىلەر سېنى ئازدۇرماقتا.

مەقسىتىڭنى يوقاتتىڭ، سەن ئۇنىڭدىن قانداق ۋاز كېچەرسەن ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇ زىيانىنى قانداق ئۇنتۇيالايسەن؟ شۇڭا، سەنمۇ يولۇڭدىن ئازدىڭ!

ئەي، بىچارە سەيياھ، هارغىن كېپىنەك! بۈگۈن كەچتە جاننى قويىدىغان ئارامگاھىڭ بولۇشىنى خالامسەن؟ ئۇنداقتا غارىمغا كەل!

مۇشۇ يولنى بويلاپ ماڭساڭ غارىمغا بارىسەن، ئەمدى مەن سەندىن تېزرەك خۇشلىنىشاي، چۈنكى بىر سايىنىڭ ئۈستۈمدىن بېسىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدىم.

ئەتراپىمغا يورۇق چۈشۈش ئۈچۈن، ئۆزۈم يۈگۈرۈپ تەنها كېتىۋالاي. پۇتلىرىمنى تارتىپ تۇرىدىغان ئۇزاق مەنزىلىم بار. ھە راست، بۈگۈن مېنىڭ ئۇسسۇل كېچىلىكىممۇ بار ئىدى!

## 70. چىمچىقچۈش

زوروئاستېر توختىماي يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، كەينىدىن بىرەرىنىڭ يوقلۇقىنى ۋە ئۆزىنىڭ يەنىلا يېگانە ئىكەنلىكىنى بايقاپ، شادلىنىقا چۆمدى ھەمدە سائەت ـ سائەتلەپ خىياللارنى سۈردى. چۈشكە ئاز قالغاندا، كۆن راسا قىزىدى. زوروئاستېر چاتقال بېسىپ كەتكەن بىر قېرى دوڭغاق دەرەخنىڭ قېشىدىن ئەگىپ ئۆتتى. دەرەخ تەك شاخلىرىنىڭ ئىللىق قوينىغا ئورالغان، ئۈستىدە يولۇچىلارنىڭ رىزقى بولغان ساپسېرىق ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ تۇرغانىدى. ئۇ بىر ساپاق ئۈزۈم يېمەكچى بولدى. لېكىن، قولىنى سوزغىنىدا تېخىمۇ كۈچلۈك ئۆزگىچە ھەۋەسكە تۇتۇلدى. چۈش پەيتىدە دەرەخ ئاستىدا راسا ئۇخلىۋالغۇسى كەلدى.

زوروئاستېر ھەۋەسكە بېرىلىپ، جىمجىت ۋە سىرلىق چىملىقتا ياتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇسسۇزلۇقنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇخلاپ كەتتى. خۇددى زوروئاستېرنىڭ «بۇ ئىش يەنە بىر ئىشتىن جىددىي» دېگىنىدەك، ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلمىغانىدى. ئۇ دەرەخ بىلەن تەك

ئـــۇتتۇرىسىدىكى مـــۇھەببەتنى كـــۆرۈشتـــىن ۋە مـــاختـــاشتـــىن ئـــەبـــەدىي زېرىكمـەيـتتـى. كـــۆزى ئـــۇيـقۇغا ئـــىلىنـاي دېگـەنـدە، ئـــۆز ـ ئـــۆزىگـە: «خـەپشۇك! بـۇ دۇنيـا ئـەمـدىلا ئـادا بـولـدى ئـەمـەسـمۇ؟ مـەن زادى نېمە بولدۇم؟» دېدى.

گـويا ئـىللىق شـامال دېڭـىز ئـۈستـىدە لـەرزان كـەزگـەندەك، ئـۇيـقـۇ ئالۋاستىسى ئۈستۈمدە يەڭگىلگىنە ئويناپ، كۆزلىرىمنى يۇمدۇرمىدى، قـەلبىمنى سـەگـەكلـەشتۈردى. راست، ئـۇ خـۇددى بـىر پـەيدەك ئـىنتايىن يەڭگىل.

• نـېمە بـولـغانـلىقىنى ئـۆزۈمـمۇ بـىلمەيمەن، ئـۇنـىڭغا بـوي ئـەگـدىم. ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك قـوللىرى قـەلبىمنى ئـاۋايلاپ سـىيپاپ، مـېنى رام قـىلىۋالدى. راست، ئـۆزۈم ئـۆزۈم ئـەمـەس، هـەتتا روهـىممۇ بـەللىرىنى سوزۇپ كېرىلمەكتە.

دەل چـىڭقىچۇش پەيتىگە توغرا كەلدىمۇ؟ ئۇنىڭ تـاكامۇل، گـۈزەل نەرسـىلـەرنىڭ ئارىسـىدىكى ئاشۇ غـەلـىتە روهـى نـەقـەدەر هـارغـىن! ئـۇنىڭ يەتتىنچى كۈنى ئاخشىمى ئارىسىدا لاغايلاپ يۈرگىنىگە ئۇزاق بولدىمۇ؟

ئۇ هەدەپ كېرىلمەكتە ـــ تېخىمۇ بەك كېرىلمەكتە! مېنىڭ ئـاشۇ جـىمجىت روهـىم يەنـىلا ئاشۇ يەردە جـىمجىت ياتـىدۇ. ئـۇ نـۇرغۇن گـۈزەل نەرسـىلـەرنىڭ تەمىنى تېتىپ باققان، بۇ ئالتۇن رەڭلـىك هـەسرەت ئـۇنى بېسىپ، لەۋلىرىنى ئېزىۋەتتى.

ئـۇ گـويا بـىر تـىنچ پورتقا كـىرىپ تـوختـىغان كـېمىگە ئـوخشاش، ئۇزاق چىققان بورانلاردىن هـالسىزلىنىپ ئـاخىر قـىرغاققا كـەلدى. بـۇ قۇرۇقلۇق تېخىمۇ سادىق ئىكەن ئەمەسمۇ؟

بـۇنداق كـېمىنى سـۆرەپ قـىرغاققا ئـەكېلىش ئۈچۈن ئـۆمۈچۈك توردىن بىرىلا كۇپايە، توم ئارغامچىنىڭ كېرىكى يوق.

مـەنمۇ گـويا تـىنچ پـورتتا تـوختـىغان هـارغـىن كـېمىدەك زېمـىنغا يۆلىنىپ دەم ئـالدىم. ئـارىمىزدا پـەقـەت بـىرلا رىشتـە بـار، ئـۇ بـولسىمۇ ساداقەت، ئىشەنچ ۋە كۈتۈش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاھ، بەخت! بەخت! ئاھ روھىم! سىنىڭ چىملىقتا يېتىپ تۇرۇپ ناخشا ئوقۇغۇڭ بارمۇ؟ بۇ دەل چوپانلار نىيىنىڭ چىلىنمىغان سېھىرلىك ھەم ھەيۋەتلىك دەملىرى ئىدى!

پەخەس بول! ئوتتەك چىققىچۇش ئوتلاقتا ئۇخلاپ قالدى. ناخشا توۋلىما! ئاۋاز چىقارما! بۇ دۇنيا ئادا بولماقتا!

ئاھ، روھىم! ئەي، ئوتلاق قۇشى، كۈيلىمە! ھەتتا پىچىرلىما، شۇك! ئۆتمۈشنىڭ ئۇ چىققىچۇشى ئۇخلاپ قالدى، ئۇنىڭ لەۋلىرى قىمىرلىماقتا، ئۇ دەل بەخت تامچىلىرىنى تامشىش ئەمەسمۇ؟

ئالتۇن بەخت ۋە زەر شاراب تامچىلىرى؟ ئۇنىڭ جىلمايغان بەختى يېقىنلاشماقتا، تەڭرىمۇ ئاشۇنداق كۈلمەكتە، شۇك!

«بەخت، ئازغىنە بولسىلا يېتەرلىك!» مەن ئاشۇنداق دېگەنىدىم ھەم بۇنى پاراسەتكە باي سۆز دەپ ھېس قىلغانىدىم. لېكىن، ئۇ بىر خىل كۇپۇرلۇق. بۇنى ئەمدى تونۇپ يەتتىم. ئەمەلىيەتتە، ساراڭنىڭ سۆزى ھېكمەتكە تېخىمۇ باي.

ئەڭ ئۇششاق، ئەڭ مۇلايىم، ئەڭ يەڭگىل نەرسىلەر، كەسلەنچۈكنىڭ شىپىرلىشى، بىرەر تىنىق، بىرەر ئىشارەت، نىگاھ. ئازراق بولسىلا چەكسىز بەخت ئاتا قىلاتتى. شۇك!

مەن زادى نېمە بولدۇم؟ قۇلاق سال! ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟ مەن پەسلەۋاتامدىم؟ قۇلاق سال! مەن مەڭگۈلۈكنىڭ قۇدۇقىغا پەسلەپ چۈشۈۋاتامدىمەن؟

مەن زادى نېمە بولدۇم؟ ئۇندىمە! ئاپلا، يۈرىكىم زەخىملەندىمۇ؟ ھەئە! ئاھ، يۈرىكىم، بۇنداق بەختنى، بۇنداق ئازابنى باشتىن كەچۈرگەندىكىن پارە ـ پارە بول!

نېمە؟ بۇ دۇنيا تېخى ئەمدىلا ئادا بولۇپ، يۇپيۇمىلاق تاكامۇللاشقان ئەمەسمۇ؟ ئاھ، بۇ ئالتۇن چەمبەر قەيەرگە ئۇچماقچى؟ مەن ئۇنى قوغلاي؟ چاپسان!

شۇك (بۇ چاغدا زوروئاستېر بىر كېرىلدى ھەم ئۆزىنى ئۇخلاپ

قالغاندەك ھېس قىلدى)!

«تۇرە، — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — غاپىل قۇرت! ئەي، چۈشتىكى غاپىل! تۇرۇڭلار، قېرى پۇتلىرىم! ۋاقىت توشتى، ھازىر دەل ۋاقتى! ئۇزاق سەپەر سىلەرنى ساقلاۋاتامدۇ؟»

ئۇيقۇڭلار قانغاندۇ، قانچىلىك ئۇخلىدىڭلار؟ مەڭگۈلۈكنىڭ يېرىمىچىلىكدۇ! بولدى، تۇر، قېرى قەلبىم! سەن بۇنداق ئۇخلاپ قالساڭ قاچان ئويغىنىسەن؟

(لېكىن، ئۇ يەنىلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇنىڭ روھى ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىنى قوغدىدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە يېتىۋالدى.)

— مېنى ئويغاتماڭلار، جىم! بۇ دۇنيا ئەمدىلا ئادا بولغان ئەمەسمۇ؟ ئاھ، ئالتۇن شار!

— تۇر، — دېدى زوروئاستېر يەنە، — ئوغرى، ھۇرۇن! نېمە، سەن يەنىلا كېرىلىپ، ئەسنەپ، ئاھ ئۇرۇپ، چوڭقۇر قۇدۇققا چۈشۈۋاتامسەن؟

ئاھ، روھىم، سەن زادى كىم (بۇ چاغدا، كىچىككىنە قۇياش نۇرى ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشكەنىدى، ئۇ قورقۇپ يېتىۋالدى)؟

— ئاھ، ئۇستۇمدىكى ئاسمان! — ئۇ نالە قىلىپ ئولتۇردى، — سەن ماڭا قاراۋاتامسەن، غەلىتە روھىمنى تىڭشاۋاتامسەن، دۇنيا بەرگىدىكى شەبنەملەرنى قاچان ئىچىسەن، بۇ غەلىتە روھنى قاچان سۈمۈرىسەن؟

زادى قاچان، ئەي، مەڭگۈلۈك قۇدۇقى! ئەي، شادلىق ھەم ۋەھىمىلىك چىڭقچۈش ئۇپقانى! روھىمنى قاچان پۇركۈپ بېرىسەن؟

زوروئاستېر شۇنداق دېدى، ھەربىر خىل مەستخۇشلۇقتىن سەگىگەندەك دەرەخ يېنىدىكى چىملىقتىن تۇردى. قارا، ئۇتتەك قۇياش، ئۇنىڭ بېشى ئۇستىدە شۇ پېتى تۇرىدۇ. شۇڭا، زوروئاستېر ئانچە ئۇزۇن ئۇخلىيالمىغان بولسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



## 71. ئېھتىرام

بىرپەس بىھۇدە پايپاسلاپ ئىزدەنگەندىن كېيىن، كونا پاتاي دەپ قالغاندا، زوروئاستېر غارغا قايتتى. ئۇ غارغا 20 قەدەمچە قالغاندا، كۈتۈلمىگەن غەلىتە ئىش يۈز بەردى: يەنە ھېلىقى قۇتقۇزۇش ئىلتىجاسى ئاڭلاندى. غەلىتە يېرى شۇكى، بۇ قېتىمقى ئاۋاز ئۇنىڭ غارىدىن كەلمەكتە. ئۇ ئاۋاز ۋەزمىن، سوزۇق، غەيرىي ئىدى. گەرچە يىراقتىن ئاڭلىماققا، بىر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىققاندەك تۇيۇلسىمۇ، زوروئاستېر ئۇنىڭ كۆپ ئاۋازدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېنىق پەرق ئەتتى. شۇڭا، ئۇ غارىغا ئالدىراپ ـ تېنەپ كىردى. ۋاھ! مۇقەددىمە كۆيىدىن كېيىن، ئاجايىپ سەلتەنەتلىك بىر سورۇن ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى! چۈنكى، بۈگۈن ئۇ ئۇچراتقانلارنىڭ ھەممىسى غاردا ئولتۇراتتى: ئىككى پادىشاھ، سېھىرگەر، پاپا، تىلەمچىلىكنى راۋا كۆرگۈچى، سايە، تەرىقەتچى، غەمكىن بېشارەتچى ۋە ئېشەك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ھېلىقى بەتبەشىرە ئادەم تاج كىيگەن، سۆسۈن كالاۋۇتۇن لېنتا ئاسقانىدى. چۈنكى، ئۇمۇ باشقا سۆرۈن تەلەتلىك كىشىلەرگە ئوخشاش پۈزۈر كىيىنىپ يۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. زوروئاستېرنىڭ بۈركۈتى ساراسىمە ئىچىدە بۇ شورلۇق كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆز مەغرۇرلۇقى جاۋاب بېرىشنى خالىمايدىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلەتتى؛ ھېلىقى چېۋەر يىلان بۈركۈتنىڭ بوينىغا خاتىرجەم يامىشىۋالغانىدى.

زوروئاستېر كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىدىن ئىنتايىن ھەيران قالدى ۋە ئېھتىيات بىلەن ئۇلارنىڭ روھىنى كۆزىتىپ، تېخىمۇ تەئەججۇپتە قالدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېھتىرام بىلەن زوروئاستېرنىڭ سۆزىنى كۈتۈپ تۇردى.

ــ سىلەر، ئەي، نائۈمىدلەر! بايا ئاڭلىغىنىم سىلەرنىڭ

ئىلتىجايىڭلارمۇ؟ ــ دېدى زوروئاستېر، ــ شۇ تاپتا مەن كۆڭلۈمدىكى ئىزدەپ تاپالمىغان يۈكسەك ئادەمنى قەيەردىن تېپىشنى بىلىۋالدىم.

ئۇ ئادەم غارىمدا ئولتۇرۇپتۇ! لېكىن، مەن نېمىشقا باشتىن ـ ئاخىر ئويلاپ يېتەلمىدىم؟ مەن شەربەت نەزىرى ۋە بەخت يەمچۈكلىرى بىلەن ئۇنى باشلاپ كەلدىم ئەمەسمۇ؟

سىلەرنىڭ كېلىشەلمىگىنىڭلارنى ھېس قىلدىم! سىلەردە قۇتقۇزۇش تەلەپدارلىرى بىر يەرگە يىغىلغاندا، ناھايىتى تىت ـ تىت بولۇپ كېتىسىلەر، شۇنداققۇ؟ ھامان ئالدىدا كېلىدىغانلار چىقىدۇ.

ھەممىڭلارنى قاقاھلاپ كۈلدۈرگۈچى، ھەزىلكەش، ئۇسسۇلچى، شامال، جاھىل بالا، قېرى ساراڭ ــ سىلەرچە ئۇ كىم بولۇشى كېرەك؟

سىلەردەك نائۈمىدلەرنىڭ قۇلىقىغا ياقمايدىغان گەپلىرىمنى كەچۈرۈڭلار! لېكىن، مېنى نېمىنىڭ شۇنچە ئەركە قىلىۋەتكەنلىكىنى زادى ئويلاپ يېتەلمەيسىلەر.

كەچۈرۈڭلار، مېنى ئەركە قىلىۋەتكەن دەل سىلەر ۋە سىلەرنىڭ ئەپتىڭلار! چۈنكى، نائۈمىدلەرنى كۆرگەن ئادەم باتۇر بولالايدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم نائۈمىدلەرگە يەتكۈدەك رىغبەت بېرەلەيمەن دەپ ھېس قىلىشى مۇمكىن.

ئەزىز مېھمانلىرىم، سىلەر ئاشۇنداق ئىقتىدارنى بەردىڭلار، بۇ ھەقىقەتەن ياخشى سوۋغات! ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرسەم، كۆڭلۈڭلارغا ئالماڭلار.

بۇ يەر مېنىڭ دىيارىم ۋە تەۋەيىم. بۈگۈن ئاخشام ھەممىسى سىلەرنىڭ بولىدۇ. مەخلۇقلىرىم سىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. غارىم سىلەرگە ئارامگاھ بولسۇن!

ماكانىمدا ھېچكىم ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمىسۇن، تەۋەيىمدە ئۇلارنى ياۋايى مەخلۇقلاردىن قوغدايمەن. مانا بۇ مېنىڭ سىلەرگە جاۋابەن قايتۇرىدىغان تۇنجى سوۋغام ــ بىخەتەرلىك!

ئىككىنچى سوۋغام بارمىقىمدۇر، ئەگەر سىلەر ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېرىشسەڭلار پۈتۈن قوللىرىم ۋە قەلبىمگە ئېرىشىسىلەر! سىلەرنى قارشى ئالىمەن، ئەزىز مېھمانلىرىم!

زوروئاستېر سۆزلەۋېتىپ قىزغىنلىق ۋە چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ قويدى. سۆز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مېھمانلىرى يەنە سوكۇت بىلەن ئېھتىرام بىلدۈرۈپ تۇرۇشتى. بىر پادىشاھ كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن مۇنداق دېدى:

— ئاھ، زوروئاستېر، كۇتۇشلىرىڭ ۋە خۇي - پەيلىلىرىڭدىن سېنىڭ زوروئاستېر ئىكەنلىكىڭنى بىلدۇق. ئالدىمىزدا ئۆزۈڭنى شۇنچىلىك تۆتىۋۋالدىڭكى، ھەتتا ساڭا بولغان ھۆرمىتىمىزگىمۇ دەز كەتتى.

لېكىن، كىممۇ ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكىنى ساڭا ئوخشاش مەغرۇر قەلبى بىلەن ئىپادىلىيەلىسۇن؟ بۇنداق تەبىئەت بىزنى يۈكسەلدۈردى، كۆزىمىز ۋە روھىمىزنى ئېچىكلەشتۇردى. پەقەت مۇشۇنى كۆرۈش ئۈچۈنلا ئېگىز تاغقا ياماشساق ئەرزىيدۇ. چۈنكى، بىز بۇ يەرگە كۆزىمىزنى ئاچىمىز دەپ، خىرە كۆزلىرىمىزنى نۇرلاندۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ قېشىغا كەلدۇق. قارا! بىزنىڭ ئىلتىجالىرىمىز غايىب بولدى. سەزگۈ ئەزالىرىمىز ۋە قەلبىمىزمۇ جانلاندى. روھىمىز ھەممىلا نەرسىگە گويا ئۆز مەيلىچە بېرىلمەكتە.

زوروئاستېر، دۇنيادا يۈكسەكلىك ۋە قەتئىي ئىرادىدىن باشقا قەلبنى شادلاندۇرىدىغان نەرسە يوق. ئۇ ئەڭ ئېسىل گىياھ. بۇنداق دەرەخ پۈتكۈل مەنزىرىگە ھۆسن قوشىدۇ.

زوروئاستېر، سەندەك كىشىنى قارىغاي (ئېگىز، جىمجىت، مەزمۇت، تەنھا، ھەيۋەت، ئېسىل ياغاچ) دېسە بولىدۇ. كېيىن مۇستەھكەم شاخلىرىنى يېيىپ ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ ھەمدە بورانلارغا ھەم ئېگىزدىكى دەل - دەرەخلەرگە كۈچلۈك سوئاللارنى قويىدۇ.

ئۇ ھەم غالىبلارچە مەسىلىلەرگە تېخىمۇ كۈچلۈك جاۋاب بېرىدۇ!

ئاھ، بۇنداق دەرەخنى ئېگىز تاغقا چىقىپ كۆرۈشنى كىممۇ خالىمىسۇن؟

زوروئاستېر، سېنى كۆرسە، غېرىبلار ۋە مېيىپلارمۇ ھاياجانلىنىدۇ، سېنىڭ تۇرقۇڭ قارارلارنى قەتئىيلەشتۈرىدۇ، راست، بۈگۈن ھەممىسىنىڭ كۆزى سېنىڭ تېغىڭ ۋە دەرىخىڭدە، كۆپچىلىك قىزىقىپ: «زوروئاستېر كىم؟» دەپ سوراشنى ئۆگەندى.

ناخشاڭنى ئاڭلىغان، ھەسەللىرىڭنى تېتىغان كىشىلەر مەيلى يالغۇز ياكى بىر توپ بولسۇن، ئۆز - ئۆزىدىن بىردەك سوراشتى:

• «زوروئاستېر تىرىكمۇ؟ ياشاشنىڭ مەنىسى يوق، ھەممىسى بەرىبىر، پەقەت زوروئاستېر بىللە بولۇشتىن باشقا، ھەممىسىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق.»

«ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىشىدىن بۇرۇنلا بېشارەت بەرگەن، ئۇنى نېمىشقا تېخىچە كۆرمەيمىز؟ — نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق سوراشماقتا، — ئۇنى تەنھالىق يۇتۇۋالدىمۇ - يا؟ ياكى ئۇنى ئىزدىشىمىز كېرەكمۇ؟»

ئەمدى تەنھالىقنىڭ ئۆزى ئاجىز ۋە دەز كەتكەن نەرسە، ئۇ گويا يېرىلىپ كەتكەن قەبرىدەك مۇردىنى سىغدۇرالمايدۇ. ھەممە يەردە تىرىلگەنلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

زوروئاستېر، تاغ باغرىدىكى سۇ ئۆرلىمەكتە، قانچىلىك ئېگىز يەرگە چىقىۋالساڭمۇ كىشىلەر بەرىبىر يامىشىپ چىقالايدۇ، سېنىڭ كېمەڭ قۇرۇقلۇقتا دەقىقىمۇ ئارتۇق تۇرمىسۇن.

بىراق، بىز ئۈمىدلەر غارىڭغا كېلىپلا ئۈمىدسىزلەندۇق، بۇ سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا بىزدىنمۇ ياخشى كىشىلەرنىڭ كېلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇلار تەڭرىنىڭ بۇ دۇنيادىكى يۇقۇندىلىرى، ئۇلار ئۇلۇغۋار تەشنالىق، ئۇلۇغۋار زېرىكىش ۋە ئۇلۇغۋار قانائەت ئەھلى.

زوروئاستېر، ئۇلار سەندىن ئۇلۇغۋار ئۈمىدنى قانداق قوچۇشنى قايتىدىن ئۆگىنىشى كېرەك. بولمىسا بۇ ياشاش ئىستىكىدە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولماقلىق!

ھېلىقى پادىشاھ شۇنداق دەپ زوروئاستېرنىڭ قولىنى سۆيمەكچى بولدى. لېكىن، زوروئاستېر بۇ ھۆرمەتنى سىلىق رەت قىلدى ھەم قورققاندەك كەينىگە داجىدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا زوروئاستېر يەنە مېھمانلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ نۇرانە كۆزلىرى بىلەن مېھمانلارغا قاراپ شۇنداق دېدى:

ــ ئەي، يۇكسەك كىشىلەر، ئەزىز مېھمانلىرىم، سىلەرگە ئاددىي تىل بىلەنلا ئېيتىمەنكى، مېنىڭ بۇ تاغدا قىزغىن كۈتۈۋاتقىنىم سىلەر ئەمەس.

ــ ئاددىي تىل بىلەن ئېيتىمەنكى، خۇداغا شۈكۈر!ــ دېدى يەنە بىر پادىشاھ، ــ قارىغاندا ئۇ تېخى بۇ مۇنەۋۋەر غەربلىكلەرنى ۋە بۇ شەرق پەيلاسوپىنى تېخى تونۇمايدىكەن!

مېنىڭچە، ئۇ ئەسلىدە «قوپال تىلدا» دېمەكچىدى، بۇنىمۇ ئەڭ ناچار تىل دېگىلى بولمايدۇ!

ــ سىلەر يۇكسەك ئادەملەر بولۇشۇڭلار مۇمكىن، ــ دېدى زوروئاستېر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ لېكىن، سىلەرنى دېگەندەك يۇكسەك ياكى كۈچلۈك ھېس قىلمىدىم.

مەن رەھىمسىز ئىرادەمنىڭ ھېس قىلمىۋاتقىنىنى دېدىم، ئۇ بىر ئېغىز تىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن تىنماي قالمايدۇ. ئەگەر سىلەر ماڭا مەنسۇپ بولغاندا، ئوڭ قولۇمغا تەڭ بولالمايسىلەر.

چۈنكى، سىلەردەك ئاجىز، ئىنچىكە پۇت بىلەن ئۆرە تۇرىدىغانلار باشقىلارنىڭ ئايىشىنى بىلىپ ـ بىلمەي بەك ئارزۇ قىلىدۇ.

لېكىن، پۇت ـ قوللىرىمنى ياكى جەڭچىلىرىمنى ئايىماپ ئولتۇرمايمەن. بولمىسا، قانداقمۇ مەن ئۇچۇن جەڭگە چىقالايسىلەر؟

بەلكىم، غالىبىيەت قولۇڭلاردا ھالاك بولار، ئاراڭلاردىكى نۇرغۇن كىشىلەر دۇمبىقىمنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازىدىن چۆچۈپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، سىلەر گۈزەل ئەمەس، كېلىپ چىقىشىڭلارمۇ

ناچار. شۇڭا، مەن سىلىق، سۆزۈك ئەينەكنى تەلىمات قىلىشقا موھتاج. بولمىسا ئوبرازىم ئەينەكلەردە خۇنۇكلىشىپ كېتىدۇ.

يەلكەڭلاردا نۇرغۇن ئېغىرچىلىق ۋە ئەسلىمىلەر، پۇچقاقلىرىڭلاردا مەسخىرىۋاز پاپالار، قەلبىڭلاردا چاكىنا ئاۋام.

گەرچە، يۈكسەك ئادەمگە تەۋە بولساڭلارمۇ، لېكىن يەنە كۆپ جەھەتتە غەيرىي شەكىلدىكى مايماقسىلەر، بۇ دۇنيادا سىلەرنى مەن ئۇچۇن تۈزلەپ بېرىدىغان بىرمۇ تۆمۈرچى يوق.

سىلەر پەقەت ئۆزۈڭلاردىنمۇ يۈكسەك بولغان كىشىلەرنىڭ كۆۋرۈكى! سىلەر شوتا ــ باشقىلارنىڭ سىلەر ئارقىلىق ئۆز يۈكسەكلىكىنى تېپىشىدىن رەنجىمەڭلار!

بەلكىم بىر كۈن، ئۇرۇقۇڭلار مەن ئۈچۈن ھەقىقىي ئوغلان ۋە تاكامۇل ۋارىسى ئاتا قىلار، لېكىن بۇ كۈن تېخى يىراق. سىلەر مېنىڭ مىراسلىرىم ۋە نامىمغا ۋارىسلىق قىلىشقا قادىر ئەمەس.

مېنىڭ بۇ تاغدا قىزغىن كۈتۈۋاتقىنىم سىلەر ئەمەس ھەم ئاخىرقى رەت تاغدىن چۈشۈشۈمگىمۇ سىلەرنى شېرىك قىلمايمەن. سىلەر پەقەت تېخىمۇ يۈكسەك ئادەمنىڭ ھۇزۇرۇمغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ماڭا خەۋەر ئەكەلگەن ئادەمسىلەر.

سىلەر ئاشۇ ئۇلۇغۋار تەشنالىق، ئۇلۇغۋار زېرىكىش ۋە ئۇلۇغۋار قانائەتكە ئىگە، ئۆزىنى «تەڭرىنىڭ يۇقۇندىسى» دەۋالغان كىشىلەردىن ئەمەس.

ياق! ياق! ياق! مېنىڭ بۇ تاغدا تۇرۇشۇم باشقا بىرىنى كۈتۈش ئۈچۈن، ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن، بۇ يەردىن كەتمەيمەن!

مەن تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ قەتئىي، تېخىمۇ مۇزەپپەر، تېخىمۇ شادىيانە، ئىنتايىن ساغلام كىشىنى كۈتۈۋاتىمەن. بۇ شاد ــ خۇرام شىر چوقۇم كېلىدۇ!

ئاھ، مېھمانلىرىم، بالىلىرىم ھەققىدە ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئۇلارمۇ مەن تەرەپكە كېلىۋاتامدۇ؟

www.uyghurkitap.com



گۈلزارىمدىن، شادلىق ئارىلىمدىن، ئاشۇ يېڭى ھەم گۈزەل ئىرقىمدىن گەپ ئېچىڭلار ــ نېمىشقا بۇ ھەقتە سۆزلىمەيسىلەر؟

مېھمانغا خاس دوستلۇقۇڭلارنى بىلدۈرۈپ، بالىلىرىم ھەققىدە ئىشىڭلار بىلەن سۆزلەڭلار. مەن ئۇلار ئۇچۇن ھەم بېيىپ كېتىشكە، ھەم نامراتلىشىپ كېتىشكە رازى. چۈنكى، ھەممە نەرسىنى ئۇلارغا بېغىشلىغانمەن.

بېغىشلىمىغان پەقەت بىرلا نەرسە بار: ئۇ بولسىمۇ بالىلاردىن ئىبارەت تىرىك گىياھلار، ئىرادەم ۋە ئەڭ يۇكسەك ئۈمىدىمنىڭ ھاياتلىق دەرىخى!

زوروئاستېر شۇنداق دەپ ئۇشتۇمتۇت جىمىپ كەتتى. چۈنكى، بۇ چاغدا بىر ھەۋەس پەيدا بولغاچقا، ئۇ كۆزى ۋە ئاغزىنى يۇمۇپ، ھاياجانلىرىنى بېسىۋالدى. مېھمانلار ئەتراپتا جىم تۇرۇشاتتى. پەقەت ھېلىقى قېرى بېشارەتچى ھەر خىل ئىما ـ ئىشارىلەرنى قىلماقتا ئىدى.

## 72. كەچلىك غىزا

بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى بېشارەتچى زوروئاستېر ۋە ئۇنىڭ مېھمانلىرىنىڭ پارىڭىنى ئۈزۈۋېتىپ، زوروئاستېرنىڭ قوللىرىنى تەخىرسىزلىك بىلەن تۇتۇپ توۋلىدى:

ــ لېكىن، زوروئاستېر! ئۆزۈڭمۇ بۇ ئىش يەنە بىر ئىشتىن مۇھىم دېگەنىدىڭ. ئۇنداقتا، بۇ يەردە ھەرقانداق ئىشتىنمۇ مۇھىم بىر ئىشىم بار.

نەق گەپنى قىلسام، سەن مېنى كەچلىك غىزاغا تەكلىپ قىلمىغانمىدىڭ؟ بۇ يەردە يەنە يىراقتىن كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەر بار. سەن بىزنى قۇرۇق گەپ بىلەن مېھمان قىلماي دەۋاتامسەن؟ ئەتىگەندىن بېرى توڭلاپ ئۆلۈش، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈش، بوغۇلۇپ ئۆلۈش ۋە باشقا

تۇرلۇك جىسمانىي ھالاكەتلەر ھەققىدە كۆپ سۆزلىدىڭلار. لېكىن، مېنىڭ ھالاكىتىمنى ھېچكىممۇ ئويلاپ قويمىدى. مەن ئاچلىقتىن ئۆلەيلا دەپ قالدىم (بېشارەتچى شۇنداق دېۋىدى، زوروئاستېرنىڭ مەخلۇقلىرى ئاڭلاپ ئالاقزەدە بولۇپ تىكىلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇلار بۈگۈن كۈندۈزى غەملىگەن يېمەكلىكلەرنىڭ بېشارەتچىگىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى).

— ئۇسساپ ئۆلەي دېدىم، — دېدى ھېلىقى بېشارەتچى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — گەرچە مەن بۇ يەردە ئەقىل - پاراسەت سۇيىنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولساممۇ، بۇ سۇ تولىمۇ ئاز بولغاچقا مېنىڭ ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرالمىدى. پەقەت شارابلا كۆچىمىزنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، ساغلاملىقىمىزنى ئاشۇرىدۇ.

ھەممىلا ئادەم زوروئاستېرغا ئوخشاش تۇغما سۇ قورساق ئەمەس، سۇمۇ ھالسىرىغان ۋە ئاجىز كىشىلەرگە ياقمايدۇ. بىزگە كېرىكى شاراب. پەقەت شارابلا كۈچىمىزنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، ساغلاملىقىمىزنى ئاشۇرىدۇ.

— مەن قېرىندىشىم بىلەن، — دېدى بىر پادىشاھ بېشارەتچى شاراب تەلەپ قىلىۋاتقاندا، — يەنە بىر پادىشاھ بىلەن ئىككىمىز شاراب ئالغاچ كەلگەنىدۇق، ئۇ كۆپچىلىككە يېتىدۇ، ئېشەككە ئارتىلغاننىڭ ھەممىسى سۇ. ھازىر كەم بولۇۋاتقىنى بولكا!

— بولكا، — دېدى زوروئاستېر كۈلۈپ، — زاھىتلارغا نەدە بولكا بولسۇن. ئەمما، ئادەم بولكا بىلەنلا ئەمەس، يەنە يېڭى قوزا گۆشى بىلەنمۇ ياشايدۇ. مېنىڭ ئىككى قوزام بار.

ئۇلارنى دەرھال سويايلى، ئاندىن ئەمەن يوپۇرمىقى بىلەن خۇرۇجىنى تەڭشەيلى، مەن شۇنداق پىشۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن. يەنە كۆكتات ۋە مېۋە - چېۋىلەرمۇ بار. قورسىقىغا ئامراقلار ۋە مەززە قىلغۇچىلارغا يېتىدۇ، ياڭاق ۋە ئاچىدىغان سىرلارمۇ ئاز ئەمەس.

بىرپەستىن كېيىن، ئالدىمىزدا مول زىياپەت ھازىرلىنىدۇ. لېكىن، ئىشتىھاسى بارلار قولمۇقول تۇتۇپ ئىشلىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پادىشاھلارمۇ شۇنداق. چۈنكى، زوروئاستېر بىلەن بىللە پادىشاھلارمۇ ئاشپەز بولسا ھېچ ۋەقەسى يوق!

كۆپچىلىك بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. پەقەت ھېلىقى تىلەمچىلىكنى راۋا كۆرگۈچىلا گۆش يېيىش، شاراب ئىچىش ۋە دورا ـ دەرمەك ئىشلىتىشكە قوشۇلمىدى.

ــ قاراڭلار، بۇ ئاچ كۆز زوروئاستېرنىڭ گېپىگە، ــ دېدى ئۇ مەسخىرە بىلەن، ــ كۆپچىلىكنىڭ ئېگىز تاغدىكى بۇ غارغا كېلىشى، پەقەت يەپ ـ ئىچىش ئۈچۈنلىمۇ؟ مەن ئۇنىڭ بۇرۇن ئېيتقان «مۇۋاپىق نامراتلىق بەختتۇر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى ۋە ئۇنىڭ دىۋانىلەرنى يوقىتايلى دېيىشىدىكى مەقسىتىنى ئەمدى چۈشەندىم.

ــ ماڭا ئوخشاش خۇش كەيپ بولۇڭلار، ــ دېدى زوروئاستېر، ــ خالىغىنىڭچە يە، خالىغىنىڭچە ئىچ ۋە ئاشپەزلىك ھۈنىرىڭنى كۆككە كۆتۈرگىن، ئەي، ئالاھىدە ئادەم، بۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالالىساڭلا بىز رازى!

ماڭا مەنسۇپ كىشىلەرگە نىسبەتەن، قانۇنمەن. باشقىلارغا ئۇنداق ئەمەس، ماڭا تەۋە كىشىلەر قاتتىق سۆڭەك ۋە چەبدەس بولۇشى كېرەك؛ جەڭ ۋە زىياپەتكە ئامراق بولۇشى، مىسكىن ھەم خىيالپەرەس بولماسلىقى، ساغلام ۋە مەردانە بولۇشى، ئېغىر، مۇشەققەتلىك ئىشلار ئۈچۈن زىياپەتكە بارىدىغاندەك تەييار بولۇشى كېرەك.

ئەڭ ياخشى نەرسىلەر ماڭا ۋە قېرىنداشلىرىمغا مەنسۇپ بولسۇن، ئەگەر كىشىلەرنىڭ بەرگۇسى كەلمىسە، ئۆزىمىز بېرىپ ئەڭ ياخشى ئوزۇق، ئەڭ سۈزۈك ئاسمان، ئەڭ كۈچلۈك ئىدىيە، ئەڭ گۈزەل ئاياللارنى ئالىمىز!

زوروئاستېر شۇنداق دېدى.

ــ توۋا! بىز بىرەر دانىشمەننىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق تەسىرلىك گەپلەرنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ــ دېدى بىر پادىشاھ، ــ راست، دانىشمەنلەرنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى، نېمە دېسە يوللۇق

بولۇپ چىقىدۇ، ھەرگىز ئىشەكتەك ئەخمىقانە بولۇپ چىقمايدۇ.

پادىشاھ شۇنداق دېدى ھەم تېڭىرقاپ قالغاندەك بىر خىل تەرزدە تۇرۇپ قالدى. بىر چەتتە تۇرغان ئىشەك مەسخىرە قىلغاندەك ھاڭراپ قويدى. تارىخنامىلەردە «كەچلىك تاماق» دەپ ئاتالغان بۇ تۇگىمەس زىياپەت مۇشۇنداق باشلاندى. بەزمىدە بولغان گەپلەرنىڭ ھەممىسى يۈكسەك ئادەم ھەققىدە ئىدى.

## 73. يۈكسەك ئادەم

### 1

مەن ئادەملەر ئارىسىغا تۇنجى كەلگەندە ئەخمىقانە بىر ئىش قىلدىم — بازارغا باردىم.

كۆپچىلىككە سۆزلىگىنىمدە، ئاڭلايدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىدى. كەچتە، ئارغامچىدا ماڭىدىغان سىركچىلەر ۋە جەسەتلەرلا ماڭا ھەمراھ بولدى، لېكىن ئۆزۈممۇ بىر مۇردىغا ئايلىنىپ قالغىلى تاسلا قالدىم.

لېكىن، ئەتىسى ئەتىگىنى بىر ھەقىقەتنى بايقىدىم، ئاندىن شۇنى تونۇپ يەتتىم: بازار، ئاۋام ۋە ئۇلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىنىڭ، ئۇزۇن قۇلاقلىقىنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟!

سىلەر يۈكسەك ئادەملەر مەندىن شۇنى ئۆگىنىڭلار: بازاردا يۈكسەك ئادەمگە ئىشىنىدىغانلار يوق. ناۋادا بازاردا سۆزلەشكە توغرا كەلسە ئۇمۇ مەيلى! ئاۋام بولسا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ قويۇپ: «ھەممىمىز بابباراۋەر» دەپ ۋارقىرىشىدۇ!

— ئەي، يۈكسەك ئادەملەر، — دېيىشىدۇ ئاۋام يەنىلا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، — سىلەرگە ئېيتساق، يۈكسەك ئادەم مەۋجۇت ئەمەس، ھەممىمىز باباراۋەر، ئادەم دېگەن ئادەمدۇر، تەڭرىنىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تەڭرىنىڭ ئالدىدا! بىراق، تەڭرى ئاللىبۇرۇن ئۆلدى. ئاۋام ئالدىدا بىز باراۋەر بولالمايمىز. سىلەر، ئەي، يۇكسەك ئادەملەر، بازاردىن ئايرىلىڭلار!

## 2

تەڭرىنىڭ ئالدىدا! بىراق، تەڭرى ئاللىبۇرۇن ئۆلدى. ئۇ سىلەردەك يۇكسەك ئادەملەرنىڭ ئەڭ زور خەۋپ ـ خەتىرى ئىدى.

ئۇ تاۋۇتقا كىرگەندىن كېيىنلا، سىلەر تىرىلدىڭلار. شۇ تاپتا ئۇلۇغ چۈش پەيتى يېتىپ كەلمەكتە. پەقەت يۇكسەك ئادەملا ھۆكۈمران بولالايدۇ.

ئاھ، قېرىنداشلىرىم، گېپىمنى چۈشەندىڭلارمۇ؟

سىلەر بەك قورقۇپ كېتىپ، بېشىڭلار قېيىپ كەتتىمۇ، ئاشۇ چوڭقۇر ھاڭ ئاغزىنى ئېچىپ، سىلەرنى كۈتۈپ تۇرامدۇ، ئاشۇ دوزاخ ئىتلىرى سىلەرگە قاراپ تىنماي قاۋاۋاتامدۇ؟ شۇڭا، تېتىكرەك بولۇڭلار، يۇكسەك ئادەملەر! ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكى تېخى تۇغۇلۇش ئالدىدا، تەڭرى ئۆلدى. ئەمدى بىز ئەۋلىيانىڭ تىرىلىشىگە موھتاجمىز.

## 3

ــ ئىنسانلار قانداق ياشايدۇ، ــ ئاشۇ ئەڭ مىسكىن ئادەم سورىدى.

ــ ئىنسانلاردىن قانداق ھالقىش كېرەك؟ ــ لېكىن زوروئاستېرمۇ قايتۇرۇپ سورىدى. ئۇ بۇ مەسىلىنى تۇنجى بولۇپ بىردىنبىر ئوتتۇرىغا قويغان ئادەم ئىدى.

ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى ئەۋلىيا، ھەرگىزمۇ ئىنسان ئەمەس، قوشنام ئەمەس، ئەڭ يالاڭتۆش ئادەم ئەمەس، ئەڭ قاتتىق ئازابلانغۇچى ئەمەس، ئەڭ مۇنەۋۋەر كىشى ئەمەس...

ئاھ، قېرىنداشلىرىم، ئىنسانلارنى سۆيۈشۈم دەل ئۇنىڭ بىر

هالقىش جەريانى ۋە تاماملاش ئىكەنلىكىدىن. سىلەردىمۇ مۇھەببەت ۋە ئۈمىد قوزغايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار.

ئەي، يۈكسەك ئادەملەر، مەسخىرە مەندە ئەكسىچە ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى، بىر ئۇلۇغ مەسخىرە قىلغۇچى ئۇلۇغ ھۆرمەت قىلغۇچىدۇر.

ئۈمىدسىزلىكىڭلارمۇ ھۆرمەت قوزغايدۇ. چۈنكى، سىلەر تېز پۈكۈش ياكى ھىيلىگەرلىكنى ئۆگەنمىگەن.

بۈگۈنكى كۈندە پەقەت ئەرزىمەسلەرلا ھۆكۈمران بولغاچقا، ئۇلار تەقدىرگە تەن بېرىش، كەمتەر بولۇش، ئىشچان بولۇش، جاھاندارچىلىق دېگەندەك چاكىنا ئەخلاقلارنى تەرغىب قىلماقتا.

ئاياللارچە، قۇللارچە نەرسىلەر، بولۇپمۇ چۈپرەندە نەرسىلەر ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى قولۇمغا ئالسام دەيدۇ ــ ھەي، نېمىدېگەن يىرگىنچلىك! نېمىدېگەن يىرگىنچلىك! نېمىدېگەن يىرگىنچلىك!

ئىنسانلار قانداق قىلغاندا ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ راھەتلىك ياشىيالايدۇ (ئۇلار ھەمىشە ئاشۇنداق ۋالاقلاپ سورايدۇ) ئۇلار بۈگۈننىڭ ھۆكۈمرانلىرى.

قېرىنداشلىرىم، بۈگۈنكى ھۆكۈمرانلاردىن ھالقىپ كېتىڭلار ــ بۇ چۈپرەندىلەر ئەۋلىيانىڭ ئەڭ چوڭ ئاپىتى!

ئەي، يۈكسەك كىشىلەر، ئاشۇ ئەرزىمەس ئەخلاق، ئەرزىمەس چېچەنلىك، جاھاندارچىلىق، گۇرۇھۋازلىق، بىچارە راھەتپەرەسلىك ۋە «كۆپ سانلىقلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى» دېگەنلەردىن ھالقىپ كېتىڭلار!

ئۈمىدسىزلەنسەڭلارمۇ، تىز پۈكمەڭلار! راست، ئەي، يۈكسەك كىشىلەر، سىلەرنى سۆيىمەن. چۈنكى، سىلەر بۈگۈنكى كۈندە قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى بىلمەيسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ياشىيالايسىلەر!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 4

ئاھ، قېرىنداشلىرىم، سىلەر باتۇرمۇ، مۇستەھكەممۇ؟ بۇ يەردە مەن شاھىتى بار باتۇرلۇقنى ئەمەس، بەلكى تەڭرىمۇ دەرھال تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان زاھىتلارچە ھەم بۈركۈتلەرچە باتۇرلۇقنى دېمەكچىمەن.

توڭلار، قارامىلار، مەستلەر، كاجلار قەيسەرلىك قىلالمايدۇ. ھەقىقىي مۇستەھكەم كىشى قورقۇشنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇنى يېڭەلەيدۇ. ئۇ ھەمىشە ھاڭلارغا مەغرۇر قارىيالايدۇ.

ھاڭلارغا بۈركۈتلەرچە نەزەردە تىكىلگەن، بۈركۈتكە خاس قوللىرى بىلەن ئېسىلغان كىشىلەردىلا قەيسەرلىك بولىدۇ.

## 5

«ئادىمىيلىك ئەسلىدىنلا رەزىل!» كاتتا دانىشمەنلەر ماڭا شۇنداق تەسەللى بەرگەنىدى. بۇ سۆزنىڭ بۈگۈنمۇ توغرا چىقىشىنى ئىستەيمەن! چۈنكى، رەزىللىك ئىنساننىڭ ئەڭ ئېسىل كۈچى.

«ئىنسان مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ ئېسىللىشىدۇ ۋە تېخىمۇ ئەسكىلىشىدۇ.» مەن ئەمدى شۇنداق جاكارلايمەن. ئۇچىغا چىققان رەزىللىك ئەۋلىيانىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ.

ئازابلىنىش ۋە ئىنسانىي دىيانەت ئەرزىمەس كىشىلەرگە تەلىم بېرىدىغانلار ئۈچۈن جايىز. لېكىن، مەن يەنىلا ئۇچىغا چىققان رەزىللىكنى ئەڭ زور تەسەللى دەپ ياخشى كۆرىمەن.

بۇ ئۇزۇن قۇلاقلار ئۈچۈن دېيىلگەن گەپ ئەمەس ھەم بۇنداق گەپلەر ئۇدۇل كەلگەن ئېغىزدىن چىقىۋەرمەيدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ناھايىتى يىراق ھەم گۈزەل، قوي ـ قوزىلارنىڭ ئايىغى يەتمەيدىغان يەر.

6

ھەي، يۇكسەك ئادەملەر، سىلەرچە مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم خاتالىقىڭلارنى تۈزىتىش ئۈچۈنمۇ؟

ياكى مەن سىلەردەك مىسكىنلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ راھەتلىنىپ ئۇخلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلامدىم ياكى سىلەردەك گۇمراھلارغا تېزرەك يېڭى يول كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن كەلدىممۇ؟

ياق!

ياق! ياق! ئاراڭلاردىكى نامدارلار كۆپرەك ئۆلۈشى كېرەك، چۈنكى كۈنۈڭلار بارغانسېرى قىيىنلىشىدۇ. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا.

ھەم شۇنداق بولغاندىلا، ئىنسانلار چاقماققا يەمىرىلىدىغان ئېگىزلىككە — چاقماقنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئېگىزلىككە چىقالايدۇ!

قەلبىم پەقەت تۇتىيا كىشى ۋە يىراقتىكى ئىشلارغا تەلپۈنىدۇ. مېنىڭ تەلپۈنىدىغىنىممۇ شۇ. سىلەردىكى ئەرزىمەس ۋە ۋاقىتلىق بەختسىزلىك نېمىگە ھېساب!

مېنىڭچە، ئازابىڭلار تېخى يېتەرلىك ئەمەس! چۈنكى، سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئازاب چەكتىڭلار، ئىنسان ئۈچۈن ئازاب چەككىنىڭلار يوق. بۇنى ئىنكار قىلساڭلار، ئۆزۈڭلار ۋە باشقىلارنى ئالدىغان بولىسىلەر! چۈنكى، سىلەر ھېچقاچان مەن كۆرگەن ئازابنى كۆرمىدىڭلار.

7

چاقماق بۇزۇشقا قادىر بولالمىسا، قانائەت تاپالمايمەن. مەن ئۇنىڭ كۆچۈپ كېتىشىنى خالىمايمەن. مەن يەنە ئۇنىڭغا مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆگىتىمەن.

مېنىڭ ئەقىل - پاراستىم جۇغلانغىلى نېكەم. ئۇ بۇلۇتقا

www.uyghurkitap.com



ئوخشاش بارغانسېرى جىمىپ قارىيىپ كەتتى. كەلگۈسىدە چاقماق چاقتۇرىدىغان ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ھەرقانداق ئاشۇنداق بولىدۇ.

مەن بۈگۈنكىلەرنىڭ نۇرى ياكى نۇر دەپ ئاتىلىشىنى خالىمايمەن. مەن ئۇلارغا ھېچنېمە كۆرسەتمەيمەن، ئەقىل چاقماقلىرىم ئۇلارنىڭ كۆزىنى كور قىلغىن!

8

قۇربىڭ يەتمەيدىغان ئىشقا ئۇرۇنما ــ زورلاپ قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىرمۇنچە ساختىلىق قىلىدۇ.

بولۇپمۇ، ئۇلار بۈيۈك ئىشلارغا نىيەت قىلغاندا! چۈنكى، ئاشۇ ساختا پۇل چىقارغۇچى ھىيلىگەرلەر ۋە رولچىلار كىشىلەرنى ئۇلۇغ ئىشلاردىن گۇمانلاندۇرىدۇ.

تاكى ئەڭ ئاخىرغا بارغاندا، ئۇلار ئۆيگىمۇ ساختىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۆزىگىمۇ كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قارايدۇ، ھەتتا تۇرلۇك كۆپتۇرمە سۆزلەر بىلەن، ھەددىدىن زىيادە ئەخلاقىي ھەرىكەت ۋە ساختا قىلمىشلار بىلەن ئۆزىنى چۈشەندۇرىدۇ.

ئاھ، يۈكسەك كىشىلەر، پەخەس بولۇڭلار! چۈنكى، سەمىمىيلىكتىنمۇ ئارتۇق قىممەتلىك نەرسە يوق.

بۈگۈنكى كۈن ئاشۇ چاكىنا ئاۋامغا تەۋە ئەمەسمۇ؟ ئەمما، ئۇلار نېمىنىڭ ئۇلۇغ، نېمىنىڭ ئەرزىمەس، نېمىنىڭ ئادالەت، نېمىنىڭ سەمىمىيلىك ئىكەنلىكىنى پەقەت چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار ھەمىشە نادانلىق بىلەن بۇرمىلايدۇ. ئۆزى ھەم ئۆزگىنى مەڭگۈ ئالدايدۇ.

9

ئەي، يۈكسەك كىشىلەر، ئەزىمەتلەر! بۈگۈنكى نەرسىلەرگە ئىشەنمەڭلار! سەۋەبىنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ئورنى يوق! چۈنكى، بۈگۈن چاكىنا ئاۋامغا مەنسۇپ.

ئاشۇ چاكىنا ئاۋام ئۆگىنىۋالغان ئاساسسىز ئېتىقادىنى كىممۇ قائىدە سۆزلەش يولى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىيالىسۇن؟

بازارلاردا، كىشىلەر ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ئىشەنچكە ئىگە بولالايدۇ. لېكىن، چاكىنا ئاۋام سەۋەبكە ئىشەنمەيدۇ.

ھەقىقەت غەلىبە قىلىپ قالسا، سىلەر ئۆزۈڭلاردىن گۇمانلانغان ھالدا سورايسىلەر: «قايسى كۈچلۈك خاتالىق ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغاندۇ؟»

ئاشۇ ئۆلىمالاردىن پەخەس بولۇڭلار! ئۇلار سىلەرگە ناھايىتى ئۆچ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزى بىرنەرسە يارىتالمايدۇ. ئۇلارنىڭ سوغۇق، قاقشال نەزىرىدە ھەربىر قۇش پەيسىز كۆرۈنىدۇ.

ئۇلار سەمىمىيلىكىدىن ماختىنىدۇ. لېكىن، يالغان ئېيتماسلىق بىلەن ھەقىقەتنى سۆيۈش ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. پەخەس بول!

بىخۇدلۇقتىن قۇتۇلۇش بىلەن سەگەكلىك ئارىسىدا ئىنتايىن ئۇزاق يول بار! مەن مۇزلىغان قەلبكە ئىشەنمەيمەن. يالغاننى سۆزلىيەلمىگەن ئادەم ھەقىقەتنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقمايدۇ.

## 10

ئېگىزگە چىقماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلار چىقىڭلار! ھەرگىزمۇ باشقىلار يۆلەپ ئاچىقىپ قويمىسۇن!

شۇ تاپتا نىشان تەرەپكە ئات مىنىپ كېتىپ بارامسەن؟ ئۇنداقتا، دوستۇم! ئاقساق پۇتۇڭمۇ ئات ئۈستىدە! نىشانغا يېتىپ، ئاتتىن چۈشكىنىڭدە، ئەي، يۈكسەك كىشى، ئېگىزلىكىڭدىن غۇلاپ چۈشكەن بولىسەن!

## 11

ھەي، يۈكسەك كىشىلەر ۋە يارىتقۇچىلار، ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ بالىسىنىلا يېتىلدۈرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئالدىماڭلار ھەم ئالدانماڭلار! قوشناڭلار كىم؟ گەرچە، «قوشناڭلار ئۆچۈن باش قاتۇرغان» دەك كۆرۈنسەڭلارمۇ، ياراتمىشىڭلار بەربىر ئۇلار ئۈچۈن ئەمەس! سىلەر ياراتقۇچىلار «ئۆچۈن» دېگەن بۇ سۆزنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار! ئەخلاقىڭلار «ئۈچۈن»، «چۈنكى»، «سەۋەب» دېگەندەك ئىبارىلەرگە كارىڭلار بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. سىلەر بۇنداق ئەرزىمەس ئىبارىلەرگە قۇلاق سالماڭلار.

«قوشنىلار ئۈچۈن باش قاتۇرۇش» ئۇششاق ـ چۈششەكلەرنىڭ ئەخلاقى، گەرچە «خىلى خىلى بىلەن»، «قول قولنى يۇيىدۇ» دېيىلسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا سىلەردىكىدەك ئۆزى ئۈچۈن ئويلاش ھوقۇقى ۋە ئىقتىدارى يوق!

سىلەردەك ياراتقۇچىلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن باش قاتۇرۇشىدا، ھامىلىدارلارچە كۆزىتىش ۋە ئالدىن كۆرەرلەرچە سېزىم بار! كىشىلەر تېخى كۆرۈپ باقمىغان مېۋىلەر مۇھەببىتىڭلارنىڭ ھىماتىدا كۈنسايىن ئايىنىماقتا.

بارلىق مۇھەببىتىڭلار ۋە ئەخلاقىڭلارنى پەرزەنتىڭلارنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەم قىلىڭلار! پەقەت خىزمەت ۋە ئىرادىلا سىلەرنىڭ ھەقىقىي «قوشناڭلار»، ساختا باھالارغا ئالدانماڭلار!

## 12

ئەي، يۈكسەك كىشىلەر، ياراتقۇچىلار! تۇغىدىغانلار كېسەلدىن ساقلىنالمايدۇ. تۇغۇپ بولغانلارنىڭ كۆپىنچىسى پاكىز بولمايدۇ.

ئاياللاردىن سوراپ بېقىڭلار ــ تۇغۇت شادلىق پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆتكۈنچى ئازاب مېكىياننى قاقشىتىدۇ، شائىرنى سايرىتىدۇ.

سىلەر ياراتقۇچىلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن مەينەتلىكلەر بار. چۈنكى، سىلەر ئانا بولماي قالمايسىلەر.

ئاھ، نۇرغۇن مەينەتلىكلەر بار، بوۋاق بىلەن تەڭلا دۇنياغا كېلىدۇ! نېرى كەت! يەڭگەن ئادەم ئۆز روھىنى پاكلىشى كېرەك!

13

كۆچۈڭلاردىن ھالقىغان ئەخلاقنى تەلەپ قىلماڭلار! مۇمكىنسىز ئىشلارغا ئۆزۈڭلارنى ئۇرماڭلار!

ئەجدادلار قالدۇرغان ئەخلاقنى بويلاپ مېڭىڭلار! ئەگەر، ئەجدادلارنىڭ ئىرادىسى سىلەرنى ئېلىپ بىرلىكتە يۈكسەلمىسە، قانداق يۈكسىلەلەيسىلەر؟

باش بولىمەن دېگەن ئادەم پۇت بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلسۇن! ئەجداد جىنايىتى بار يەردە، ئۆزۈڭنى ئەۋلىيا قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنما!

بىراۋنىڭ ئەجدادى ئاياللارنى، مەي ـ شارابنى ۋە توڭگۇز گۆشىنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزى پەرھىز تۇتسا، ئۇ نېمىگە ئەرزىيتتى؟

بۇ بىر بىمەنىلىك! راست، ئەگەر بۇ ئادەم ئىككى ـ ئۈچ ئايالنىڭ ئېرى بولسا، مەن ئۇنى قالتىس ھېسابلايمەن.

ئەگەر ئۇ موناستىر قۇرۇپ، ئىشىكىگە: «ئىلاھلىق يولى» دەپ يېزىپ قويسا، مەن يەنىلا بۇنىڭ نېمە پايدىسى، پەقەت يېڭى بىر ئەخمىقانە ئىش يۈز بەردى، دەپ قارايمەن!

ئەگەر ئۇنىڭ قۇرغىنى توۋا ـ ئىستىغپارخانا ياكى پاناھگاھ بولسا (بۇ ئالدىنقىسىدىن كۆپ ياخشى)، لېكىن مەن يەنىلا گۇمان قىلماي تۇرالمايمەن.

تەنھالىقتا باشلاپ كىرگەن نەرسىلەر دەل شۇ يەردە ئاينىيدۇ، كىشىلىك تەبىئەتتىكى ھايۋانىيلىقمۇ شۇنداق. شۇڭا، تەنھالىق نۇرغۇن كىشىلەرگە ياراشمايدۇ.

دۇنيادا باياۋاندىكى پەيلاسوپتىنمۇ ئارتۇق ناپاك نەرسە بارمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئالۋاستىلار قاپقاندىن قۇتۇلۇپ قالماستىن، ھەتتا توڭگۇزمۇ ئۆز مەيلىچە قاتراپ يۈرەلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com



## 14

مەن ھەمىشە سىلەردەك يۇكسەك كىشىلەرنىڭ مات بولغان يولۋاستەك خىجىل بولۇپ، ئاستا تىكىۋەتكىنىڭلارنى كۆرۈپ قالىمەن. ئاداققى دو تىكىشىڭلار مەغلۇپ بولدى.

ئەمما، ئەي، شىشخال تاشلىغۇچى، بۇنىڭ كارى چاغلىق، شىشخال تاشلاش ۋە مازاق قىلىشنى ھەممە ئادەم ئۇقىدۇ. پەقەت، سىلەرلا ئۆگىنەلمىدىڭلار! بىز كەچكىچە مۇشۇنداق شىرەنى — مەسخىرە ۋە قىمار شىرەسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرمىدۇقمۇ؟

چوڭ ئىشلاردا مەغلۇپ بولغىنىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭمۇ مەغلۇپ بولغىنىمۇ، ئۆزۈڭلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئىنسانىيەتنىڭمۇ مەغلۇپ بولغىنىمۇ؟ ئەگەر ئىنسانىيەت راستىنلا مەغلۇپ بولسا نېمە بوپتۇ!

## 15

تەلەپ قانچە يۇقىرى بولسا، مۇۋەپپەقىيەتمۇ شۇنچە ئاز بولىدۇ. سىلەر يۇكسەك كىشىلەر مەغلۇپلاردىن ئەمەسمۇ؟

روھلۇق بولۇڭلار، مەغلۇپ بولساڭلار نېمە بوپتۇ؟ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئاز ئەمەس! كۈلۈشنى ئۆگىنىڭلار! باشتىلا راسا كۈلۈشۈڭلار كېرەك ئىدى.

ئەي، ئەمگىكى زايە كەتكەنلەر، مەغلۇبىيەتنىڭ ھەيران قالغۇدەك نەرى بار! ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكى ۋۇجۇدۇڭلاردا تىركىشىۋاتامدۇ؟

ئىنسانىيەتنىڭ ئاشۇ ئەڭ چوڭقۇر ھاياتى ۋە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۈچ - قۇدرىتى سىلەرنىڭ قازىنىڭلاردىن تېشىپ چىقىۋاتامدۇ؟

نۇرغۇن قازانلار يېرىلىپ كەتسە، بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نەرى بار! كۈلۈشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار، سىلەر باشتىلا راسا كۈلۈشۈڭلار

كېرەك ئىدى!

ئاھ، يۈكسەك كىشىلەر، قىلىدىغان ئىشلار كۆپ!

راست، قانچىلىك ئىشلارنىڭ غەلىبىلىك بولغانلىقىنى ئويلاڭلار! بۇ زېمىن ھەر خىل تاكامۇل ۋە گۈزەل كىچىك نەرسىلەر بىلەن تولغان!

ئاھ، يۈكسەك كىشىلەر، ئەتراپىڭلارغا تاكامۇل، گۈزەل كىچىك نەرسىلەرنى ئاز ـ تولا تىزىپ قويۇڭلار. ئۇلارنىڭ سارغىيىپ پىشىشلىرى روھىمىزغا تەسەللى بولىدۇ، ئۇنىڭ تاكامۇللۇقى بىزگە چەكسىز ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ.

## 16

ھازىرغا قەدەر، دۇنيادىكى ئەڭ زور جىنايەت نېمە؟ «ھېلىھەم كۈلۈپ يۈرەلىگەنلەر نېمىدېگەن بەختسىز» دېگەن ئاشۇ گەپمۇ؟

ئۇنىڭچە، بۇ دۇنيادا كۈلۈشكە يارىغۇدەك ئىشلار يوقمۇ؟ ئۇنداق بولسا، ئۇ كۆڭۈل ئېچىشنى ھەقىقەتەن بىلمەيدىكەن. كىچىك بالىمۇ قانداق كۆڭۈل ئېچىشنى بىلىدۇ.

ھەقىقەتەن چالا مۇھەببەت باغلىغان، بولمىسا ئۇ بىزدەك كۈلگەنلەرنى سۆيەتتى! لېكىن، ئۇ ھەممىشە بىزگە قاراپ بېشىنى چايقىغىنىچە ئاھ ئۇرىدۇ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ.

مۇھەببەت باغلىيالمىغان ئادەم قارغىشقا تېگىشلىكمۇ؟ مېنىڭچە، ئۇنداق قىلىش بىمەنىلىك. لېكىن، بۇ مۇتلەقچى دەل ئاشۇنداق قىلغان. چۈنكى، ئۇ چاكىنا ئاۋامدىن كەلگەن.

ئۇ يېتەرلىك مۇھەببەت باغلىمىغان، بولمىسا كىشىلەر ئۇنى سۆيمىسىمۇ، ئۇ ئۇنچە غەزەپلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇلۇغ سۆيگۈ تاما قىلمايدۇ، ھەممىگە ئاتا قىلىشنىلا ئويلايدۇ.

ئاشۇ مۇتلەقچىگە يېقىن يولىماڭلار! ئۇلار كېسەللەر تىپىغا ۋە چاكىنا ئاۋام تىپىغا تەۋە ــ ھاياتقا شۇملۇق بىلەن قارايدۇ، ھەتتا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



زېمىنىنىمۇ قارغايدۇ.

ئاشۇ مۇتلەقچىگە يېقىن يولىماڭلار! ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ئېغىر، كۆڭلى خىرە — ئۇسسۇل ئويناشنى ئۇقمايدۇ. بۇنداق ئادەم زېمىنىنىڭ يەڭگىل ۋە زىبالىقىنى قانداق بىلسۇن!

## 17

گۈزەل نەرسىلەر ئۆز مەقسىتىگە ئۇدۇل يېتىپ بارغان ئەمەس، ئۇلار مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ، كەلمىش بەختى ئۇستىدە پەس ئاۋاز بىلەن ۋايسايدۇ — گۈزەل نەرسىلەر كۈلمەكتە.

بىر ئادەمنىڭ قەدىمىدىن ئۇنىڭ يول تاپالمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مېنىڭ مېڭىشىمغا قاراڭلار! بىراق، مەقسىتىگە يېتىشكە ئاز قالغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇسسۇل ئويناپ كېتىدۇ.

راست، ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالغىنىم يوق، تۈۋرۈككە ئوخشاش ئۆز ئورنۇمدا قېتىپ تۇرغىنىممۇ يوق، مەن يۈگۈرۈشنى ياخشى كۆرىمەن.

گەرچە زېمىنىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە سازلىق ۋە يانتاق بولسىمۇ، خۇددى سۇزۇك مۇز ئۇستىدە ئوينىغاندەك يەڭگىل پۇتى بارلار پاتقاقلاردىمۇ ئويناپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

قېرىنداشلار، قەلبىڭلارنى تىنماي يۇكسەلدۈرۈڭلار. پۇتۇڭلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلار! سىلەر يارامىلىق ئۇسسۇلچىلار، پۇتۇڭلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بېشىڭلار بىلەن تۇرۇڭلار!

## 18

جىلۋىلىنىپ تۇرغان بۇ ئەتىرگۈل تاجنى ئۆزۈم كىيگەن. كۈلكەمنىڭ مۇقەددەسلىكىگە زەن سالىمەن. بۇ تاجغا كىمنىڭ لايىقلىقىنى تېخى بىلمىدىم.

زوروئاستېر دېگەن بۇ ئۇسسۇلچى، بۇ چاققان كىشى قانات

قاقماقتا. روھى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر كىشى قۇشلارنى تەييارلىنىشقا چاقىرماقتا.

زورۇئاستىر دېگەن بۇ بېشارەتچى، بۇ خەندان ئۇرغۇچى ئالدىراڭغۇ، مۇتلەقچى ئەمەس، ئۇ بىر ئۇسسۇلچى. مەن بۇ تاجنى ئۆزۈم كىيدىم!

## 19

قېرىنداشلىرىم، قەلبىڭلارنى دائىم يۇكسەك تۇتۇڭلار! پۇتۇڭلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلار. سىلەر مۇنەۋۋەر ئۇسسۇلچىلار، پۇتۇڭلارنى ئېگىز كۆتۈرۈڭلار، ئەڭ ياخشىسى بېشىڭلاردىن ئېگىز كۆتۈرۈڭلار!

تۇغما ئەيىبناق ھايۋانلارمۇ بار. پالاكەت، ئەمما تەلەيلىك ھايۋانلارمۇ بار. ئۇلار بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشماقتا، خۇددى بېشى بىلەن ئۆرە تۇرماقچى بولغان پىلدەك.

بەختسىزلىكتىن ئەمەس، بەختتىن مەمنۇن بول. قوپال ئوينالغان ئۇسسۇل ئاقساپ مېڭىشتىن ئەلا. شۇڭا ئەي، يۇكسەك كىشىلەر، مېنىڭ ئەقىل - پاراستىمنى ئۆگىنىڭلار ــ ئەڭ ناچار ئىشنىڭمۇ ياخشى تەرىپى بار، ناچار نەرسىنىڭمۇ ئۇسسۇلغا يارايدىغان پۇتى بار. شۇڭا، يۇكسەك كىشىلەر، يىقىلماي ئۆرە تۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار! ھەسرەت ۋە چاكىنا قايغۇنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار!

ئەي، بۇ كۈنلەردە چاكىنا ھەييارلار نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق - ھە! ھالبۇكى، بۇ كۈنلەر چاكىنا ئاۋامغا مەنسۇپ.

## 20

گويا تاغدىن ئۇرغان شامالدەك، ئۇ ئۆزىنىڭ گۈركىرەشلىرىگە ئۇسسۇل ئوينايدۇ. دېڭىز ئۇنىڭ ئاستىدا تىترەيدۇ.

ئېشەككە قانات بەرگەن، شىردىن سۈت ساغقان ئاشۇ بەڭباش، ئاق كۆڭۈل روھقا ئاپىرىن! چۈنكى، ئۇ گويا بوگۈننى ۋە چاكىنا نەرسىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قويۇندەك سوپۇرۇپ ئەكەتمەكتە!

قاقشال شاخ ۋە خازانلارغا نەپرەتلەنگۈچى ئاشۇ كەپسىز، ئاق كۆڭۈل بوران روھىغا ئاپىرىن! ئۇ گويا تەكشى چىم ئۇستىدە ئوينىغاندەك، سازلىق ۋە يانتاق ئۈستىدە ئوينىماقتا!

چاكىنا ئاۋام ۋە كېسەل ئىرقلاردىن نەپرەتلىنىدىغان ئاشۇ ئەركىنلىك روھىغا ئاپىرىن! چاڭ ـ توزانلارنى گويا تەكشى كۈلۈپ تۇرغان بوراندەك جاراھەت باسقانلارنىڭ ۋە چۈشكۈنلەرنىڭ كۆزىگە چىپچىۋەتتى!

سىلەر، ئەي، يۈكسەك كىشىلەر، شۇنىڭدىن ئەڭ ئەپسۇسلىنىسىلەر، ئاراڭلاردا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇسسۇل ئويناشنى بىلىدىغان ھېچكىم يوق! مەغلۇبىيەتنىڭ كارى چاغلىق! قىلىدىغان ئىشلار كۆپ! شۇڭا، ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇغان ھالدا كۈلۈشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار! سىلەر يارامىلىق ئۇسسۇلچىلار، قەلبىڭلارنى يۈكسەك تۇتۇڭلار! قاقاھلاپ كۈلۈشنىمۇ ئۇنتۇماڭلار!

قېرىنداشلىرىم، كۈلۈپ تۇرغان بۇ ئەتىرگۈل تاجنى سىلەرگە ھازىرلاپ بېرەي، كۈلكەمنىمۇ ھەدىيە قىلدىم. شۇڭا، ئەي، يۈكسەك كىشىلەر، كۈلۈڭلار!

## 74. ھەسرەت كويى

### 1

زوروئاستېر ئەسلىدە غار ئىشىكىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ مېھمانلارغا سۆزلىگەنىدى، ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ سىرتقا چىقىپ بىردەم تۇردى.

ــ ئاھ، ئەتراپ پاك خۇش پۇراق ۋە قۇۋناق جىمجىتلىققا تولدى! لېكىن، يىلان ۋە بۇركۈتلىرىم نەگە كەتتىكىن؟ قېشىمغا كېلىڭلار، ئەي، مەخلۇقلىرىم!

مەخلۇقلىرىم، ئېيتىڭلارچۇ، بۇ يۈكسەك كىشىلەرنىڭ ھىدى

يېقىمسىزمۇ؟ ئاھ! بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى نېمىدېگەن خۇشبۇي! سىلەرنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىمنى ئەمدىلا ھەقىقىي بىلىۋاتىمەن، مەخلۇقلىرىم.

«سىلەرنى سۆيىمەن، مەخلۇقلىرىم!» زورو ئاستېر سۆزىنى تەكرارلاۋاتقاندا، مەخلۇقلىرى كېلىپ، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇچى ساپ ھاۋادىن بىرلىكتە نەپەس ئالدى، چۈنكى بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى يۇكسەك كىشىلەر تۇرغان يەردىكىدىن زىيادە بەلەن ئىدى.

## 2

زورو ئاستېر غاردىن چىقىشىغىلا، ھېلىقى سېھىرگەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتراپىقا بىر قارىۋېتىپ دېدى:

— ئۇ كەتتى!

ھەي، يۇكسەك كىشىلەر، مەنمۇ زورو ئاستېرغا ئوخشاش بۇ سۆزنى مۇكاپات ۋە خۇشامەت تەرىقىسىدە ئېيتىپ، سىلەرنى خۇشال قىلىپ قويay. مەن ئادەملەرنى ئالدايدىغان سېھىرىمگە رام بولدۇم، لېكىن مېنىڭ ئاشۇ غەمكىن ئالۋاستىم.

ئۇ زورو ئاستېرغا پۈتۈنلەي يات، كەچۈرۈڭلار، ئۇ ھازىر سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا كارامىتىنى كۆرسەتمەكچى، ھازىر دەل ئۇنىڭ ۋاقتى، تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىزمەن.

سىلەرنىڭ شان ـ شەرەپكە قانچىلىك موھتاج بولۇشۇڭلاردىن، ئۆزۈڭلارنى ھۆر، پازىل «روھىي ئىستىغپارچى»، «خالاسكار»، «ئۇلۇغ ئىستىگۇچى» دەۋېلىشىڭلاردىن قەتئىينەزەر، يەنە ماڭا ئوخشاش بىزارلىق ئازابىنى تارتقانلار، كونا تەڭرى ئۆلدى، يېڭى تەڭرى تېخى كەلمىدى دەيدىغانلارغا — ئومۇمەن، رەزىل شەيتىنىم ۋە سېھىرىم ئالۋاستىسى ھەممىڭلارغا پايدىلىق.

ئەي، يۇكسەك كىشىلەر، مەن سىلەرنى چۈشىنىمەن، ئۇنىمۇ چۈشىنىمەن. مەن سۆيمەي تۇرالمايدىغان ۋەھشىي ئالۋاستى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زورو ئاستېرنى ھەمىشە پەيلاسوپنىڭ گۈزەل نىقابىدەك ھېس قىلىمەن.

ھەم ئۇنى رەزىل شەيتىنىم، ھەسرەتلىك ئالۋاستىم ياخشى كۆرۈپ كىرىۋالىدىغان قىياپەتلەرگە ئوخشىتىمەن، ئومۇمەن، رەزىل شەيتىنىم ئۇچۇنلا زورو ئاستېرنى ياخشى كۆرىمەن. لېكىن، بۇ ھەسرەتلىك شەيتىنىم، گۇگۇم ئالۋاستىسى مېنى ئىگىلىدى. راست، يۇكسەك كىشىلەر، ئۇ يەنىلا ئىنتىزارلىقتا.

كۆزۈڭلارنى يوغان ئېچىڭلار! ئۇ ئۆزىنى يالىڭاچ ھالەتتە كۆرسىتىشكە تەشنا. ئۇ ئەرمۇ، ئايالمۇ بىلمەيمەن. لېكىن، ئۇ گۇگۇم ئالۋاستىسى يەنىلا مېنى رام قىلىۋالدى، يا ھەزرەت! ئەقىل ـ پاراستىڭلارنى ئىشقا سېلىڭلار!

كۈندۈز تامام بولدى، تۈن پەردىسى مەۋجۇداتلار ۋە گۈزەل نەرسىلەرنى ئورىماقتا. ئەي، يۇكسەك كىشىلەر، قۇلاق سېلىڭلار، كۆز سېلىڭلار، كىمىچىنىڭ بۇ ھەسرەتلىك شەيتىنى قانداق (ئەر ياكى ئايال) ئالۋاستىكىن؟

قېرى سېھىرگەر شۇنداق دەپ ئەتراپقا قارىدى. ئاندىن چىلتارنى قولىغا ئالدى.

3

تۈننىڭ سۈزۈك، ساپ ھاۋاسىدا،
ھىدايەتنىڭ سۈزۈك شەبنىمى،
ئۈن ـ تىنسىز ياغدى زېمىنغا —
ھىدايەتنىڭ ئاشۇ شەبنىمى،
باغرى يۇمشاق تەسەللىچىدەك،
يۇمشاق ئاياغ كىيگەن پۇتىغا.
ئېسىڭدىمۇ ئاتەشلىك قەلبىم،
تەشنا بولغان ئىدىڭ ئاسماننىڭ
شەبنەمگە، يامغۇرلىرىغا.

قۇرۇق ئوت ـ چۆپ باسقان چىغىر يول
بولغانمىدىڭ بىتاقەت ھەم زار،
شۇ زەھەرلىك كەچكى شەپەقنىڭ
چاراقلىغان كۈچلۈك نۇرىنىڭ
ئۆتۈپ خىرە ئورمان قېشىدىن،
سېنى ئەخمەق قىلىشلىرىغا؟
«سەن ھەقىقەت پەرۋانىسىمۇ؟»
ئۇلار شۇنداق قىلىشتى مازاق.
ياق! سەن پەقەت، پەقەت بىر شائىر!
يۇرسەتپەرەس، ھىيلىگەر ھايۋان،
يالغانچىلىق قىلىپ توختىماي،
تېپىش ئۈچۈن بىرەر غەنىيمەت
تۈرلۈك رەڭدار نىقاب يېپىنغان.
ئۇۋچى،
ئۆز ـ ئۆزىنىڭ ئوۋچىسىدۇر ئۇ،
يا ئۇ ھەقىقەت پەرۋانىسىمۇ؟
ياق، ئۇ بىر ساراڭ، پەقەت بىر شائىر!
ئۇ ساراڭلىق نىقابىنى ئارتىپ
قالايمىقان جۆيلۈپ سۆز ئاچار
قۇرۇق گەپنىڭ، ھەسەن ـ ھۈسەننىڭ
كۆچى بىلەن سويلاپ يىرقىرار.
ئاسمان ـ زېمىن ئارا ئالۋۇندەك
بىزنى ئەگىپ ئوينار تەلۋىدەك ـــ
ئۇ بىر ساراڭ، پەقەت بىر شائىر!

جىمجىت، قاتمال، يىرىك، سوغ ئەمەس ـــ
ئۇ ھەقىقەت پەرۋانىسىمۇ يا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇ ئايلىنىپ سىمۋول كەبى
بىر مۇقەددەس سەنەم ۋە بۇتقا،
پاسسىبانى بولۇپ تەڭرىنىڭ
قويۇلدى ئۇ چىركاۋ ئالدىغا.
ياق! ئۇ دۇشمەن باياۋاندىكى
چىركاۋدىكى ھەقىقىي بۇتقا.
ئۇ مۇشۇكتەك ھەريان ئېتىلىپ،
يۈرەر ئىشىك ـ دېرىزە ئارا،
كىرىپ كېتەر ئاندىن غىپپىدە
پۇرسەتلەرنىڭ قېتىغا ئاستا.
ئاچ كۆزلەرچە ھىدلاپ يۈرىدۇ
ئىپتىدائىي ئورمانلىق ئارا.
سەن ئۆزۈڭنى تاشلاپ قەدىمكى
ئورماندىكى يىرتقۇچ توپىغا
ھەۋەس بىلەن چىشىڭنى چىشلەپ جانلارغا
ھەيۋە قىلىپ يامان ئەلپازدا
بۇلاپ، قېچىپ، ئالداپ ۋە مارىلاپ
بۈركۈت كەبى تۇردۇڭ قەد تىكلەپ
نەزەر سېلىپ چەكسىز قىياغا.
پەرۋاز قىلىپ ئۇلار ئاشۇ دەم
پەسلىدى ھەم بىر ـ بىرلەپ ئاستا،
قانىتىنى لەرزان شۇڭغۇتۇپ
قوزىلارغا ئېتىلدى شۇندا.
ئۇلاردا بار قويغا ئىشتىياق،
نەپرەتلىنەر، قويلاردىن شۇڭا،
نەپرەتلىنەر قوينىڭ يۈكىدەك،
قوي كۆزىدەك مۆلايىملىققا!

گويا بۇركۇت ـ يىلپىز ھەۋىسى
شائىرلارنىڭ ھەۋىسى ئەسلىي.
تالايلىغان نىقابلار ئىچرە
ھەۋىسىڭنىڭ بولساڭمۇ قۇلى،
سەن بىر ساراڭ! پەقەت بىر شائىر!
ئىنسانىيەت كۆزەتكۇچىسى،
دەمدە قويدەك، دەمدە تەگرىدەك.
قوزىلارنى تىتىشقاندەك گويا
تىتىۋەتتىڭ ئىنسان تەگرىسىنى،
قويۇۋېتىپ خەندانلىرىڭنى.

ئاشۇلاردۇر ئاھ، سىپنىڭ بەختىڭ،
بۇركۇتنىڭ ھەم يىلپىزنىڭ بەختى
شائىرنىڭ ھەم ساراڭنىڭ بەختى!
تۇننىڭ سۇزۇك، ساپ ھاۋاسىدا
ھىلال ئاي.
كەچكى شەپەق نۇرلىرى ئىچرە
تارقىتىدۇ ھەسەتنىڭ كۆپكۆك
نۇرلىرىنى يوشۇرۇن ـ پىنھان.
بۇ كۇندۇزنىڭ غالجىر دۇشمىنى
كېلىپ ئاستا، ئاۋايلاپ دەسسەپ،
شۇڭغۇپ رەڭدار شەپەق قوينىغا،
كىرىپ كەتتى قاراڭغۇلۇققا.

ھەقىقەتكە بولغان ئىشقىمدىن
چۆكتۇم كۇندۇز تەشنالىقىدا،
بىزار بولۇپ كۇندۇز، قۇياشتىن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



زۇلمەتتىگە چۆكتۈم كېچىنىڭ.
ئۆرتىنىپ بىر ھەقىقەتكىلا
كەتكەنىدىڭ قانچىلىك چاڭقاپ
ئېسىڭدىمۇ ئاتەشلىك قەلبىم.
قوغلاندىم مەن ھەقنىڭ سىرتىغا!
بارى ساراڭ، بارى ھەم شائىر!

## 75. تەلىمات

ھېلىقى سېھىرگەر شۇنداق توۋلايتتى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى گويا قۇشنىڭ گۈزەل، پىنھان سېھرىي تورىغا چۈشۈپ قالغاندەك ئىدى. پەقەت ئاشۇ روھى پازىللارلا ناھايىتى سەگەك ئىدى، ئۇ سېھىرگەرنىڭ قولىدىكى چىلتارنى دەرھال تارتىۋېلىپ ۋارقىرىدى:

ــ ھاۋا! ساپ، يېڭى ھاۋا كىرسۇن، زورۇئاستېر كىرسۇن! سەن ناچار قېرى سېھىرگەر غاردىكى ھاۋانى دىمىق ھەم مەينەت قىلىۋەتتىڭ!

ھەي، رىياكار، ھىيلىگەر، كۆپچىلىكنى يوچۇن ھەۋەس ۋە چۆلگە باشلىدىڭ. سەندەك ئادەمنىڭ ھەقىقەتتىن گەپ ئېچىپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن بارلىقىڭنى بېغىشلىشىڭ ھەقىقەتەن بىزنىڭ بەختسىزلىكىمىز!

ئېچىنىشلىقى شۇكى، ئەركىن كىشىلەر بۇ سېھىرگەردىن ھەزەر قىلمايدۇ! ئۇلار ئەركىنلىكنى يوقىتىپ قويۇش ئالدىدا سەن ئۇلارنى يەنە ئەسىر قىلماقچى بولۇۋاتىسەن.

ھەي، چۈشكۈن قېرى ئالۋاستى، نالە ـ پەريادلىرىڭ يەمچۈكنىڭ ئۆزى. سەن پەرھىزنى ماختاش باھانىسىدە كىشىلەرگە يوشۇرۇن شەھۋانىيلىقنى ئۆگىتىدىغانلارغا ئوخشايسەن!

پازىل كىشى شۇنداق دېدى، قېرى سېھىرگەر كۆرەڭلىك بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى ھەم ئۇنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە پەرۋا قىلمىدى.

— بەس! — دېدى ئۇ سىلىق ئاۋازدا، — يېقىملىق كۆي تورۇس - تورۇسلاردىن ئەكس سادا قايتۇرىدۇ، شۇڭا كۆي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جىم تۇرۇش كېرەك.

بۇ يەردىكى يۈكسەك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلدى، بىراق كۆيلىرىمنى چۈشەنمىگەندەك قىلىسەن، شۇنداقمۇ؟ سەندە سېھىرلىك روھ كەم ئىكەن.

— سىنىڭ مېنى ئۆز خىلىڭغا قوشمىغانلىقىڭ مېنى چوڭ بىلگەنلىكىڭ، — دېدى پازىل كىشى، — كۆڭلۈڭگە رەھمەت. لېكىن، مەن يەنە نېمىنى بىلەتتىم؟ سىلەر يەنىلا ئاشۇ يەردە ئاچ نەزىرىڭلارنى تىكىپ ئولتۇرىسىلەر...

ئەي، ھۆر كىشىلەر، ئەركىڭلار قەيەرگە كەتتى؟ مېنىڭچە، سىلەر گويا شاللاق قىزلارنىڭ يالىڭاچ ئۇسسۇللىرىنى كۆپ كۆرۈپ، پۈتۈن قەلبىڭلار بىلەن ئۇلارغا ئەگىشىپ ئوينىغاندەك قىلىسىلەر!

سىلەردەك يۈكسەك كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئاشۇ سېھىرگەر ئېيتقان سېھىرگەرلىكنىڭ رەزىل شەيتىنى ناھايىتى كۆپ. شۇڭا، بىز ھەقىقەتەن ئوخشاشمايمىز.

راست، زوروئاستېر غارىغا قايتىشتىن بۇرۇن بىرلىكتە دېيىشكەنلىرىمىز ۋە ئويلىغانلىرىمىز ماڭا ئارىمىزدىكى پەرقنى ھېس قىلدۇردى.

سەن بىلەن مەن گەرچە بۇ ئېگىز تاغدا تۇرساقمۇ، ئەمما ئىزدەيدىغانلىرىمىز ئوخشاشمايدۇ. مەن بىخەتەرلىك ئۈچۈن زوروئاستېرنى ئىزدەپ كەلگەن. چۈنكى، ئۇ يەنىلا ئەڭ مەزمۇت قورغان ۋە ئىرادە.

بۈگۈن، ھەممە نەرسە داۋالغۇپ تۇرغان بۇ ۋاقىتتا، مەن سىلەرنىڭ كۆزۈڭلاردىن تېخىمۇ تىنچسىزلىق ئىزدەۋاتقىنىڭلارنى كۆرۈپ قالدىم.

تېخىمۇ زور قورقۇنچ، خەۋپ ۋە تەۋرىنىشلەرنى ئىزدەۋاتىسىلەر. ئېھتىمال شۇنى تىلەۋاتىسىلەر (بۇنداق قىياسىمنى كەچۈرۈڭلار).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىلەر مېنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئەڭ ناچار ۋە ئەڭ خەتەرلىك تۇرمۇش (ھايۋانىي تۇرمۇش) نى تىلەۋاتىسىلەر، ئاشۇ ئورمان، غار، خەتەرلىك تاغ ـ جىلغىلارنى تىلەۋاتىسىلەر.

سىلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغانلار سىلەرنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرغان كىشى بولماستىن، بەلكى ھەق يولدىن ئازدۇرغۇچىلار.

سىلەرنىڭ تىلىكىڭلار راستتىنلا شۇنداق بولسا، مېنىڭچە، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس.

چۈنكى، قورقۇنچ ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ھەم ئاساسلىق سېزىمى، قورقۇنچ ئارقىلىق ھەرقانداق ئىشلارنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. تۇغما گۇناھ ۋە ئەخلاقمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. قورقۇنچ ئەخلاقىمىزمۇ، تەلىماتىمىزمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

ياۋايىلىق (ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ياۋايىلىقمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. زوروئاستېر بۇنى «ئىچكى ياۋايىلىق» دەپ ئاتايدۇ) تىن قورقۇش ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى ئاڭ سېزىمى.

بۇنداق قەدىمىي قورقۇنچ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىنتايىن چەبدەسلىشىپ، مەنىۋىلىكى ۋە ئىلمىيلىقى كۈچەيگەن. مېنىڭچە، بۇ ھازىرقى تەلىمات.

پازىل كىشى شۇنداق دېدى، زوروئاستېر دەل مۇشۇ ۋاقىتتا غارىغا قايتىپ كىردى ھەم ئاخىرقى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ بىر دەستە ئەتىرگۈلنى پازىل كىشىگە تاشلاپ بېرىپ، ئۇ ئېيتقان «ھەقىقەت» كە كۈلۈپ قويدى.

ــ ھەي، ھەي! ــ دېدى ئۇ تۈۋلاپ، ــ بايا مەن نېمىلەرنى ئاڭلىدىم؟ راست، مېنىڭچە يا سەن، يا مەن ئالجىغان. مەن سېنىڭ ھەقىقىتىڭنى دۇم كۆمتۈرۈۋشۇم كېرەك.

قورقۇش بىزنىڭ پەۋقۇلئاددە تۇيغۇمىز، ھالبۇكى باتۇرلۇق، تەۋەككۈلچىلىك ۋە نامەلۇم نەرسىلەرگە بولغان قىزىقىش ئومۇمەن قەيسەرلىكتۇر. مېنىڭچە، پەقەت مۇشۇلا ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل

ئىپتىدائىي تارىخىدۇر.

ئىنسانلار ئەڭ ياۋايى ۋە ئەڭ باتۇر ھايۋانلارغا ھەسەت قىلغان، تەلپۈنگەن، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. شۇنداق قىلىپ ئادەم بولغان.

بۇ قەيسەرلىك ئاخىر ئىنتايىن چەبدەسلىشىپ، مەنىۋىلىكى ۋە ئىلمىيلىكى كۆپەيگەن، ئىنسانلارنىڭ بۇ قەيسەرلىكىگە بۈركۈتنىڭ قانىتى ۋە يىلاننىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى قوشۇش، مېنىڭچە، بۇ هازىرقى — زوروئاستېر!

• مەيداندىكىلەر بىردەك تىۋىلاشتى ھەم كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قاپقارا بۇلۇتتەك بىرى ئورنىدىن تۇردى. سېھىرگەرمۇ كۈلۈپ كەتتى - دە:

— بولدى! رەزىل شەيتىنىم كېتىپ قالدى! — دېدى ئارقىدىنلا.

بايا مەن ئۇنى ئالدامچى، يالغانچى شەيتان دېگىنىمدە، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەڭلار دەپ تاپىلىمىغانمىدىم؟ بولۇپمۇ، ئۇ ئۆزىنى قىپيالىڭاچ ھالدا ئاشكارىلىغاندا. لېكىن، ئۇنىڭ قۇۋلۇقىغا نېمە چارە؟! ئۇنى ۋە دۇنيانى مەنلا ياراتقانمۇ؟

بولدى! گەرچە زوروئاستېر بىزنى يامان غەرەزدە كۆزىتىۋاتقان بولسىمۇ چىقىشىپ، خۇشال - خۇرام ئۆتەيلى! قاراڭلار، ئۇنىڭ بىزنى ياقتۇرماس ھالىتىنى.

تۈن ئالدىدا، ئۇ مېنى سۆيۈشنى ۋە مەدھىيەلەشنى ئۆگىنىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق ئالىجوقا بولۇۋالمىسا، ئۇزۇن ياشىيالمايدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ رەقىبىنى سۆيىدۇ، مەن بىلىدىغان بۇنداق سەنئەتنى بەك چۈشىنىدىغان ئادەم، لېكىن ئۇ بۇنداق سەنئەت بىلەن دوستلىرىدىن قىساس ئالماقتا!

قېرى سېھىرگەر سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مەيداندىكى يۇكسەك كىشىلەر ئۇنى چاۋاك چېلىشىپ ئالقىشلىدى.

زوروئاستېر غارنىڭ ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ، ھەربىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادەمگە يۈز كېلەلمەي بىر نەرسىنى تولۇقلىماقچى بولغاندەك، چاقچاق ئارىلاش ھەم مېھرىبانلىق بىلەن دوستلىرىنىڭ قولىنى تۇتتى.

لېكىن، ئۇ غارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، سىرتتىكى ساپ ۋە يېڭى ھاۋانى ئەسلەپ، چىقىپ كېتىشنى ئويلىدى.

## 76. چۆل قىزلىرى ئارىسىدا

### 1

ــ كەتمە! ــ دېدى ئۆزىنى زوروئاستېرنىڭ سايىسى دەۋالغان سەرگەردان، ــ بىز بىلەن بول، بولمىسا ئاشۇ قەدىمىي، چۈشكۈن ئاپەت يەنە بېشىمىزغا كېلىدۇ.

شۇ تاپتا ھېلىقى قېرى سېھىرگەر ئۆزىنىڭ رەزىل يەرلىرىنى بىزگە سۆزلەپ بولغانىدى. ھېلىقى تەقۋادار، سەمىمىي پاپا بولسا كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ھەسرەتلىك خىياللارغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى.

ھېلىقى ئىككى پادىشاھقا كەلسەك، ئۇلار ئالدىمىزدا ئىنتايىن ئازادە قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى ئارىمىزدىكى ئەڭ بىلەرمەنلەردۇر! لېكىن، مەن قەسەم قىلىمەنكى، پەقەت دىققەت قىلىدىغان ئادەم بولمىغاندىلا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى يامانلىشىدۇ.

خۇددى كۆزدىن يوقالغان بۇلۇتتەك، ئېغىر ھەسرەت، تۇتۇق ئاسمان، ئاداققى قۇياش، دەردلىك ئىڭراۋاتقان كۈز شامىلىدەك تۇرلۇك ئېچىنىشلىق ھالەتلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

قارا، نىجاتلىق تىلىگەن ۋاقىتتىكى ھالىمىزغا! زوروئاستېر، بىز بىلەن بىللە بول! بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن يوشۇرۇن بەختسىزلىك، زۇلمەت كېچە، سەرسان بۇلۇت ۋە نەم ھاۋالار ئۆزىنىڭ دەرد ـ پىغانلىرىنى ئاشكارىلايدۇ!

سەن ئىنسانلارغا خاس كۈچلۈك ئوزۇق ۋە ھېكمەتلەر بىلەن

بىزنى تەربىيەلە، ھەرگىزمۇ ئاجىز ئاياللارچە روھ بىزنى تاماقتىن كېيىنكى تاتلىق ـ تۈرۈملارغا ئايلاندۇرۇۋالمىسۇن!

پەقەت، سەنلا ئەتراپىڭدىكى ھاۋانىڭ ساپ ھەم سۈزۈكلۈكىنى قوغدىيالايسەن! سېنىڭ غارىڭدىكىدەك ساپ ھاۋانى باشقا يەرلەردە كۆرۈش مۇمكىنمۇ؟

نۇرغۇن يەرلەرنى كۆرگەنمەن، بۇرنۇم ھەر خىل ھاۋالارنى سىناش ۋە باھالاشقا كۆنۈپ كەتتى، لېكىن بۇرنۇمنىڭ تۆشۈكلىرى پەقەت سېنىڭ مۇشۇ يېرىڭدىلا ئەڭ زور خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولدى!

پەقەت ۋە پەقەت كونا ئەسلىمەمنى كەچۈرۈڭلار! تاماقتىن كېيىنكى قەدىمىي كۈينى كەچۈرۈڭلار، ئۇنى مەن بۇرۇن چۆل قىزلىرى بىلەن بىللە تۇرغىنىمدا ئىجاد قىلغان.

چۈنكى، ئۇلار تۇرغان يەردىمۇ ئوخشاشلا ساپ شەرق پۇرىقىغا ئىگە ياخشى ھاۋا بار. مەن بۇلۇتلار قاپلىغان، نەم، چۈشكۈن قەدىمىي ياۋروپادىن يىراقتا ئىدىم!

شۇڭا، مەن ئاشۇ شەرق قىزلىرىغا، غەمدىن خالىي سۈزۈك كۆككە چىن دىلىمدىن ئاشىق بولۇپ قالدىم.

بەلكىم ئىشەنمەيسىلەر، ئۇلار ئۇسسۇل ئوينىماي، ئازادە ھەم غەمسىز ئولتۇرغىنىدا نېمىدېگەن دىلرەبا! گويا ئىنچىكە سىرلار، زەردار تېپىشماقلار ۋە پېچىنىلەر قېتىدىكى مېغىزدەك...

راست، ئۇلار غەلىتە ھەم گۈزەل، سۈزۈك سىرلارغا ئوخشىشاتتى. شۇڭا، ئۇلارنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، بۇ تاماقتىن كېيىنكى كۈينى ئىجاد قىلغانمەن.

ئۆزىنى زورۇئاستېرنىڭ سايىسى دەۋالغان ئادەم شۇنداق دېدى. باشقىلارنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا، سېھىرگەرنىڭ قولىدىكى چىلتارنى ئېلىپ، باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى ـ دە، ئەتراپىغا كۆز تاشلاپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى، گويا يېڭى يەرنىڭ لەززىتىنى تېتىپ باقماقچى بولغاندەك توم ئاۋاز بىلەن ئېيتىشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



## 2

كېچەيمەكتە قۇملۇق توختىماي، يوشۇرسا كىم بىچارە شۇنچە!
بەھەيۋەت، راستتىن بەھەيۋەت!
ئۇلۇغۋار بىر باشلىنىش!
ئافرىقىچە بەھەيۋەت!
بەسلىشىدۇ ئەزىمەت شىر، مايمۇن بىلەن.
لېكىن، سىلەر سۆيۈملۈك قىزلار،
ئەمەس بۇ سۆز سىلەرگە تالىق.
ئايىغىڭلار ئاستىدا، پالما تېگىدە
ئولتۇرغان تۇنجى ياۋروپالىقمەن!
شۇنچە غەلىتە!
ئولتۇرىمەن شۇ تاپتا بۇندا،
قۇملۇق ماڭا بولسىمۇ يېقىن
قەلبىم، لېكىن قۇملۇق تېشىدا،
ھېچنېمەمنى يوقاتمىدىم مەن —
يۇتتى مېنى كىچىك بىر بوستان.
ئەسنىمەكتە ئېچىپ ئۇ لەۋەن
سۆيۈملۈك، خوش پۇراق ئېغىزلىرىنى،
كالۋالىشىپ پۇتلىرىم مېنىڭ
ئاراڭلارغا يىقىلدىم غۇلاپ.
ئاھ، چىرايلىق، سۆيۈملۈك قىزلار!
ياشاڭلار، ئاھ، ياشاپ كېتىڭلار!
بىلدۈرۈڭلار كىتكە ئېھتىرام،
مېھمانلارنىڭ غېمىنى قىلسا!
(بىلەرسىلەر ئاشۇ چوڭقۇر ئىشارىتىمنى؟)
بولسا ئەگەر قورسىقى بۇ سۆيۈملۈك بوستاندەك،

قورسىقىغا قىلىڭلار سالام.
گۇمان قىلىپ ئۇلاردىن لېكىن،
قەدىم ياۋروپادىن كەلگەنمەن، چۈنكى
گۇمان قوزغار شۇ قورساق
ئۇزاق يىل ئۆي تۇتقان ئايالدىنمۇ بەك.
تەڭرى ئۇنى ھىدايەتكە باشلىغاي!
ئامىن!

ئولتۇرىمەن شۇ تاپتا
كىچىككىنە مۇشۇ بوستاندا.
شەربەتلىرى ئېقىپ زەر رەڭدە،
قىزچاقلارنىڭ لېۋىنى كۈتكەن،
سوغۇق، ئاپئاق چىشىنى كۈتكەن،
قوڭۇر رەڭلىك لەزىز خورمىدەك.
بۇلارنىڭ بارى
قىزغىن خۇمار ئىشقىغا تالىق.

بۇندا مەن جەنۇب مېۋىسى كەبى،
چۈرەمدە ھاشارات ھىدلايدۇ ئۇچۇپ،
چاكىنىلىق، ھاماقەتلىك بار
جىنايەت ئارزۇسى، خام خىياللار ھەم
مۇشۇكتەك مۇلايىم، سۆيۈملۈك قىزلار.
دۇدۇ بىلەن سۇلېيكا[1]
سفېنكسىنىڭ تېپىشمىقىدەك.
تۇيغۇمنى بىر خەتكە سىغدۇرالايمەن.
(ئاھ، تەڭرىم، كەچۈرگىن جۈيلۈشلىرىمنى!)

① دۇدۇ بىلەن سۇلېيكا ــ نىچشې ئويدۇرۇپ چىقارغان سىمۋوللۇق ئىككى ئىسىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۇمۇردۇم بۇندا مەن ساپ ھاۋالارنى،
بۇ ھاۋا مۇبارەك جەننەت ھاۋاسى،
سۇزۇك ھەم خىيابان كەلگەندەك ئايدىن.
تاسادىپىيلىق تۇغقانمۇ بۇنى
ياكى مەغرۇر تۇيغۇ ـ ھېسسىيات
شائىرلار بۇرۇن تەسۋىرلىگەندەك؟
گۇمانخورمەن سورىماي قانداق —
ھەممىسىدىن قىلىمەن گۇمان
ئۇزاق يىل ئۆي تۇتقان ئايالدىنمۇ بەك،
قەدىم ياۋروپادىن كەلگەنمەن، چۈنكى
تەڭرى ئۇنى ھىدايەتكە باشلىغاي،
ئامىن!
سۇمۇرۇپ بۇ ياخشى ھاۋانى،
بۇرنۇم تۆشۈكلىرى بولۇپ كەتتى جام.
كېلەچىكى، ئەسلىمىسى يوق،
ئولتۇرىمەن بۇ يەردە شۇنداق.
سۆيۈملۈك قىزلار،
كۆز سىلىڭلار ئاشۇ پالمىغا،
بىلەكلىرى ئوينار شامالدا،
بەئەينى بىر ئۇسسۇلچى قىزدەك،
قاراۋەرسەڭ ئەگەشمەي بولماس!
بىر پۇتىدا تۇرۇپ گوياكى
ئۇنتۇپ كەتكەن يەنە بىرىنى!
ئۇنىڭ يەڭلىرى يەلپۈنگەن
شۇ ئىلاھىي كۆڭلىكىنىڭ ئاستىدىن
ئىزدەپ زىنھار تاپالماي قالدىم
يەنە بىر بىباھا پۇتىنى ئۇنىڭ.

دەرھەقىقەت، دىلرەبا قىزلار
ئىشەنسەڭلار گېپىمگە ئەگەر
سىلەرگە شۇنداق بېرىمەن خەۋەر:
يوقىتىپ قويدى ئۇ ئاشۇ پۇتىنى!
يوقاتتى مەڭگۈگە ئاشۇ پۇتىنى!
بىچارە، ئاھ، سۆيۈملۈك شۇ پۇت!
قەيەرلەردە قېپقالدى زادى
شۇ يېگانە، شۇ يېگانە پۇت؟
ئۇ تۇرغاندۇ تەمتىرەپ بەلكىم
ئالتۇن يۇڭلۇق شىردەك مەخلۇق ئالدىدا
بەلكىم، ئوزۇق بولغاندۇ ئاڭا.
ئاھ، بەختسىزلىك! بەختسىزلىك!
يىغلىماڭلار، ئىللىق يۈرەكلەر!
يىغلىماڭلار، خورما قەلبلەر!
سۈت كۆكرەك ۋە ئاھ شېكەر قەلب!
ئاپئاق دۇدۇ يىغلىما زىنھار!
ئەزىمەتتەك بولغىن، سۇلېيكا!
قەلبىڭلەرگە كېرەكمۇ مەدەت؟
ئىلھامبەخش قىممەتلىك سۆزلەر؟
قەتئىيلىككە تويۇنغان ئاگاھ؟

چىقىڭلار، ئەي، شان ـ شەرەپ!
ياۋروپانىڭ، ئەخلاقنىڭ شانى!
تىنماي پۈۋلە، ئەخلاق كۆرىكى!
چىقار يەنە ئەخلاقىي سۈرەن!
گويا ئەخلاق ئارسلانىدەك
يېقىنلىغان قۇملۇق قىزىغا ـــ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



پەقەت ئەخلاق سۈرەندىن غالىب.
ئەڭ سۆيۈملۈك قىزچاقلار
خالايمەن تەشنا ھەم قىزغىن بولۇشنى،
ياۋروپانىڭ پۈتكۈل خەلقىدىن.
تۇرماقتىمەن بۇ يەردە ئەمما،
ھېچ پەرقىم يوق ياۋروپالىقتىن،
تەڭرى ماڭا ئەيلىسۇن مەدەت،
ئامىن!
كېڭەيمەكتە قۇملۇق توختىماي، يوشۇرسا كىم بىچارە شۇنچە!

## 77. ئويغىنىش

1

سەرگەردان سايە كۆيلەپ بولغاندىن كېيىن، غار ئىچىدە قىيقاس ـ سۈرەن ۋە كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. چۈنكى، مېھمانلارنىڭ ئاغزى تەڭلا ئېچىلغانىدى، ھەتتا ئېشەكمۇ تەسىرلىنىپ، جىم تۇرالماي قالدى. گەرچە، زوروئاستېر ئۇلارنىڭ كۈلكىسىدىن كۆڭلەن بولسىمۇ، يەنىلا بىزار ئىدى. ئۇنىڭچە، بۇ كېسەلدىن ساقىيىشنىڭ بېشارىتى ئىدى. شۇڭا، ئاستا سىرتقا چىقىپ، بۇركۇت ۋە يىلانلىرى بىلەن پاراڭلاشقىلى ماڭدى.

-- ئەمدى ئۇلارنىڭ ئازابلىرى نەگە كەتتى؟ ــ دېدى ئۇ بايىقى پەرىشانلىقنى ئۇنتۇپ، ــ مېنىڭچە، ئۇلار نىجاتلىق ئىلتىجاسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

ئۇلار بايىقى سۈرەنلەرنى تېخى ئۇنتۇمىدى. ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق! سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، زوروئاستېر قۇلىقىنى قوللىرى بىلەن ئېتىۋالدى. چۈنكى، ئېشەكنىڭ ئاۋازى بىلەن يۇكسەك كىشىلەرنىڭ ئاۋازى ئارىلىشىپ، قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك

تۆيۈلاتتى.

— ئۇلار شادلانماقتا، — دېدى ئۇ يەنە، — لېكىن، بۇ شادلىقنىڭ ساھىبخانىغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كىممۇ بىلسۇن. گەرچە ئۇلار كۈلۈشنى مەندىن ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا مېنىڭ كۈلكەم ئەمەس.

بىراق، ئۇنىڭ نېمە كارايىتى! ئۇلار ئۆتمۈشنىڭ قەھرىمانلىرى، ئۇلار ئۆزىنىڭ شەكلى بىلەن ئەسلىگە قايتىدۇ ۋە كۈلىدۇ. قۇلىقىم ئۇنىڭدىنمۇ يېقىمسىز سادالارغا كۆنۈپ كەتكەن.

بۈگۈن غالىبىيەت كۈنى، كۈچلۈك رەقىبىم بولغان قەتئىيلىك روھى تەسلىم بولۇپ، قېچىپ كەتتى! بىسەرەمجانلىق بىلەن باشلانغان بۈگۈننىڭ گۈزەل خاتىمىسىگە ئېرىشىدىغان بولدى!

بۇ كۈنمۇ ئاخىرلىشىدىغان بولدى، تۈن پەردىسى چۈشۈشكە باشلىدى. بۇ مۇنەۋۋەر چەۋەنداز ئاتقا مىنگەن هالدا دېڭىزدىن هالقىپ بۇ يەرگە كەلمەكتە! بۇ سائادەتمەن كىشى، بۇ قايتقۇچى سۆسۈن رەڭ ئېگەر ئۈستىدە يول بويى چايقىلىپ كەلمەكتە.

ئاسمان سۈزۈك، زېمىن چوڭقۇر، ئاھ، غارىمدىكى ناتونۇشلار مەن بىلەن دەرقەمتە بولۇشۇڭلار ئامەت!

زوروئاستېر شۇنداق دېدى. غار ئىچىدە يەنە يۇكسەك كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى ۋە كۈلكىلىرى كۆتۈرۈلدى، زوروئاستېر سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئۇلار قارماققا ئىلىندى. يەمچۈكلىرىم كۈچىنى كۆرسەتتى. قەتئىيلىك روھى، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئۇلاردىن نېرى كەتتى. ئەمدى ئۇلار قانداق خۇشال بولۇشنى ئۆگەنمەكتە. ئاڭلىغىنىم خاتا ئەمەستۇ؟

مەن ئۇلارغا قۇۋۋەت بەردىم، ئاشۇ خۇشبۇي، قىممەتلىك سۆزۈمنىڭ پايدىسى بولدى. راست، مەن ئۇلارنى كۆكتات بىلەن باقمىدىم، بەلكى ئۇلارغا جەڭچى ۋە بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ ئوزۇقىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بەردىم، يېڭى ئۆمىد ئۇيغاتتىم.

ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى يېڭى ئۈمىد بىلەن تولدى، مەنئۇيىتىمۇ كېڭەيدى. ئۇلار يېڭى تىلغا ئېرىشتى، ئۇزاق ئۆتمەستىن روھىمۇ قەد كۆتۈردۇ.

بۇنداق ئوزۇق ھەقىقەتەن باللار ۋە خىيالپەرەس ئايالالارغا ماس كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاشقازىنىنى ئوخشاشمايدىغان يوللار بىلەن كۆندۈرۈش كېرەك، بىراق مەنمۇ ئۇلارنىڭ دوختۇرى ۋە ئۇستازى بولالمايمەن.

بۇ يۇكسەك كىشىلەر ئەمدى نەرسىلەردىن بىزار بولمايدۇ، بۇ مېنىڭ غەلىبەم. مېنىڭ تەۋەيىمدە ئۇلار بىخەتەر، بارلىق ئەخمىقانە خىجىللىقنىڭ ھەممىسى تۈگىدى، ئۇلار ئۆزىنى بايان قىلماقتا.

ئۇلار ئۆز قەلبىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆتۈپ كەتكەن گۈزەل دەۋرانىغا قايتىشتى. ئۇلار ھەم تەبرىكلەشمەكتە، ھەم قايتا ئويلانماقتا. ئۇ مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەشنى ئۆگەندى.

ئۇلار مىننەتدارلىقنى چۈشەندى، مېنىڭچە، بۇ ئەڭ ياخشى بېشارەت. ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي بەزى تەنتەنىلىك كۈنلەرنى بېكىتىدۇ، بۇرۇنقى ئۇستاتلىقلىرى ئۇچۇن ئابىدە تىكلىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭىدىن شىپا تاپقانلار.

زوروئاستېر خۇشال بولۇپ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دېدى ھەم بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراققا قارىدى. مەخلۇقلىرى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭغا بولغان بەختى ۋە سۆكۈناتى بىلەن ئېھتىرام بىلدۈردى.

## 2

زوروئاستېر ئۇشتۇمتۇت چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا كۈلكە سادالىرىغا تولغان غارى ئەمدى جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى، بىراق ئۇ قورۇلغان كاشتان ياغىقىنىڭ مەززىلىك ھىدىنى پۇرىدى.

«نېمە ئىش، ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟» ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن سورىدى، ئاندىن غارنىڭ ئىشىكىگە ئاۋايلاپ بېرىپ، مېھمانلىرىنى كۆزەتتى. غەلىتە ئىش! ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى!

«ئۇلار يەنە تەقۋادارلىق بىلەن سەجدە قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار سارائ بوپتۇ» دېدى ئۇ تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە تەئەججۇپلىنىپ. راست! بۇ يۇكسەك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى: ئىككى پادىشاھ، تەختىدىن چۈشكەن پاپا، رەزىل سېھىرگەر، تىلەمچىلىكنى راۋا كۆرگۈچى، سەرگەردان سايە، قېرى بېشارەتچى، پازىل كىشى ۋە ئەڭ بەتبەشىرە كىشى ــ ئۇلار بالىلار ۋە نادان مومايلاردەك يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئېشەككە چوقۇنماقتا ئىدى. بۇ چاغدا ئەڭ كۆرۈمسىز كىشى گويا بىر نېمە دېمەكچى بولغاندەك خورۇلداۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ دانە ـ دانە قىلىپ سۆزلىدى. قۇلاق سېلىڭلار! ئۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىخلاسىغا ئېرىشكەن ئېشەك ھەققىدىكى تەقۋادىرانە ھەم غەلىتە دۇرۇت ئىدى.

ئۇنىڭ مەنىسى مۇنداق:

«ئامىن! شان ـ شەرەپ، ھۆرمەت، پاراسەت، شەپقەت، مەدھىيە ۋە كۈچ ـ قۇدرەت مەڭگۈ تەڭرىمىزگە تالىق!»

بۇ چاغدا ئېشەك بىر ھاڭراپ قويدى.

«ئۇ بىزنىڭ ئېغىر يۈكىمىزنى كۆتۈردى، چاكىرىمىز بولدى. ئۇنىڭ يېتەرلىك سەۋر ـ تاقىتى بار، ھەرقانداق ئىشنى رەت قىلمايدۇ. تەڭرىنى سۆيىدىغانلارنىڭ ھەرقاندىقى ئۇنىڭغا ئازار بېرىدۇ.»

بۇ چاغدا ئېشەك بىر ھاڭراپ قويدى.

«ئۇ ئۆزى ياراتقان بۇ دۇنيانى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن باشقا ھېچنېمە دېمەيدۇ، بۇ ئۇنىڭ دۇنياغا بولغان مەدھىيەسى. سۈكۈت ئۇنىڭ زېرەكلىكى، چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا خاتالىق يۈز بەرمەيدۇ.»

بۇ چاغدا ئېشەك بىر ھاڭراپ قويدى.

«ئۇ تۇرقىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ دۇنيانى كېزىپ چىقتى، بوز رەڭ سىياھ بىلەن ئەخلاقىنى بېزىدى. ئەگەر ئۇنىڭدا روھ بولىدىغان بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چوڭقۇر يەرگە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئەمما، كۆپچىلىك يەنىلا ئۇنىڭ ئۇزۇن قۇلىقىغا ئىشىنىدۇ.»

بۇ چاغدا ئېشەك بىر ھاڭراپ قويدى.

«ئاشۇ بىر جۈپ ئۇزۇن قۇلاقلىق، مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپلا ئىنكار قىلىنمايدىغان ئەقىل - پاراسەت نېمىدېگەن چوڭقۇر - ھە! ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى بىلەن — پۈتۈن ھاماقەتلىكى بىلەن بۇ دۇنيانى ياراتتىمۇ؟»

بۇ چاغدا ئېشەك بىر ھاڭراپ قويدى.

«سەن پەقەت ئۆز يولۇڭدىلا ماڭىسەن، ئىنسانلار ماڭغان يولنىڭ ئەگرى - توقايلىقى بىلەن كارىڭ يوق، دۇنيايىڭ ياخشى - يامانىنىڭ سىرتىدا. ساددىلىقىنىڭ سادىدىلىقنى بىلمەسلىكىدەك.»

بۇ چاغدا ئېشەك بىر ھاڭراپ قويدى.

«قارا! ھېچكىمنى كەمسىتمەيسەن، تىلەمچىگە قاتتىق تەگمەيسەن، پادىشاھنىمۇ رەت قىلمايسەن. ھەرقانداق كىچىك بالىنى قوبۇل قىلىسەن، كەپسىز بالىلار سېنى ئالدىغاندىمۇ، «ماقۇل، لا دەيسەن.»

بۇ چاغدا ئېشەك بىر ھاڭراپ قويدى.

«سەن مادىنى ۋە يېڭى ئەنجۈرنى ياخشى كۆرسەن. يېمەكلىككە كەلگەندە تاللاپ ئولتۇرمايسەن. ئاچ قالغان چاغلىرىڭدا، بىر تال خوخنى كۆرۈپمۇ شۆلگەيلىرىڭ ئېقىپ كېتىدۇ. مانا بۇلار تەڭرىنىڭ ئەقىل - پاراستى.»

بۇ چاغدا ئېشەك يەنە بىر ھاڭراپ قويدى.

## 78. ئېشەكلەر بايرىمى

### 1

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە زوروئاستىر ئاڭلاشقا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، ئۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «ھاڭرىۋەتتى.» بۇ ھەتتا ئېشەكنىڭ

ھاڭرىشىنىمۇ بىسىپ چۈشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئالجىغان مېھمانلىرىنىڭ ئارىسىغا سەكرەپ چۈشتى.

— چوڭ بولۇپ قالغان ئەي، سىلەر بالىلار، زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ — ئۇ ۋارقىرىغىنىچە چوقۇنۇۋاتقانلارنى تارتىپ تۇرغۇزدى، — ھەي، بەختىمىزگە يارىشا زوروئاستېرنىڭ ئۆزىلا كۆرۈپ قالدى، باشقىلار كۆرمىدى، بولمىسا ئۇلار ئۆز ئېتىقادىنىڭ كاپىرى ياكى ئەخمەق موماي ئىكەن دەپ قالاتتى!

— سەنمۇ بار، پاپا، سەن قانداق بولۇپ ئېشەكنى تەڭرىنىڭ ئورنىدا قويۇپ، باش ئۇردۇڭ؟

— ئاھ، زوروئاستېر، — دېدى ھېلىقى پاپا، جاۋابەن، — مېنى كەچۈر. بىراق، تەڭرى ھەققىدە ئۆزۈمنى سەندىن ئېنىقراق بىلىمەن، دەپ ئويلايمەن. كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ ئىشنىمۇ خاتا قىلغىنىم يوق.

تەڭرىگە بۇنداق شەكىلدە چوقۇنۇش، ھەرقانداق شەكىلدە چوقۇنغاندىنمۇ ياخشىراق! قەدىرلىك دوستۇم، بۇ سۆزنى تەھلىل قىلساڭ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەقىل - پاراسەتنى تېزلا بايقايسەن.

«تەڭرى روھتۇر» دېگەن ئادەم روھقا ئىشەنمەسلىككە قاراپ چوڭ بىر قەدەمنى باستى، بۇنى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئېنىق ئېيتقىلى بولماس.

قېرى يۈرىكىم بۇرۇنقىدەك سوقماقتا، چۈنكى دۇنيادا كىشى چوقۇنسا بولىدىغان نەرسىلەر يەنە بار. زوروئاستېر، قېرى، تەقۋادار پاپانىڭ قەلبىنى كەچۈرگىن!

— سەن، — دېدى زوروئاستېر سەرگەردان سايىگە قاراپ، — ئۆزۈڭنى ھۆر دەيتتىڭغۇ؟ سەنمۇ بۇ يەردە بۇتقا باش ئۇرۇۋاتامسەن؟ راست، سېنىڭ بۇ يەردە قىلغانلىرىڭ بۇزۇق قوڭۇرچاچ قىزلارنىڭ يېنىدا قىلغانلىرىڭدىنمۇ ئوسال، ھەي، ناچار يېڭى مۇخلىس!

— راستتىنلا ئەپسۇس، — دېدى سەرگەردان سايە جاۋابەن، — ئېيتقانلىرىڭ توغرا، لېكىن مەندە نېمە چارە؟ ئىلگىرىكى تەڭرى تىرىلدى. زوروئاستېر، نېمە دېسەڭ دەۋەرگىن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇنىڭغا ئەڭ كۆرۈمسىز ئادەم تامامەن ئەيىبلىك، چۈنكى ئۇ تەڭرىنى تىرىلدۈردى، ئەگەر ئۇ تەڭرىنى قەتل قىلدىم دەۋالسىمۇ، ئۇنداقتا، تەڭرىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ خۇسۇسىي قارىشى بولىدۇ.

— سەن، — دېدى زوروئاستېر، — ھەي، ئوسال، قېرى سېھىرگەر، ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغىنىڭغا قاراپ باق! بۇ ئەركىنلىك دەۋرىدە، ئېشەككە چوقۇنۇشتەك ئويۇنلارغا ئىشەنسەڭ، ساڭا كىممۇ ئىشىنەر؟

بۇ ئىشلىرىڭ بەكمۇ ئەخمىقانە، سەندەك زېرەك ئادەم قانداق بولۇپ شۇنداق ئەخمەقلىقنى قىلغاندۇ؟

— ئاھ، زوروئاستېر، — دېدى چېچەن سېھىرگەر، — ئېيتقانلىرىڭ ناھايىتى توغرا، ئۇ ئىنتايىن ئەخمىقانە ئىش، مەنمۇ بىزار.

— ساڭا كەلسەك، — دېدى زوروئاستېر پازىل كىشىگە قاراپ، — بۇرنۇڭنى تۇتۇپ ئويلاپ باق! بۇ ئىشلار سېنىڭ كامالىتىڭگە تەسىر قىلمامدۇ، قەلبىڭ زىيادە پاك بولغاچقا، سەجدە ۋە ئىسرىقلارغا چىداپ تۇرالامدۇ؟

— كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ مەنزىرىدىن، — دېدى پازىل كىشى بۇرنىنى تۇتۇپ، — كامالىتىمگە پايدىلىق نەرسىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بەلكىم، تەڭرىگە ئىشەنمەيدىغاندىمەن. لېكىن، مۇشۇنداق شەكىلدە ئۆزىنى ئاشكارىلىغان تەڭرى ئېتىقادقا ئەڭ سازاۋەردۇر.

ئاشۇ ئەڭ تەقۋادار كىشىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، تەڭرى ئەبەدىيدۇر. ئۇلارنىڭ يېتەرلىك ۋاقتى بار، ئۇنى ھاماقەتلەرچە ئالدىرىماي سەرپ قىلسا بولىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ھەر ھالدا يىراققا بارالايدۇ.

ئەڭ چېچەن ئادەمنىڭمۇ ھاماقەتلىك ۋە دۆتلۈككە پېتىپ قالىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. زوروئاستېر سەن ئۆزۈڭ ھەققىدە ئويلاپ باق!

راست، ئەقىل ـ پاراسىتىڭنىڭ ئىنتايىن ئۇستۇنلۇكىدىن ئېشەككە ئوخشىشىپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

ھەقىقىي پەيلاسوپلارمۇ ئەگرى ـ توقاي يولنى ياخشى كۆرىدىغۇ؟ ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق، زوروئاستېر، ئۆزۈڭلا ئەڭ ياخشى ئىسپات!

ــ سەنمۇ بار، ــ زوروئاستېر ئەڭ كۆرۈمسىز كىشىگە بۇرۇلۇپ شۇنداق دېدى. ئۇ تېخىچە يەردە ياتاتتى، قوللىرى ئېشەككە سوزۇلغانىدى (چۈنكى، شاراب تۇتماقتا ئىدى).

ــ ھەي، سەن بەتبەشىرە ئەبگار، نېمە قىلىۋاتىسەن؟!

سەن ئۆزگەردىڭ، كۆزلىرىڭ نۇرلاندى، ھەيۋەتلىك يېپىنچاڭ ئەيىبلىرىڭنى ياپتى، سەن زادى نېمە ئىش قىلدىڭ!

سەن ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك راستتىنلا تەڭرىنى تىرىلدۈردۈڭمۇ، نېمە ئۈچۈن، ئۇ ئۆلۈشى كېرەكقۇ؟

مەن سېنىمۇ تىرىلدى دەپ ئويلايمەن، سەن زادى نېمە ئىش قىلدىڭ، نېمە ئۈچۈن قارارىڭنى ئۆزگەرتىپ، تەڭرىگە بويسۇندۇڭ؟ ئېيتقىنا، بەتبەشىرە ئەبگار!

ــ ئاھ، زوروئاستېر ــ دېدى ئەڭ كۆرۈمسىز كىشى جاۋابەن، ــ ھەقىقەتەن قۇۋ ئىكەنسەن!

تەڭرى ئەزەلدىنلا تىرىكمۇ ياكى تىرىلدىمۇ ياكى ھەقىقىي ئۆلدىمۇ، بۇ ئىشلارنى قايسىمىز ئېنىق بىلىمىز؟ مەن سەندىن سوراپ باقاي.

بىراق، بىر ئىشنى ناھايىتى ئېنىق بىلىمەن، بۇنى سەن ئىلگىرى ماڭا ئۆگەتكەن. زوروئاستېر، سەن: «قىرغىنچىلىقنى نىيەت قىلغانلار چوقۇم كۈلىدۇ. بىز ئادەملەرنى غەزەپ بىلەن ئەمەس، كۈلكە بىلەن ئۆلتۈرىمىز» دېگەنىدىڭ. زوروئاستېر، سەن ھەي، تەسەۋۋۇپچى، مۇلايىم بۇزغۇنچى، خەۋپلىك پەيلاسوپ، سەن راستتىنلا قۇۋ ئىكەنسەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



2

زوروئاستېر بۇ مەسخىرىلىك جاۋابتىن ئىنتايىن ھەيران بولدى، شۇڭا غار ئىشىكىگە ئوقچۇپ بېرىپ، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن مېھمانلىرىغا ۋارقىرىدى:

ــ ئەي، كۆلكىلىك رەڭۋازلار، ئۆزۈڭلارنى نېمانچە يوشۇرۇپ كېتىسىلەر؟

قەلبىڭلار خۇشاللىق ۋە رەزىللىكتىن تىترەپ كەتتى، چۈنكى سىلەر ئاخىر يەنە باللارغا ئوخشاش تەقۋالىشىپ كەتتىڭلار. چۈنكى، سىلەر قولۇڭلارنى جۈپتەكلەپ: «سۆيۈملۈك تەڭرى!» دەپ مۇناجات قىلدىڭلار.

سىلەر ئەمدى بۇ يەسلىدىن كېتىڭلار، گۆدەكلەرگە تولغان غارىمدىن كېتىپ قېلىڭلار، باللاردەك سۇرەنخور ۋە ھاياجانلىق قەلبىڭلارنى سىرتقا ئاچىقىپ بېسىقتۇرۇڭلار!

راستىنى ئېيتقاندا، ئەتە باللاردەك بولالىساڭلار جەننەتكە كىرەلەيسىلەر (زوروئاستېر بارمىقى بىلەن يۇقىرىنى كۆرسەتتى).

ئەمما، مېنىڭ جەننەتكە كىرگۈم يوق. چۈنكى، بىز چوڭ بولۇپ كەتتۇق. شۇڭا، زېمىنغا قۇچاق ئاچىمىز.

3

ــ ئاھ، دوستلار، ــ دېدى زوروئاستېر يەنە گەپ ئېچىپ، ــ سىلەر غەلىتە، يۇكسەك كىشىلەر يېڭىباشتىن خۇشال بولغاندىن كېيىن مەنمۇ چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈم!

راست، ھەممىڭلار ئېچىلدىڭلار، مەن سىلەردەك گۈللەرنى يېڭى بايرام مۇراسىمى بىلەن تەبرىكلەشكە مۇناسىپ دەپ قارايمەن.

قاپ يۈرەكلىك، چوقۇنۇش مۇراسىمى ۋە ئېشەك بايرىمى، شاد ــ خۇرام زوروئاستېرغا ئوخشاش قېرى ساراڭ، كۆڭۈلدىكى داغلارنى

سۇيۇرۇۋېتىدىغان ئەسەبىي بوران.

ئەي، يۇكسەك كىشىلەر، بۇ كېچىنى ۋە ئېشەك بايرىمىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار! بۇ بايرامنى سىلەر مېنىڭ ھوزۇرۇمدا قارار قىلغان، شۇڭا بۇنى ياخشى بېشارەت دەپ قارايمەن! بۇنداق ئىشلارنى پەقەت يېڭى شىپا تاپقۇچىلارلا قىلالايدۇ.

ئەگەر، سىلەر يەنە ئېشەك بايرىمى ئۆتكۈزمەكچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارنى سۆيۈش، مېنى سۆيۈش ۋە خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈڭلار!

## 79. مەستلىك كۈيى

### 1

زورۇئاستېر شۇنداق دەيدۇ:

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپچىلىك ئارقا - ئارقىدىن غاردىن چىقىپ، تىنىق سالقىن كېچە قوينىغا كىرىپ كەتتى. زورۇئاستېر ھېلىقى كۆرۈمسىز كىشىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ كېچە دۇنياسىنى، تولغان ئاي ۋە غاردىن ئانچە يىراق بولمىغان كۈمۈش رەڭ شارقىراتمىنى تاماشا قىلدۇردى. ئاخىردا ئۇلار يانمۇيان تۇرۇشتى، گەرچە ھەر ئىككىسى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغاندەك ئازادە كۆرۈنەتتى، ھەتتا دۇنيادا شۇ قەدەر ئازادە ياشىغانلىقىدىن ئۆزلىرىمۇ تاڭ قېلىشاتتى. بارا - بارا كېچىنىڭ سېھرى ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىگىلىۋالدى.

زورۇئاستېر كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىدى: «ئاھ، بۇ يۇكسەك كىشىلەر، شۇ تاپتا مېنى ئەجەبمۇ شادلاندۇردى!» لېكىن، ئۇ بۇنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ شادلىقى ۋە سۈكۈتىنى بۇزۇشنى خالىمايتتى.

ئارقىدىنلا، مۇشۇ ئالاھىدە بىركۈن ئىچىدىكى ئەڭ ئويلىمىغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىر ئىش يۈز بەردى: كۆرۈمسىز كىشى يەنە كېكەچلەشكە باشلىدى. ئۇ ئاخىر سۆزنى ئېنىق ئېيتتى، ئاڭلاڭلار! ئۇنىڭ ئاغزىدىنمۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان، ئېنىق، چوڭقۇر سۆزلەر چىقىدىكەن!

— دوستۇم، — دېدى ئۇ، — ھېسسىياتقا كەلدىڭلار؟ چۈنكى، پەقەت بۈگۈنلا ھاياتىمنى بىكار ئۆتكۈزمىگەنلىكىمنى تۇنجى قېتىم بايقىدىم.

گەرچە، سەرگۈزەشتىلىرىم كۆپ بولسىمۇ، بىراق ئۇنى يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس دەپ قارايمەن، زېمىن ھامان ياشىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، بۈگۈنكى بۇ بايرامنى زورۇئاستىر بىلەن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، زېمىننى سۆيۈش كېرەكلىكىنى بىلدىم.

بۇنىڭ ئۆزى ھاياتلىقمۇ؟ ئۆلۈمگە شۇنداق ئېيتىمەن، «ئۇنداقتا، يەنە بىر كەل!»

دوستلىرىم، سىلەرچە قانداق؟ سىلەرمۇ ئۆلۈمگە ماڭا ئوخشاش: «بۇنىڭ ئۆزى ھاياتلىقمۇ؟ ئۇنداقتا زورۇئاستىرنىڭ يۈزىنى قىلىپ، يەنە بىر كەل!» دېيەلەمسىلەر؟

كۆرۈمسىز ئادەم شۇنداق دېدى. بۇ چاغدا يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى. يۇكسەك كىشىلەر كۆرۈمسىز ئادەمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ۋە ساقايغانلىقىنى ھەممە بۇلارنىڭ سەۋەبچىسىنى بىردىنلا ھېس قىلىشتى. ئۇلار زورۇئاستىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەم ئۇنىڭ قوللىرىنى سۆيۈشتى، ھەم ئۆزىگە خاس ئۇسۇللار بىلەن تەشەككۈر ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. بەزىلىرى ئېچىلىپ كۈلۈشتى، بەزىلىرى بېشىنى قاماللاپ يىغلاشتى. قېرى بېشارەتچى خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتتى، ئۇ مەينى كۆپ ئىچىۋالغان بولسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ ھاياتلىق لەززىتىنى ھېس قىلىشىغا دەخلى قىلالمىدى. ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇلدۇردى. ھەتتا بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىقى ئېشەكمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ، ئويناقشىپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئەڭ كۆرۈمسىز ئادەم ئۇلارغا مەي ئىچۈرۈۋەتكەنىدى.

بۇ ئېھتىمال ئەينى ئەھۋال بولۇشىمۇ مۇمكىن، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئەگەر شۇ كېچىسى ئېشەك ئويناقشىمىغان بولسا، ئىشلار تېخىمۇ غەلىتىلىشىپ كەتكەن بولاتتى. ئومۇمەن، زوروئاستېر ئېيتقاندەك «بۇنىڭ نېمە كارايىتى!»

## 2

بۇ ئىشلار يۈز بەرگەن چاغدا، زوروئاستېر ئۇ يەردە خۇددى مەستلەردەك تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قاتقانىدى، ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى، پۇتلىرى دىرىلدەپ تىترەيتتى. زوروئاستېرنىڭ كۆڭلىدىكىنى كىم بىلسۇن؟ روشەنكى، ئۇنىڭ روھى ئۆتمۇشتىكى ناھايىتى يىراق بىر يەرگە ئۇچۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، گويا ئۇنىڭ ئۆزى تەسۋىرلىگەندەك ئىدى: «خۇددى ئېغىر بىر پارچە بۇلۇت ئۆتمۇش بىلەن كېلەچەك ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ يۈرگەندەك، ئۇ ئىككى دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز تاغدا سەيلە قىلماقتا ئىدى.» بىراق، يۈكسەك كىشىلەر ئۇنى قۇچاقلىغاندا، ئۇ سەگەكلىككە قايتتى. تەشەككۇر ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتقان كىشىلەرنى ئىتتىرىۋەتتى. ئەمما، ئۇ يەنىلا زۇۋان سۈرمەيتتى. توساتتىن ئۇ بۇرۇلدى، چۈنكى ئۇ بىرنېمىنى ئاڭلاپ قالغاندەك بولدى. ئاندىن ئۇ بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ: «كەلدى!» دېدى.

ئەتراپ دەرھاللا جىمىپ، سىرلىق كەيپىياتقا چۆمدى. پەقەت بىر قوڭغۇراق ئاۋازى يىراقتىن ئاستا كەلمەكتە ئىدى. زوروئاستېر ۋە يۈكسەك كىشىلەر ئۇنىڭغا قۇلاق سالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ: «كەلدى! كەلدى! تۈن يېقىن كېلىپ قالدى!» دېدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ قىمىر قىلماي تۇراتتى، ئەتراپتىكى جىمجىت ۋە سىرلىق كەيپىيات تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ چاغدا ھەممە تىڭشىماقتا ئىدى (ئېشەك ۋە زوروئاستېرنىڭ ئېسىل مەخلۇقلىرى، زوروئاستېرنىڭ غارى، سوغۇق ئاي ۋە زۇلمەت كېچىمۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



بۇنىڭ ئىچىدە) زورۇئاستىر بارمىقىنى لېۋىگە ئۇچىنچى قېتىم تەگكۈزۈپ ئېيتتى: «كەل! كەل! كەلگىن! قول تۇتۇشۇپ بىللە سەيلە قىلايلى! پەيتى كەلدى، تۈن قوينىدا ئايلىنايلى!»

3

سىلەر، ئەي، يۈكسەك كىشىلەر، تۈن نىسپى كەلدى، كونا قوڭغۇراق قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرىغاندەك قۇلىقىڭلارغا گەپ قىلاي. كۆرگەن - بىلگەنلىرى باشقىلارنىڭكىدىن مول بولغان تۈن نىسپى قوڭغۇرىقىدەك سىرلىق، تىنچسىز، سەمىمىي سۆزلەيمەن.

ئەجدادىڭلارنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ساناپ باققان تۈن قوڭغۇرىقىدەك سۆزلەيمەن — ۋاھ، ۋاھ! بۇ قېرى ھەم سالماق تۈن نىسپى ئاھ ئۇرماقتا، چۈشۈمدە كۈلۈمسىرىمەكتە!

خەپشۇك! ئەمدى بىز كۈندۈزدە ئاڭلىغىلى بولمايدىغان ئاۋازنى ئاڭلىيالايمىز، بۇ سوغۇق كېچىدە، ھەتتا يۈرەك سوقۇشۇڭلارمۇ جىمجىت كېتىۋاتقان دەقىقىدە.

ئەمدى ئۇلار ئاۋاز چىقاردى، ئاڭلىدۇق. ئۇلار تۈنبويى بىدار روھلارغا ئاستا شۇڭغۇپ كىردى. ئوھوي! تۈن نىسپى ئاھ ئۇرماقتا، چۈشىدە كۈلۈمسىرىمەكتە! سەن قېرى، سالماق تۈن نىسپى ئۇلارنىڭ سىرلىق، تىنچسىز سەمىمىي سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

ئاھ، ئىنسان، قاتتىق پەخەس بول!

4

مەن ھەقىقەتەن بەختسىز! زامان نەگە كەتتى، مەن چوڭقۇر قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتىممۇ نېمە؟ دۇنيا ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتىدۇ.

ئوھوي! تولۇن ئاي چىقتى، ئىتلار قاۋىماقتا. تۈن نىسپىدىكى قەلبىمنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى ئۆلسەممۇ دېمەيمەن!

مەن ئۆلدۈم، ھەممە ئاخىرلاشتى. ئۆمۈچۈك، ئەتراپىمغا يەنە

نېمىشقا تور توقۇيسەن، سەن قان شورىماقچىمۇ؟ ئوھوي! شەبنەم چۈشتى، پەيتى كەلدى.

مۇزلاش پەيتىم كەلدى، ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن سورىدى:

ــ بۇنى قوبۇل قىلالىغۇدەك جۈرئەت كىمدە بار، بۇ دۇنيانى كىم سورايدۇ، «سىلەردەك چوڭ ـ كىچىك دەريالارنىڭ سۈيى شۇنداق ئېقىپ كېتىدۇ» دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟

پەيتى كېلىپ قالدى، يۇكسەك كىشىلەر ئېھتىيات قىلىڭلار! بۇ سۆزلەر سەزگۈر قۇلىقىڭلار ئۈچۈن دېيىلدى، بۇ سالماق تۈن نىسپى زادى نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ؟

## 5

روھىم ئۇسسۇل ئويناپ كەلگەنچە مېنى ئەكېتىدۇ، خىزمەت! خىزمەت! بۇ دۇنيانى كىم سورايدۇ؟

جىمجىت، غۇۋا كېچە، ئوھوي، سىلەر ئېگىز ئۇچالىدىڭلارمۇ؟ قانىتىڭلار بىلەن ئەمەس، بىر پۇتۇڭلار بىلەن ئۇسسۇل ئوينىغانىدىڭلار.

ئەي، مۇنەۋۋەر ئۇسسۇلچىلار، شادلىقىڭلار ئاخىرلاشتى: مەيلەر ئۆكسۈدى، قەدەھلەر قۇرىدى، تاشلاندۇق قەبرىلەر پىچىرلىماقتا.

سىلەر ئېگىز ئۇچالمىدىڭلار، شۇڭا تاشلاندۇق قەبرە كايىدى: «ئۆلۈكلەرنى قۇتقۇزۇڭلار! تۈن نېمىشقا شۇنچە ئۇزۇن؟ ئاي بىزنى مەست قىلدىمۇ؟»

ئەي، يۇكسەك كىشىلەر، قەبرىلەرنى بۇزۇپ، جەسەتلەرنى ئويغىتىڭلار! ئاھ، جەسەت قۇرتلىرى نېمىشقا شۇنچە توختاۋسىز قىمىرلايدۇ؟ پەيتى كېلىپ قالدى.

قوڭغۇراق ساداسى، يۈرەكلەر ھېلىھەم سوقماقتا، يۈرەكخور قۇرتلار ھېلىھەم ھەرىكەتتە، ۋاھ، نېمىدېگەن تىنىق دۇنيا بۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



6

ئەي، گۈزەل چىنار، مەستخۇش كۈيۈڭگە خۇشتارمەن ــ كۈيلىرىڭ يىراق سۆيگۈ كۆلىدىن بىزگە كەلگەن!

ئەي، قەدىمىي قوڭغۇراق، گۈزەل چىلتار! ئەجدادلارنىڭ كۆلپەتلىرى يۈرىكىمنى لەختە قىلدى، كۈيلىرىڭ ۋايىغا يەتتى.

ئۇ ۋايىغا يېتىپ بەئەينى ئالتۇن كۆز ۋە چۈشتىن كېيىنكى قۇياشقا ئوخشىشىپ قالدى، گوياكى بىر زاھىتنىڭ قەلبى ــ شۇ تاپتا دەيسەن: «بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىمۇ ۋايىغا يەتتى، ئۈزۈملەر پىششىپ قىزاردى، ئەمدى ئۇ ئۆلۈمنى، بەخت ئىچىدىكى ئۆلۈمنى ئويلايدۇ!»

ئەي، يۈكسەك كىشىلەر، تۈيمىدىڭلارمۇ؟ قانداقتۇ بىر خۇش پۇراق چۆرەڭلەردە كەزمەكتە.

بىر خىل ئەبەدىيلىك خۇش پۇرىقى، قەدىمىي بەختىنىڭ شاھانە مېۋىسىنىڭ خۇش پۇرىقى.

تۈن نىسپىدىكى ئۆلۈم شادىيانە كۈيلىمەكتە: بۇ تىنىق دۇنيا، كۈندۈزى كۆرگەندىكىدىنمۇ تىنىق!

7

مېنى يالغۇز قويۇڭلار! يالغۇز قويۇڭلار! مەن ساڭا زىيادە پاكمەن. ماڭا تەگمە! دۇنيايىم تېخى ئەمدىلا ئايرىدە بولغان ئەمەسمۇ؟

تېرەم قوللىرىڭدىنمۇ زىيادە پاكىز، مېنى يالغۇز قويۇڭلار، كالۋا، ھاماقەت، ئېغىر كۈندۈز! تۈن نىسپى بۇنىڭدىنمۇ يورۇق ئەمەسمۇ؟

بۇ دۇنيانى پاكىزلار سورايدۇ، ئاشۇ ئەڭ كۆچلۈك، ئەڭ يوچۇن تۈن نىسپىدىكى ئەرۋاھ ھەرقانداق كۈندۈزدىنمۇ نۇرانە ۋە سۈزۈك.

ئاھ، كۈندۈز، سەن مېنى تېنىتىپ يۈرەمسەن، بەختىمنى سىيزىۋاتامسەن، مېنى خەزىنە ياكى گۆھەر كېنى، باي ھەم تەنھا

كۆرۈۋاتامسەن؟

ئاھ، دۇنيا، سەن ماڭا تەقەززامۇ، سەن مېنى زېمىنغا، روھىيەت قەۋتىگە تەۋە دەمسەن، مېنى پاك دەپ قارامسەن؟ بىراق، ئەي، كۇندۇز، ئەي، دۇنيا، سىلەر تولىمۇ تومپايسىلەر.

قولۇڭلار ئەپچىل بولسا دەيمەن، مېنى ئەمەس، تېخىمۇ چوڭقۇر بەخت ۋە ئازابنى، مەلۇم بىر تەڭرىنى تۇتۇڭلار.

ئەي، غەلىتە كۇندۇز، بەختىم نېمىدېگەن چوڭقۇر. مەن تەڭرى ئەمەس، دوزاخمۇ ئەمەس — ئۇنىڭ ئازابىمۇ چوڭقۇر.

8

ئەي، غەلىتە دۇنيا، تەڭرىنىڭ ئازابى تېخىمۇ چوڭقۇر! شۇڭا، مېنى ئەمەس، بېرىپ تەڭرىنىڭ ئازابىنى تۇت! مەن دېگەن نېمىتىم! مەن پەقەت مەستخۇشلانغان گۈزەل چىلتار — تۈن نىسپى چىلتارى، كۆركىراۋاتقان پاقا، ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ. لېكىن، گاسلارغىمۇ سۆزلەش كېرەك. سىلەر يۇكسەك كىشىلەر مېنى ھەقىقەتەن چۈشەنمەيسىلەر!

بولغۇلۇق بولدى! ئاھ، ياشلىق! ئاھ، چىڭقىچۈش! ئاھ، چۈشتىن كېيىن! ھازىر گۇگۇم، ئاخشام ۋە تۈن نىسپى كەينى - كەينىدىن كەلمەكتە، ئىت ۋە شامال ھۇۋۇلىماقتا.

شامالمۇ ئىتقۇ؟ ئۇ غىڭشىماقتا، قاۋىماقتا، ھۇۋۇلىماقتا. ۋاھ! تۈن نىسپى ئاھ ئۇرماقتا، كۈلمەكتە، پۇشۇلدىماقتا، تېپىرلىماقتا!

بۇ مەست شائىرە بايىلا سوغۇققان سۆزلىگەن ئەمەسمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ مەستلىكىگە سېھىرلەندىمىكىن، ئۇ سەگىدىمۇ؟

بۇ قېرى، سالماق تۈن نىسپى چۈشىدە ئۆز ئازابىنى كۆرمەكتە — شادلىقنى تېخىمۇ كۆرمەكتە. چۈنكى، ھەسرەت بولسىمۇ، ئەمما شادلىق ھەسرەتتىنمۇ چوڭقۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 9

ئاھ، ئۇزۇمزار، مېنى نېمىشقا كۈيلەيسەن؟ مەن سېنى قىرقىغان ئەمەسمۇ؟ مەن ئىنتايىن رەھىمسىز، قانلىرىڭنى ئېقىتتىم — مەستلىكىمدىن كېيىنكى ياۋۇزلۇقۇمنى كۈيلىشىڭدە نېمە مەنە بار؟

سەن دەيسەن: «ۋايىغا يەتكەن ۋە تولغان نەرسىلەر ئۆلۈمنى تىلەيدۇ.» باغۇەن قايچىسىدىن قۇتۇلۇڭلار! ۋايىغا يەتمىگەنلەر ياشىسام دەيدۇ، ھەي!

ئازاب دەيدۇ: «نېرى كەت، يوقال! ئەي، سەن، ئازاب!» لېكىن، ۋايىغا يېتىپ جانلىق ۋە ئۈمىدلىك بولۇشى ئۈچۈن دەردمەنلەر ياشىسام دەيدۇ. تېخىمۇ يۈكسىلىشنى، تېخىمۇ نۇرلىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.»

«ماڭا ۋارىس كېرەك، پەرزەنت كېرەك، ئۆزۈم ئەمەس!» دەيدۇ دەردمەنلەر. لېكىن، شادلىققا ۋارىس كېرەك ئەمەس، پەرزەنت كېرەك ئەمەس، ئۆزىلا كېرەك. يەنە مەڭگۈلۈك دەۋر قىلىش، تىنىمسىز ھەم ئۆزىگە ئوخشىشىپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ بارى كېرەك!

ئازاب دەيدۇ: «پارە ـ پارە بولغىن، ئەي يۈرەك! قېنىڭ تامچىلاپ ئاقسۇن! سەرسان بول، ھەي، پۇتلار! پەرۋاز قىل، ئەي، قانات! ئۆرلە، ھەي، سەن ئازاب! جۇشقۇن بول، ئەي، قېرى يۈرىكىم.»

ئازاب دەيدۇ: «يۈر! يۈرە!»

## 10

ئاھ، يۈكسەك كىشىلەر، قانداق ھېس قىلىۋاتىسىلەر، بېشارەتچىگە ئوخشىشىپ قالدىمۇ ياكى بىر قۇرئەندازغىمۇ، ياكى مەستكىمۇ، ياكى چۈش تەبىرچىلىرىگىمۇ، ياكى تۈن نىسپىدىكى قوڭغۇراققىمۇ، ياكى بىر تامچە شەبنەمگىمۇ، ئەبەدىيلىك خۇش پۇراققىمۇ، ئاڭلىمىدىڭلارمۇ ياكى پۇرىمىدىڭلارمۇ؟ دۇنيايىم ئەمدىلا ئاپىرىدە بولدى، تۈن نىسپىنىڭ ئۆزىمۇ چىڭقىچۈشتۇر.

ئازابنىڭ ئۆزى بىر خىل شادلىق، قارغاش بىر خىل بەخت تىلەش، قاراڭغۇلۇق بىر خىل كۈندۈز ــ نېرى كېتىڭلار! بولمىسا پەيلاسوپنىڭمۇ ساراڭلىقىنى چۈشىنىپ قالىسىلەر.

ئاھ، دوستلىرىم، سىلەر شادلىقنى بىرەر قېتىم مۇئەييەنلەشتۈرۈپ باققانمۇ؟ ئۇنداقتا ئېنىقكى، سىلەر بارلىق ئازابنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن، ئەسلىدە ھەممە نەرسە بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن.

ئەگەر بولۇپ بولغان ئىشلارنىڭ تەكرارلىنىشىنى ئۈمىد قىلساڭلار، سىلەر: «ئاھ، بەخت، سەن ماڭا شادلىق بېغىشلىدىڭ، بىردەم تۇرۇپ تۇرغىن» دېگەن سۆزنى ئېيتىپ باققان بولساڭلار، ئۇنداقتا سىلەر ھەممىنىڭ قايتا بىر كېلىشىنى ئۈمىد قىلغان بولىسىلەر!

ئەگەر سىلەر ئەبەدىي تۇتىشىپ كەتكەن بارلىق نەرسىلەرنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تىلىسەڭلار، مانا بۇ دۇنيانى سۆيگىنىڭلاردىن دېرەك بېرىدۇ.

سىلەر ئەبەدىيچىلەر باشتىن ـ ئاياغ بۇ دۇنيانى سۆيدۇڭلار، بەلكى مەڭگۈ سۆيىسىلەر، سىلەر ئازابقا دېدىڭلار: «بارغىن! ئەمما، قايتىشنى ئۇنتۇما! چۈنكى، ھەرقانداق شادلىق مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ!»

## 11

ھەرقانداق شادلىق ھەممە نەرسىنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شادلىقمۇ ھەسەل، مەي ـ شاراب، مەستخۇش تۈن نېسىپى، تاشلاندۇق قەبرىلەرگە، پىغانلىق ياشقا بولغان تەسەللى ۋە گۈگۈمدىكى كەچكى شەپەقلەرگە موھتاج بولىدۇ.

شادلىق نېمىگە موھتاج ئەمەس! ئۇ ئازابقا قارىغاندا تېخىمۇ تەشنا، تېخىمۇ ئۈمىدۋار، تېخىمۇ قورقۇنچاق، تېخىمۇ سېھىرلىك. ئۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۆزىگىلا موھتاج ھەمدە ئۆزىگە ئېسىلىۋالغانچە قويۇۋەتمەيدۇ. ئەۋرىشىم ئىرادە ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا قايىنىماقتا.

شادلىق مۇھەببەت ۋە نەپرەتكىمۇ موھتاج؛ ئۇنىڭ ئۆزى ئىنتايىن بایاشات، سېخىي ھەم باشقىلارنىڭ قوبۇلىغا تىلەكداش. ئۇ ساخاۋىتىنى قوبۇل قىلغانلاردىن خۇرسەن، نەپرىتىدىن تېخىمۇ خۇرسەن.

شادلىق شۇنچە باياشات بولغاچقا، ئۇ ئەكسىچە ئازاب، دوزاخ، نەپرەت، نومۇس، مەجرۇھلۇق ۋە بۇ دۇنياغىمۇ تەشنا، ھەممىڭلارغا ناھايىتى ئېنىق، دەپ ئويلايمەن.

ئەي، يۈكسەك كىشىلەر، ئۆز - ئۆزىگە بەخت بولالمايدىغان شادلىق سىلەردەك مەغلۇپلارنىڭ ئازابىغا تەشنا بولماقتا! چۈنكى، ئەبەدىي شادلىقمۇ مەغلۇبىيەتكە تەشنا! شادلىقنىڭ ھەرقاندىقى پەقەت ئۆزىگىلا موھتاج بولغاچقا، ئازابقىمۇ موھتاج! ئاھ، بەخت! ئاھ، ئازاب! سەدپارە يۈرەك! ئەي، يۈكسەك كىشىلەر، ئۆگىنىۋېلىڭلار، شادلىق ئۆزىنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

شادلىق ھەممە نەرسىنىڭ مەڭگۈلۈكىنى، چوڭقۇر ھاڭدىكى ئەبەدىي مەۋجۇدىيىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ!

## 12

ناخشامنى ئېسىڭلاردا تۇتتۇڭلارمۇ، ئۇنىڭدا نېمە دېيىلگەنلىكىنى بىلىدىغانسىلەر؟ ئۇنداقتا يۈكسەك كىشىلەر، بۇ ناخشامنى روھلۇق ئېيتىڭلار!

ئەمدى ئۆزۈڭلار ئوقۇڭلار، ناخشامنىڭ نامى «يەنە بىر كەل»، مەنىسى «مەڭگۈلۈك پەللىسىگە يېتىش» ــ ئوقۇڭلار، يۈكسەك كىشىلەر!

ئاھ، ئىنسان، قۇلاق سالغىن دىققەتتە!
بۇ تىنىق تۈن نىسپى سۆزلەيدۇ نېمە؟

«مەن ئۇيقۇغا كەتكەنمەن بۇرۇن،
ئىزگۇ چۈشتىن ئويغاتتى بىراۋ.
دېدى ئۇ شۇنداق:
ــ قانداق تىنىق دۇنيا بۇ
بىر كۈندۈزدە كۆرگەندىنمۇ بەك.
ئازاب چوڭقۇر، بەك چوڭقۇر
شادلىق يەنە ئازابتىن چوڭقۇر؛
نېرى كەت! كەت نېرى!
دەيدۇ ئازاب
شادلىق بولسا تىلەر مەڭگۈلۈك
مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى!»

## 80. بېشارەت

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگىنى، زوروئاستېر كارىۋىتىدىن چاچراپ تۇرۇپ، پوتىسىنى چىگىپ، گىرىمسەن تاغ چوققىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشتەك، روھلۇق ۋە خۇشخۇي هالدا غاردىن چىقتى.

ــ ئەي، ئۇلۇغ يۇلتۇز، ــ دېدى ئۇ ئاۋۋالقىدەك تەلەپپۇز بىلەن، ــ ئەي، بەختىنىڭ تىنىق كۆزى، ئەگەر سەندىن نۇرلىنىدىغانلار بولمىسا، سېنىڭ بەختىڭنىڭ نېمە كېرىكى؟

سەن ئويغىنىپ، ساخاۋەت ۋە ھىدايەت تاپماقچى بولساڭ، ئۇلار يەنىلا ئۆيىدە ئۇخلاپ ياتسا، مەغرۇر كەمتەرلىكىڭ قانچە مەيۇسلىنەر!

مەن ئويغانغاندا، بۇ يوكسەك كىشىلەر يەنىلا شېرىن ئۇيقۇ ئىچىدە ياتسا، قانداقمۇ ياخشى سەپدىشىم بولالىسۇن! مەن بۇ ئېگىز تاغدا ئۇلارنى كۈتۈش ئۈچۈن تۇرمىدىم.

بىر كۈنلۈك ئىشىمنى باشلىماقچىمەن، لېكىن سەھىرىمنىڭ تەشرىپىنى قانداق قىياس قىلدىم، ئۇلار بۇنى چۈشەنمەيدۇ. ئاياغ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تىنۇشىم ئۇلارنى ئويغىتىش ئۇچۇن ئەمەسمۇ!

ئۇلار غارىمدا يەنىلا ئۇخلىماقتا، مەستلىك كۆيلىرىمنى چۈشلىرىدە كۆرمەكتە، مەن بۇ ئاڭلىغۇچىلاردىكى قۇلاقلارنىڭ ــ رايىش قۇلاقلارنىڭ قانىتى كەم دەپ ئويلايمەن.

قۇياش كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا، زوروئاستىر كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىدى، كېيىن ئۇ ھەيرانلىق بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. چۈنكى، دەل شۇ ۋاقىتتا ئاسماندىن بۈركۈتنىڭ ئاۋازى كەلگەنىدى.

ــ ناھايىتى ياخشى، ــ دېدى ئۇ ئاسمانغا قاراپ، ــ مانا بۇ مېنى خۇش قىلالايدۇ، كۆڭلۈمنى ئاچالايدۇ. مەن ئويغانغاچقا، بۈركۈت ۋە يىلانلىرىممۇ ئويغاندى.

سىلەر ھەقىقەتەن مېنىڭ ئامراقلىرىم، سىلەرنى سۆيىمەن. بىراق، مېنىڭ يەنىلا مەسلەكداشلىرىم يوق!

زوروئاستىر شۇنداق دېدى. گويا قۇشلار ئۇنىڭ بېشىنى ئايلىنىپ قانات قاققاندەك، تۇساتتىن ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ئۇستىبېشىغا تاراسلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئاۋازنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. راست، ئۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا چۈشكەندە خۇددى يا ئوقلىرى يېڭى رەقىبىنىڭ بېشىغا چۈشكەندەك بولدى. لېكىن، سەپسىلىپ قارىنىۋىدى، بۇ يېڭى دوست ئۇستىگە چۈشكەن سۆيگۈ ئىدى.

«مەن نېمە بولدۇم.» زوروئاستىر ھەيرانلىق بىلەن ئويلىدى ھەم غارغا يېقىن بىر تاش ئۇستىدە ئاستا ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ قۇشلارنى قول شىلتىپ قوغلىغانىدى. قاراڭلار، تېخىمۇ غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى.

ئۇ قوللىرىنى قالايمىقان شىلتىغاچقا، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇنىڭ قولى سېمىز، ئىللىق، تۈكلۈك بىر نەرسىگە تېگىپ كەتتى، ئۇ نەرسە ھۆۋلىۋەتتى، ئۇ شىرنىڭ ھۆۋلىغان ئاۋازى.

ــ بېشارەت كۆرۈلدى، ــ دېدى زوروئاستىر، ئۇنىڭ ئىچكى

دۇنياسىدا ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ھېلىقى نەرسىنى ئېنىق كۆردى، زەر تۇكلۇك ھەيۋەت بىر يىرتقۇچ ئۇنىڭ پۇتى ئاستىدا ياتاتتى، بېشى ئۇنىڭ تىزىدا ئىدى، خۇددى بۇرۇنقى ئىگىسىنى تېپىۋالغان ئىتتەك كەتكۈسى كەلمەيتتى. كەپتەرلەرمۇ شۇنداق. بىر كەپتەر شىرنىڭ بۇرنىغا تېگىپ ئۆتكىنىدە، شىر بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى.

— بالام، كېلەي دېدى، بالام! — بۇ ئىشلارغا قاراپ زورۇئاستېر پەقەت بىر ئېغىزلا گەپ قىلدى، كېيىن جىمىپ كەتتى. لېكىن، كۆڭلى ئازادە بولۇپ، شادلىق يېشى قوللىرىغا ئاقتى. ئۇ ئۆزىنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇغان ھالدا چۆرىسىدىكى جانىۋارلارغا ئېرەن قىلماي، ئۇ يەردە ئولتۇراتتى. كەپتەرلەر تەرەپ - تەرەپلەرگە ئۇچۇشۇپ، مۈرىسىگە قوناتتى، ئاپئاق چاچلىرىنى سىلاپ شادلىناتتى. شىر بولسا ئۇنىڭ قوللىرىدىكى ياش تامچىلىرىنى ھەدەپ يالايتتى، بىئارام بولغاندەك ھۆۋلاپ قوياتتى، ئۇلار ئەنە شۇنداق، قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى بىلمەي قېلىشتى. چۈنكى، راستىنى ئېيتقاندا، بۇنداق ئىشلارنىڭ زېمىندا ۋاقتى - قەرەلى يوق ئىدى. بىراق، بۇ ئارىلىقتا، ھېلىقى يۈكسەك كىشىلەر زورۇئاستېرنىڭ غارىدا ئويغاندى، ئۇنىڭدىن كېيىن زورۇئاستېرنىڭ ئالدىغا تىزىلىپ كېلىپ تىنچلىق سورىماقچى بولۇشتى، ئۇلار ئويغىنىپ زورۇئاستېرنىڭ غاردا يوقلۇقىنى كۆردى.

ئۇلار غار ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە، ئۇلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى غارنىڭ سىرتىغا ئاڭلاندى. شىر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، زورۇئاستېرنى تاشلاپ، ھۆۋلىغان پېتى غار ئىشىكىگە ئېتىلدى، كىشىلەر شىرنىڭ ئۇنىنى ئاڭلاپ چۇرقىرىشىپ كەينىگە قېچىشتى، ھەش - پەش دېگۈچە ھېچكىم قالمىدى.

بۇ چاغدا زورۇئاستېر ئەندىككەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتراپىغا قارىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنتايىن ھەيرانلىق بىلەن ئۆز - ئۆزىدىن سورىدى: «بۇ نېمە ئاۋاز، نېمە ئىش بولدى؟»

بىراق، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئېسىنى يىغىۋالدى. تۈنۈگۈندىن باشلاپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بۇگۇنگە قەدەر يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەسلىدى.

— دەل مۇشۇ تاش، چاتاق يوق، — دېدى ئۇ ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — مەن تۇنۇگۈن ئەتىگەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان، بىر بېشارەتچى قېشىمغا كەلگەن. يەنە دەل مۇشۇ يەردە تۇنجى قېتىم بايىقىدەك نىجاتلىق ئىلتىجاسىنى ئاڭلىغانىدىم.

ئاھ، يۈكسەك كىشىلەر، ئەسلىدە تۇنۇگۈنكى بېشارەتچىنىڭ ئىپتىقانلىرى دەل سىلەرنىڭ ئاپتىڭلار ئىكەن - دە!

ئۇ مېنى كۈشكۈرتۈپ سىلەرنى قۇتقۇزماقچىدى.

— ئاھ، زوروئاستېر، — دېگەنىدى ئۇ ماڭا، — مەن سېنى ئازدۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرقى جىنايەتنى ئۆتكۈزۈشكە كەلدىم.

— مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جىنايىتىممۇ؟ — دېدى زوروئاستېر غەزەپلىك كۈلۈپ، — ئەڭ ئاخىرقى جىنايىتىم زادى نېمە؟

زوروئاستېر ھېلىقى تاشتا يەنە ئولتۇردى ھەم خىيالغا چۆكتى. توساتتىن ئۇ چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— رەھىمدىللىك، يۈكسەك كىشىلەرگە بولغان رەھىمدىللىك! — ئۇ ۋارقىرىۋەتتى ۋە چىرايى كۆكىرىپ كەتتى، — بۇنداق ئىش ئەمدى يۈز بەرمەيدۇ!

ئازابىم ۋە رەھىمدىللىكىمنىڭ ئۇلار بىلەن نېمە ئالاقىسى! مەن بەخت ئىزدەۋاتامدىم؟ پەقەت ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىۋاتىمەن!

بەس! شىر كەلدى، پەرزەنتلىرىممۇ كېلىپ قالدى، زوروئاستېرمۇ ۋايىغا يەتتى، پەيتىم كەلدى.

مانا بۇ مېنىڭ سەھىرىم، بىر كۈنۈمنىڭ مۇقەددىمىسى. تۇر، ئۇلۇغ قىيام پەيتى! تۇرغىن!

زوروئاستېر شۇنداق دېدى ۋە غارى بىلەن خوشلاشتى. ئۇ روھلۇق، قەدەملىرى جۇشقۇن ئىدى. گويا گىرىمسەن تاغ چوققىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشقا ئوخشىشاتتى.

بۇ كىتاب شىمال ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1988 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1988 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北方文艺出版社 1988 年 1 月第 1 版， 1988 年 1 月第 1 次印刷本翻译出版。

策　　划：阿迪力·穆罕默德
责任编辑：巴哈尔古丽·吐达洪
　　　　　古海尔尼沙·吾布力
责任校对：茹克也·西力甫
封面设计：努尔买买提·艾买尔
制　　版：阿依努沙·吾布力

外国名家名著丛书

**查拉斯图特如是说**（维吾尔文）

尼采　著
阿不都卡德尔·加拉里丁　译

新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆新华印刷厂印刷
880mm×1230mm　32 开本　13.125 印张
2013 年 7 月第 1 版　2013 年 7 月第 1 次印刷

ISBN 978－7－5466－1966－8（民文）　定价：46.00 元